

ماخمۇت مۇھەممەت ئەسەرلىرى

# چۈمبەل

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى
CHISO SINCE 1998

ماخمۇت مۇھەممەت ئەسەرلىرى

# چۈمبەل

4-2

( ساتىرىك رومان )

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى CHISO

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر ھەسەن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئاباس
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غالىب شاھ

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى گۈلىستانىدىن گۈلدەستە
ماخمۇت مۇھەممەت ئەسەرلىرى
چۈمبەل
(ساتىرىك رومان)
*
شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 29 ـ نومۇر، پ: 830012)
ئېلخەت ساندۇقى: xjyashlar@126.com
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ لىنۇ سودا مەتبەئەچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1230×880 م م، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 13.25
2015 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2015 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN 978 − 7 − 5515 − 6134 − 1
سانى: 1000 − 1
باھاسى: 37.00 يۈەن

بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غالىب شاھ
خەتتات: ئابلىكىمجان زۇنۇن جۇلانى

## ماخمۇت مۇھەممەت ئەسەرلىرى

شۇنداق كۈنلەرمۇ ئۆتكەن
ھېسام ھەققىدە قىسسە
چۈمبەل
ئىشقىيار نامەت
ھاسان قايىقنىڭ سەرگۈزەشتلىرى
ئۆچمەس گۈلخان
گۈزەل قىرغاق
مەرمولا مەرشروف
ئابرال ئوغلى
يەتتە بوۋاي ھېكايىسى

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى
ISBN 978-7-5515-6134-1
باھاسى: 37.00 يۈەن

# نەشرىياتتىن

كۆپ قىرلىق، مول ھوسۇللۇق ئەدىب ماخمۇت مۇھەممەت 1952 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى غۇلجا شەھىرىنىڭ ھەرەمباغ مەھەللىسىدە ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 1958 ـ يىلىدىن 1962 ـ يىلىغىچە غۇلجا شەھەرلىك 9 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتە، 1962 ـ يىلىدىن 1968 ـ يىلىغىچە غۇلجا شەھەرلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1970 ـ يىلىدىن 1973 ـ يىلىغىچە ئىلقا ناھىيەلىك ھەسەلچىلىك فېرمىسىدا، 1973 ـ يىلىدىن 1974 ـ يىلىغىچە غۇلجا شەھىرى قارادۆڭ يېزىسى بايكۆل كەنتىدە «قايتا تەربىيە» ئالغان. 1974 ـ يىلىدىن 1980 ـ يىلىغىچە قارادۆڭ يېزىلىق رادىيو پونكىتىدا، 1980 ـ يىلىدىن 1985 ـ يىلىغىچە غۇلجا شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتى، غۇلجا شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى ۋە رادىيو ئۇزېلىدا ئىشلىگەن. 1985 ـ يىلىدىن 2000 ـ يىلىغىچە سابىق ئىلى ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى، ئاممىۋى سەنئەت سارىيى، كۇتۇپخانا قاتارلىق ئورۇنلاردا كەسپىي خىزمەت ۋە رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۆتىگەن. ئۇ 2000 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر رادىيو ـ كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىگە يۆتكىلىپ كېلىپ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ مەسئۇل خىزمەت ۋە تەھرىرلىك، نازارەتچىلىك

خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان، 2012 ـ يىلى 6 ـ ئايدا پېنسىيەگە چىققان. ئۇ 1993 ـ يىلى مۇئاۋىن تەتقىقاتچى كەسپىي ئۇنۋانىغا، 2002 ـ يىلى كاندىدات ئالىي مۇھەررىرلىك كەسپىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، 1993 ـ يىلى 10 ـ ئايدا مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس بولۇپ باھالىنىپ گوۋۇيۈەننىڭ ئالاھىدە تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولغان. ماخمۇت مۇھەممەت جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

ماخمۇت مۇھەممەتنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى بالىلىق ۋاقتىدا شېئىر بىلەن باشلانغان. ئۇنىڭ «غۇنچە بىز» ناملىق تۇنجى شېئىرى 1965 ـ يىلى 10 ـ ئايدا «ئىلى گېزىتى»دە، «ئاق چاچلىق قىز يايلاقتا» ناملىق شېئىرى 1971 ـ يىلى 5 ـ ئايدا «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان. شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە 1200 پارچىگە يېقىن شېئىر يازدى ۋە بۇلاردىن زور كۆپچىلىكىنى ئېلان قىلدى. شۇ شېئىرلار ئاساسىدا «قوڭغۇراق»، «ئالتۇن مۇنار»، «چەشمىلەر»، «مۇھەببەت مۇڭلىرى»، «باغقا بارايلى» قاتارلىق شېئىر توپلاملىرى نەشر قىلىندى. كېيىنكى يىللاردا ئۇ يىرىك شېئىرىي ژانىر بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ «يەتتە بوۋاي ھېكايىسى»، «ئۇستازىمنىڭ ئۇستازى»، «مەڭگۈلۈك ھايات»، «ئەخمەتجان تۇتقان گۈلچاي» قاتارلىق 12 داستان ـ باللادا يېزىپ ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلدى. «مۇھەببەت مۇڭلىرى» توپلىمىغا ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە شېئىرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن.



NIEDERS.
STAATS- U. UNIV.-
BIBLIOTHEK
GÖTTINGEN

1971 ـ يىلى «ئىلى گېزىتى»دە مۇئەللىپنىڭ «تاڭ قۇياشى نۇرىغا چۆمگەن لەيلىزار» ناملىق ھېكايىسى ئېلان قىلىندى. بۇ، ئۇنىڭ شاۋقۇنلۇق قاش دەرياسى بويىدا ياشىغان ئاشۇ يىللاردا زوق ـ شوق بىلەن يازغان ھېكايىلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ بۇ يەردە يەنە «سالچىنىڭ ئوغلى»، «سەيخىندۇلادا باھار»، «ئىككى تال قىزىل ئالما»، «ئاھ، يانتۇ سۇرەت» قاتارلىق ھېكايىلەرنى يازغان. بۇ ھېكايىلەرنىڭ بەزىلىرى ئەينى يىللاردا ياشلار تەرىپىدىن قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ كۆچۈرۈلگەن. «سالچىنىڭ ئوغلى» ناملىق ھېكايە ئاتاقلىق يازغۇچى ۋاڭ مېڭ تەرىپىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان ۋە 1974 ـ يىلى خەنزۇچە «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىپ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغان. ماخمۇت مۇھەممەتنىڭ ھازىرغىچە مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان ھېكايىسى 400 دىن ئاشىدۇ. شۇ ھېكايىلەر ئاساسىدا كېيىنكى يىللاردا ئۇنىڭ «سالچىنىڭ ئوغلى»، «سومكىدىكى جېدەل»، «ئاھ، يانتۇ سۇرەت»، «ئايالىمنىڭ دوستى»، «كۆزلەر سۆزلەيدۇ»، «كارىۋات ئاستىدىكى ئەر» قاتارلىق ئالتە ھېكايىلەر توپلىمى نەشر قىلىندى. بۇ توپلاملاردىكى «گۈزەل قىرغاق»، «ئايالىمنىڭ دوستى»، «جانجان ئورۇندۇق»، «مەڭگۈلۈك ھەسرەت»، «مەۋاخۇن» قاتارلىق ھېكايىلەر يازغۇچىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئۆزگىچە ھېكايىلىرىدۇر. قىسقا ۋە ھەجۋىي يېزىش ئۇسلۇبى ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدە ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئېلان قىلغان ھېكايىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى قىسقا ھېكايىلەردۇر. كېيىنكى يىللاردا

يازغۇچى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېڭى ھادىسە سۈپىتىدە شەكىللەنگەن ئىشىك ھېكايىلەر، يان تېلېفون ھېكايىلەر ئۇستىدە ئىزدىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. دەۋر بىلەن نەپەسداش، يېڭىدىن – يېڭى تېمىلارغا مۇراجىئەت قىلىنغان بۇ ئۆزگىچە ھېكايىلەر ئوقۇرمەنلەرنىڭ زور قىزىقىشىنى قوزغىدى. ھېكايە ئىجادىيىتىنىڭ راۋاجى سۈپىتىدە ساخمۇت مۇھەممەت كېيىنكى پەيتلەردە پوۋېست ئىجادىيىتىدىمۇ ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇردى، يەنى ئۇنىڭ قىسقا ۋە يۇمۇرلۇق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە «نەزمەت كۆلەڭگىسىنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرى»، «ئاخىرقى كۆلكە» قاتارلىق ساتىرىك پوۋېستلىرى ۋە «ئۈچمەس گۈلخان»، «يۈرەك چىدىمايدىكەن» قاتارلىق مۇڭلۇق، گۈزەل شېئىرىي تىلغا ئىگە پوۋېستلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 10 پوۋېستى مۇئەللىپىنىڭ يىرىك پىروزا ژانىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا دەسلەپكى ئاساسنى سالدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «ھاسان قايماقنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى» ناملىق قىسسە خاراكتېرلىك پوۋېستىدا ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش يولىدا تىرىشۋاتقان دېھقانلار تۇرمۇشى تونۇشتۇرۇلغان. يازغۇچى ھاسان قايماق ئوبرازى ئارقىلىق ئەمگەكچان ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ياشاش ئالاھىدىلىكى، ئۆزگىچە خاراكتېرى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس يەرلىك تىلىنى ئەپچىل ۋاستىلەر ۋە قىزىقارلىق تۇرمۇش كارتىنىلىرى ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن. يۇقىرىقى پوۋېستلار «ئاخىرقى كۆلكە» ۋە «ھاسان قايماقنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى» سەرلەۋھەسىدە ئايرىم توپلام بولۇپ نەشر قىلىندى.

پىروزا ئىجادىيىتىدىكى ئۇزاق يىللىق قەلىمىنى سىناش ماخمۇت مۇھەممەتنى پىروزىنىڭ ئەڭ يىرىك ژانىرى بولغان رومان ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش يۇكسەكلىكىگە ئېلىپ باردى. 1996 ـ يىلى ئۇنىڭ «شۇنداق كۇنلەرمۇ ئۆتكەن» ناملىق رومانى نەشر قىلىنىپ كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ، بولۇپمۇ ياش ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇشىغا ئېرىشتى. ئوبزورچىلار بۇ رومانغا «پەلسەپۋى ئويلىنىش ئىقتىدارى نامايان قىلىنغان ئەسەر» دەپ باھا بەردى. 2004 ـ يىلى ئۇنىڭ «ھېسام ھەققىدە قىسسە» ناملىق بىيوگرافىيەلىك رومانى نەشر قىلىندى. بۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ھايات شەخس ھەققىدە يېزىلغان تۇنجى رومان بولۇپ، «زامانىمىزنىڭ ھايات نەسرىدىن ئەپەندىسى» دەپ نام ئالغان ھېسام قۇربانىنىڭ ئەگرى ـ توقاي ھايات يولى تولىمۇ قىزىقارلىق رەۋىشتە مۇۋەپپەقىيەتلىك بايان قىلىنغان. بۇ رومان نۆۋەتتە يەنە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، جۇملىدىن ئىلى مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنىڭ جانلىق كارتىنىسىنى سىزىپ بەرگەن يىرىك ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتتا، يەنى 2013 ـ يىلى ماخمۇت مۇھەممەت يۇقىرىقى بىيوگرافىيەلىك رومانىنىڭ ئىزىدىن، ئۇيغۇر لەتىپىچىلىكىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئىشقىيار نامەتنىڭ ھايات يولى ھەققىدە ئىككىنچى بىيوگرافىيەلىك رومانى ــ «ئىشقىيار نامەت»نى يېزىپ چىقتى. «چۇمبەل» رومانى يازغۇچىنىڭ ئۇچىنچى رومانى بولۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تۇنجى ساتىرىك رومان ھېسابلانغان بۇ ئەسەر 2012 ـ يىلى نەشر قىلىنىپ،

ئوبزورچىلارنىڭ يۇكسەك باھاسىغا ئېرىشتى.

ماخمۇت مۇھەممەتنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئۇنتۇلماس ئەمگىكى ئۇنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى توپلاش ۋە رەتلەش ساھەسىدە كۆرۈلىدۇ. ئۇ 30 نەچچە يىل داۋامىدا چاقچاقچى ھېسامىنىڭ ھاياتى ۋە چاقچاقلىرىنى تەتقىق قىلىپ توپلاپ رەتلەپ، ئۇيغۇرچە ــ خەنزۇچە 10 توپلام «ھېسام چاقچاقلىرى»نى نەشر قىلدۇردى. بۇ ساھەدە ئۇ يەنە «تېيىپجان ئېلىيېف چاقچاقلىرى»، «دۇردانە لەتىپىلەر» (بۇ كىتابقا مەرھۇم يازغۇچى تېيىپجان ھادى بىلەن ھەمكارلىشىپ توپلىغان «ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى» ۋە ماخمۇت مۇھەممەت توپلاپ رەتلىگەن «ئىشقىيار نامەت لەتىپىلىرى» كىرگۈزۈلگەن) قاتارلىق كىتابلارنى نەشر قىلدۇردى.


ماخمۇت مۇھەممەت ئۇزاق يىللىق ئىجادىيىتى داۋامىدا بالىلار ئەدەبىياتى، ناخشا تېكىستلىرى ئىجادىيىتى ۋە سەنئەت ئوبزورچىلىقى جەھەتتىمۇ نۇرغۇن سەمەرىلىك ئەمگەكلەرنى قىلدى. ئۇنىڭ «سومكىدىكى جېدەل»، «باغقا بارايلى»، «كۆڭۈل ئىزھارىم»، «سەن شۇنداق ياشا» قاتارلىق كىتابلىرى بۇنىڭ دەلىلىدۇر. ئەسلىمە ـ تەزكىرە ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشمۇ ئۇنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى. «قايغۇلۇق ئەسلىمىلەر»، «قەلبىمدىكى زوردۇن سابىر»، «تارىخنىڭ كۆزى ــ مۇسا سايرامى»، «ئابرال ئوغلى» قاتارلىق كىتابلار ئەنە شۇ سىجىل ئەمگەكلەرنىڭ شاھىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ماخمۇت مۇھەممەتنىڭ ئەسەرلىرى كۆپ يىللاردىن بېرى ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ۋە ئەدەبىي

ئوبزورچىلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشىپ كەلدى. ئۇ ھازىرغىچە 42 قېتىم مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ھەر خىل مۇكاپاتلارغا سازاۋەر بولدى. 1998 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى غۇلجا شەھىرىدە ئەدىبنىڭ ئىجادىيىتىگە بېغىشلانغان «ماخمۇت مۇھەممەت پىروزا ئىجادىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ئۆتكۈزۈلدى.

نەشرىياتىمىز كۆپ قىرلىق ئەدىب ۋە ئىقتىدارلىق يازغۇچى، شائىر ماخمۇت مۇھەممەتنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن 40 نەچچە يىلدىن بېرى تۈرلۈك ژانىرلاردا ئىجاد قىلغان ئەسەرلىرىنى تاللاپ 10 توم قىلىپ نەشر قىلدى. بۇ ئەسەرلەر مۇئەللىپنىڭ تىنىمسىز ئىزدىنىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھىنىڭ مەھسۇلى. بىز مۇئەللىپنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىپ ئىجاد قىلغان ھەر خىل ژانىردىكى نادىر ئەسەرلىرىنىڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا ئېرىشىشىگە ئىشىنىمىز.

بىز مۇئەللىپنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، ئائىلىسىگە خاتىرجەملىك، ئىجادىيىتىگە تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمىز.



# مۇندەرىجە

بىرىنچى باب ........................................ 1
ئىككىنچى باب ........................................ 11
ئۈچىنچى باب ........................................ 32
تۆتىنچى باب ........................................ 50
بەشىنچى باب ........................................ 68
ئالتىنچى باب ........................................ 83
يەتتىنچى باب ........................................ 101
سەككىزىنچى باب ........................................ 120
توققۇزىنچى باب ........................................ 127
ئونىنچى باب ........................................ 142
ئون بىرىنچى باب ........................................ 157
ئون ئىككىنچى باب ........................................ 168
ئون ئۈچىنچى باب ........................................ 187
ئون تۆتىنچى باب ........................................ 201
ئون بەشىنچى باب ........................................ 213
ئون ئالتىنچى باب ........................................ 224
ئون يەتتىنچى باب ........................................ 239
ئون سەككىزىنچى باب ........................................ 256
ئون توققۇزىنچى باب ........................................ 278
يىگىرمىنچى باب ........................................ 297
يىگىرمە بىرىنچى باب ........................................ 317

يىگىرمە ئىككىنچى باب ........................ 333
يىگىرمە ئۈچىنچى باب ........................ 349
يىگىرمە تۆتىنچى باب ........................ 376
يىگىرمە بەشىنچى باب ........................ 389
يىگىرمە ئالتىنچى باب ........................ 400

# بىرىنچى باب

كۈز كېلىپ، باغلار ھۆۋۈللاپ قالغان بولسىمۇ، باقىم شائىرنىڭ كۆڭلى باھاردەك ئىللىق ئىدى. يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان ئۇنىڭ خۇددى پات ئارىدا تويى بولىدىغان يىگىتتەك ئۇيقۇسى كەلمەي قالدى، بەزىدە خامانىدا گۇپۇلدىتىپ توپان سورۇۋاتقان سالاي پالۋان[1] دەك ئىشتىھاسى بۆلەكچىلا ئېچىلىپ، ئىككى تەخسە لەڭمەننى كۆرمىدىم دەپ سوقۇۋېتەتتى ـ دە، قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن ئاغزىنىڭ چۆرىسىدىكى قورۇما يۇقۇندىلىرىنى سۈرتكىنىچە كارتىمىدە كېكىرىۋېتىپ، ئوچاق بېشىدا بىر قولىنى ئىككى قىلالماي پايپېتەك بولۇپ يۈرگەن سوقا ـ سەندەلدەك خوتۇنىغا: «مۇشۇ ئۆيدە مەنتاڭ ـ پەنتاڭ تېپىلارمۇ؟» دەپ چاقچاق قىلاتتى.

باقەمنىڭ خوتۇنى شەھەرنىڭ غەربىگە جايلاشقان ئىستىراھەت باغچىسىنىڭ ئۇڭ تەرەپ بۇلۇڭىدىكى كۆرگۈدەك نېمىسىنىڭ تايىنى يوق «ھايۋانات باغچىسى»نىڭ توختاملىق ئىشچىسى ئىدى، بىكارچىلىقتىن ئۆلگۈدەك زېرىكىپ كەتكەن مايمۇن ۋە بۆغىلارغا كۈنىگە بىرنەچچە قېتىم يەم تاشلاپ بېرەتتى،

---

① سالاي (سالاھىدىن) پالۋان ــ غۇلجا ناھىيەسىدە ئۆتكەن كۈچتۈڭگۈر.

يەنە تېخى ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە بىر كىرىۋالسا كۆنلەپ چىقمايدىغان ئالچاڭ ئېيىققمۇ قارايتتى. باقەم شائىر ئايالى بىلەن جېدەللىشىپ قالغان چاغلىرىدا ھېچبولمىسا «ئېيىق تازا، قانداق، ئېيىق، ھايۋانات باغچىسىدا ئىككى ئېيىق بار، بىرسى ئۆڭكۈردە، يەنە بىرسى ئۆنىڭغا يەم بېرىدۇ! ...» دەپ ۋارقىرايتتى. بىچارە ئايالى بولسا ئۆزىنىڭ باقەم شائىرغا تەگمەستە «گۈلدەك قامىتىڭىز ...» دېگەندەك ئىبارىلەرگە تولغان، ۋاراقىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن تۆت بۇرجىكىگە ھەر خىل رەڭلىك سىياھلاردا ئاشىقلىق بېيىتلىرى يېزىلىپ تۇمارچە پۈكلەنگەن سۆيگۈ خەتلىرىنى ئالغان چاغلىرىنى يۈرىكى ئەلەمگە تولغان ھالدا ئويلاپ، ئاشۇ ئىبارىلەر ۋە خۇشامەتكە تولغان بېيىت، قوشاقلارنىڭ ئاپتورى بولغان كازىزاپ ئېرىگە مىختەك قادالغىنىچە ئۇنچىقماي بىرھازا تۇرۇپ كېتەتتى، ئاندىن تۇيۇقسىز لاخشىگىرمۇ، چۆپلەر ئىلىنىپ قالغان چويلىمۇ، كۆتمەك سۇپۈرگىمۇ... قولىغا چىققان ھەرقانداق نەرسىنى باقەمنىڭ ئاۋاق يۈزىگە قارىتىپ ئاتاتتى.

بىرەر ئايدىن بېرى باقەم شائىرنىڭ ئۆيىدە چىنە ئۇچۇپ قاپاق ياردىغان ئىشلار بېسىقىپ قالدى. سەۋەبى، باقەم شۇ كۈنلەردە تولىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتكەنىدى، يېڭى مۆھىت ئۇنىڭغا نۇرغۇن يېڭى نەرسىلەرنى ئەكەلگەن، ئۇۋىسىدىن يامراپ چىقىپ كېلىۋاتقان چۈمۈلىلەردەك تۈگىمەس ئارمانلار ئۇنىڭ كۆڭلىنى باھاردەك ئىللىتىپ، شان - شەرەپ، ئاتاق - ئابرۇي... ئاللىنېمىلەر كۆڭلىنى چىرماپ، كۆز ئالدىنى بارغانچە يورۇتماقتا ئىدى. يېقىنقى بىر مەزگىلدىن بۇيان باقەم

ئۆزىنى ئىچمۇ كۆچتۈڭگۈر سىزىدىغان بولدى. مۇشۇ ئەلپازىدا ئىككى يۈز قىرىق ئىككى مىڭ نوپۇسى بار (كۆچمەن نوپۇس بۇنىڭ سىرتىدا) مەركىزى شەھەردە يەر تەۋرىگەندىمۇ بەتتەر ئىشلارنى قىلىۋېتىش... ئۇنىڭغا ھېچ گەپ ئەمەستەك تۇيۇلىدىغان بولدى.

گەپنى سەل باشتىنراق قىلايلى، بۇنىڭدىن سەل كەم بىر يىل ئىلگىرى، باقەم مۇھەت تازىلىقى باشقارمىسىدىن ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى «دېڭىزغا چۇشۇش» ئىشتىياقىدا قۇرغان شىركەتكە يۆتكىلىپ كەلگەندە، ئۇنىڭغا بۇگۇنكى كۈندە بۇنداق كاتتا ئىشلارنىڭ قەھرىمانى بولۇپ قېلىشتەك ئېھتىماللىق بەجايىكى ئاسمان بىلەن يەرنىڭ ئارىلىقىدەك يىراق مۇساپە، تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان شېرىن چۈش ئىدى. مۇھىت تازىلىقى باشقارمىسىدىكى بىر قارام يىگىت «دېڭىزغا چۈشۈش» شامىلىدا بىر غەيرەتكە كېلىپلا ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئۇلارنىڭ ئاز ـ تولا پۇل تېپىپ كەسپىي خىزمەتنى روناق تاپتۇرىدىغان شارائىت ھازىرلاش ياخشى تىلىكىگە ماسلىشىپ، دەرھال بىر شىركەت قۇرۇش، شىركەتنىڭ قانۇنلۇق ۋەكىللىكىنى بىرلەشمە ئۈستىگە ئېلىش، قالدى ئىشلارنى ئۆزى چۆرگۈلىتىش توختامىنى تۈزگەن ۋە يۇقىرى ـ تۆۋەندىكى بىرمۇنچە ئارقا تىرەكلىرىنىڭ مەدەت، ۋەدىلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە «ھاڭ ـ تاڭ قالىسىز» شىركىتىنى قۇرۇپ، باش دىرېكتورلۇق تاجىنى ئەللىك ئالتىنچى رازمېرلىق بېشىغا قەتئىيەت بىلەن كىيگەنىدى. ئۇ يىللاردا جەمئىيەتتە بىرمەھەل ئېتى

ئۇلۇغ، سۇپرىسى قۇرۇق بۇنداق «سوسكا شىركىتى»، «سومكا شىركىتى»لەر كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىكلا پۇرسەتتە سامانىنىڭ نەرخىدە كۆپىيىپ كەتكەنىدى، كوچىدىكى ئون بىنانىڭ يەتتىسىگە كۆزنى ئالا چەكمەن قىلىدىغان ھەر خىل، ھەر شەكىلدىكى دەبدەبىلىك ۋە ئادەمنىڭ كۈلكىسىنى قىستايدىغان ئاتالمىلاردىكى ۋىۋىسكىلار ئېسىلغانىدى. گاھىبىر كۆرۈمسىزلا بىنالارغا بۇنداق ھەيۋەتلىك ۋىۋىسكىلاردىن قاتىرىسىغا يەتتە ـ سەككىزى بىراقلا ئېسىۋېتىلىدىغان ئىشلارمۇ بارلىقىقا كېلىپ، ئادەم ئىككىسىنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن ھاجەتخانىغا بىر قاتراپ كەلمىسە چىدىمايتتى. كوچىلاردا داگېدا كۆتۈرۈۋالغان، تۇمۇ تەگكەندەك دىمىقىدا سۆزلەيدىغان لىدىر، باش دىرېكتورلار كۆزنىڭ غازاڭلىرىدەك لەيلەپ يۈرىدىغان بولۇپ كەتتى.

ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە بار ـ يوقى سەككىز يازارمەن، سىزارمەن ۋە ناخشىچى بار بولۇپ، ئاخىرقىلىرى ئىشخانىلىرى ھۆكۈمەت بىناسىدا ئىكەنلىكىگە قارىماي، بەزىدە ئىلھامى غۇژژىدە كېلىپ قالسا، شۇنداق يۇقىرى ئاۋازدا ئاھاڭ كۆندۈرۈشكە باشلايتتىكى، زالدا ئۇيان ـ بۇيان ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار سەنئەت ئۆمىكى مەشىقگە كۆچۈپ كەلدىمۇ نېمە دەپ ئويلاپ قالاتتى. ئەنە شۇ بىر توپ ئەپەندىلەر چوڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدلەر بىلەن بەلباغنى قىسىپ تۇرۇپ كەسپىي خىراجەتتىن تېجەپ قالغان ئازغىنا سومىنى «ھاڭ ـ تاڭ قالىسىز»نىڭ مەسئۇلىغا تىترەپ تۇرۇپ تۇتقۇزغاندىن كېيىن ئورۇندۇقلىرىدا ئولتۇرۇپ، شېرىن چۈشلەرنى كۆرۈشكە باشلىدى. يېڭى دىرېكتور ھەپتە ـ

ئون كۈنگىچە ئۇلارغا ئىبسىل تاماكىلارنى ئايىماي تۇتۇپ، سالاپەتنى ۋە سېخىيلىقىنى نامايان قىلدى ھەمدە ئۆزىنىڭ دەبدەبىلىك پىلانلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ، بىر سېكرېتار، تۆت رەئىس، بىر باش كاتىپ، ئىككى ئىش بېجىرگۈچىنىڭ باشلىرىدىن ئوچاق ئېچىۋەتتى. «ھاڭ ــ تاڭ قالىسىز»نىڭ سۆزمەن لىدىرى بولمىش جىيەن ئوغلىنى بىرلەشمىگە تونۇشتۇرغان تاج رەڭ يۇزلۇك خەتتات رەھبەر كەمپۇت شۇمۇۋاتقاندەك ھۇزۇرلىنىپ كىرىسلوغا يېتىپ ئولتۇرغىنىچە خىزمەتداشلىرىنىڭ قايىللىق خىتابلىرىنى تەبەسسۇم بىلەن ئاڭلايتتى. يېڭى دىرېكتور رەسمىيەتلەرنى چاقماق تېزلىكىدە بېجىرگەندىن كېيىن بىرلەشمە نامىدا بانكىدىن ئالغان ئادەم ئەيمەنگۈدەك كۆپ خانىلىق قەرز پۇل، يەنى مەبلەغنى ھەل قىلدى ــ دە، ئىش باشلىۋەتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، شىركىتىنىڭ تۇتۇشقان يېرى ئۇنداق ــ مۇنداق جاي ئەمەس، بەلكى دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنىڭ ئوندىن سەككىزىدە پېرسوناژلار ئۇخلىماي چۇشىدە كۆرۈشىدىغان چەت ئەل ئىدى.

راست دېگەندەكلا شىركەت ئۇزاق ئۆتمەي، بىرىنچى تۇركۇمدىكى مالنى چېگرادىن كىرگۈزدى. مالنىڭ تۈرى كۆپ، پەلتودىن تارتىپ چاق يېپىقچە، رويالدىن تارتىپ قوشۇققىچە، يىڭىسىدىن تارتىپ كونسىنغىچە، ئەيتاۋۇر، جىمى لاقا ــ لۇقىلار بار ئىدى. بىرلەشمە رەئىسلىرى «پاداركا»[1] قىلىنغان پەلتونى كىيىپ، ئېلېكتىرلىك

---

① پاداركا ــ سوۋغات.

ساقال ئالغۇچتىن بىردىن سومكىلىرىغا سېلىپ، دەسلەپكى قەدەمدىلا «ھاڭ ـ تاڭ قالىسىز»نىڭ شېرىن مېۋىسىدىن ئېغىزلىنىپ ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى، ھەقىقەتەن ھاڭ ـ تاڭ قېلىشتى. دىرېكتورنى بەس ـ بەستە ماختاپ، ئېشىپ قالغان رەھمەت ـ تەزىملىرىنى خەتتاتقا ياغدۇردى. بۇ چاغدا باش دىرېكتور بىر مۇھىم كەمتۈكلۈكنى، ئىلگىگە ئۆتكەن ۋە بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق كىرگۈزۈلىدىغان ماللارنى سادىقلىق، بەجانىدىللىق بىلەن ئىسكىلاتتا ساقلايدىغان خادىمنىڭ، پۇختا بىر يانتاياقنىڭ كەمچىل ئىكەنلىكىنى يادىغا ئالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ مۇھىت تازىلىقى باشقارمىسىدىكى باقەم ئىسىملىك بىر كونا خىزمەتدىشىنى، يەنى باشقىلار تەرىپىدىن «چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمايدۇ» دەپ تەرىپلىنىدىغان مەسئۇلىيەتچان زاپخوزنىمۇ ئەسلىگەنىدى. كونا ئىدارىسى بولغان مۇھىت تازىلىقى باشقارمىسىدا شۇ زاپخوزنىڭ «پىتىپاڭزىلىقى» (بۇ ئەينى چاغلاردىكى تۈيغۇ) تۈپەيلى ھازىرقى دىرېكتور، سابىق رېمونت ئىشچىسى بىر ئامبۇرنى دەپ باقەم بىلەن تويىتوغرا ئىككى كۈن دەتالاش قىلىشقان، ئاخىرىغا كېلىپ كاناي سىقىشقانىدى. رېمونتچى ئامبۇرنى غەلەت قىلىمەن دەيتتى، زاپخوز بولسا ئۇنىڭ يالغان باھانىسىنى بىر يارماققا ئالماي «ئامبۇرنى سەن سوقۇۋالدىڭ، ماڭا تاپشۇرغىنىڭ پەقەت كۈلۈچ بىلەن بولقىلا» دەيتتى. مانا ئەمدىلىكتە دىرېكتور جانابلىرى شۇ چاغدا ئۆزى رەنجىتكەن ۋە بىكاردىن تالايغىچە رەنجىپ يۈرگەن باقەم زاپخوزنىڭ دەل ئۆزىگە كېرەكلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى قايىللىق ھېسسىياتىدا ئېسىگە ئالدى. ئىككى كۈندىن

كىيىن، ئىدىيەۋى خىزمەت ۋە قالتىس ۋەدىلەردىن ئەيۋەشكە كەلگەن باقەم زاپخوز كونا ئىدارىسىدىكىلەر بىلەن توختاملىشىپ، ئىككى يىل مۆھلەت بىلەن ئىشتىن بوشىدى ۋە ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قارىمىقىدىكى «ھالڭ ـ تالڭ قالىسىز» شىركىتىگە زاپخوز، قوشۇمچە قوغداش خادىمى بولۇپ يۆتكىلىپ كەلدى.

ئوقۇرمەنلىرىمىز بەلكىم باقەم زاپخوز نېمىشقا يىگىرمە نەچچە يىللىق ئىسسىق ئورنىنى تاشلاپ ئىگى بىلەن بېغى يوق بىر «شىركەت»كە يۆتكىلىشكە رازى بولۇپ قالغاندۇر، دەپ سوراپ قېلىشى مۇمكىن. بۇنىڭ سەۋەبى، دەپ كەلسە خېلىلا ئۇزۇن پاراڭ، گەپنى ئالدى بىلەن باقەمنىڭ شېئىر ھەۋەسكارلىقىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. شائىرلىق دېگەن نام ـ ئاتاققا يېقىن كەسىپ بولغانلىقى ئۈچۈنمىكىن ياكى بولمىسا پەنلەر ئىچىدە بىر قەدەر كۆڭۈللۈك بولغاچقىمىكىن، بۇ شەھەردە موزدۇزلۇق بىلەن ساتىراشلىقنى ئۆگىنەيچۇ دەيدىغانلاردىن بەش ـ ئالتىسى تەستە چىققىنى بىلەن شائىر بولىمەن دەپ قىزىپ يۈرگەن ئۆسمۈرلەر، ياشلار ساماندەك تېپىلاتتى. دەرۋەقە، ئاشۇلارنىڭ بىرسى بىزنىڭ خېلى ئۇزاق يىللار ئىلگىرى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزگەن باقەمجان ئىدى. باقەمنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈگىتىپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان يىللىرى تەبىئىي ئاپەت مەزگىلى ئەمدىلەتىن ئۆتۈپ، ئادەملەر توخۇ دېنى بىلەن قارىياغاچ يوپۇرمىقى پۈرىسىدىن يېڭىلا قۇتۇلغان چاغلار ئىدى. بالىلىقنىڭ ئەڭ مۇھىم، ئۆسۈپ يېتىلىدىغان بىرنەچچە يىلىنى ئاچ

قورساق، چۈشكۈن ئۆتكۈزۈۋەتكەن باقەم سىنىپ بويىچە باشقىلاردىنمۇ ئاۋارە «چوكا بالا» ئىدى. ئۇنىڭغا ئارتۇقچە يۈگۈرۈش، شوخلۇقمۇ خۇشياقمايتتى. تەنتەربىيە دەرسىدە ئۇ گارنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ كىيىم ساقلايتتى، شۇ يەردە ئولتۇرغاچ ئازادە مەيداندا قىي - چۇۋلىشىپ ئويۇن - بويان چېپىشىۋاتقان ساۋاقداشلىرىنى ھېرىسمەنلىكتىن تولىراق قىتىغۇرلۇق نەزىرى بىلەن كۆزەتكىنىچە ئۆزىمۇ تۇيماستىن ئۇلارنى مەسخىرە قىلىدىغان قاپىيەلىك گەپلەرنى توقۇپ پىچىرلايتتى. ئىپتىماقچى، چاقچاقچى ھېسام قۇربان «دەرسلەردىن قايسىسىنى ياخشى كۆرەتتىڭىز؟» دېگەن سوئالغا «تەنەپپۇسنى» دەپ جاۋاب بەرگەندەك، نېمىشقىدۇر باقەم تىل - ئەدەبىيات دەرسىنى باشقا دەرسلەردىنمۇ كۆرە تولىراق ياقتۇراتتى.

باقەملەرنىڭ سىنىپىغا كىرىدىغان ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى ئۆز زامانىسىدا گېزىتلەردە خېلى كۆپ شېئىرلارنى باستۇرغان، ھازىر بولسا سۈتى سوغۇلغان سىيىرغا ئوخشاپ قالغان ئوتتۇرا ياش، قىش - ياز پەلتو ياكى پىلاش كىيىپ مەخسۇم سۆپەت يۈرىدىغان مويدىنخان ئىسىملىك ئادەم بولۇپ، تىلىنى قايرىشتۇرۇپ سۆزلەيتتى. دەرس ۋاقتىدا تىنچ ئولتۇرمىغان بالىلارغا بىر بولسا سىپايە، قاپىيەداش سۆزلەر بىلەن كايىپ قوياتتى. مەسىلەن، «جىم ئولتۇرۇڭ، مېڭىڭىزنى دەرسكە تولدۇرۇڭ»، «ھاي بىغەرەز، گەپ قىلما، مەندىن تەنبىھ يەپ قالما!» ۋەھاكازا... دېگەندەك ياكى بولمىسا ئاچچىقى تازا كەلگەن چاغلاردا ئاڭلىنىشقا سىلىق، ئەمما تېگى - تەكتىدىن زەھەر، تىكەنلىك گەپلەرنى پىلىموتتىن ئوق

ياغدۇرغانـدەك ياغدۇراتتــى. «ھە، يۇڭ باش، بـىـر زەمبىــل لەش گۆش، چىچىڭنى تارىغۇچە، كىـتـابىڭغا قارا، پىـت بار، بىشىڭدا»، «ھەي ئەلەسگۇل، ئىككى يىقىڭىزدا ھاما ئاچىڭىز بارمۇ، دىققىتىڭىزنى توغرىلاڭ !»

باقەمجان مويدىنخان مۇئەللىمنىڭ دەرسىدە ئەتەي بىر خىل ياسالـما دىققـەت بىلەن ئىككى قولىنى كـەينىگـە ئېلىپ، مەيدىسىنى سوقىقاق خورازدەك كۆتۈرۈپ، كۆزلىرىنى بولسا ئۇدۇل مۇئەللىمنىڭ مانچىستىر دوپپىسىنىڭ قارا جىيەكلىرىگە تىككىنىچە سەل كۈلۈمسىرەپ، بەجايىكى مۇئەللىمگە ياكى ئۇنىڭ دەرسىگە زوقلانغاندەك ئولتۇراتتى. تىل ـ ئەدەبىيات مۇئەللىمى مۇنداق بالىلارغا ئامراق ئىدى. شۇڭا، باقەم ھېلىقىدەك زەھەرلىك ئىبارىلەرنى ئانچە كۆپ ئاڭلىمايتتى ۋە مۇئەللىمنىڭ سۇرلۇك، ياپما قاپاقلىق كۆزلىرىدە گاھى ـ گاھى پەيدا بولۇپ قالىدىغان يىقىملىق نەزەر كۆپرەك ئۇنىڭغا نېسىپ بولۇپ قالاتتى.

مويدىنخان مۇئەللىم قوشاقچى ئادەم ئىدى. دەرسلىرىنىمۇ تولىراق قاپىيەلىك قىلىپ ئۆتەتتى. مەسىلەن، «بۈگۈن ئۆتىدىغان دەرسىمىز ھېكايە، ھېكايىدە خىسلەت بىنىھايە، دىققەتتە ئاڭلاڭ، قىلماي ۋاقىتنى زايە» ... دېگەندەك. بىر قېتىم ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا ئاتا ـ ئانىلىرىدىن بەش كۇپلېت خەلق قوشىقى ئۆگىنىپ، يادلاپ كېلىشنى تاپشۇردى. ئەتىسى سىنىپتا يادلاش نۆۋىتى باقەمگە كەلگەندە، تۇساتتىن جۈرئەتلىنىپ كەتكەن «چوكا بالا» ئالامەت بىر ئىنتوناتسىيە بىلەن قوشاقنى جاراڭلىتىپ يادلىۋەتتى، ئاۋازىمۇ قامىتىگە يارىشا نەيدەك ئىنچىكە چىقتى.

مويدىنخان مۇئەللىم كەمدىن ـ كەم قىلىدىغان ھەرىكىتىنى قىلىپ، ئۆزۈن ئىككى قولىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ چاۋاك چېلىۋەتتى ـ دە، «يارايسەن، چوكا، شائىر بولىسەن، ئۇكا» دېدى. بۇ ئىككى مىسرا خېلى يىللارغىچە، مويدىنخان مۇئەللىم پېنسىيەگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ مەكتەپتە بالىلار باقەمنى كۆرسە دەرھال يادلايدىغان مەشھۇر بېيىتقا ئايلاندى. نۆۋەتتە باقەممۇ خېلى ۋاقىتلارغىچە خۇددى ئۆزىگە بىرەر ئەمەل تەگكەندەك، شۇ ئىبارە تۇپەيلى سىنىپتا، ھەتتا مەكتەپ ئىچىدە ھۇزۇردىن تەن ـ تېنى يايراپ، كېرىلىپ يۈردى.

نېمىلا دېگەنبىلەن كىچىككىنە تۇرۇپ شۇنچىۋالا كاتتا باھاغا ئېرىشمەكلىك ھەرقانداق جان ئىگىسىگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ ـ دە!

# ئىككىنچى باب

ئىپتىماقچى، باقەم شۇنىڭدىن ئىپتىبارەن شىئىر دىگەن بۇ «ھۇنەر»گە خىلىلا قىزىقىپ قالدى، ھەتتا يوشۇرۇن بىر شىرىن تۇيغۇغا ئىشتىياق باغلاپ قالدى. قولىغا قانداقلىكى، يىڭىمۇ، كونىمۇ، ھەتتا خالىي جايغا يوللانغان بىرەر پارچە گېزىت ـ ژۇرنال دىگەندەك نەرسىلەر چۈشۈپلا قالسا، ئالدى بىلەن شىئىر بار يېرىنى ئىچىپ، ئىزدەپ تېپىپ خىلى ۋاقىتلارغىچە ئاغزىنى مىتىلدىتىپ شىئىرلارنى بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ تىنماستىن ئوقۇپ چىقاتتى. ئوقۇپ بولۇپ گوياكى ناتونۇش مەملىكەتنىڭ خەرىتىسىگە قاراۋاتقان سەيياھتەك كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ تېگى يوق خىياللارغا پېتىپ تۇرۇپ كېتەتتى. ئۆيدە بولۇپ قالسا خاس خانىغا كىرىۋېلىپ، گېزىت ـ ژۇرناللاردا كۆرگەن شىئىرلاردەك ئۆزۈن ـ قىسقىلىقى بىر ـ بىرى بىلەن ئوخشاش، ئۇ يەر، بۇ يېرى قاپىيەداش سۆزلەرگە تەقلىد قىلىپ، «شىئىر» يېزىپ باقاتتى. «قاپىيە» دىگەن سۆزنى ئۇ مۇئەللىمى دەرستە ئۆتمىگەچكە، تېخى ئاڭلاپ باقمىغانىدى. ئاڭلىغاندىن كېيىنمۇ خېلى ۋاقىتلارغىچە ئاڭقىرالماي، چۈشەنمەي يۇردى، شۇڭا «قاپىيە» دىيەلمەي «ئوخشاپ كېتىدىغان» دەپ ئاتايتتى. گاھىدا ئۆزى گېزىتتىن ئوقۇغان شىئىرلارغا تەقلىد قىلىپ،

«شېئىر» يېزىپ باقاتتى. يازغانلىرىنىڭ بەزىلىرى ئۆزىگە يېقىپ قالسا، ئۆشنۈمتۈت ھاياجانلىنىپ، بۆرگە چېقىشۋالغاندەك سەكرەپ كېتەتتى. كۆپىنچە ھاللاردا ئۇ ھېلىلا يېزىپ باققان «ئەمەسلا» يازمىلىرىغا قاراپ سالپىيىپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ناھايەت، كۈنلەرنىڭ بىرىدە مويدىنخان مۇئەللىم بالىلارنى دەرس مەزمۇنىغا مۇۋاپىق، مەشىق سۈپىتىدە شېئىر يېزىپ كېلىشكە بۇيرۇپ قالدى. باقەمنىڭ «پارتام» دېگەن شېئىرى بۇ قېتىم ئۇستازنىڭ دىتىغا خېلىلا ياقتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىشلەتكەن «قاپىيە»لىرى، مەسىلەن، «پارتام، بارسام، ئاسسام...» دېگەندەك گەپلەرنىڭ سۈۋارى تىزىلىپ كېلىشلىرى باشقا بالىلارنىڭكىدىن خېلىلا جايىدا چىققانىدى، شۇڭا ئۇ ماختاش ئالدى.

باقەمنى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە تولۇق، تۈزۈككىنە ئوقۇغىلى قويمىغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دېگەن ھەرىكەت ئۇنىمۇ تالايلاردەك تەقدىرگە دۇچار قىلدى، يەنى ئۇ قالايمىقانچىلىقلار ئىچىدە بىرنەچچە يىللار قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ يۈردى، دېگەنبىلەن شۇ چاغدىكى تەڭقۇر، ھەمساۋاقلىرىدىن تەلەيلىكرەك چىقىپ، ئاكىسى ھاتەم ئىشلەيدىغان تاشيول ئاسراش ئىدارىسىگە ۋاقىتلىق ئىشچى بولۇپ ئورۇنلىشىۋالدى. راست گەپنى دېگەندە، ئانچە ـ مۇنچە زوقلىنىپ قوشاقپەزلىك قىلغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، باقەم ئوقۇشتىن زېرىكمىشكە تەييارلا تۇراتتى. بۇنىڭ ئەكسىچە، مۇشتتەك تۇرۇپلا ئەمگەك كۈچىنى ئەرزان باھاغا ساتىدىغان بۇ يەر ئۇنىڭغا مەكتەپتىن خېلى ئەركىن ـ ئازادىدەك بىلىندى. ئىش ئېغىر بولسىمۇ، باقەمگە يېڭى

تەشكىلى يېقىپ قالدى. تومۇزنىڭ پىژغىرىم ئىسسىق كۆنلىرىدە قارىماي قازىنىدىن كۆتۈرۈلگەن يالقۇنلۇق ھارارەت، كۆيۈك پۇراقلار ئۇنى بىزار قىلسىمۇ، ئاينىڭ ئاخىرىدا قولىغا كىرىدىغان، ئۇنىڭ يېشىدىكى بالا ئۇچۇن خېلىلا نۇرغۇن پۇل كۆڭلىنى خۇرسەنلىككە چۆمدۈرەتتى. ئاكىسى بىر گۇرۇپپىغا باشلىق بولغاچقىمۇ، ئادەتتە بۇ يەردە باقەم يوگۇر - يېتىم، يەڭگىل ئىشلارغا، يەنى تاشيولچىلار ئارىسىدىكى بىر قىزىقچىنىڭ گېپى بىلەن ئېيتقاندا «توشۇقچى»لىققا سېلىناتتى. ئىش ئېغىر بولسىمۇ، جاپاكەش، ماي يۇقى كىيىملىك، قارا - قۇرا يۈزلۈك ئىشچىلارنىڭ قوپال، ئەمما كۆڭلىنى ئاۋۇتىدىغان يۇمۇرلۇق گەپلىرى كىچىككىنە باقەمنىڭ كۆڭلىگە ياقاتتى ۋە ئۇنىمۇ بۇ خىل تۇرمۇشقا، ئاشۇ مېخانىك ھەرىكەتتىكى ئادەملەرگە يېقىنلاشتۇرۇپ، بارغانسېرى باغلاپ باراتتى. ئۇ پات - پاتلا ئۇلارغا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ، جاۋغايلىرىنى مىدىرلىتىپ ئىچىدە بىرنېمىلەرنى پىچىرلايتتى، «تاشيول، باشيول، نەق پۇل» دېگەندەك قاپىيەلىك سۆزلەرنى كاللىسىغا تىزاتتى. ھەي... مۇشۇ ماي چاپان ئادەملەر شۇ تاپتا ئۆز ئارىلىرىدا پەۋقۇلئاددە بىر تالانت ئىگىسىنىڭ، يەنە كېلىپ كەلگۈسىدە نى - نى، غەلىتە ئىشلارنى قىلىدىغان ئالاھىدە بالىنىڭ ئۆزلىرى دائىم ياماپ - تونەپ زېرىكمەيدىغان تاشيولنى ئۇچى يىرتىق سېرىق چۇخەيدە دەسسەپ، تاق يانلىرىدىلا تۇرغانلىقىنى ئەسلا خىياللىرىغا كەلتۈرۈشمەيتتى - دە!

قولىغا ئاز - تولا مائاش كىرگەن، يىگىتلىك پەسلىگە ئۆزىمۇ سېزەر - سەزمەي قەدەم قويۇۋاتقان باقەمنىڭ

ئىشتىھاسىمۇ ئەمدىلىكتە بارا ـ بارا ئېچىلىپ، زېرىكىشلىك، ئېغىر ئىش ئۇنىمۇ چوڭ ئادەملەردەك بارغانسېرى كۆپ غىزا تەلەپ قىلىدىغان بەدەنگە ۋە ھېسسىياتى ئۇرغۇپ كۆچىيىۋاتقان كۆڭۈلگە ئىگە قىلغانىدى. ئۇ ھېلىقى ئوزۇق ـ تۈلۈك كەمچىل يىللىرىدا، ئۆسمۈرلۈكىدە يېيەلمىگەن نەرسىلىرىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالماقچىدەك، ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپلا بازارنى بىر ئايلىنىپ، ئۆپكە ـ ھېسىپچىلارنى چۆرگۈلەمەي قويمايتتى. مۇشۇ كۈنلەردە «دەرىجىسى ئۆسۈپ» ئالىي رېستورانلارغا كىرىپ «زامانىۋى تائام، پۇلدارلار بوغۇزى» بولۇپ قالغان، قىممەتلىشىپ ئوغىدەك بولۇپ كەتكەن قوينىڭ پىشۇرۇلغان پاچىقى ئۇ كەملەردە بىر موچەنگە ئىككى ئىدى. باقەمنىڭ پاچاققا تويۇنغان جىسمى ئەمدىلىكتە بارغانسېرى ئىنى ـ ئىنىغا، بويى ـ بويىغا كېڭىيىپ، قۇۋۋىتىمۇ ئاشقىلى تۇردى. ئەرزان پاچاقتىن كەلگەن قۇۋۋەت ھەممە ئەزا قاتارىدا مېڭىسىگىمۇ يۇگۇردىمىگىنىدەك، مەكتەپتىكى چاغلىرىدىكى ھېلىقى شېئىرىي ھەۋەسلىرى ۋۇجۇدىنىڭ ئاللىقەيەرلىرىدە يەنە سازاڭدەك مىدىرلاپ قالدى. توغرىسى، قاپىيەلىك گەپ قىلىش، «شېئىرىي» خىيال سۈرۈش ئۇنىڭغا بىر ئادەت بولۇپ قالغانىدى. ئۇ چاغلاردا گېزىتلەر يېڭى يېزىقچە بېسىلاتتى. دانىسى بەش تىيىنلىق پاچاقتىن بىر ئولتۇرۇشىدا كۆرمىدىم دەپ ئۇنى سوقۇۋېتىدىغان قەھرىمانىمىز يېرىم يىلدىن كېيىن يەرلىك گېزىتتە «تاشيول ھەققىدە قوشاقلار» سەرلەۋھىلىك تۇنجى ئەسىرىنى يېڭى يېزىقتا ئېلان قىلدى. باقەم دوختۇرنىڭ رېتسېپ قەغىزىدىكى ئىمىر ـ

چىمىر خەتلەرگە يىقىن ھەرپلەر بىلەن بېسىلغان شېئىرنى كۆندە يىگىرمىچە قېتىم زوق بىلەن قاراپ، ئاجايىپ بىر ئىپتىخار ئىلكىدە لاتىن ھەرپلىرىدە قىيىق بېسىلغان «باقىجان ئىسلام» دېگەن خەتلەرنى ھەر خىل ئاھاڭلاردا پىچىرلاپ، ۋارقىراپ ئوقۇپ تويمايتتى... شۇ «كاتتا ھادىسە»دىن كېيىن ئۇ يەنە تاشيول ئاسراش ئىدارىسى ئۆتكۈزگەن بىر ـ ئىككى پائالىيەتتە باشقىلارنىڭ، بولۇپمۇ ئاكىسىنىڭ (ئاكىسى شېئىر ـ پېئىر دېگەن نېمىلەرنى نۆزەمبىللا چۈشەنمەيتتى، بىراق ئۇ شۇ ئارقىلىق باقەمنى ئىشقا رەسمىيلىشىپ قالامدىكىن، دەپ ئۈمىدلىنەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ كەملەردە بۇ ئىنتايىن ئاقىلانە خىيال ۋە تەدبىر ئىدى، ھازىرمۇ شۇنداق) زورى بىلەن تاشيول توغرىسىدا يېڭىدىن ـ يېڭى قوشاقلارنى توقۇپ، تاماكىنىڭ ئىسى بۇلۇتتەك لەيلەپ يۈرگەن ئەخلەتلىك زالدا ئىشچىلارغا سەل چىرقىراپراق ئوقۇپ بەردى. بۇ قوشاقلارنى يەرلىك گېزىت ھايالشماي، ئۇدا يېڭى يېزىقتا ئېلان قىلىپ تۇردى. باقەم ئۇ شېئىرلارنى قايچا بىلەن قىيىۋېلىپ، ئۆيىدە سۆرىلىپ يۈرگەن، لىڭشىپ قالغان ئەينەكلىك رامكىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ، سارايدىكى تامنىڭ كۆرۈنەرلىك يېرىگە ئېسىپمۇ قويدى. بۇنداق بولغاندا ئۇ ھەر كۈنى مۇشەققەتسىزلا ئۆز ئەسەرلىرىنى كۆرۈپ تۇرالايتتى، يەنە بىر تەرەپتىن، مۇھىمراقى، ئەلگەكمۇ، جۆۋەندە نانمۇ سوراپ كىرگەن قوشنا خوتۇنلارنىڭمۇ مەزكۇر ئەسەرلەرگە كۆزى چۈشمەي قالمايتتى. قوشۇمچە ماختايدىغان گەپلەرنى بولسا، باقەمنىڭ سەكسەن پۇتتەك ساپسېرىق، قاتاڭغۇر ئاپىسى قوشنىلارغا ماختىنىپ تۇرۇپ ئېزىپ ـ ئىچۇرۇپ ئۇلگۇرەتتى.

باقەمنىڭ ھەۋەسلەر بىلەن لىق تولغان يۈرىكىگە شائىرلىق ئوتىنى ۋە ئۇ ئارقىلىق شۆھرەت گۈلخانىنى ھەق ـ دادىغا يەتكۈزۈپ ياققان ۋە كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ شېرىن ھەۋەسنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، كۆۋەجەتكەن، ئاخىرقى مەزگىللەردە بولسا شائىرلىق ئارقىلىق تونۇلۇپ، مەشھۇر خەلقئارالىق ئەرباب بولۇش نىيىتىنى پەنجىمساي[1]نىڭ ئەتىيازدىكى تاشقىن سۈيىدەك ئۇلغايتىۋەتكەن ئاشۇ سارغىيىپ كەتكەن قىيىندى شېئىرلار، يەنى باقەم شائىرنىڭ تۇنجى ئەمگىكى ھازىرمۇ ئۇنىڭ ھويلىسىدىكى ئامباردا، چاشقان پۈراپ تۈرىدىغان كونا ئۇن ساندۇقىنىڭ بىر بۇرجىكىدە ساقلىنىپ ياتماقتا.

ئىككى يىلدىن كېيىن، تاشيول ئاسراش ئىدارىسىنىڭ پۇتۇنلەي ۋاقىتلىق ئىشچىلاردىن تەشكىللەنگەن يول ئاسراش ئەترىتى نىمە سەۋەبلەردىندۇر تارقىلىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئورنىنى ئىسمى شۇنىڭغا ئوخشىشىپراق كېتىدىغان چوڭراق ئۇچاستىكا باسقانىدى. بۇ چاغلاردا دائىملىق ئىشچى بولۇپ ئۈلگۈرگەن ئاكىسى باشلىق بولۇپ شۇ ئۇچاستىكىغا باردى. ئۇ ئىنىسى باقەمنى ئەمىلىگە تايىنىپ، بىرنىمىلەرنى قىلىپ بىر سىستېمىدىكى ئىدارە بولغان مۇھىت تازىلىقى باشقارمىسىغا تىقىپ قويدى. ئەينى چاغدا باقەمنىڭ بىرمۇنچە ساۋاقداش، تەڭقۇرلىرى ئوخشالغان جاھاننىڭ غەمخورلۇقىغا مۇيەسسەر بولۇپ، بەس ـ بەستە ئالىي مەكتەپ، تېخنىكومىلارغا ئىمتىھان بېرىشكەن ۋە

[1] پەنجىمساي ــ غۇلجا ناھىيەسىدىكى بىر ساي، بۇ يەردىن ھاك تاش كۆپ چىقىدۇ.

بەزىلىرى تەلىيى كېلىپ، ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا كىرىشكەندى. «شائىرلىقنى ئۆگىتىدىغان» مەخسۇس مەكتەپكە بېرىش خىيالىنى پات ـ پاتلا سۇرۇپ قالىدىغان باقەم ئىمتىھان بېرىشكە نەچچە تەرەددۇتلەندى ـ يۇ، ئاكىسى ھاتەم ئىسلامنىڭ نەسىھەتى، ئاپىسىنىڭ يىغلاپ تۇرۇۋېلىشى ۋە تولىراق «ئاز بولسىمۇ غەنىيمەت مائاش»نىڭ مېھرى تۇپەيلى ئارزۇسىغا بەرھەم بېرىپ، ئاخىر قايناۋاتقان قازانغا بىر قاپاق سوغۇق سۇ قۇيغاندەك غىڭشىپ تىنچىپ قالدى، خورسىنىسىمۇ، شېرىن خىياللارنى سۇرسىمۇ، ئاقىۋەت مۇھىت تازىلىقى باشقارمىسىغا قاتناپ يۈرۈۋەردى. ئىنسان ئارزۇسىدىن ۋاز كەچسە، ئۆز ـ ئۆزىنى ئالداش ۋە بەزلەش ئۈچۈن بىرمۇنچە باھانە ـ سەۋەبلەرنى ئويلاپ تاپىدۇ. باقى ئىسلاممۇ شۇنداق خۇي ـ مىجەزدىن خالىي بولغان ئەمەس. ئۇنىڭ ئۇستىگە، بىرچاغلاردا مويدىنخان مۇئەللىمنىڭ (باقەم ئۇ مۇئەللىمنى خوتۇنىغا تارتىشىپ قوشنا ئەلگە چىقىپ كېتىپ، ئۇ يەردە بوتۇلكا يىغىپ جان كەچۈرۈۋېتىپتۇ، دەپ ئاڭلىغانىدى) سىنىپتا «ئالىي مەكتەپ يۈزىنى كۆرمەيمۇ داڭلىق يازغۇچى، شائىر بولغىلى بولىدۇ، گەپ ئۆزىگە، تىرىشچانلىقتا باغلىق، مىسالەن، ماكسىم گوركىي مانا شۇنداق...» دەپ ھاياجانلىنىپ سۆزلەپ كەتكەنلىرىمۇ باقەمنىڭ پايدىلىق گەپنى زادىلا ئۇنتۇمايدىغان كۆڭلىدە ئېنىق ساقلىنىپ قالغانىدى. «تىرىشىش دېگىنى، تىنماي يېزىش، قەغەز بىلەن قېرىنداشنى نەدىلا بولسا قولدىن چۈشۈرمەسلىك دېگىنىدۇر تايىنلىق، مانا مەن شۇنداقمۇ، ھەتتا ھاجەتخانىدىمۇ شېئىر ئويلاپ ئولتۇرغاچ... بىر كۈنى

بولمىسا بىر كۈنى خالايىقنى ھاڭ ــ تاڭ قالدۇرىدىغان شائىر بولۇپ چىقىمەن. چەت ئەلگىمۇ تونۇلامدىم تېخى. ئۇ چاغدا بوتۇلكا يىغىپ يۈرگەن مويدىنخان مۇئەللىم ھەيرانلىقىدىن قوللىرىدىكى بوتۇلكىلىرىنى يەرگە تاراڭگىدە تاشلىۋېتەمدۇ تېخى...» باقەم ئەنە شۇنداق ئويلايتتى. «بولۇپ چىقىمەن» دېگەن گەپ ئۆزىگە سەل غەلىتە بىلىندىمۇ، قايتىدىن ئويلاشقا باشلىدى ۋە ھېلىقى يېرىگە كەلگەندە، «يېتىشىپ چىقىمەن» دەپ پىچىرلاپ قويدى.

دەرۋەقە، مۇھىت تازىلىقى باشقارمىسىغا كەلگەندىن كېيىن، باقەمنىڭ شائىرلىق ھەۋىسى ئىلگىرىكىدىن ھەسسىلەپ تاشقىنلاپ كەتتى. بۇنىڭ سەۋەبى ھەر خىل بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئەڭ مۇھىمى، بۇ يەردە باقەمگە ئارامخۇدا ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا «شېئىر ئويلايدىغان» يېتەرلىك ۋاقىت ۋە ئىمكانىيەت بار ئىدى. ئاكىسى باشقارما باشلىقىنى ئوبدانلا مېھمان قىلىۋەتكەچكە، ئۇ باشلىق «يېگەن ئېغىز ئۇيىلار» دېگەن ماقالغا ئەمەل قىلىپ، باقەمنى بىرنەچچە ئادەم كۆز تىكىپ يۈرگەن زاپخوزلۇق خىزمىتىگە قويغانىدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا مۇھىت تازىلىقى باشقارمىسىنىڭ قىزىل بۇرۇنلۇق باشلىقى نامزاتنى خاتا تاللىمىغانلىقىنى، يېڭى زاپخوزنىڭ ھەم ئىشچان، ھەم سەۋىيەلىك، ئەڭ مۇھىمى «تۆشۈك ئىشلىرىغا پۇختا»، خەققە قىلنى ئۇيان ــ بۇيان قىلدۇرمايدىغان، سىقىپ يالار مىجەزلىك يىگىت ئىكەنلىكىنى مەمنۇنلۇق ئىچىدە ھېس قىلدى. دەرۋەقە، باقەم زاپخوز ئۇزاق يىللار مابەينىدە ئائىلىسىدە، ئاتا ــ ئانا ئۇدۇمى بىلەن يېتىلدۇرگەن چىڭ، پىششىق

مىجەزىنى خىزمەتتىكى مەسئۇلىيەتچانلىق خىسلىتىگە ماسلاشتۇرغانىدى. ئىلگىرىكى زاپخوزنىڭ قولىدىن چاشقان ئۈۋىسى بولۇپ كەتكەن ماتېرىيال ئامبىرىنى ئۆتكۈزۈۋالغان باقەمنىڭ كارامىتىنى پات ئارىدىلا ھەممە ئادەم كۆردى. پاك ـ پاكىز رەتلىنىپ، جاي ـ جايىنى تېپىپ، يېپيېڭى تۇسكە كىرگەن ئامبار يېڭى كۆيۈ ئوغۇل، يېڭى كېلىن تۇتقان چىمىلدىقلىق ھۇجرىغىلا ئوخشاپ قالغانىدى.

ئىنساب بىلەن، چىن كۆڭۈلدىن ماختىماسلىققا بولمايدۇكى، باقەمنىڭكىدەك مۇشۇنداق سەرەمجانلىق ئادەت كۆرگەنلا ئادەمدە تېپىلمايتتى. بۇ يەردە مۇھىت تازىلىقىغا ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب، جابدۇقلارنىڭ ھەربىر تۈرى ئۆز خىلى، ئىشلىتىلىش دائىرىسى بويىچە جاي ـ جايىنى تاپقانىدى. سۇپۇرگە، چېلەك، كۈرەكلەر ئۆز رېتى بىلەن ماگىزىندىكىدەك سەپراس تىزىلىپ، مىخ، شوينا، تاسمىلار ۋە باشقا لاقا ـ لۇقىلار ئۆز باغلاملىرى بىلەن تاملاردىكى جاۋەن، قوزۇقلاردىن ئەپلىك ئورۇن ئالغان، ئەدناسى، رېمونت خىزمىتىدە ئىشلىتىلىدىغان ھەر خىل كۈلۈچ، ئامبۇرلارمۇ تامغا قاتار قېقىلغان مىخلاردا يەتتىنچى، توققۇزىنچى، ئون بىرىنچى دېگەندەك ئۆلچەملىك نومۇرلىرى بويىچە چىرايلىق ئېسىۋېتىلگەنىدى، ھەتتا بىر غۇلاچ ئارغامچا، بىرەر مېتىر سىممۇ نەزەردىن ساقىت قالدۇرۇلماي، بۇ ئىللىق «ئائىلە»دىن ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇن تاپقانىدى. تىلغا ئالغۇدەك قىزىقارلىق يېرى شۇكى، باقەم زاپخوز ئۆزىنىڭ ئەدەبىي تالانتىنى بۇ يەردىمۇ ئىشقا سېلىپ، ھەربىر خىل سايمان يېنىغا شۇ سايمان سۈرەتلەنگەن

شېئىرلارنى يېزىپ، تامغا ئېرىنمەي چاپلاپ ماڭغانىدى. شۇنداق شېئىرلارنىڭ بىرى، تام بويلاپ قاتارى تىكلىنىۋېتىلگەن ھەر خىل، چوڭ ـ كىچىك، ئۇزۇن ـ قىسقا سۇپۇرگىلەر خۇسۇسىدا ئىدى:

*سۇپۇرگەيۇ، سۇپۇرگە،*
*ياڭرا ـ ياڭرا سۇپۇرگە،*
*ئەسقاتىدۇ يوللارنى،*
*چاڭ چىقىرىپ سۇپۇرسە.*

*مانا مۇنۇ تېپۇلغا،*
*ئاۋۇسى چىغ ئارىلاش،*
*يەرنى يامان سىجايدۇ،*
*بامبۇك سۇپۇرگە، ئاداش.*

ئامبارغا سايمان ـ جابدۇق ئالغىلى كىرگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى شېئىر تۇرماق خەتكىمۇ قىرىق ئادەملەر بولغاچقىمۇ، ھە دېگەندە باقەمنىڭ ئىجادىي ئىزدىنىشلىرىگە لايىقىدا باھالار چىقماي قالدى. شېئىرلارنى ھەجلەپ، پىخىلداپ كۈلۈشۈپ، بىر ـ بىرىنى نوقۇپ تۇرۇپ ئوقۇغانلارنىڭ بەزىلىرى ھەتتا باقەم زاپخوزغا قورقۇمسىراپ قارىشىپمۇ قويۇشاتتى. لېكىن، ھەر ھالدا ھەر خىل مەقسەت ۋە تۈيغۇلار تۈرتكىسىدە شائىرنى ماختاپ قويىدىغانلارمۇ چىقىپ قالاتتى، بۇنداق ماختاشلار تەمە بىلەن ئالقىش كۈتۈپ تۇرغان زاپخوزنى بىرپەس ئېپتىخارلىق، گىدىيىش ئالامەتلىرىگە بۆلەپ ئۆتەتتى. بۇ شېئىرلارغا كۈلۈمسىرەپ

قاراپ چىققان باشلىق چىش يېرىپ بىرنېمە دېمىدى ـ يۇ، بىراق ئۇنىڭ چىرايىدىن يېڭى زاپخوزنىڭ چىچەنلىكى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىدىن مەمنۇن بولغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

ئامبارنى تاقا مىخىدەك تۇرۇپ باشقۇرۇشتىن سىرتقى ۋاقىتلار باقەم زاپخوزنىڭ ئىش ئورنىدىن ئايرىلماسلىق شەرتى ئاستىدا ئۆزىنىڭ ئىلكىدىكى غەنىيمەت پۇرستى ئىدى، ئۇ زەي ئاربلاش نەمخۇش پۇراق ئاڭقىپ تۇرغان ئامبارنىڭ بىر چېتىدە، نەدىندۇر تېپىپ قويۇۋالغان خاس ئۇستىلى قېشىدا ئولتۇرۇپ ھەر خىل سايمان تىزىملىكلىرى، ئارىيەت بېرىش دەپتىرى قىسىپ قويۇلغان يوغان قىسقۇچنى كېرىپ تۇرۇپ، ئارىسىدىن پات ـ پاتلا ئاق ۋاراقلارنى سۇغۇرۇۋالاتتى ـ دە، ھېلىلا كاللىسىغا كەلگەن مىسرالارنى زورۇقۇپ تۇرۇپ، شىتىرلىتىپ يېزىپ كېتەتتى ياكى بولمىسا نەلەردىندۇر، شاراباراچىدىنمۇ، تاماكا ساتىدىغان قوشنا بوۋاينىڭ كونا گېزىتلىرى ئارىسىدىنمۇ تېپىپ كەلگەن تېشى سارغىيىپ كەتكەن ژۇرناللاردىكى شېئىرلارنى قېلىن كالپۇكلىرىنى مىدىرلاتقىنىچە مۇكچىيىپ ئولتۇرۇپ ئوقۇپ كېتەتتى. ئىشقىلىپ، بۇ كۇنلەردە ئۇنىڭدىكى بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپ باشلانغان شائىرلىق ھەۋەس سۇسايماقتا يوق، باشقىلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇغانسېرى يۇرەكنى غاجايدىغان شېرىن ھەسەتكە قوشۇلۇپ پورۇقلاپ قايناپ كېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ ئۆزىنىڭ تېخىچە ئارمانلىرىغا يېتىشكە قولايلىق شارائىت، تېز مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا لايىق يول تاپالمايۋاتقانلىقىدىن تېخىمۇ ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ

كېتەتتى، ئىچى پۇشاتتى. بەزى كۈنلىرى ئۇ چۈشىدىمۇ شېئىر يېزىپ چىقاتتى، ھەتتا... نېمە دېسەك بولىدۇ، ئۇ قالتىس كېلىشتۈرۈپ يېزىۋالغان شېئىرلىرى ژۇرناللارنىڭ (بۇنداق ژۇرناللار نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ چۈشىدە ھېلىقى شاراباراچىدىن ئەرزانلا سېتىۋالغان ژۇرناللاردەك مۇقاۋىسى ئۆڭۈپ كەتكەن ھالەتتە زاھىر بولاتتى) باش تەرىپىگە بېرىلگەنلىكى، ئارقىسىغا ئۇلاپلا ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن زوقلىنىپ، ۋەسۋەسىگە چۈشكەن قىزلارنىڭ ئاپتورغا نازلىق دارىتمىلاشلار بىلەن تەلەپ قويغان خەتلىرى بېسىلغانلىقى ھەققىدىكى چۈشلەرنى تولا كۆرىدىغان بولۇپ كەتكەنىدى. ئاخىرىدىكى ئۇلانما چۈشلەر ھەققىدە نېمە دېسەك بولىدىكىنتاڭ، بۇنى بىز پەقەت ھېسسىياتلىق قەھرىمانىمىزنىڭ بالاغەت چاغلىرىغا يېتىپ قالغانلىق بېشارىتى بىلەنلا تەققاسلىساق ۋە گەپنى شۇنىڭ بىلەن تۈگەتسەك دۇرۇس بولىدىغاندەك قىلىدۇ. دېگەنبىلەن قەھرىمانىمىز بۇنداق چۈشلەرنى خېلى سۆزىتلىق ھالەتتە، مەسىلەن، يىگى يازمىلىرى تۇپەيلى كوچا ـ كويلاردا ئالقىش، چاۋاكلار ئارىسىدا قالغان، مۇكاپات سەھنىسىگە گۈرسۈلدەپ مېڭىپ چىقىپ، ئامبار شېئىرلىرىنى مازاق قىلىشقان ئىشداشلىرىنىڭ كۆزلىرىنى ئالا چەكمەن قىلىۋەتكۈدەك نۇرغۇن سومىلىق مۇكاپاتنى داڭلىق بىر رەھبەر شائىرنىڭ قولىدىن ئېلىۋاتقان... سىياقتا كۆرەتتى.

«تىلىسەڭ تاپارسەن» دېگەندەك، مۇھىت تازىلىقى باشقارمىسىدا بەجانىدىل ۋە ھەر كۈنى دېگۈدەك بىرەر سايمان ئالغۇچى ئىشدىشى بىلەن قىزىرىشىپ، ياقا سىقىشىپ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ يۈرگەن باقىم بىر

كۆڭۈللەر كىلىپ، ئۆزگە ئوخشاش شېئىر يېزىش، نام چىقىرىش خىياللىرىدا بولۇپ يۈرگەن بىرنەچچە ھەۋەسكار ئاغىنىمۇ تېپىشقانىدى. يەكشەنبە كۈنلىرى ئۇلار خەقلەر «شائىرلار ساتىراشخانىسى» دەپ ئاتىۋالغان بىشىل بوتكا دۇكانغا يىغىلاتتى ـ دە، بىر ھەپتىدىن بېرى ئىجاد ئەتكەنلىرىنى ئۆزئارا ئوقۇشۇپ، چاچ ـ ساقال ئالدۇرغىلى كىرگەنلەرنىڭ قۇلاقلىرىنى كار قىلاتتى. نۆۋەت دۇكان ئىگىسى، ساتىراش شائىرغا كەلگەندە ئۇ يىگىت دېكلاماتسىيەنىڭ ھاياجان تىترىكى تۈپەيلى ئىتتىك ئۇستىرىسىدا خېرىدارنىڭ بوينى ياكى قۇلاق تۈۋىنى كېسىپ قوياتتى. شۇڭا، ئاغىنىلەر چاقچاق قىلىشىپ ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى «قانلىق شېئىرلار» دەيمۇ ئاتىشاتتى. بۇرادەرلەر بىر ـ بىرىگە گەپتە قوناق بەرمەي، ئۆز بىلىملىرىنى كۆز ـ كۆز قىلماقچى بولۇشقاندەك ئوقۇلغان شېئىرلار ھەققىدە پىكىر بايان قىلىپ «سىنىڭ يازغىنىڭنىڭ ماۋۇ يېرى سەل بوش بولۇپ قاپتۇ، ئەمما لېكىن مۇنۇ يەرلىرى ئالامەت چىقىپتۇ» دەپ بىر ـ بىرىگە ئىلھام بېرىشەتتى. بايا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك «شائىرلار ساتىراشخانىسى» دېگەنلىكىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى، باقەمنىڭ يېقى ئاغىنىلىرىدىن بىرى بولغان بىر ھەۋەسكار مۇشۇ دۇكاندا ساتىراشلىق ھۈنىرى بىلەن جان باقاتتى. گاھىدا دۇكانغا كىرگەن خېرىدارلاردىن تەلەيسىز بىرى ساقىلىنىڭ يېرىمى ئېلىنىپ، يېرىمى قايتا ئۆزىتىلىۋاتقان ھالەتتە سائەتلەپ ئولتۇرۇپ قېلىپ، بۇ بىرنەچچە «ئاشىق»نىڭ يېڭى سەۋدالىرىدىن تەڭ بەھرىمەن بولاتتى. بۇنداق چاغلاردا خېرىدار ئىچىدە

غـودۇراپ «شېئىـر يادلايمـەن دەپ يـەنە بىـر يىرىـمـنـى كـەسمىگىيدىڭ، خۇدايىم ساقلاپ...» دېگەن ئەندىشلىك خىيالـلارغا پاتاتتـى. دۇكان تاقالـغاندىـن كـېيىـن بۇ بىرنەچچە ئەدەبىي ئۆلپەت چىقىرىشماق قىلىپ، يا شۇ كۈنى ئوقىتى ياخشىراق بولغان كۆكچۆلچەك ساتىراشنى «يىقىتىپ» يىقىن ئەتراپتىكى چۆپقەت لەڭمەنخانىغا بېرىپ، ئاۋۋال يېرىمدىن لەڭمەن يەۋالاتتى ـ دە، ئاندىن بىر تەخسە قورۇمىنى ئاش سۈيى لىق قۇيۇلغان ئاپقۇرغا قوندۇرۇپ قويۇپ، قاڭسىق «ئىلھام دورىسى»دىن پەيزى ئېلىشقاچ، تۈگىمەس پاراڭ، ئارمانلىرىغا چۆمەتتى. گاھىدا بۇ ئولتۇرۇشلارغا يەرلىك گېزىتنىڭ ئەدەبىيات بېتىدىكى ئالاھىدە چىللاپ كېلىنگەن ئۆزۈنتۈرا مۇھەررىرىمۇ قاتنىشىپ قالاتتى. بۇنداق ئولتۇرۇشنىڭ ھارىقى خېلىلا ياخشى، قورۇمىلىرىمۇ بىرنەچچە خىل بولاتتى. زادىلا كەيپ بولمايدىغان مۇھەررىر ئولتۇرۇشنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا «نەق مەيداندا ئىش بېجىرىپ»، شۇ يەردىلا كېلەركى سان ئەدەبىي بەت ئۈچۈن ئەسەر راسلاشقا كىرىشىپ كېتەتتى.

ھېلىقى ئۆزۈنتۈرا مۇھەررىرنىڭ خاسىيىتىدە باقەمنىڭ بىرنەچچە پارچە ئىجادىيىتىمۇ گېزىت بېتىدىن يەنە بەختىيارلىق ئىلكىدە ئورۇن ئالدى، يەنە كېلىپ كېيىنكى ۋاقىتلاردا قايتىدىن يېڭى يېزىقنىڭ ئورنىنى باسقان كونا يېزىقچىدە بېسىلدى. ئۇنىڭدىنمۇ زور ھاسىلات شۇ بولدىكى، شۇ مۇھەررىرنىڭ دالالىتى بىلەن باقەم ئەدەبىيات كەسپى بويىچە «ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش» دەيدىغان ئىمتىھانغا قاتنىشىپ، ئالىي مەكتەپ پۈتكۈزگەن شائىر بولۇشتەك شەرەپلىك ئىستىقبالغا

ئاتالاندى. شۇ ئارىدا ئۇ ئاشۇنداق ئىمتىھان ئارقىلىق ئالىي تېخنىكوم دىپلومى ئالغان بىر شائىر بىلەن زاسۇيخانىدا تونۇشۇپ قالدى ۋە ئۇنىڭدىن بىر قېتىملىق ئىمتىھان مەزگىلىدە قانداق قىلىپ ئۈچ ـ تۆت پەندىن غىر ىلداپ ئۆتۈۋېلىشنىڭ ئەپچىل چارىسىنى ئۆگىنىۋالدى. ھېلىقى شائىردا ئۆزى ئىلگىرى ئىشلەتكەن تېزىس ۋە ئىمتىھاندا كۆچۈرۈشكە پايدىلىنىدىغان تەييار جاۋابلار بار ئىدى. ئۇ باقەمنى كەسىپداشلىق ۋە مايلىق ھېسسىپ ئارىلاش قېقىلغان قەدەھلەر شاراپىتىدىن، ھېلىقىلار بىلەن ھەقسىز تەمىن ئەتتى. تىل ـ ئەدەبىيات كەسپى بويىچە ئون پەندىن ئىبارەت قىيىن ئۆتكەلنى باقەم بىر ـ بىرلەپ بۆسۈپ ئۆتۈشكە، بىرىنچى، ئىككىنچى مەرتەممۇ بۆسەلمىگىنىگە قايتا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. دېگەنبىلەن مىڭبىر جاپادا تۆت يىل سەرپ قىلىپ مەقسىتىگە يەتتى. بۇ تۆت يىل ئىچىدە ئۇ يەنە نۇرغۇن ـ نۇرغۇن نېمىلەرنى ئۆگىنىۋالغاندى. بۇ ماھارەتلەر ۋە ھۈنەرلەر بۇ ئۇزاق قىسسىمىزنىڭ ئەمدىكى بابلىرىدا بىرمۇبىر بايان قىلىنىدۇ.

دەرۋەقە، باقەم شۇنىڭ بىلەن مۇھىت تازىلىقى باشقارمىسىدىكى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىختىساس ئىگىسى بولغان ساناقلىق بىرنەچچەيلەننىڭ بىرى بولۇپ قالغاندى. مۇشۇ ئىمتىھان ئۆتكىلى ۋە شۇ يىللار داۋامىدا گېزىت بەتلىرىدە شالاڭ ـ شالاڭ ئېلان قىلىپ تۇرغان مەدھىيە شېئىرلىرى ئۇنىڭغا ئەمدى تەبىئىي سۈرەتتە «باقەم داشۆسىڭ»، «باقەم شائىر» دېگەن ناملارنى ئاتا قىلغاندى. بىزنىڭ باقەم تولىراق كېيىنكى ئاتاقنى

ياقتۇراتتى. بارا ـ بارا بۇ نام ئىگىسىنىڭ كۆڭلىگە قۇيرۇق مايدەك يېقىپ، ئۇنىڭ خىزمەتتىكى كەسپىي نامىنىڭ ئورنىنى باستى. خىزمەتداشلىرى ئەمدىلىكتە بىرەر سايمان لازىم بولسا «باقەم زاپخوز»نى ئەمەس، «باقەم شائىر»نى ئىزدىشەتتى. مۇنداق ھاجەتمەنلەر، تەبىئىيكى دېگەن سايمىنىنى تېزلا، سوئال ـ سوراقسىز ئالالايتتى ۋە خالىسا «يىتتى» قىلمۇۋېتەلەيتتى، پەقەت ئۇ نەرسىنىڭ قانداقتۇر «تاسادىپىي خىزمەت ئۈستىدە» يىتىپ كەتكىنىنى مەلۇم قىلىپ قويۇش داۋامىدا بىرنەچچە قېتىم «باقەم شائىر» دېگەن ئاتالغۇنى ئۇرغۇلۇق ئىشلىتەلىسىلا بولاتتى!

ھاياتلىق سەپىرىنىڭ ئوتتۇرا مۇساپىسىدە تونۇشۇپ قالغان ھېلىقى زاسۇيخانىدىكى شائىرنىڭ ياردەم، ھىممىتى بىزنىڭ زاپخوز شائىرىمىزغا دېگەنىبىلەن ئاز تەگمىدى. ئالىي تېخنىكوم دىپلومىنى ئېلىشتا كۆرسەتكەن دوستانىلىقىدىن سىرت، ئۇ جاناب باقەم شائىرنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە گېزىت بەتلىرىدە پات ـ پاتلا كۆرۈنۈپ قالىدىغان شېئىرلىرىنى ئېرىنمەستىن «رېمونت» قىلىپ قولدىن چىقىراتتى. ئۆزىنىڭ تالانتىمۇ ئۆزگە ئاران يەتكۈدەك، يازغان شېئىرلىرى تىنىق كۆلگە تاش ئاتقاندەك، سۇدا بىر ـ ئىككى چەمبەر ھاسىل قىلىپلا يوقىلىپ كېتىدىغان مەزكۇر يەرلىك شائىرنىڭ ھاراقتا بولغان خۇمارى پەرھاتنىڭ شېرىنغا ئاتالغان ئاشىقلىقىدىن قېلىشمايتتى. قالايمىقان، لىغشىپ تۇرغان شىرەلىرى چالا سۈرتۈلگەن، سوغۇق چىراي ئاشخانىلارنىڭ بۇلۇڭلىرىدا پات ـ پاتلا قۇرۇلۇپ قالىدىغان ھەۋەسمەن

شائىر ۋە شائىرچاقلار سورۇنلىرىدا ئۇ ھاراقنى قۇش سايرىغاندەك غەلىتە ئاۋاز چىقىرىپ سۈمۈرۈپ، ئۆزى ئۆمۈر بويى يادلاپ كېلىۋاتقان بىرنەچچە قوشاقسىمان نەزمىنى مىڭنچى قېتىم چىرقىراپ تۇرۇپ يادلايتتى. ئالدى بىلەن ئۆزى تەسىرلىنىپ، ھاراقنىڭ كۈچىدە ئورا كۆزلىرىگە ياش ئالاتتى. شېئىردىن كېيىن ئۇ بەزىدە ئاللىقانداق يۇمۇرلارنى سۆزلەشكە باشلايتتى. ئۇنىڭ يۇمۇرىنى ئاڭلىماقچى بولغان ئادەم ئالدى بىلەن ھاجەتخانىغا بىر كىرىپ، خاتىرجەم بولۇۋالمىسا بولمايتتى. دېگەنبىلەن ئۇ ئۆزى سۆزلىگەن يۇمۇرلارغا ئاۋۋال ئۆزى كۈلەتتى، تىڭشاۋاتقانلار يۇمۇرنىڭ قىزىقلىقىدىن ئەمەس، يۇمۇرچىنىڭ كۈلگەندىكى چىرايىنىڭ غەلىتىلىكىدىن قىزىقسىنىشىپ كۈلۈشۈپ كېتەتتى. مۇبادا ئولتۇرغان يەرلىرى خالىي پىنھان جاي ياكى بىرەر ھەۋەسكارنىڭ ئۆيى بولۇپ قالسا، ئورا كۆز شائىر راسا تەڭشەلگەندە ساھىبخانىغا بىرەر دۇتار تاپتۇرۇپ، قېيىپ تۇرىدىغان ئاۋازى بىلەن خەلق ناخشىلىرىغا تېگەتتى. مۇبادا ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتىپ قالسا، قايتۇرمىسىدا «جۇڭخۇا گۈلۈڭدىن» دېيىلمەي «جۇڭغار گۈلىدىن» دەپ تەلەپپۇز قىلاتتى. كېيىن ئاردىلىقنى يىراق كۆرمەي، بىراقلا قەشقەر ناخشىلىرىغا تېگىش قىلاتتى:

*بېغىڭدىكى سەبدەر گۈلىنىڭ،*
*بىرى مېنىڭ، بىرى سېنىڭ.*
*مەيدەڭدىكى جۈپ ئالمىنىڭ،*
*بىرى سېنىڭ، بىرى مېنىڭ.*

بۇنداق چاغلاردا سورۇندا «ياشاڭ!»، «ئۆلمەڭ، رەسۋايىكا، ئالامەت!»، «شائىرلا ئەمەس، ئەسلىدە سەنئەتكاركەنسىز، رەسۋائىي؟» دېگەندەك خىتابلار ياڭراپ تۇراتتى.

دەرۋەقە، دۇتارچى شائىرنىڭ ئات ـ جۇنى كۆپ ئادەملەرگە مەلۇم بولمىغىنى بىلەن، ئۇنىڭ «رەسۋائىي» دېگەن تەخەللۇسى خېلى جىق كىشىلەرگە، بولۇپمۇ ئەدەبىيات ھېرىسمەنلىرىگە مەلۇملۇق ئىدى. بۇ يىللاردا تۆت تاللا شېئىر يازغان ئادەم ئالدى بىلەن ئۆزىگە ئەدەبىي تەخەللۇس قويىۋالىدىغان ئىش مودا بولۇپ كەتكەنىدى. بىراق، شۇنچە كۆپ ياخشى ئوخشىتىش، سۈپەتلەر تۇرسا بۇ جانابنىڭ نېمە ئۈچۈن «رەسۋائىي» دېگەن بۇنداق سەت ۋە غەلىتە سۈپەتنى ئۆزىگە تەخەللۇس قىلىپ قويىۋالغانلىقىغا كۆپلەر ھەيران ئىدى. باقەم شائىرنىڭ بۇ ھەقتىكى سوئالىغا رەسۋائىي بىر قېتىم شىركەيپ ھالدا مۇنداق جاۋاب بەرگەنىدى:

— ئۇكا، دېسەم گەپ تولا، ئەسلىدە مەن شېئىرىيەت ئارقىلىق خەلقىمگە ئاجايىپ نادىر، شېرىن مېۋىلەرنى تەقدىم ئېتىش ئۈچۈن دۇنياغا كەلگەن بىر ئىنسان ئىدىم. بىراق، مۇشۇ ھاراق دېگەن گۇينىڭ كاساپىتىدىن تىلەكلىرىمگە تىكەن ئۇندى. خەلقىم ئالدىدا رەسۋا بولدۇم، رەسۋا...

باقەم بىرنەرسىگە ھەيران قالغاندەك ئادىتى بويىچە كۆز قارىچۇقىنى پىر ـ پىر پىرقىرىتىپ، ئاق پاختىسىنى چىقارغىنىچە رەسۋائىيغا قاراپ ئۇزاق تۇرۇپ كەتكەن ۋە ھاراقنىڭ كۇچىدە ئۇنىڭ قەلەم تۇتىدىغان تارىمۇش قولىنى ئىككى قوللاپ چىڭ تۇتۇۋېلىپ:

ــ جېنىم رەسۋاكا، سىز ئالامەت ئادەم جۇمۇ، مېنىڭ ئاكام سىز، سىزنىڭ ياردىمىڭىزدە مۇشۇنچىلىك بولدۇم، مەنچۇ، مەن سىزنى تا ئۆلگۈچە ئۆزۈمنىڭ ئاكام، ئۇستازىم دەيمەن. رەسۋالىقلىرىڭىزنى ماڭىمۇ ئۆگىتىڭ، بولامدۇ؟ ــ دەپ سۆزلەپلا كەتكەندى. ئۇ ھېلىھەم بۇ «رەسۋائىي» دېگەن تەخەللۇستا باشقىچە بىر ئاجايىپ يوشۇرۇن مەنىلەر بارمىكىن، دەپ ئويلايتتى. ئۇنىڭ ئىلتىجاسىغا جاۋابەن رەسۋائىي شىرە ئۈستىدىكى قۇرۇقدىلىنىپ قالغان شېشىگە مەنىلىك قارىغىنىچە:

ــ چاتاق يوق، سىز دېگەن ئۆزۈمنىڭ ئىنىسى، ئانچىۋالا تۇزۇت قىلىپ كەتمەڭ. سىز بىلەن بىز دېگەن... ماڭە، دىككىدە چىقىپ يەنە بىر شېشە ئەكەل!... ــ دېگەندى.

شۇ گەپلەر بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي باقەمنىڭ ئىسكىلاتتا يازغان بىر شېئىرى خېلىلا راۋان ۋە ھېسسىياتلىق چىقىپ قالدى. دەسلەپتە بۇنى باقەم شائىر ئۆزىمۇ ھېس قىلمىغانىدى، شېئىر گېزىتتە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن كوچىدا «شائىرلار ساتىراشخانىسى»غا كېلىپ تۇرىدىغان بىرنەچچە تونۇشلىرى ئۇنى ئاتايىن توختىتىۋېلىپ، ھېلىقى شېئىرنى خېلىلا ماختاپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن باقەم شائىرنىڭ كۆڭلى بوۋىسىدىن خېلىلا جىق ھېيتلىق ئالغان كىچىك بالىدەك لەپپىدە كۆتۈرۈلۈپ قالدى ھەمدە كاللىسىغا دەررۇ بىر خىيال كەلدى. ئەدەبىي ھەۋەسكارلار سورۇنىغا ئاندا ـ ساندا قاتنىشىپ قالىدىغان بىر مۇئەللىم يىگىت بار ئىدى. گېزىتكە بىرەر پارچە شېئىرى چىقمىسىمۇ، ئۇ توي ـ تۆكۈنىنىڭ باغاقلىرىغا ۋە ئاشپۇزۇللارنىڭ تاملىرىغا

مەدھىيە تۇسىدىكى ئاجايىپ ـ غارايىپ «شېئىر»لارنى يېزىپ بېرىپ، چاقىرىلمىغان سورۇنلاردا ئۇنۇپ، مېھمان بولۇپ قانغۇچە ھاراق ئىچىپ، تانسا ئوينىۋالاتتى. بەزمە ئۇيۇشتۇرغان ساھىبخانىنىڭ ئىسمىنىلا يۆتكەپ، ئەتىسى يەنە شۇ ئاشپۇزۇلنىڭ دەل شۇ شىرەسىدە باشقا بىر ساھىبخانىنى مەدھىيەلەۋېرەتتى. شائىر، يازغۇچىلارغا يېقىنلىشىش مەقسىتىدە ئۇ يەنە بىرنەچچە قېتىم ئۇلارنىڭ مۇنداقلا ئەسەرلىرىنى بولۇشىغا ماختاپ بىر نەرسىلەرنى يېزىپ، گېزىتلەرنىڭ ئاستىنقى ئىستونلىرىدا ئېلانمۇ قىلغانىدى. ھازىر باقەم شائىرنىڭ يادىغا لىپپىدە قىلىپ كەلگىنى دەل شۇ يىگىت ئىدى. باقەم ھەر ھەشەم بىلەن ئۇنى ئىزدەپ تاپتى، كەچتە كاۋاپ بازىرىغا تەكلىپمۇ قىلىپ قويدى. بارىدىغان يېرى يوق يىگىت ئۆزىمۇ شۇ كۇنى گېلى قىمىشىپ ئارانلا تۇراتتى. بۆرەك كاۋىپى ئالامەت يېيىشلىك، ئۇزاق ساقلانغان ھاراق بىلەن قالتىس ماسلىشىپ كېلەتتى... بىر ئايدىن كېيىن باقەم شائىرنىڭ ھېلىقى شېئىرى ماختالغان ماقالە گېزىتنىڭ «بۇلبۇللار بەزمىسى» دېگەن سەھىپىسىدە چىرايىنى كۆرسىتىپ، باقەمنىڭ كۆڭلىگە ئون سەككىز مىڭ ئالەمنىڭ شادلىقىنى ياغدۇردى. ئۇ گېزىتكە ھاياجانلىق تىكىلىپ تۇرۇپ، «باشلاندى» دەۋەتتى. ئەمما، نېمىنىڭ باشلانغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

باقەم ئۆز شېئىرى ماختالغان ئوبزورنى كېچىچە ئون قېتىمچە قايتا ـ قايتىلاپ ئوقۇپ چىقتى، شۇ جەرياندا يادلاپمۇۋالدى، ئەتىسى ئۇ گېزىتنىڭ ئوبزور بار بېتىنى ئىسكىلات ئىشىكىنىڭ ئىچ تەرىپىگە چاپلاپ قويدى. خەقلەر بايقىماي قالمىسۇن دەپ، گېزىتنىڭ قوش

ئالقانچىلىك يېرىنى، ئوبزور ئەتراپىنى قىزىل سىياھ بىلەن قورشاپمۇ قويغانىدى. ئاشۇ ماقالە چىقىپ بىرنەچچە كۈنلەرگىچە باقەم شائىر ئۆزىنى يەردە ئەمەس، كۆكتە، بۇلۇتلار ئۈستىدە يۈرگەندەك ھېس قىلىپ يۈردى، شۇنىڭغا ئەگىشىپ، تۇساتتىن مىجەزىمۇ ئۆزگىرىپ، ئۆيدە بالىۋاقىسىغا قاپاق ئاچمايدىغان، ھەتتا ئايالىنى «ئېيىقگۈل، ئېيىقىم» دەپ ئەركىلەتمەيدىغانمۇ بولۇپ قالدى. ھەپتە ئاخىرىدا بىر ئەدەبىي ھەۋەسكار بىرنەچچەيلەننى «پاراخوت ئاشخانىسى» دېگەن غەلىتىلا نامى بار ئاشخانىغا تونۇشۇش زىياپىتىگە چاقىرغانىدى، باقەم شائىر ئۇ يەرگە «ماياكوۋسكىي سورۇنغا سەۋزە گالستۇك تاقاپ بارغان»دەك غەلىتىلا ياسىنىپ باردى ۋە ئولتۇرۇش داۋامىدا غادىيىپلا ئولتۇردى. ئۆزى ئىلگىرى تالاي قېتىم «ھۆرمەتلىك ئۇستازىم رەسۋائىي ئەپەندى!»، «جېنىم رەسۋاجان ئاكا» دەپ ئاتىغان ۋە شۇ تاپتىمۇ تۆردە ئولتۇرغان رەسۋائىيدىن «قانداقراق رەسۋا؟» دەپ مۇنداقلا، قولىنى ئۇزاتماي باش لىڭشىتىپلا ئەھۋال سوراپ قويدى.

# ئۈچىنچى باب

بۇ قىزىقارلىق قىسسىمىزنىڭ ئەمدىكى بايانلىرىدا بىزنىڭ ئوقۇرمەنلىرىمىز بىلەن بىرلىكتە باسىدىغان يولىمىز تېخى ئۇزۇن. شۇڭا، ئالدىنقى بابلىرىمىزدا كەمىنە مۇئەللىپنى مۇشۇنداق بىر چوڭ ئەسەر يېزىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغان قەھرىمانىمىز باقى ئىسلام، يەنى باقەم شائىرنىڭ دەسلەپكى شېئىرىي ھاياتى ۋە ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشاشمايدىغان ھايات كەچۈرمىشلىرى، توغرىراقى غەلىتە ئىشلىرى توغرىسىدا خېلى تەپسىلىي توختالدۇق. دەرۋەقە، كېيىنكى ۋاقىتلاردا، ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىنكى «قازان بېشى» ئىمكانىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ۋىلايەتلىك قەلەمكەشلەر جەمئىيىتىگە ئەزا بولۇۋالغان دوقا ماڭلاي باقىجان جەمئىيەتنىڭ ئانكىتىنى تولدۇرۇۋېتىپ، «كېلىپچىقىشى» دېگەن كاتەكچىگە ئىككىلەنمەيلا «شائىر» دەپ يازغاندى. شۇ سەۋەبتىنمۇ مۇئەللىپ باقىجاننىڭ كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلغاندا، باقەم شائىرنىڭ دەسلەپكى «ئەدەبىي ھاياتى»دىن (باقەم ھەر دائىم ئۆزىنىڭ ھەرقانداق كەچمىشىنى، ھەتتا لاۋزىلىقلىرىنىمۇ شېئىرغا باغلاپ، ئاشۇنداق ئاتىۋالاتتى) بىر تالاي ۋەقەلەرنى بايان قىلماي

تۇرالمىدى، يەنە مۇشۇنداق بايانلارنى رومانىمىزنىڭ ئاخىرىغىراق بارغاندا تېخىمۇ ھەق ـ دادىغا يەتكۈچە بايان ئەتكۈسىمىز.

لەگلىكىمىزنىڭ يىپىنى سەل يىغساق، بىرىنچى بابتا، ھە دېمەيلا ئالدىمىزدا شادلىق ئىلكىدە زاھىر بولغان باقەم شائىر مۇھىت تازىلىقى باشقارمىسىدىن ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە يۆتكىلىپ كېلىپ خېلى بىر مەزگىل ئۆتكەن ۋە شۇ ئارىدا شائىرلىق ئىشتىياقىنى گاھىبىر ئەۋزەللىكلەر تۇپەيلى ئاز ـ تولا قاندۇرۇپ، يەنە باشقا ئىمكانىيەتلەر سايىسىغا قول ئۇزىتىۋاتقان، ئەمدىلەتىن كۆزى ئېچىلىۋاتقان بىر شەخس ئىدى. «گاھىبىر ئەۋزەللىكلەر» دېگىنىمىزدە، باقەم شائىرنىڭ «شائىرلار ساتىراشخانىسى»دىكى باشقا بۇرادەرلىرى، ھەتتا «رەسۋائىي»مۇ مۇشەررەپ بولالمايدىغان، قەلەمكەشلەر جەمئىيىتىگە ئەزا بولۇش، بىرلەشمە تەرىپىدىن ئايدا بىر سان چىقىرىلىدىغان كەسپىي گېزىتنىڭ ھەر سانىغا بىرەر شېئىرنى چىقىرىۋېلىش، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىكى شائىرلىقتا خېلىلا ئاتىقى بار بىر مۇئاۋىن رەئىس بىلەن ھەر كۈنى ھەمسۆھبەت بولۇش ۋە پارالىق ئارىلىقىدا ئۇقمىغانغا سېلىنىپ «بىز شائىرلار» دەۋېتىش... قاتارلىق پۇرسەتلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ باقەم شائىرنىڭ دائىم پاچاق يەيدىغان غەيرەتلىك دەۋرلىرىدە بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قېلىپ ئالغان ئايالى «ئېيىقگۇل»دىن كېيىنى ـ كېيىندىن ئىككى بالا يۈزى كۆرگەن ۋە مەرھۇم ئاتا ـ ئانىسىدىن قېلىپ قالغان ئۆگچە قورۇدا «ئائىلە باشلىقى» تاجىنى كىيىپ

ئۇلتۇرغان مەزگىللىرى ئىدى. خېلى يۇقىرى مەنسەپكە ئۆرلەپ ئۇلگۇرگەن يۇمشاق كۆڭۈل ئاكىسى ئايالىنىڭ بېسىقماس كوت ـ كوتلىرىغا پىسەنت قىلماي تەۋەررۈك قورۇ ـ جايىنى ئىنىسى باقەمگە ئۆتۈنگەنىدى. ئۆزى بولسا ئىدارىنىڭ قورۇسىدا ئۈچچە ئولتۇراتتى. بۇ ھەقتىكى غىنژ ـ غاژلارنى ئارتۇقچە بايان قىلىپ ئولتۇرمايمىز.

شائىرلىقتا بولغان ئوتتەك ھەۋىسى تۇپەيلى ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە، يەنى «شائىرلار ئىدارىسى»گە كېلىۋېلىپ بېشى ئاسمانغا تاقاشقان ۋە «ھاڭ ـ تاڭ قالىسىز» شىركىتىنىڭ دىرېكتورىنىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن شىركەتنىڭ ئامبارچىلىقىنى، قوشۇمچە قوغداش خادىملىقىنى ئۈستىگە ئالغان باقەم دەسلەپكى مەزگىللەردە يېگى ئورۇنغا شۆھرەت خۇمارىنى بېسىش ئۈچۈنلا كەلگەندەك تۇيغۇدا يۈردى. دېمىسىمۇ، شائىرلىق تەمەسى يۈرىكىدە ئوت بولۇپ يانغان ئادەم ئۈچۈن، «شائىرلار ئىدارىسى»دە ئىشلەش ئاجايىپ كاتتا شەرەپقۇ! بۇ تۇپەيلى ئەمدى ئۇ ساتىراشخانىدىكى ھەممە ھەۋەسكارلار ئارىسىدا خېلى ۋاقىتلارغىچە خورىزى يەڭگەن قىمارۋازدەك غادىيىپ يۈردى. ئەدەبىي ھەۋەسكارلار ئۇنىڭ چۆرىسىدە يۇلتۇزدەك پارقىراپ، پەرۋانىدەك ئىنتىلىشەتتى. باقەم شائىرنىڭ شەرىپىگە بېرىلىدىغان زىياپەتلەر ئۈچرەت قىلىپ قويۇلدى. ئەمدى بۇنداق زىياپەتلەردە ھېلىقى «رەسۋائىي» ئەپەندىمۇ ئانچىۋالا سۆزمەنلىك قىلالمايتتى، گاھىبىر زىياپەتلەرگە تېخى داخىل بولالمايتتى. مۇبادا، چاقىرىلىپ قالسىمۇ، باقەم شائىرنىڭ سەل تۆۋەنىدىرەك ئولتۇرۇپ باقىجان ئىسلامنىڭ «بىزنىڭ بىرلەشمىدە...»

دەپ باشلىنىدىغان تۇگىمەس پاراڭلىرىنى جىممىدە ئاڭلاشقا مەجبۇر بولاتتى. پەقەت بىر قېتىم ئۇ ئىچىگە پاتمىغان ئاچچىقىنى قاڭسىق ھاراقتىن ئالغاندەك بولۇشقا ئىچىپ، غەرق مەست بولۇۋالدى ـ دە، قورچاق ئويۇنلىرىدىكى بۆرە رولىنى ئالغان ئارتىس بۆرە تېرىسىنى سىيرىپ تاشلىغاندەك، ئىلمىي سۇپىتىنى چۆرۈپ تاشلاپ ئىلگىرى ـ كېيىن رەسۋالاشتى، ئۇ چوڭچىلىقنى بەستىگە ياراشمىغان چاپاندەك يارىشىمسىز قىلىپ كىيىۋالغان باقەم شائىرنى ئانا ـ مانىسىنى قويماي، قىيىقتىپ تازا تىللىۋىدى، شىپالىق دورا ئۇنۇمىنى دەررۇ كۆرسەتكەندەك باقەم شىپپىدە ئەسلىي ھالىتىگە كەلدى ھەمدە ئۇستازى «رەسۋائىي»غا يېڭىباشتىن خۇشامەت قىلىپ، ئاغزىدىن كىرىپ، بۇرنىدىن چىقىشقا باشلىدى ھەمدە ئىككىنچىلەپ ئۇ بار جايدا چوڭچىلىق قىلىشقا پېتىنالمايدىغان بولدى.

ھايات ئىنسانلارنى ھەر خىل ئىمتىھانلار ئارقىلىق سىناپ، مىڭبىر كويلارغا سېلىشقا ماھىر. نۆۋەتتە كەلگەندە تالانتىنى «بۇغداي شەربىتى»گە تېگىشىۋەتكەن «رەسۋائىي» تەخەللۇسلۇق پاچاقچا ئامراق ھېلىقى شائىرمۇ، «شائىرلار ساتىراشخانىسى»نىڭ باشقا ئىشتىراكچىلىرىمۇ باقەم شائىرنىڭ مىجەزىدىكى يايلاق ھاۋاسىدەك تېز ـ تېز ئالمىشىۋاتقان يېڭىلىق ۋە ئۆزگىرىشلەرگە قاراپ ھەيران قېلىشتى. باقەم يوق سورۇنلاردا، بۇ توغرىدا «بۇقىنى تۇغدۇرۇۋەتكۇدەك» ئاچچىق ئىبارىلەر بىلەن تەھلىلمۇ يۇرگۇزۇشتى. لېكىن، قەھرىمانىمىز باقەم بولسا مەزكۇر غەيۋەت ۋە تەھلىللەردىن بىخەۋەر، بىر پاي كارى يوق ھالەتتە

بىلگىنىنى قىلىپ يۈرمەكتە ئىدى... گەپنى ئاۋۇتماستىن بىر قاراپ باقايلىچۇ، باقەم شائىر بۇ كۈنلەردە يەنە نېمە سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىدىكىن!

ئېيتماقچى، باقەم «شائىرلار ئىدارىسى»گە كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ شۆھرەتپەرەسلىك مىجەزىنىڭ ئاز ـ تولا «چېيى قانغان» ۋە بىرمۇنچە ئارزۇلىرى ئەمەلگە ئاشقان بولغاچقا، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ ھاياتنىڭ باشقىمۇ تەرەپلىرىگە نەزەر سېلىشقا باشلىغانىدى. بۇ كۈنلەردە باقەم سىرتتا ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىغا غادىيىپ يۈرگىنىنىڭ ئەكسىچە، دىرېكتورغا تۆۋەنچىلىك بىلەن ھىجىيىپ يۈردى، ئۆزىدىن خېلىلا ياش باشلىقىنى ھەر كۆرگىنىدە، ئۇ چىرايلىق گەپنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ، ئەركىلىگەندەك «دىرېكتور!» دەپ چاقىرىپ قوياتتى ۋە شۇ قىلىقى بىلەن رەھبەرلىرىدىن كۆلۈمسىرەش ئىنئامى ئالاتتى.

ــ شىركىتىمىزگە بىر مۇئاۋىن دىرېكتور كېرەك، يولداش باقى،ــ دېدى بىر كۈنى دىرېكتور باقەمنى ئالدىغا چاقىرىپ،ــ مەنچە بولسا، سىز تازا بولاتتىڭىز، ھە... سودىدا تىل مەسىلىسىمۇ مۇھىم، ھە، يەنە چەت ئەلگە چىقىپ تىجارەت قىلغاندا... تىرىشىڭ، ماقۇلمۇ؟

ياغىنىڭ ھىدىنى ئېلىپ قالغان مۈشۈكتەك باقەمنىڭ كۆزلىرى ئاجايىپ چاقناپ كەتتى. يۆلەنچۈكى ئېگىز ئايلانما ئورۇندۇقتا بىمالال پىرقىراپ ئولتۇرغان دىرېكتورغا ئىلتىجالىق باقتى، كۈلۈمسىرىۋىدى، يىغلامسىراشقا ئوخشىشىپ قالدى. روشەنكى، دىرېكتور ئۇنى دەيدەيگە سېلىۋاتاتتى، مۇئاۋىن دىرېكتورلۇق ـ ھە! بازاردىكى پىرقىرايدىغان قارا خۇرۇم ئورۇندۇقلار ئاغىنچە سېتىلىپ تۈگەپ كەتمەس ـ ھە!

— تىرىشىڭ! — دېدى يەنە دىرېكتور كۆزلىرىنى ئالدىدا مەستخۇشلىنىپ ئولتۇرغان باقەمگە قاداپ ۋە پارىڭىنى داۋام ئەتتى، — شىركىتىمىزنىڭ مەنپەئەتىگە پايدىلىق بىر قاتار... ھە، بىرنەچچە... ھىم، بىرەر چوڭراق ئىش قىلىشىڭىز كېرەك، يولداش باقى، مۇشۇنچىۋالا قابىلىيىتىڭىز بىلەن زاپخوزلۇق قىلىپلا ئۆتۈپ كەتسىڭىز بولماس، سىزنى مەقسەتلىك ئەكەلگەنمەن بۇ يەرگە!

باقەم تېڭىرقاپ، كۆزلىرىنى تورۇسقا تىكتى، روشەنكى، ئۇ يەردە، تورۇستا «مۇئاۋىن»لىق سان گۆش يىپقا چىگىلىپ ئېسىلغان، ئېگىز قىلىپ ئېسىپ قويۇلغانىدى.

— يولىيورۇق بېرىڭ، يول كۆرسىتىڭ، دىرېكتور! — دەپ گىڭشىلدىدى باقەم يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلغىنىچە، — تىرىشىمەن، بۇيرۇقىڭىزنى بەجا كەلتۈرىمەن!

باقەم سۆزلەۋېتىپ يەنە تورۇسقا قاراپ قويدى، ئۇ يەردە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى.

رەھبەرنىڭ «ھاڭ ـ تاڭ قالىسىز» شىركىتىنى چۆرگۈلىتىدىغان يەنمۇ مۇھىم ئىشلىرى سامانىنىڭ نەرخىدە كۆپ بولغاچقا، باقەم بىلەن ئەزمىسىنى داۋاملىق ئېزىپ ئولتۇرالمىدى، پەقەت «تىجارەتچىلەرگە خاس» نەزىرى بىلەن، باقەمنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن شۇنداق بىر بۇردىسى بار تەكلىپنى بەردىكى، باقەم شائىر بۇنى دەررۇ چۈشىنىپ، «ئىچىۋالدى»، شائىرلىق ھېسسىياتى شۇ ھامان ۋاللىدە چاقناپ، ئۆرلەپ كەتتى. ھەتتا شۇ ئان ئىختىيارسىز ھالدا ئىچىدە «ئاپىرىن دىرېكتورۇم، ئوت ئالدىغۇ تىراكتورۇم» دېگەن توق قاپىيەلىك بىر مەسنەۋىنى توقۇپمۇۋەتتى.

شۇ كۈندىن باشلاپ باقەمنىڭ كۆڭلىرى باشقىچە بىر ھەلەكچىلىكتە، كاتتا بىر پىلاننىڭ تولغىنىشىدا ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇخلىغاندىمۇ ئەمدى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ھېلىقى «ئاسقۇدىكى گۆش» كۆرۈنۈپلا تۇراتتى، كۆرۈنۈۋېرەتتى.

نىملا دېگەنبىلەن باقەمنىڭ بىر ئالاھىدە تەرىپى، ئۆزىگە مەنپەئەتى بار ئىشلاردا كاللىسىنى قاپىيە توقۇغاندىنمۇ بەكرەك ئىشلىتىشنى بىلەتتى. ئۇ دىرېكتورنىڭ ئالدىدىن يېنىپ چىققاندا، باشقىچىلا بىر ئىنسانغا ئايلانغاندى. پۈتۈن بەدىنى كۆچلۈك ھاراق ئىچكەندەك قىزىپ كەتتى. راست ئەمەسمۇ، ئەمەل دېگەن قايسىبىر ھاراقتىن كەم؟ ئۇنى بىر ئىچىپ قالغانلار ئۆمۈرۋايەت مەست ــ ئەلەس يۈرىدىغان گەپ ــ دە! خۇددى ھېسام دەلدۈش ئېيتقاندەك، «ئىچسەممۇ، ئىچمىسەممۇ مەست يۈرىمەن» دېگەنگە ئوخشاش!

شۇ مەستلىك، كەيپلىك كۆنلەردە باقەم شائىر كاللىسىنى «مېڭىسىنىڭ قېتىقى چىقىپ كەتكۈدەك» چىڭقىلدۇرۇپ ئىشلەتتى. تاماق يېگەن چاغلىرىدىمۇ توختىماي خىيال سۈرەتتى. «ئېيىقگۈل» دەسلىپىدە ئېرىنى باشقا ۋاقىتلاردىكىدەك قاپىيە ئىزدەپ، قوشاق توقۇۋاتامدىكىن دەپ ئويلاپ، بىرەر ــ ئىككى رەت چاقچاق قىلىپ بېقىۋىدى، كۈتۈلمىگەندە داۋىسىنى يېدى. خېلىلا چوڭ بولۇپ قالغان باللىرىنىڭ «نېرى تارت، بېرى تارت»لىرىمۇ باقەمگە تېتىمىدى، ئاخىرى ئىككى بالا ئاشخانا ئۆيدىن قوغلاندى بولۇشتى.

باقەمنىڭ بولسا بۇ ئىشلاردىن پەرۋايى پەلەك ئىدى، دىرېكتورنىڭ ھېلىقى يېقىملىق تەكلىپى، مەسلىھەتىنى

تىنماي ئويلاپ، كۆڭلىدە نېرى ـ بېرى دومىلىتىپ، ئاددىي قاپىيەلەرنى ئارانلا ئاپىرىدە قىلالايدىغان كاللىسىغا ئۆزلەشتۈرۈش ئاۋارىچىلىكىدە ئىدى.

گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە بىز ئەمدى ئوقۇرمەنلىرىمىزنى تولا تەقەززا قىلماي، «هاڭ ـ تاڭ قالىسىز» شىركىتىنىڭ خوجايىنى، يەنى ياپياش تۇرۇپ كاللىسىغا هىيلە ـ مىكىرلەر تولۇپ كەتكەن دىرېكتورنىڭ ئامبارچى شائىرغا نېمىدەپ يول كۆرسەتكىنىنى ئاشكارىلا دەۋېتەيلى!

ــ يولداش باقى، ــ دېگەندى دىرېكتور ئالدىغا سەل ئېگىلىشىپ، هېچكىمگە بەرمىگەن ئالتۇننى باقەمگە بەرگەندەك ئەلپازدا، ــ سىز كىچىكمەي تۆۋەنگە چۈشۈڭ، شىركىتىمىزنى تەشۋىق قىلغاچ بىر ئايلىنىپ كېلىڭ، قانداق قىلىسىز، ئۆزىڭىزنى كىم دېيىشىڭىزمۇ مەيلى، ئىشقىلىپ شىركىتىمىز هېسابىغا بولمىدى دېگەندە ئوتتۇز مىڭ يۈەن پۇل تېپىپ كېلىڭ... ئۇقتىڭىزمۇ، يولداش باقى؟ مەن ئىشىنىمەن، سىز قىلالايسىز، ئەنە شۇ چاغدا كىم بىرنېمە دېيەلەيدىكىن، مۇئاۋىن دىرېكتورلۇق ئورنى سىزنىڭ بولىدۇ!

دىرېكتور گېپىنى تۈگىتىپلا ئالىقىنىنى ئورۇندۇقنىڭ تىرەنچۈكىگە «پاق» قىلىپ ئۇرۇۋىدى، باقەم دىككىدە چۆچۈپ ئالدىغا بىر ئۇمتۇلدى. ھەرھالدا ھېجىيىشنى ئۇنتۇمىدى. دىرېكتور كۆپلىگەن دىرېكتورلارغا ئوخشاش قول ئاستىدىكىلەرنىڭ كۆلۈمسىرىشى، جىلۋىسىگە ئامراق ئىدى.

كوماندىردىن بۇيرۇق ئالغان سولدات جەڭگە ئاتلانماي تۇرالامدۇ؟ ئەنە شۇ گەپتىن كېيىن باقەم هايالىشمىدى.

ئائىلىدىكى ھوقۇقىنى (گۆش ـ كۆكتاتتىقا خىراجەت بېرىش، تاماق ئېتىلىش ئالدىدا قازان بېشىنى نازارەت قىلىش، نەرسە ـ كېرەك قويۇلىدىغان ئامبارنى رەتلەپ تۇرۇش دېگەندەك) ئىسكىلىنەمەي «ئېيىمقگۈل»گە ئۆتكۈزۈپ، ئانچە ـ مۇنچە تەييارلىق قىلدى ـ دە، شىۋىرغان ھۇۋۇلداپ تۇرغان بىر ئەتىگەنلىكى M ناھىيەسىگە يۇرۇپ كەتتى.

ئەمەلىيەتتە شۇ تاپتا باقەمنىڭ كاللىسىدا ھېچقانداق بىر نىشان، تەييارلىق يوق ئىدى. دىرېكتورنىڭ سالغان سوسكىسىنى ئوغۇزىغا قانمىغان بوۋاقتەك نەچچە كۈنلەر تەمشىپ ـ تەمشىپ شورىغان بولىسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ بولقا، ئامبۇر ساقلاپ، يالاڭ قاپىيە توقۇشتىن كاتتىراق ئىشقا بەۋا كەلمەيدىغان كاللىسىدا ئوتتۇز مىڭ سوم قىزىل تىزىنى ئاق يەردىن ئۇندۇرۇپ ئەكەلگۈدەك ئىقتىدارى، پەم ـ پاراسەت يوق ئىدى. ھەتتا قەيەرگە بېرىپ، ئاۋۋال قايسى تۇتقۇچقا ئېسىلىشنىمۇ بىلمەيتتى. شۇڭا، نۇرغۇنلىغان گاراڭ ئادەملەرگە ئوخشاش تەۋەككۇل دەرياسىغا قارماق تاشلىماقچى بولدى ـ دە، سەپىرىنى بىر تەرەپتىن تەدبىر ئويلىغاچ، شەھەرگە يېقىن، تاغلىق M ناھىيەسىدىن باشلىماقچى بولدى.

دۇنيادا ئەڭ خاتىرجەم خىيال قىلغىلى بولىدىغان جاي سەپەر ئاپتوبۇسى، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلۇق شەھەر، تىنچىق ۋە جېدەللىك ئۆي ۋە ئۆزىگە يېقى ئۇمىد ئاتا قىلغان شىركەتتىن ئايرىلىپ تەۋەككۇل سەپىرىگە ئاتلانغان باقەمنىڭ كۆڭلى مانا ئەمدىلىكتە بىردىنلا ئارام تېپىپ قالغاندەك بولۇپ، تەنلىرى بوشىشىپلا قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپتوبۇس بىر سائەت ماڭار ـ ماڭمايلا

شىۋىرغانلىق شەھەر ھاۋاسى ئارقىدا قېلىپ، تاغ ئارىسىنىڭ يەڭگىل، ئىزغىرىن شاماللىق ئوچۇق ھاۋاسى يولۇچىلارغا قۇچاق ئاچقانىدى، گۈركىرەپ شامال كىرىپ تۇرغان ئوچۇق دېرىزە رامىغا تايىنىپ ئولتۇرغان باقەم شائىرنىڭ شۇ تاپتا غۇژژىدە ئىلھامى كەلدى ـ دە، كاللىسىدىكى ئەندىشىلەرنى ئۇنتۇپ، ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم خېلىلا تەبىئىي بىر ئىلھامنىڭ بۆشۈكىگە بۆلەنگەندەك بولدى ھەمدە ھايال ئۆتمەي كاللىسىغا بىرمۇنچە مىسرالار لىپ ـ لىپ قىلىپ كېلىپ قوندى.

*سالقىن شامال سەگىتتى،*  
*يۈرىكىمنى، ئاھ!*  
*نېمىدېگەن چىرايلىق،*  
*تاغ ئارىسى، پاھ!*  
*ئېچىلىپتۇ يوللاردا،*  
*مامكاپلار، ئۇاھ...*

خۇداغا شۈكۈر، ھېلىمۇ سەپەرچى شائىرىمىزنىڭ يادىغا ئىملىق قاپىيەلەردىن باشقا، تۈزۈكرەكلىرى كەلمەي قالدى. «ماھ»، «چاھ»... لارغا تازا پەيزى مىسرالارنى توقۇغىلى بولمىغاچقا، ئۇ توختاپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنى خېلىدىن بېرى كونا كېسەل ـــ مەزى بېزى ياللۇغى ئاۋارە قىلىۋاتاتتى. ئەمدىلىكتە باقەم بوينىنى ھە دەپ شوپۇر تەرەپكە سوزۇپ، بۇ «يول مۇئەككىلى»نىڭ كونىلىقىدىن جالداقشىپ كەتكەن مەينەت شەخسىي ئاپتوبۇسىنى خىلۋەترەك بىر يەردە توختىتىشىنى ئۈمىد قىلماقتا ئىدى.

باقەم ئۆزىگە تونۇش، بىر يىلـلاردىكىدىن خېلىلا تەرەققىي قىلىپ كەتكەن M ناھىيەسىدە ئۇۋ ئىزدەپ ئىككى كۈن تۇرۇپ قالدى، ئىلگىرى بۇ يەردە ئۇنىڭ بىرنەچچە تونۇشلىرىمۇ بولىدىغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەمەتجان تۇلكە دەيدىغان بىرسى ناھىيە بازىرىغا جايلاشقان يېزىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەيتتى. باقەمنىڭ سەپىرىنى باشقا ناھىيەلەردىن باشلىماي «ھەم زىيارەت، ھەم تىجارەت»نى M ناھىيەسىدىن باشلىشىدىمۇ قىسمەن ئاشۇ تۇلكىۋايغا ئۇقاق تارتقانلىقى سەۋەب بولغانىدى. يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بېرىپ باقەمنىڭ ئالغان جاۋابى شۇ بولدىكى، ئەمەتجان تۇلكە ئۆزىنىڭ ئىش ئەپلەشتۇرۇش ماھارىتىگە تايىنىپ ئاللىقاچان ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ كەتكەنىدى.

ـــ سىز ئا شاڭجاڭنى قانداق تونۇيتتىڭىز؟ ـــ دەپ سورىدى يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكى خەلق ئىشلىرى كادىرى، ياپياڭ يۇزلۇك، ئەلەسرەك كىشى يەنە بىر كۆزىنىمۇ قىسىپ. باقەمگە تۇزۇكرەك تونۇش ئادەم يوق بۇ ناھىيەدە ھازىر شۇ ئادەملا مۇلايىم كۈلۈمسىرەپ ھەمسۆھبەت بولۇۋاتاتتى. شۇڭا، باقەمنىڭمۇ تۇرۇپلا ئۇنىڭغا دىل كۆيىنى تۆككۈسى كەلدى. كىم بىلىدۇ، ئىشتىن چۇشۇش ۋاقتىدا ئەلەسۋاي ئۆزىنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ قالامدۇ تېخى، قوندۇرۇپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس! شىركەتتىن ئايرىلار چاغدا دىرېكتور باقەمگە خىراجەت كەمچىللىكى توغرىسىدا بېشارەت بېرىپ، ئامال بار چىقىمنى تېجەش ھەققىدىمۇ دەرس ئۆتۈپ ئۇلگۇرگەنىدى.

ـــ ئا شاڭجاڭ بۇرادىرىمىز بىلەن، ـــ دېدى باقەم خەلق ئىشلىرى كادىرى جانابلىرىغا گىدىيىپكىنە

قارىغىنىمچە، ــ بىز ھېلىقى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا «قىزىل ئاۋانگارتلار» دېگەن ئىسيانچىلار ئەترىتىدە بىللە ئىنقىلاب قىلغانمىز، ئۇياق بىزنىڭ ئەترەت باشلىقىمىز ئىدى، ھە، مەن...ــ شۇنداق قىلىپ باقەم ئۆزىنىڭ تاشيول ئاسراش ئىدارىسىدە ئىشلەشتىن ئىلگىرىكى شەرەپلىك تارىخى ۋە كەچۈرمىشلىرىنى ئوتتۇز نەچچە يىلدىن كېيىن، تاغ ئارىسىغا جايلاشقان ناھىيە بازىرىنىڭ خىلۋەت، كۆرۈمسىز بىر ئىشخانىسىدا ساددىغىنا تارانچى كادىرغا كۆپتۈرۈپ سۆزلەپ بېرىشكە باشلىدى، شۇ تاپتا ئاغزىدىن چىقىۋاتقان گەپلەرنىڭ تولىسىنى ئۇ ئۆزىمۇ ئۇقمايتتى. ياق، ئۇقمايتتى دېگەندىن كۆرە ئاڭقىرالمايتتى دېگەن تۈزۈك. يالغان گەپلەر ئۇنىڭ سەل كەمتۈكرەك ئاغزىدىن، ھەرىلەر ئۇۋىسىدىن چىققاندەك ئۈزۈلمەي چىقاتتى. ئەينى چاغدا ئۇ دازىباۋشۇناس دەپ نام ئالغان ئەمەتجان تۆلكىنىڭ، يەنى ئاتالمىش قىزىل ئاۋانگارتلار ئەترىتىنىڭ باشلىقىنىڭ ئارقىسىدىن ھەر كۈنى شىلىم چېلىكى ۋە كۆتمەك سۈپۈرگىنى كۆتۈرۈپ ماڭىدىغانلىقىنى، گاھىدا ئاغزى ـ بۇرۇنلىرىمۇ شىلىم بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ھېلىقى ساددا كادىرغا ئېيتىمىدى، ئەكسىچە ئۆزىنى مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى قىلىپ كۆرسەتتى. باقەمنىڭ ھەربىر سۆزىگە ئىخلاسمەنلىك تەلەپپۇز بىلەن «ئاڭقارا» دەپ ئولتۇرغان ساددا كادىرنىڭ ھەقىقەتەن بۇ شەھەرلىك مۇئاۋىن دىرېكتورغا (باقى ئۆزىنى شۇنداق دەپ تونۇشتۇرغانىدى، دىرېكتورنىڭ ئۇنىڭغا شۇنداق دەۋېرىش ھوقۇقىنى بەرگەنلىكىنى بىز بىلمىمىز) بارغانسېرى ھۆرمەت، ئىخلاسى قاش دەرياسىنىڭ ئەتىيازدىكى كەلكۈن

سۈيىدەك تاشقىنلاپ، ئۆرلەۋەردى. ئاخىرىدا باقەم چىلىك تەكلىپ بىلەن ئەلەس خادىمىنىڭ ناھىيە بازىرىدىكى نۇرغۇن قورۇلارغا ئوخشاش مال - ۋارانلىق، قالايمىقان ۋە خىلمۇ بايىاشات قورۇسىغا ئەزىز مېھمان سۈپىتىدە كىرىپ كەلدى.

مېھماندوست ئۆي ئىگىسى باقەم شائىرنى قولىدىن كەلگەنىنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ، مول ۋە تاتلىق غىزالار، يامغۇردەك تەكەللۇپلار بىلەن كۈتۈۋالدى. كەچتە ساھىبخانا يېقىن ئىككى قوشنىسىنى ۋە نېرىقى مەھەللىدىكى باجىسىنى چاقىرىپ قويۇۋىدى، قوشنىلارنىڭ ھۆرمىتىدىنمۇ ياكى باجىسىنىڭ خىسلىتىدىنمۇ، باياتىن بېرى ئانچە قاپىقى ئېچىلماي يۈرگەن ئايال ساھىبخانا تايقان - تەرگىنىنى يۈگۈرۈپ يۈرۈپ تۆكۈپلىۋەتتى. پەيتى كەلگەندە، بىز مۇشۇ يەردىن قىزىق بىر پاراڭغا كىچىككىنە يوچۇق ئاچايلى...

مۇئەللىپنىڭ بىر شەيران ئاغىنىسى بولىدىغان، بىر يىلى شۇ تەخسىر ھاراقنى تازىمۇ كۆپ ئىچىپ، ھەتتا كۈن ئاتلاتماي ئىچىپ، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئادەم ئىسمىنى ئاڭلىسا خىلمۇ چۆچۈگۈدەك بىر كېسەلگە دۇچار بولۇپ قاپتۇ. بۇ ئىشتىن ئەرۋاھى ئۇركۈگەن ئايالى ئاغىنىمىزنى قاتتىق باشقۇرۇپ ئۇنى ھاراقتىن ئۇزۇل - كېسىل چەكلەپتۇ. راست، ھاراق دېگەن شەيتاننى مۇنداق نەرخىنى سورىماستىن سۈمۈرۈۋەرسە ۋە شۇ تۇپەيلى جاندىن بالدۇرلا جۇدا بولسا، ئۆيدىكى ئۇششاق باللارنى كىم باقىدۇ؟... «توغرا گەپكە شۈك تۇر» دېگەندەك، ئاغىنىمىزمۇ بىر مەزگىل «جاپاغا چىداپ» ئىچىملىكتىن نېرى يۈرگەن، جىددىي

داۋالىنىش نەتىجىسىدە كېسىلىمۇ خېلىلا ياخشىلانغان گەپ. لېكىن، كۈنلەر ئۆتۈپ، بىر كۈنلىرى ئۇنىڭ ھاراق ھەۋىسى يەنە قوزغىلىپتۇ. تالادا ئىچەي دېسە، ئۆيگە مەست كەلسە جېدەل چىقىدۇ، باشقا باھانە بولسا يوق، قانداق قىلىش كېرەك؟ ئويلا ـ ئويلا ئۇ بىر ئامال تېپىپتۇ. ئاغىنىمىزنىڭ چوڭ ـ كىچىك بولۇپ تۆت باجىسى بار ئىدى. بىر كۈنى چاي ئۈستىدە ئۇ ئەپلەپ تۇرۇپ پاراڭنى شۇ تەرەپتىن ئېچىپتۇ.

ــ ئاپىسى، ھەدە ـ سىڭىللىرىڭ بىلەن ھۆررۈ ـ پۆررۈ دېيىشىپ قالمىغانسەن؟

ــ نېمە دەيسىزۈي، ساراڭمۇ مەن، ھە، نېمە ئىش بولدى؟ــ ئايالى چەكچىيىپ ئېرىنىڭ ئاغزىغا قاراپتۇ.

ــ يا ئەمدى دەيمىنا، باجىلارمۇ كەلمەس بولۇپ كەتتى، سېغىنىپ قالدىكەنچۇ ئادەم.

ئايالىنىڭ كۆڭلى ۋىللىدە ئېرىپتۇ.

ــ راست دەيسىز؟ مېھمان كەلمىگەن ئۆي ئۆيمۇ، چاقىرىپ قويۇڭ ئەمسە ئۇلارنى!

ئاغىنىمىزنىڭ كۈتۈپ تۇرغىنىمۇ شۇ ئىكەن، ھەپتە ئاخىرى كەچتە ياش قۇرامى بىر ـ بىرىدىن خېلى پەرقلىنىدىغان تۆت باجا ئاغىنىمىزنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپتۇ. ساھىبخانا ئايالىنىڭ پايپاسلىشىنى دېمەيلا قويۇڭ.

ــ ئابدۇرېھىم ئۇكا، سىڭىل تاماق، قورۇمىلارنى بەك جىق قىلىۋېتىپتۇ، دەپ قويۇڭ، يەنە ئاۋارە بولۇۋەرمىسۇن،ــ سۆلەتلىك چوڭ باجا بىرچاغدا مەنىلىك كۈلۈمسىرەپ ئاغىنىمىزگە مۇراجىئەت قىپتۇ. ياشقا كىچىكرەك ئاۋۇ ئىككى باجا جايىدا ئولتۇرالماي

ھېلى ئۇياقتا، ھېلى بۇياقتا قارىغۇدەك. شەيران ئاغىنىمىز بولسا شۇنچە قورۇمىلار كىرسىمۇ، قوپۇپ ئىشكاپىنىڭ ئاغزىنى ئاچماي، خۇپسەنلىككە سېلىپ ئولتۇرۇۋېرىپتۇ.

بىرچاغدا ئاخىرى ئۇنىڭ كۈتكەن ئىشى يۈز بېرىپتۇ.

— ھەي ئابدۇرېھىم، بۇياقتا چىقىڭە،— دەپتۇ ئاغىنەمنىڭ ئايالى ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇۋېلىپ ئېرىنى ئىملاپ، ئاغىنىمىز خۇپسەن چىراي، ئەسنىگىنىچە زالغا چىقىپتۇ.

— نېمە ئىش ئانىسى؟

— ھەي، سىز قانداق ئادەم، باجىلىرىڭىزغا بىرەر نېمە قويامسىز؟

— نېمىنۇي؟ سىنچاينى لىقلاپ تۇرۇۋاتىمەنغۇ!

— ئوھۇش، ھاراق دەيمەن، ھاراق! نېمانداق چەكچىيىپ قاراۋېرىدۇي مۇنۇ، ئۇ نېمىنى قويۇپ بەرمىسىڭىزچۇ، ئەر خەق دېگەنگە بەتتە پولۇ ئېتىپ بەرسىڭىزمۇ بىكار!

ئاغىنەم تېخىمۇ خۇپسەنلىك قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ.

— يە ئۆزۈم ئىچمىسەم!

— ۋايىەي، ئۆزىڭىز ئىچمىسىڭىزلا خەققە بەرمەمسىز ئۇ ئېشەكنىڭ سۈيدۈكىنى ـ ھە ؟! ئىچىڭ ئۆزىڭىزمۇ بىرەر ـ ئىككىنى، لايىقىدا، ئىشقىلىپ تۇغقانلار رەنجىپ قالمىسۇن، يوگورۇڭ!

غوجايىنىدىن يول خەتنى ئالغاندىن كېيىن، يولنىڭ ئاۋۇغىنىنى كۆرۈڭ. ئاغىنىمىز باجىلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن گەپ. باجىلارغا بايرام!

شۇنىڭدىن كېيىن ئاغىنەمنىڭ گېلى قىچىشسىلا

باجىلارنى مېھمانغا چاقىرىدىغان بولۇۋاپتۇ، ئايال خوجايىن گۈلدەك ئېچىلىپ قازان بېشى بىلەن ساراي ئۆيىنىڭ ئارىلىقىدا قاتناپ ھارماس بوپتۇ.

ئاغىنەم گاھىدا باجىلار ئولتۇرۇشىغا مۇئەللىپىنىمۇ چاقىرىپ قوياتتى. ئىچىپ بىر يەرگە بارغاندىن كېيىن كەمىنە بەش باجىنى ئىلگىرى - كېيىن كەلتۈرەتتىم.

— ۋاھ - ھاي، ئىناق باجىلارنى قاراڭلار، بىر يەردە يېقىن بولۇپ، خويمۇ پاراڭلىشىپ ئولتۇرالايدىكەنسىلەر؟

شەيران ئاغىنەمنىڭ ئاغزى ئېچىلاتتى.

— چىداڭ، ئاداش، باجىسى بارنىڭ تاجىسى بار!

— ھە، يەنىچۇ؟

— داداڭ ئۆلسە ئۆلسۇن، باجام ئۆلمىسۇن، قانداق، يەنە دەيمۇ؟

— دەڭ؟

— باجىلىقتا باج كەلمەس، قانداق مۆمىنجىنكا - ھە؟ قەدىرلىك باجام، سىزمۇ گەپ قىلىڭە!

— ئالامەت كەلتۈرۈۋاتىسىز، ئابدۇرېھىمجان!— دەيتتى خىرىلداپ كۈلۈپ مۆمىنجىنكام، — بۇدا ھەپتە بىزنىڭكىدە قاينايلى، ئاغىنىڭىزنى ئېلىۋېلىڭ، شائىرما؟

— چاتاق يوق، باجام، سۆۋارى ئويناپلى، باجامنىڭ دەرمەن، يۇگۇرۇپ قوپۇپ يەرمەن دېگەندەكچۇ!

— ياشىسۇن باجىلار بايرىمى!— ئېغىر كەيپ بولۇپ بولغان ياشقا ئەڭ كىچىك باجا مۇنداق چاغلاردا ھۇرراغا توۋلايتتى. ۋاي كۈلكە!...

قىستۇرما پارىڭىمىز سەل سوزۇلۇپ كەتتى - ھە؟ شۇنداق قىلىپ... ئەلسىرەك كادىرنىڭ باياتىن ئانچە

ئىچىلماي يۈرگەن قورايدەك ئايالى سىڭلىسىنىڭ يولدىشىنى كۆرۈپ قەۋەتلا ئىچىلىپ كەتتى. نۆۋىتىدە، ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن بىزنىڭ سەپەرچى شائىرىمىزمۇ بارغانسېرى بەقەمدەك قىزىرىپ، سەنەمدەك ئىچىلغىلى تۇردى. بارا ـ بارا سورۇندىكى جىمى گەپ ئۇنىڭدىن ئاشمىدى. يېزىلىق ئۆلپەتلەر شەھەرلىك مېھمانىنىڭ يۈز ـ خاتىرىسىنى قىلدىمۇ ياكى باقەمنىڭ تەتى ـ پەتى چاقچاقلىرى، ئەپلەشمىگەنلا يۈمۈرلىرى ۋە بىر قىسمىلا شېئىر ـ قوشاقلىرى سورۇندىكىلەرگە يېڭىلىق تۇيۇلدىمۇ، ئىشقىلىپ مېھمانىنىڭ ھەممە نېمىسى ئالقىشلىنىپ تۇردى. يېرىم كېچىگە يېقىن ئاغىنىلەرنىڭ ناخشا ـ ساز تىڭشىغۇسى كېلىپ قالدى. كەنت بوغالتىرى بولمىش باجا مېھمان دۇتارنى يامان ئەمەس چالاتتى ۋە ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى ئۆزى ئۇلىۋالغان كالوننا بويىچە ئېيتاتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ بىر خەلق ناخشىسىنىڭ قايتۇرمىسىنى يىغلىغاندەكلا ئاۋازدا «شاڭزادىخان» دەپ چۇشۇرۇشى باقەمگە ئاجايىپ قىزىق تۇيۇلۇپ كەتتى ۋە ئۇ كېيىن خېلى يىللارغىچە، پات ـ پاتلا شۇ ناخشىنى چىرقىراق ئاۋازى بىلەن غىڭشىپ قالسا، قايتۇرمىسىنى «شاڭزادىخان» دەپ ئېلىپ يۈردى.

سورۇن دىگەننىڭ ئۆز قائىدە، رەسمىيىتى بار، شاڭزادىخاندىن كېيىن بوغالتىرنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان مېھمانغا نۆۋەت كېلىپ، ئۇمۇ دۇتارنىڭ قورسىقىغا ئۇرۇپ چالغىنىچە تارانچى ناخشىلىرىدىن بىرنى ئېيتقان بولدى. ئۇنىڭ يېنىدا ھۆرمەتلىك باقەم شائىر ئولتۇرغانىدى. ئۇ قايسى ناخشىنى ئېيتىشنى بىلەلمەي، خېلى ئارىسالدى بولدى ۋە ئاخىر «توخۇمۇ بىلگىنىنى

چىلىلايدۇ» دېگەندەك، بىر يىللىرى ئۆزى ئاجايىپ شىجائەت بىلەن ئېيتىپ يۈرگەن «ئەڭ ئالىي يولىيورۇق» تېكىستلىرىدىكى ناخشىلاردىن بىرسىنى چىرقىراپ تۇرۇپ ئېيتىپ كەتتى:

*خىزمەت دېگەن نېمە؟*
*ۋاي نېمە؟ ھە، نېمە؟*
*خىزمەت دېگەن كۈرەش دېمەكتۇر.*
*ۋاي، ئۇ يەرلەردە مەسىلىلەر بار،*
*ۋاي، بار...*

سورۇنداش ئولپەتلەر ئاساسلىق مېھماننىڭ ناخشىسىغا يا «ئالامەت!» دېيەلمەي ياكى «ياشاپ كېتىڭ!» دېيىشەلمەي شۈككىدە ئولتۇرۇشۇپ كەتتى. خېلى ئۇزاقتىن كېيىن بوغالتىرنىڭ باقەمگە جورا بولغۇسى كەلگەندەك ئىككى يېقىنغا قىمدىنىپ ـ قىمدىنىپ قويدى ـ دە، كېيىن سوزۇشتۇرۇپ توۋلىدى:

ــ شاڭزادىخان!...

# تۆتىنچى باب

«ماڭغان دەريا، ياتقان بورىيا» دېگەندەك، باقەمنىڭ شىركەتتىن چىققىنىغا ھەش ـ پەش دېگۈچە ئون كۈن بولۇپ قالدى. بۇ ئارىدا ئۇ M ناھىيەسىگە قوشنا ئىككى ناھىيەنىمۇ قىدىرىپ ئۆلگۈردى. سەپەر دېگەن كۆڭۈللۈك بولىدۇ. ئىلگىرى شىركەتكە كەلسە دىرېكتورغا سۈنئىي كۈلۈپ جاۋغايلىرى تارتىشىپ كېتىدىغان، ئۆيگە كەلسە «ئېيىقگۈل» بىلەن تىنىماي غىتژىلدىشىدىغان باقى ئىسلام مانا ئەمدى يول بويى ئۆزىنى قۇشتەك ئەركىن، پەيدەك يەڭگىل سېزىپ يۈردى. بىراق، بىرلا ئىش، يەنى بۇ قېتىمقى سەپەرگە چىقىشىدىكى ئاساسىي مەقسەت، دىرېكتور تاپشۇرغان ۋەزىپە كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە ئېغىر تاشتەك بېسىلىپ ياتاتتى. باقەمگە يول بويى بۇ مەقسەت، ۋەزىپىگە قول يەتكۈزۈشنىڭ بىرەر ئەپلىككىنە چارىسى ئايان بولماس، ئامەتنىڭ قىر، ئۇچى كۆرۈنمەس ئىدى. لېكىن، W ناھىيەسىدە قىسمەت ئۇنىڭغا تاسادىپىي ھالدا ئامەتنى ئۇچراشتۇردى.

شۇ كۈنى باقەم ئۆزىنىڭ مەزكۇر سەپىرىدىكى تۆتىنچى بېكىتى، ئاخشاملا كېلىپ چۈشكەن W ناھىيەسىنىڭ بارلىق ناھىيە بازارلىرىنىڭكىگە ئوخشاش ئادەم شالاڭ بىر كوچىسىدا شۇ تاپتا نەگە بېرىشىنى، ئىشنى نېمىدىن باشلىشىنى بىلەلمەي، خىيال ئىلكىدە كېتىۋاتاتتى. توساتتىن يېنىدىلا بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

ــ توختاڭا، سىز باقىجانمۇ؟

ئۆز ئىسمىنى ئاڭلاپ باقەم ئەندىككەندەك بولدى ـ يۇ، دەررۇ كۆڭلىنى يىغىپ، بېشىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ ئالدىدا رەتلىك كىيىنگەن، ۋاقىتسىز سەمرىگەن بىر ئادەم تۇراتتى. باقەمنىڭ كۆزلىرى ئۇ كىشىنىڭ كۆكۈچ كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشتى ـ دە، ۋارقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدى. بۇ كۆزلەرنى ئۇ مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايتتى.

ــ سىز... سەن ھەمدەمجانما؟

ــ ۋاي ساۋاقدىشىم، تۇغقىنىم، ئىسىڭ ياخشىكەن جومۇ، مەن شۇ ھەمدەم كۆك كۆزغۇ!

ئىككىيلەن بىر دە سىزلىشىپ، بىر دە سەنلىشىپ بىر ـ بىرگە بىردەم قارىشىپ تۇرۇپ كەتتى ـ دە، كېيىن كوچىدىلا قۇچاقلىشىپ كەتتى. ئۆز زامانىسىدا گوگول[1] نىڭ قەھرىمانلىرى چىچىكوف[2] بىلەن مانىلوف[3] ئەنە شۇنداق تەسىرلىك قۇچاقلاشقانىدى.

قىرىق يىلدىن ئىلگىرىكى ئىشلارنى بىز ۋاقتىنچە بۇ يەردە بايان قىلىپ ئولتۇرمايمىز. ئىككىيلەن ھەمدەمجاننىڭ قورۇسىغا بارغۇچە بىر ـ بىرى بىلەن يىرىم قۇچاقلاشقىنىچە، يەنى ھەر ئىككىسى ئەپلىك بىر قولى بىلەن قارشى تەرەپنىڭ بېلىدىن يانچە قۇچاقلىۋېلىپ، قىزغىن، بىر ـ بىرىگە قوناق بېرىشمەي پاراڭلاشقىنىچە مېڭىشتى.

ھايات شۇنداق، بىر كۈنلىرى كېلىپ، نەدىدۇر بىر يەرلەردە، ئاتام كۆرمىگەن، ئانام كۆرمىگەن، بىر بۇلۇڭ ـ

① گوگول ــ شۆھرەتلىك رۇس يازغۇچىسى ن. ۋ. گوگول.
② چىچىكوف ــ گوگولنىڭ «ئۆلۈك جانلار» رومانىدىكى پېرسوناژ.
③ مانىلوف ــ گوگولنىڭ «ئۆلۈك جانلار» رومانىدىكى پېرسوناژ.

پۇچقاقتا، كۆكلۈك يېرىم ياكى غېرىبسىنغان دەقىقىدە تۇساتتىن بىرەر تونۇش ئادىمىڭ بىلەن تاسادىپىيلا ئۇچرىشىپ قالىسەن ـ دە، خۇشاللىقتىن نېمە قىلىشىڭنى بىلەلمەي كېتىسەن، مۇبادا ئۇ كىشى يۇرتۇڭدا ئېرەنسىزلا سالاملىشىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان ياكى ئەسلا پاراڭلاشمايدىغان ئادەم بولسىمۇ، شۇ پەيتتە سەنمۇ، ئۇمۇ كونا قەدىردانلاردەك كۆرۈشۈپ كېتىسىلەر، دېمىگەن گېپىڭلار قالمايدۇ، گېپىڭلار ھەتتا بىر يەردىن چىقىدۇ. تولا ھاللاردا شۇنداق بولىدۇ. ئىنسان پىسخىكىسى ئەنە شۇنداق.

قىرىق يىلدىن كېيىن تۇيۇقسىز كوچىدا ئۇچرىشىپ قېلىپ بىر ـ بىرىنى تونۇۋېلىشقان، يەنە كېلىپ ھەر ئىككىسى ئۇچۇن ئۆز يۇرتى بولمىغان، بىرسى تىرىكچىلىك غېمى بىلەن يىگىرمە ئىككى يىل مۇقەددەم كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان، يەنە بىرسى بولسا تېخى ئاخشاملا ئۇۋ تىمىسقىلاپ ئۆندەرىگەندەك كېلىپ قالغان W ناھىيەسىنىڭ دەرەخلىك كوچىسىدا بىر ـ بىرىگە قىسمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە تاسادىپىي، تولىمۇ تاسادىپىي دوقۇرۇشۇپ قېلىشقان ۋە شۇ مىنۇتتىن تارتىپ مۇشۇ قىزىقارلىق رومانىنىڭ ئاساسلىق پېرسوناژلىرىغا ئايلانغان بۇ ئىككى شىرەم تۇغقان، كونا ساۋاقداش، ئاق كۆڭۈل، مېھماندوست ھەمدەمجاننىڭ ئىللىق ئۆيىدە، مول نېمەتلىك داستىخان ئۈستىدە مانا ئەمدى بايىقى، كوچىدىكى ھېسسىياتلىرى تېخىچە بېسىلمىغان ھالەتتە ئەسلىمە دەرياسىغا غەرق بولۇشتى.

بولۇپمۇ، ھەمدەمجان تولىمۇ ھاياجانلىق بىر ھالەتتە ئىدى. ئۇنىڭ چىرايلىق خوتۇنى گۈلزىبا ۋە ئۆزلىرى

بىلەن بىللە تۇرىدىغان قېيىنسىڭلىسى گۈلزىيامۇ ھەمدەمجاننىڭ خۇشاللىقىنى كۆرۈپ، ناتونۇش مېھماننىڭ تۇيۇقسىز قەدەم تەشرىپىدىن تەڭلا خۇشال بولۇشۇپ كەتتى. باغلىق كەڭ ھويلا ۋە ياسىداق ئۆيلەردە ئۇلارنىڭ شېرىن خۇش ناۋالىرى، يېقىملىق قەدەم تىۋىشلىرى ئۇزۇلمەي، قورۇ جانلىنىپ كەتتى.

رومانىمىز تېخىمۇ جىددىي بايانغا كىرىشتىن ئىلگىرى بىز ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ھەمدەمجان توغرىسىدا ئاز ـ تولا مەلۇمات بەرگەچ كېتەيلى. باشتا ئېيتقىنىمىزدەك، باقىجان بىلەن ھەمدەمجان بالىلىقىدىن تارتىپ بىر سىنىپتا ئوقۇغان كونا ساۋاقداشلاردىن ئىدى، يەنە شىرەم تۇغقانمۇ كېلەتتى. باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى بىللە ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇلارغا يەنىمۇ داۋاملىق بىللە ئۆرلەپ ئوقۇش نېسىپ بولمىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىكى ئاشۇ ئۇن يىللىق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئۇلارنىڭ بىرىنى «قىزىل ئاۋانگارتلار» ئەترىتىنىڭ تەنتەك چاپارمىنىگە، يەنە بىرىنى بولسا جىنى مىختەك چىڭ، پىششىق باققالغا ئايلاندۇردى. ھەمدەمجاننىڭ دادىسى كونا باققال ئىدى ھەمدە ئاشۇ شەھەرنىڭ ئالما بازىرى[1] مەھەللىسىدە باققالچىلىق دۇكىنى بار ئىدى. ئاللەم ئىسىملىك بۇ باققال ئەسلىدە تۆت قىزنىڭ ئارىسىدىكى بىر تال ئوغلى ھەمدەمنى ھەرقانچە جاپا تارتىسىمۇ ئالىي مەكتەپكىچە ئوقۇتۇپ، ئۆزى يېتەلمىگەن ئارمان ۋە بەختكە ئوغلىنى

① ئالما بازىرى ــ غۇلجا شەھىرىدىكى كونا بىر مەھەللە، مېۋە ـ چىۋە بازىرى.

يەتكۈزمەكنى كۆڭلىگە پۈككەندى. لېكىن، «ھېلىقى ئىنقىلاب» ئۇنى ئارزۇسىغا يەتكۈزمىدى. يېرىم يولدا ئوقۇشتىن توختاپ قالغان ھەمدەمجان ئاتىسىنىڭ باققالچىلىق دۇكىنىغا قايتىپ كەلدى. بۇ چاغلاردا جاھان مالىمانچىلىق ئىچىدە ئىدى ... ماللارنىڭ ... شۆھرىتى، ئاۋاتلىقىمۇ ئۆچۈشكە باشلىغانىدى، ھەر سەھەردە شەھەرنىڭ تۆت پۈچمىقىدىن ۋە سەھرا ــ سەھرالاردىن كېلىپ يىغىلىدىغان رەڭگارەڭ، شېرىن مېۋىلەر، ساددا، ئىنسابلىق باغۋەن، تىنىمسىز باققال، ئۆيىقۇچان خېرىدارلار ئەمدىلىكتە زەيكەش چېپىلغان سازلىقنىڭ سۈيىدەك سوغۇلغانىدى. ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى دۇكىنى تاقىلىپ قالغان ئاللەم ئاكا «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك جاھان خاپىچىلىقى تۈپەيلى ــ يۈرەك كېسىلىنىڭ دەستىدىن ئىش ــ ئوقەتتىنمۇ بارا ــ بارا قېلىپ قالدى. شۇ بىر قاتار سەۋەبتىن ئىلگىرىكى ئارزۇلۇق بىر تال ئوغلى ھەمدەمجان ئەمدىلىكتە سېۋەت كۆتۈرۈپ باققالچىلىق قىلىپ، ئائىلىسىنىڭ بىردىنبىر تۈۋرۈكى بولۇپ قالدى. تەلەيگە يارىشا ئۇ ناھايىتى ئەقىل ــ ھوشلۇق، دىتلىق، كۆڭلى يۇمشاق بالا بولۇپ چىقتى. ئاتا ــ ئانىسىغا بېغىر باستى، ئىش ــ ئوقىتى ئازغىنا بولسىمۇ يۈرۈشۈپ تۇردى... يىللار شۇنداق ئۆتتۈۋەردى. بالىچاقىلار يىغلاپ ــ قاقشاپ ئاۋۋال جاپاكەش ئاتىنى، كېيىن كۆيۈمچان ئانىنى ئىنسانلارنىڭ ئاخىرقى قارارگاھىغا ئۇزاتتى. تۆت قىزمۇ چىراي ۋە ئەقىللىرى بىلەن مەھەللە ــ كويغا مەلۇملۇق بولغاچقا، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇچۇرما بولۇپ، يېقىن ئەتراپلاردا ئۇۋا سېلىشتى، تۆتىلا قىز قېرىندىشى ھەمدەمجاننى ۋاي

دەيتتى. ئالدىغا ئۇچرىغان ئىش ـ ئوقەتنى قىلىپ، ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇپ چوڭ بولغان ھەمدەمجان تەقدىرنىڭ يازمىشى شۇ بولسا كېرەك، بىر كۈنلىرى كېلىپ مەھەللىداش بىر ئاغىنىسىنىڭ دالالىتى بىلەن W ناھىيەسىدىكى بىر ياغاچ زاۋۇتىدا ئىشلەش ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىسى كۆرمىگەن مۇشۇ دىيارغا چىقتى. بەش يىل ياغاچ زاۋۇتىدا ئىشلىدى، زاۋۇت تاقالغاندىن كېيىن باشقا يەردە ئىشلىدى. ئۇنىڭ بۇ ھاۋاسى ساپ، توقچىلىق پۇراپ تۇرىدىغان تاغلىق ناھىيەگە مېھرى چۈشۈپ قالغانىدى. كېيىنچە بولسا چىرايلىقىنا قىز گۈلزىبا پەيدا بولدى... بايانىمىزنىڭ ئاخىرىنى ئەقىللىك ئوقۇرمەنلىرىمىز پەرەز قىلىپ بولغان بولسا كېرەك!

گۈلزىبا بىلەن ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇپ، W ناھىيەسىنىڭ مەركىزىي كوچىلىرىنىڭ بىرىدە كېلىشتۈرۈپ قورۇ ـ جاي سالغاندىن كېيىن ھەمدەمجان سېپى ئۆزىدىن مۇشۇ يەرلىك بولۇپ كەتتى. باللىق چېغىدىن تارتىپ ئۆزىگە ھەمراھ بولغان چېچەنلىكى، ئاق كۆڭۈللۈكى ئۇنىڭ پۇلىنى ھەم دوستىنى ئاۋۇتتى. ئىككى يىل ئىلگىرى ئۇ ئەۋزەل سىياسەتنىڭ تۈرتكىسىدىن مەدەتلىنىپ ئۆزى ئۇزاقتىن بېرى چاملاپ كېلىۋاتقان، W ناھىيەسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان بىر ئىشنى تەۋرەتتى، يەنى مۇسەللەس زاۋۇتى قۇردى. مەبلىغى يەتمىۋىدى يەرلىك ھۆكۈمەت ئۇنىڭ غەيرىتىنى قوللاپ تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرزمۇ بەردى. ئەللىك نەچچە ئادەم ئەمدى ھەمدەمجاننى «زاۋۇت باشلىقى» دەپ چاقىرىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

مېھمىنىمىزغا ئۇچراپ قالغان كۈنى ھەمدەمجان

زاۋۇتنىڭ يېڭى ئىشلەنگەن، ئامباردا تۇرۇپ قالغان مەھسۇلاتىنى تېزرەك قولدىن چىقىرىۋېتىش كويىدا بىرنەچچە تاللا بازار غوجايىنلىرى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كېتىۋاتاتتى. بالىلىقتىكى ساۋاقدىشىنى چۈش كۆرگەندەكلا بىر سىياقتا ئۇچرىتىپ قېلىش، ئۇنىڭ ئەسلىي مەقسىتىنى ئۇنتۇلدۇرۇۋەتتى. مىجەزىگە يارىشا، ھەمدەمجان ئاسان ھاياجانلىناتتى. پىشقان تىجارەتچى بولۇپ يېتىشكەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ بۇ مىجەزى ئۆزگەرمىدى. شۇنىڭغا قارىغاندا ئىنسان تەبىئىتى ھەمىلا چاغدا ھاياتنىڭ ئىسسىق - سوغۇقلىرى تۈپەيلىدىن ئۆزگىرىۋەرمىسە كېرەك.

بىز قەھرىمانىمىز باقەم شائىرنى خېلى ئۇزاق ئۇنتۇپ قالدۇقمۇ دەيمەن؟ بىراق، شۇ تاپتا ئۇ بىزنىڭ بۇ سەۋەنلىكىمىزدىن قىلچىمۇ رەنجىمەستىن، ھەمدەمجاننىڭ ئايالى ۋە قېيىنسىڭلىسى قول - قولچە راسلىغان مول نازۇنېمەتلىك داستىخاندا، ئوتقاشتەك گىلەم ئۈستىگە قويۇلۇپ، رەڭدار كەشتىلىك داستىخان يېپىلغان دۈگىلەك شىرەنىڭ قاق تۆرىدە سەپەر مۇساپىرچىلىقلىرىنى تامامەن يادىدىن چىقىرىپ قاڭقىيىپ ئولتۇراتتى. شىرەدىن ھېلىدىن - ھېلىغا ئۇرۇن ئېلىۋاتقان يېمەكلىكلەر ئۇنىڭ ئىشتىھاسىنى تېنماي غىدىقلىسا، كۈمۈش پەتنۇستا شۇ نېمەتلەرنى پات - پاتلا سارايغا ئەكىرىپ تۇرۇۋاتقان، بەك چىرايلىق دەپ كەتكىلى بولمىسىمۇ ئەزايى - بەدىنىدىن ياشلىق جىلۋىسى بەرق ئۇرۇپ تۇرغان گۈلزىيانىڭ سىياقى كۆڭلىدە ھېلىتىنلا بىر يوشۇرۇن تۈيغۇنى قوزغاشقا باشلىغانىدى، ھەدىسىغۇ تېخىمۇ شۇنداق!

ــ بەك خۇشال بولدۇم!ــ ھەمدەمجان ئاق كۆكۈلـلـۈك چىقىپ تۇرغان خۇشكۇلۇم كۆكۈچ كۆزلىرىنى مېھمىنى باقەمگە تىككىنىچە باياتىن نەچچە قېتىم ئېيتقان گېپىنى يەنە تەكرارلىدى. ئۇنىڭ قولىدا بىر شىشە قىزغۇچ مۇسەللەس تاۋلىنىپ تۇراتتى. باياتىن بېرى داستىخاندا كەم نەرسە پەقەت شۇلا ئىدى. شىشىنى كۆرۈپ باقەم شائىرنىڭ كۆزلىرىمۇ چاقناپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇ دەل شۇنى خالاپ تۇراتتى.

ــ تېتىپ باقامسىز، ئاداش، ئۆزىمىزنىڭ مەھسۇلاتى، باش بۇرنى دەڭە! بىز سىزلىشىۋېرەيلىلا ــ ھە!ــ ھەمدەمجان ئىلتىپاتلىق ئاھاڭدا مېھمىنىغا خىتاب قىلدى،ــ مەن ئۆزۈمغۇ بۇنى ئۆزىمىز ئىشلىگەن بىلەن ئانچە ئىچىپ كەتمەيمەن!

ــ مەنمۇ شۇ،ــ دېدى باقەم ئۇلاپلا، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ گېپى قىپقىزىل يالغان ئىدى. «شائىرلار ساتىراشخانىسى»دىكى مەستلىكلىرى، توخۇ قورۇمىخانىسىدىكى شاتراقلىقلىرى بۇنىڭ دەلىلى ئىدى.

ھاراق قەلبلەرنىڭ ئاچقۇچى دېگەن گەپنى يا مەستلەر، يا شائىرلار ئېيتقان، ئىككىلا تەخمىن باقەمنىڭ مىجەزىگە باب كېلەتتى. يېرىم سائەتتىن كېيىن باقەم ياسىداق مېھمانسارايدا سۆزمەنلىكىنى باشلىدى. ھەمدەمجان بىر خىللا كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرۇپ، باقەمنىڭ ئالدىدا زادىلا توختاپ قالمايدىغان پىيالىنى پات ــ پاتلا تولدۇرغىنىچە نەچچە ئون يىل كۆرۈشمىگەن، بىرچاغلاردا سىنىپىنىڭ قاسا ــ ۋاساسى سانىلىدىغان، رېزىنكە بەللىك شارابار ئىشتىنىنىڭ ئىچىگە قۇشقاچ سولاپ كېلىپ، تەنەپپۇس ئارىلىقلىرىدا

قىزلارنى قورقۇتۇپ ئوينايدىغان بۇ ساۋاقداشنىڭ گەپلىرىگە خىرىلداپ كۈلگىنىچە راھەتلىنىپ ئولتۇراتتى.

بىر شىشە تۈگەپ، ئىككىنچىسى باشلانغاندا باقەم گەپنى شېئىرغا يۆتكىدى. ئۇ ساھىبخانىغا ئىككى پىيالە مۇسەللەس قۇيدۇرۇپ، ئىككى قولىدا تەڭ كۆتۈرگىنىچە سەل دەلدەڭشىپ جايىدىن تۇردى ـ دە، ھەمدەمجانغا قاراپ ھېلىلا كۆڭلىدە تىزىلىۋالغان شېئىرنى ئوقۇدى:

*كۆرۈشمەيتتۇق ئۇزاقتىن،*
*مانا ئەمدى كۆرۈشتۇق.*
*ئاتام ـ ئانام كۆرمىگەن،*
*يەردە ئۆلپەت بولۇشتۇق.*
*ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ،*
*تازا خۇشال بولۇشتۇق...*

ــ ياشاڭ، ئاداش، شائىر بولۇپ كېتىپسىز ـ ھە، ــ ھەمدەمجان خۇشال بولۇپ كەتتى، ــ راستىنىلا، مەكتەپتىمۇ شۇنداقتىڭىز، «پارتا»غا «قارتا»نى، «دوسكا»غا «كاسكا»نى قوشۇپلا ئولتۇراتتىڭىز، ھېلىقى ئابلىمىت كاسكا ئاغزىنى بۇزۇپلا تىللاپ كېتەتتى...

ھەمدەمجان ھاياجانلىنىپ بالىلىقتىكى خاتىرىلەرنى بىر باشتىن چۇۋۇدى ۋە باقەم تۇتقان مۇسەللەسنى ئىككىگە بۆلۈپ ئىچتى. گەپتىن گەپ ئېچىپ، ئىككى ئاغىنە تاڭ مەھەلگىچە ئەسلىمىلەر قايىنىمىغا چۆمۈپ، سىردىشىپ ئولتۇردى. باقەم شائىر بۇ ئاخشام ئىچكەنسېرى ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ، دۇنيانى ئۇنتۇپلا

كەتتى. لېكىن، بىرنەرسە ئۇنىڭ خىيالىدا توغرا ياغاچتەك تۇرۇۋېلىۋالغاندى، شۇ سەۋەب بىلەن ئۇ قىستىمىغان ھاجىتىنى باھانىداپ ھويلىغا نەچچە قېتىم چىقىپ كەلدى. بىراق، ھويلىدىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ دېرىزىلىرى قاراڭغۇ ئىدى.

بۇ ھەقتە بىر شائىر مۇنداق بىر ھەزىل يازغانىكەن:

*بۇ مېنىڭ ئەخمەقلىقىمدىن،*
*يار باقمايدۇ ماڭا.*
*مىسلىسىز ياخشىلىقىمدىن،*
*يار باقمايدۇ ماڭا.*
*بىر قاراپ قويغانغا ئاھ دەپ،*
*يۆرىكىم موياڭ سوقۇپ.*
*لەيلىگەن شاتىراقلىقىمدىن،*
*يار باقمايدۇ ماڭا.*

ۋاھالەنكى، باقەمنىڭ ئىسكىلاتچىلىقتىن ئەدەبىيات ــ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ خادىملىقىغىچە بولغان ھاياتىدا ئىشق ــ مۇھەببەت بابىدا پەيلىنىڭ بۇزۇلۇشى مۇشۇ بىرىنچى قېتىم ئەمەس ئىدى. بەلكىم ئايرىم ئوقۇرمەنلىرىمىز يۇقىرىقى شېئىرنى بىمەھەل، سەل بالدۇر مىسال كەلتۈرۈپ قويدى دەپ مۇئەللىپنى ئەيىبلىشەر، بولغۇسى قىزىقچىلىقلاردىن ئالدىنئالا بېشارەت بېرىپ قويۇشمۇ كىتاب ئوقۇشقا ئەمدىلەتىن قىزىقىپ، كىرىشىپ كېلىۋاتقان نۇرغۇن بۇرادەرلىرىمىزنىڭ بۇ قىسسىنى ئاخىرىغىچە ئوقۇپ چىقىشىغا سەۋەب بولۇپ قالار.

مۇسەللەسنى ئانچە كۆپ ئىچىپ كەتمىگەن ھەمدەمجان ئەزىز مېھمىنىنى تاڭ يورۇي دېگەندە ھويلىدىن، ئالما دەرىخى تۈۋىدە ئۇخلاپ ياتقان يېرىدىن يېتىلەپ ياندۇرۇپ كىردى. ساھىبخانا ئۆزى كۆپ ئىچمىسىمۇ سورۇن كۆرگەن، مېھماندوست، قورسىقى كەڭ يىگىت ئىدى. باقەمنىڭ تالاغا تولا چىقىشى، ئاخىرى ھويلىدىلا ئۇخلاپ قېلىشىمۇ ئۇنىڭغا تەبىئىي، ھەتتا قىزىقارلىق تۇيۇلدى. «باقەمجان مۇسەللەسنى كۆپ ئىچىۋالدى، ــ دەپ ئويلىدى ئۇ، ــ شائىر ئىكەن ئەمەسمۇ، شائىرلار ھاراقنى سۇدەك ئىچىدۇ دەپ ئاڭلىۋىدىم، راست ئىكەن ـ دە، بولمىسا شېئىرنى قانداق يازىدۇ! قىزىق، ‹دوسكا›غا ‹كاسكا›نى قاپىيە قىلىپ يۇرگەندىلا بۇ ئاغىنەمنىڭ قورسىقىدا خېلى ئۇمىچى بار ئىكەندۇق ـ دە. تېخى شائىرلار ئىدارىسىدە خىزمەت قىلىمەن دەۋاتامدۇ، ئۇنداق ـ مۇنداق شائىرلارنى ئالمايدۇ ـ دە ئۇنداق يەرگە، ياخشىراق كۇتەي، ھاجىتىم بار دېدىغۇ، ئەتە سەگىگەندە ئولتۇرۇپ گېپىنى ئاڭلاپ، قولۇمدىن كېلىشىچە ياردىمىم بولسا قىلاي، ئەڭ مۇھىمى، ‹ئاتا كۆرگەن، ئانا كۆرگەن› دېگەندەك، بالىلىقتا تال چىۋىقنى بىللە ئات قىلىپ مىنگەن تەڭتۇشۇم، تۇغقىنىم، ساۋاقدىشىم ئەمەسمۇ! توۋا دەيمەن، ئىككىمىزنىڭ شۇنچە يىللار ئۆتۈپ مەشەدە كۆرۈشۈپ قالغىنىمىزنى قارىمامدىغان!...» ھەمدەمجان ئايالى ئالدىنئالا ھۇجرىغا قاتار قىلىپ سېلىپ قويغان ئورۇننىڭ بىرىدە ئوڭدىسىغا يېتىپ، قاراڭغۇدا تورۇسقا تىكىلگىنىچە ئەنە شۇلارنى ئويلايتتى. ئۇنىڭ يېنىدىكى ئورۇندا كىيىم ـ پېيىملىرى بىلەنلا ياتقان مەست ـ ئەلەس باقەم شائىر دۇنيادىن بىخەۋەر ھالدا خورەك تارتماقتا ئىدى.

ئەتىسى باقەم خورىكىنى چۈشكىچە داۋاملاشتۇردى. مېھمانىنىڭ ئۆيقۇسىنى بۇزماي دېگەن ھەمدەمجان ئۆتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئۆيدىن چىقىۋالدى. چېيىنى ئىچىپ، ھويلىدىكى بىرمۇنچە ئىشلارنى جاي ـ جايىدا قىلىپ، تۈنۈگۈن چالا قالغان ئىشنى تۈگىتىپلا كېلەي دەپ، تالاغا چىقىپ كەتتى.

پاكىزغىنا ئاشخانا ئۆيدە ھەدە ـ سىڭىل گۈلزىبا بىلەن گۈلزىيا چۈشلۈك غىزانىڭ تەييارلىقىنى قىلغاچ، مېھمانىنىڭ پارىڭىنى قىلىشماقتا ئىدى.

ــ ئاكاڭ خويمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى،ــ دېدى گۈلزىبا چاقچاقانغىنا تەڭىنىدە خېمىر يۇغۇرغاچ،ــ ئاسانمۇ، بالا ۋاقتىدىكى ساۋاقدىشى ھەم ئاغىنىسى ئىكەن، تۇغقان كېلىدىكەن تېخى! توۋا، قىرىق يىلدىن ئىلگىرىكى ـ ھە! ئۆمۈر دېگەنمۇ ئۆتىۋېرىدىكەن...

ــ ھەمدەمكام زادى مېھماندوست،ــ دېدى گۈلزىيا ئاخشامقى بىر توقاي قاچا ـ قومۇچنى غۇچۇرلىتىپ يۇغاچ،ــ ئۆيگە مېھمان كەلسە ئۆپكىسىنى قېقىپلا كېتىدۇ، قىلارغا قىلىق تاپالماي!

سەلدىن كېيىن قىز خىيال ئارىلاش دىسىقىنى بوش قېقىپ قويۇپ، ئۆزىچە:

ــ ئەجەب... كۆزى يامان ئادەمغۇ،ــ دەپ قويدى دومسايغاندەك قىياپەتتە.

ئالتە ياشلىق بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ قالغىنىغا قارىماي تال چىۋىقتەك زىلۋالىقىنى يوقاتمىغان ھەدىسى خېمىر يۇغۇرۇشتىن توختاپ بىرنېمە دېمەكچى بولدى ـ يۇ، كېيىن كۈلۈمسىرەپ يەنە ئىشىنى داۋام قىلىۋەردى.

بۇ چاغدا بېشى بوش تۈگۈدەك داراڭشىپ قالغان،

چاڭقىغىنىدىن نەپىسىمۇ قىسىلغان باقەم گاراڭ ھالدا، خىيال ئىلكىدە پۇشۇلدىغىنىچە ماموق تەكىيە، شايى يوتقانلارنىڭ ئۈستىدە ئىغىناپ ياتاتتى. ئاخشامقى ئىشلار كاللىسىدىن كىنو لېنتىسىدەك بىر چەتتىن لىپىلداپ ئۆتمەكتە ئىدى.

«تىوۋا، — دەپ ئويلايتتى ئۇ گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكلىرىنى تىلى بىلەن ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ يالىغىنىچە، — مۇنۇ ھەمدەم يۇمۇقنى قارا، بىرچاغلاردا كىم گەپ قىلسا شۇنىڭغا ھىجىيىپ قاراپلا تۇرىدىغان بىرنېمە ئىدى، نەلەردىن يول، نېمە ئىشلار بىلەن پۇل تېپىپ شۇنچە ھاللىنىپ كەتكەندۇ؟ قەيەرلەردىن ئاشۇنداق جانان خوتۇننى تېپىۋالغىنىنى بىر ئۆزى، بىر خۇدا بىلىدۇ دېسەڭە! تېخى خوتۇنىنىڭ بىلىقتەك سىڭلىسىنى ئۆيىدە تۇرغۇزىدىكەن دېسە، ئەتىسى - ئاخشىمى يالاڭ پاچاقلىرىغا مۇنداق قارىۋالسىمۇ بىرگە ھېساب دەڭلار! كاساپەت تاق بىزدەك مۇھەببەتلىك شائىرلارغا لايىقلا بالا ئىكەندۇق. خەپ، خەپ، خوتۇن تېپىلمىغاندەك ئاشۇ تومپاي ‹ئېيىقگۈل›نى ئالدىراپ - تېنەپ ئېلىۋالغىنىمنى كۆرمەمدىغان! (باقەم بىرچاغلاردا ئۆزى ئايالىنىڭ كەينىدە كەربالانىڭ ئىتىدەك پايپاسلاپ يۈرگىنىنى، تۇمارچە پۈكلەنگەن مۇھەببەت خەتلىرىنى ساماندەك يازغىنىنى شۇ تاپتا ئېسىگە مۇتلەق ئالمىدى) خەپ، ئەمدى مانا باشقىدىن ياشىغىلى بولسا - ھە!...»

باقەم شائىر سالقىن ھۇجرا، ئېسىل ئورۇندا ھېكىمبەگ غوجامنىڭ بالىسىدەك كېرىلىپ يېتىپ، ئەنە شۇ تەرىقىدىكى تېتىقسىز خىياللارنى ھەسەتكە تولغان كۆڭلىدە تاسقاپ چىقتى. بىر تۇرۇپ ئۆزىنىڭ W

ناھىيەسىگە كېلىشتىكى مەقسەت ـ مۇددىئاسىنىمۇ يادىغا ئالدى، پايدا دېسە ئۆيى قايدا دەيدىغان باقەم ھەرھالدا پىشىپ كەتكەن ياش دىرېكتوردىن خېلى ساۋات ئېلىپ ئۈلگۈرگەنىدى. ئۇنىڭ بۇ يەردە نېمىنى بىرىنچى، نېمىنى ئىككىنچى ھەل قىلىدىغان نىشان دەپ بېكىتىشىمۇ ئەمدى ئوقۇرمەنلىرىمىزگە سىر ئەمەس ئىدى.

«ئاڭلاپ تۇر، باقى ئىسلام!ــ دەپ ئۆزىگە خىتاب قىلدى باقەم سالقىن، گىرىمسەن خانىدا ئۆزى تەنھا باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ،ــ خىزمەتنىمۇ پۇتكۈزىسەن، ئىشق ـ مۇھەببەتنىمۇ ھەم. خىزمەت دېگەن ئۆز يولى بىلەن پۇتۇۋېرىدۇ، پونى قانچىلىك ئاتالىساڭ شۇنچىلىك ئېتىۋېرىسەن. ئوتتۇز مىڭ يۈەن قولۇڭغا كىرسە، شىركەتتە ئوشۇقۇڭ ئالچۇ، مۇئاۋىن دىرېكتور بولغىنىڭ بولغان. ئايالنىما ئورۇندۇق قالتىس جۇمۇ! (باقەم شايى يوتقانىنىڭ ئۇستىدە كاسىسىنى تولغاپ يېرىم پىرقىراپ قويدى) ئەمدى، مۇھەببەت مەسىلىسىگە كەلسەك، ھەمدەم يۇمۇققا دەيدىغىنىڭ بىرلا گەپ ــ خوتۇنۇم رەھمەتلىك بولۇپ كەتكەن! بالىلارچۇ؟ ھە، ئۇلار قېيىنئانامنىڭ يېنىدا... ئىشقىلىپ، ھەر ئىككىلا ئىشىم مۇشۇ سادىغاڭ كېتەي W ناھىيەسىدە، ئاغىنەم ھەمدەمنىڭ ئۆيىدە پۇتىدۇ. ماڭا نەگە بارساممۇ ئەمدى ھەمدەم يۇمۇقتەك ياخشى ئولجا ئۇچرىمايدۇ. ياتقىن، باقەم شائىر، ھېسام ئېيتقاندەك يەيدىغان، ئىچىدىغان يەرنى تاپتىڭ، مىدىرلىماي ياتقىن!»

باقەم شائىر شائىرانە مونولوگىدىن ئۆزى بۆلەكچە خۇش بولۇپ ئادەمسىز ھۇجرىدا بىر زامانلاردا چىچكوف

خوشلۇقىدا قىلغانلىدەك بىرمۇنچە شاتىرما قىلىقلارنى قىلىۋەتتى. پەرقى شۇكى، چىچىكوفنىڭ ھەپىلەشكىنى تامامەن ئۆلۈك جانلار، باقەمنىڭ بولسا تىرىك جانلار ئىدى.

باقەم شۇ تۇرغىنىچە بۇ مېھرى ئىسسىق ھويلىدا بىمالال ھالدا خېلىغىچە تۇرۇپ قالدى. ھەمدەمجان سۆھبەتلەر ئارىسىدا باقەمنىڭ شۇ ئاي، شۇ كۈنلەردە تازا مودا بولۇۋاتقان مەھسۇلات ئېلانچىلىقى ئارقىلىق ئىشلىرىنى ئىلگىرىلىتىش، پايدا ۋە شۆھرىتىنى زورايتىش ھەققىدە بەرگەن تەكلىپىگە ئالايتەنلا قىزىقىپ قالدى. نەق ـ نېسى بولۇپ بەش يۈز مىڭ يۈەنچە مەبلەغ سېلىنغان بۇ زاۋۇتنى ئىلگىرى سۈرگۈزۈپ باشقۇرۇش ئۇنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى ئىدى. ئۆزىمۇ خېلىدىن بېرى تېلېۋىزوردىكى بىرىدىن بىرى دەبدەبىلىك ئېلانلارنى كۆرۈپ، ئىچى قىزىپ يۈرەتتى. مانا ئەمدى بالىلىقتىكى ساۋاقدىشى، ھازىرقى شائىر، يەنە «مۇئاۋىن دىرېكتور» تەلىپىگە ئۆز ئايىغى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى. باقەمنىڭ دېيىشىچە ئوتتۇز مىڭ سوم خەجلىسىلا مۇسەللىسگە خەلقئارالىق ئالتۇن مۇكاپاتنى سېتىۋالغىلى بولىدىكەن. ھازىر تېلېۋىزوردا داڭقى ئاسمانغا چىقىۋاتقان مەھسۇلاتلارنىڭ تولىسى ئېلان ئارقىلىق تونۇلغانىمىش.

«جەڭنىڭ بىرى جەڭ، توققۇزى رەڭ»، ئاداش، ـــ دېگەنىدى باقەم ھەمدەمجانغا، ـــ قېيىقىڭنى سۇنىڭ ئېقىشىغا قويۇپ بەرسەڭ ئىش تاڭ ئاتمايدۇ. رىقابەت دەۋرى بۇ! سەن تەدبىر كۆرمىسەڭ، ئۆزۈڭ دېگەن ھېلىقى رەقىبىڭ چارە ـ تەدبىر ئىشلىتىدۇ... راستىنىلا، مۇسەللىسىڭنىڭ ماركىسى نېمە ئىدى؟»

«مەرۋايىت، ساپ مۇسەللىسى.»

«ھەببەللى، مەرۋايىتنىڭ چاقنايدىغان ۋاقتى ئەمدى كەلدى، بۇرادەر، سۈپەتنىمۇ چىڭ تۇت، ئابرۇيىنىمۇ يانداپ تىكلە، تۇغقىنىم، ئىككى قولدا چىڭ تۇتۇش دېگەن مانا شۇ!»

ئاق كۆڭۈل ھەمدەمجان باقىجاننىڭ كۆيۈپ ـ پىشىپ بېرىۋاتقان غەمخورانە مەسلىھەتلىرىدىن بەكمۇ تەسىرلەندى. جاھاننىڭ رەپتارىنى ئۇمۇ بىلەتتى. سەۋەب قىلمىسا سېۋەتتە سۇ توختايتتىمۇ؟ نەچچە كۈن ئويلاپ ئاخىرى ئۇ باقەمنىڭ تەكلىپىگە ماقۇل دېمەكچى بولدى. مەيلىغۇ، بەش يۈز مىڭ يۈەنلىك كېمىنى ئوتتۇز مىڭ يۈەنلىك پالاق بىلەن سىلجىتسا ئەرزىيدۇ ئەمەسمۇ! ئۇنىڭسىزمۇ ھازىر مۇسەللەس زاۋۇتلىرى تولا، ئوزۇپ چىقىپ كېتىۋاتقانلىرى بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا بولۇۋاتامدۇ. تەۋەككۇل قىلىش كېرەك، قولنى كەسمىگۈچە قان چىقمايدۇ.

شۇ قارارغا كەلگەندىن كېيىن ھەمدەمجان ئۆزىمۇ خاتىرجەم بولدى، باقەم ساۋاقدىشىنىمۇ خۇشال قىلىۋەتتى. قۇۋۇلۇقتا خېلى پىشىپ ئۇلگۇرگەن باقەم خۇشاللىقىنى زورىغا بېسىپ، ھەمدەمجاننىڭ ئالدىدا بىردە زىيان تارتقان سودىگەرنىڭ، يەنە بىردە بولسا خالىس شەپقەتچىنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋالدى، لېكىن كۆڭلىدە ناغرا ـ دۇمباق چېلىپ، سۇناي تارتماقتا ئىدى. ۋارقىرىغۇسى، ئۇيان ـ بۇيانغا چاپقۇسى كېلەتتى. ئارىلىقتا غىپپىدە كوچىغا چىقىپ «پۇقرالار پاراڭلىشىشخانىسى» دېگەن غەلىتىلا ۋىۋىسكا ئېسىلغان ئاممىۋى تېلېفونخانىغا كىرىپ، خۇش خەۋەرنى

دىرېكتورغا يەتكۈزۈپ، تازىمۇ كاتتا ماختاش ئالغان بولدى. ئوتتۇز مىڭ يۈەنلىك دېگەن ئۇ زامانلاردا ئاز پۇل ئەمەس ئىدى. دىرېكتور خۇشاللىقىدا باقەمگە ھېلىقى ئەمەل ۋەدىسىنى يەنە بىر قېتىم قېقىتىپ بايان قىلدى.

مەلۇم كاتتا باشلىق ۋە بىر لىدىر ئاغىنىسى ئارقىلىق خەلقئارالىق ئالتۇن مۇكاپاتنى دەرھال ئەمەلىيلەشتۈرىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدىمۇ بەردى، خۇش خەۋەرنى ھەمدەمجان بىلەن ھەمدەملىشىپ كۈتۈۋېرىشنى ئېيتتى. باقەم مەزكۇر خۇش خەۋەرنى كېچىكمەيلا، يەنە بىر قېتىملىق ئۈلپەتچىلىكتە زاۋۇت باشلىقىغا يەتكۈزدى. ئىشلارنىڭ بۇنچە تېز ئىلگىرى كېتىۋاتقانلىقىدىن خۇشاللانغان ھەمدەمجان بۇ كۈنى خېلىلا جىق ئىچىپ قويدى. ھېلىقى ئوتتۇز مىڭ يۈەننىڭ يېرىمىنى ئاغزاكى توختامغا ئاساسەن قولى ئوچۇق، ساددا، مۇھىمى، گېپىدە تۇرىدىغان ھەمدەمجاندىن نەق ساناپ، ئاسانلا ئالغان باقەم پۇلنى ئەتىسىلا شىركەتكە سېلىۋەتتى. قالغان يېرىمىنى ھەمدەمجان خەلقئارالىق مۇكاپات قولغا تەگكەن كۈنى نەق تاپشۇرىدىغانغا لەۋزە قىلغانىدى.

بۇ كۈنلەردە باقەم شائىر ھەمدەم ئائىلىسىنىڭ ئەتىۋارلىق مېھمىنى ئىدى. ئېرىنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى زاۋۇتنىڭ ئىشلىرىنى كۆڭۈلدىكىدەك يۈرگۈزەلمەي جىلە بولۇپ يۈرگىنىدىن ئىچى سىقىلىپ يۈرگەن گۈلزىبا مېھماننىڭ كېلىشى بىلەن ئىشلارنىڭ ئوڭشىلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ھەممىدىن بەكرەك خۇشال بولدى. مەززىلىك تائاملار، ئىلتىپاتلىق سۆزلەر بىلەن باقمجاننى قىزغىن كۈتتى. نۆۋىتىدە بۇ خۇشاللىق گۈلزىياغىمۇ تەسىر قىلماي قالمىدى. ئۇمۇ شېرىن

تەبەسسۇمى بىلەن باقەمگە «باقىجان ئاكا» دەپ مۇراجىئەت قىلاتتى، بىراق شۇنداق دەملەردە باقەمنىڭ ئىچ ـ باغرىنىڭ ئۆرتىلىپ كېتىدىغانلىقىدىن ئۇ بىخەۋەر ئىدى. ھەمدەمجاننىڭ ئالتە ياشلىق ئوماق ئوغلىمۇ ئەمدى باقەمنى كۆرسە ئالدىغا ئىتتىك يۈگۈرۈپ كېلەتتى. چۈنكى، ئۇ مېھماندىن كۈنىگە بىر ـ ئىككى قېتىم بازارلىق ئېلىپ تۇراتتى.

«يولى كەلگەن يىگىتنىڭ يەڭگىسى ئالدىغا چىقار» دېگەندەك، باقەمنىڭ چېچەكى ھە دېگەندىلا چاي بولۇپ، ئانچە ھەرەج تارتمايلا چوڭ ئىشى ھەل بولۇپ قالدى. ئۆزىنىڭ پىلانى بويىچە ئېيتقاندا بىرىنچى پىلانى غەلىبىلىك ئادا بولدى. ئىككىنچى پىلانى قانداق بولىدۇ؟ تەخىرسىز ئوقۇرمەنلىرىمىز بۇ تەپسىلاتتىن كېيىنكى بابتا خەۋەر تاپىدۇ.

# بەشىنچى باب

ئىنسان بالىسى تۇغۇلۇپ تاكى ئۆلگۈچە ئاجايىپ قىسمەتلەرگە دۇچ كېلىدۇ. بەزىلەر باشقىلارنىڭ غەم ــ قايغۇسىغا شېرىكلىشىپ، ئۇلارغا چىن دىلىدىن ھەمكارلىشىشتىن خۇشاللىق تاپىدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا، باشقىلارنىڭ زىيان تارتىشىدىن ھايان ئالالىسا، خەقنىڭ كۆز يېشىدىن كۈلكە تاپالىسا ئۆزىنى بەختلىك ھېسابلايدۇ. نادانلاردىن تادانلار تولا بۈگۈنكى زاماندا گاھىدا توغرا ئىش بىلەن ھايات كەچۈرىدىغانلار ھاماقەت سانىلىپمۇ قالىدۇ. كىچىكىدىن قېقىلىپ ــ سوقۇلۇپ تۇرمۇش كەچۈرگەن باقى ئىسلامنىڭ مىجەزىگىمۇ ئاجايىپ غەلىتىلىكلەر ئۆزلىشىپ قالغان بولۇپ، ئۇن يىللىق مالىمانچىلىق ھەرىكەتنىڭ غەلدى ــ غەشلىرى بۇ غەلىتىلىكلەرنى بەتتەر كۈچەيتىۋەتكەندى. ئالدىنقى بابلار ئارقىلىق بىز باقىمنىڭ ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان ئىشلىرىدىن ئاز ــ تولا خەۋەردار بولدۇق. ۋاھالەنكى، باقىمنىڭ ئۆزىگە بولسا بۇ قىلىقلىرى ئىنتايىن نورمال ھەرىكەت بولۇپ تۇيۇلاتتى، «كۆرگەن كۆرگەننى قىلار، كۆرمىگەن نېمىنى قىلار» دېگەندەك، نۆۋىتىدە باقەم شائىر تېخى باشقىلارنىڭ بىر تۇرۇۋكىلا ئىشلىرىنى غەيۋەت ۋە مازاق قامچىسى ئاستىغا ئالاتتى.

دەرىجە، ئەمەلگە ئىنتىلىش دەۋرىمىزدىكى ناھايىتى

بازارلىق مودا كىيسەل بولۇپ، نۇرغۇن ئەمەل مەستانىلىرى قاتارىدا باقەممۇ كىچە ـ كۈندۈز ئەمەل سوسكىسىنى قۇرۇق شوراپ يۈرەتتى. مانا ئەمدىلىكتە ھەمدەم زاۋۇت باشلىقىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئەمەل ساھىبجاملى قەھرىمانىمىزغا قىيا تەبەسسۇم قىلىش ئالدىدا تۇراتتى. ۋىسال كۈنلىرىگە ئىنتىلگەن ئاشىقتەك «مۇئاۋىن دىرېكتور»لۇق ئورۇندۇقىغا تەلمۈرۈپ يۈرگەن باقەمنىڭ كۆڭلىگە مانا ئەمدى قوش ۋىسالغا تەلپۈنۈش شادلىقى نېسىپ بولۇپ قالدى.

W ناھىيەسىگە كېلىپ تۆت ـ بەش كۈنلەردىن كېيىن ھەمدەمجان ناھىيە بازىرىدىكى ئەل ـ ئاغىنىلىرىنى يىغىپ باقەمنىڭ شەرىپىگە چاي بەردى. چاي ناھىيەلىك دورا ماتېرىياللىرى شىركىتى ئاشخانىسىنىڭ باشلىقلارغا ئاتالغان بىر خاس خانىسىدا (ھازىرقى رېستورانلاردىكى ئايرىمخانا دەپ تۇرايلى) ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، ناھىيەلىك دورا ماتېرىياللىرى شىركىتى ئاشخانىسىنىڭ دىرېكتورى ھەمدەمجانىنىڭ يېقىن ئاغىنىسى ئىدى. بۈگۈنكى چاي زىياپىتى شۇ تەخسىرنىڭ ساھىبخانىلىقىدا، شاپائىتىدە تولىمۇ باياشات بولدى. باقەم شائىر سورۇننىڭ تۆرىدە غادىيىپ ئولتۇرۇپ، قىلىقلىرى غەلىتىلا ساھىبخانىنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى مەغرۇر ھالدا ئاڭلاپ ئولتۇردى. ھاراقنى قايتۇرماي ئىچكەنسېرى چىرايى قىزىرىپ، ئاغزى ئېچىلىپ، يەنە تېخى سورۇن ئەھلىنى بىر قوللۇق قايىل قىلىپ ئولتۇرۇۋەردى. باقەمنىڭ ئادەتتە ئولتۇرۇشلاردا ئىشلىتىدىغان بىر يۈرۈش تەكەللۇپ سۆزلىرى، چاقچاق ئىبارىلىرى، يادلىۋالغان شېئىرلىرى، ئەپسانە يۇمۇرلىرى

بار ئىدى. كۆرمىگەن ئادەملەر ئۈچۈن بۇ دەسمايىلەر تولىمۇ قىزىق يىغىلىق ھېسابلىناتتى. بولۇپمۇ، ناھىيەدە ياشاپ ئۆتمىگەن ئادەملەر ئۈچۈن شەھەردىن كەلگەن ناخشا، چاقچاق، يۇمۇرلار ئاجايىپ سەۋىيەلىك تۇيۇلاتتى. بۇ كۈنى باقەم باغلاقتىن بوشانغان موزايدەك تاقلاپلا كەتتى، ئىچىلىپ ـ يېيىلىپ، قىلمىغان قىلىقى قالمىدى. ئۆلپەتلەر ھەمدەمجاننىڭ شائىر مېھمىنىنى چىن كۆڭۈللىرىدىن يارىتىپلا قېلىشتى.

ــ يائاللا، باقجان ئاداش، ــ دېدى ناھىيەلىك دورا ماتېرىياللىرى شىركىتى ئاشخانىسىنىڭ دىرېكتورى، ھىجاق، ياغلىما چىراي ئاسىم شىلىم باقەمنىڭ ئورۇق يەلكىسىنى سۇندۇرۇۋەتكۇدەك قىسىپ قۇچاقلاپ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن شىرەدىكى جىمى تائامنىڭ ئەبجەش پۇرىقى ئۇقچۇپ تۇراتتى. باقەم بۇنىڭدىن بېشىنى سەل قىڭغايتىپ ئەپقاچتى، ــ بىزنىڭ بۇ يۇرتقا غەنىيمەتلا كېلىپ قاپسەن ئەمەسمۇ! سەن دەۋېرەيمۇ يە؟ دەۋېرەيلا! ھەمدەمجان ئاغىنىمىزمۇ ئېسىل يىگىت ئىدى، ئاغىنىسىمۇ نوچى ئىكەن! ھەي شائىرەك، سۆيۈۋالىمەنغۇ سېنى! (ئاشخانا دىرېكتورىنىڭ مەست بولۇپ قالسا خەقنى چىشلەپ سۆيۈۋالىدىغان مىجەزى بار ئىدى. ئادەتتە ھەمدەمجان جىق سۆيۈلەتتى، بۈگۈن باقەممۇ قۇرۇق قالمىدى) ئەمدى بىزنىڭ يۇرتتىن كەتمىگىنە ـ ھە، خوتۇن ـ بالىلىرىڭ بارمۇ؟ بولمىسا مەشەدىنلا ئۆيلەيمەنغۇ سېنى!

ئېپى ئېپىگە كەلگەندە پۇرسەتنى قاچۇرۇۋەتمەيدىغان باقەم شائىرنىڭ يۈرىكى شۇ تاپتا جىغىلداپ كەتتى. گەپ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىدەك يەردىن چىققانىدى. نەچچە كۈندىن

بىرى ئۇ گۈلزىياغا «ئۆلگۈدەك ئاشىق» بولۇپ قالغاندى. ئەگەر بۇنى ئاشىقلىق دېگىلى بولسا! چۈنكى، باقەمنىڭ مىجەزى بۇنداق سۆپەتنى كۆتۈرەلمەيتتى. بۇنى كېيىنچە ئاستا كۆرەرمىز... شۇ تاپتا باقەم مەستلىكتىن سەگەكلەندەك ئىتتىك بىر سىلكىنىپ، سۆزلىگۈچىگە مەستخۇشلۇق ئىلكىدە قارىدى، كېيىن سەل بۇرىلىپ، يېنىدا ئولتۇرغان ھەمدەمجانغىمۇ قىيا قارىۋالدى. ئۇنىڭغا ھەمدەمجان بۇ سوئالغا قىزىقىش بىلەن دىققەت ـ نەزىرىنى بىرىۋاتقاندەك سېزىلدى. باقەم ئاشخانا دىرېكتورى سۇنغان خۇش كەتتى قەدەھنى ئىككى قوللاپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئەتەي يىغلامسىرىغاندەك ئاھاڭدا:

ــ يائاللا، جېنىم بۇرادىرىم، مۇشۇ سۆزىڭىز بىلەن رەھمەتلىك ئايالىمنى يادىمغا سېلىپ قويغىنىڭىزنى بىلمەيسىز ـ دە!ــ دېدى بۇرنىنى تارتىپ، مىشىلداپ.

سورۇن بىردىنلا شۈكلىشىپ قالدى. ھەممەيلەن، شۇ قاتاردا سوئالچىمۇ مېھمانغا ھېسداشلىق تۇيغۇ ـ نەزىرىدە قارىشىپ ئولتۇراتتى. نۆۋىتىدە ھەمدەمجانمۇ راستىنلا بايىقى سوئالغا جىددىي دىققەت ـ ئېتىباردا قارىدى. نەچچە كۈندىن بېرى باقەم ئىككىسىنىڭ سۆھبەتلىرىدە بۇ تېما تىلغا ئېلىنمىغانىدى. شۇ تاپتا ئاق كۆڭۈل ھەمدەمجاننىڭ كۆڭلىدە ئېچىنىش تۇيغۇسى بىلەن قوشۇلۇپ، يالتىدە قىلىپ بىر خىل خىيال ئۇچۇپ ئۆتۈپ كەتتى. بۇنىڭ نېمە خىياللىقىنى ھازىرچە زىغىرلاپ ئولتۇرمايمىز.

تۇيۇقسىز سورۇننى باسقان بىردەملىك جىمجىتلىقنى مەست ئۇلپەتلەرنىڭ ئالىتاغىل سادالىرى بۇزدى:

— رەھمەتلىكنىڭ جايى جەننەتتە بولسۇن!
— قايغۇرماڭ، ئاداش!
— مۇنداق پاراڭ ئىكەن ـ دە، ھە!
— ئەمدى ئۆزىمىز ئۆيلەيمىز سىزنى!
— نوچى باللار بار...

كاززاپ باقەم خۇددى راستىنلا ئايالى ۋاپات بولغاندەك ئۆمچىيىپ تۇرۇپ خۇش كەتتىنى ئىچتى. ئۇنىڭغا رومكىنىڭ تۈۋىدە ئويناقلاپ تۇرغان گۈلزىيانىڭ سۈرىتى باردەك كۆرۈندى... ئېيتماقچى، بىرچاغلاردا تەگ تۈۋىدە جانانلارنىڭ ھەر خىل چىراي ـ شەكىللىرى چۈشۈرۈلگەن قەدەھلەر ئىشلىنىپ كەتكەندى ۋە بۇنداق قەدەھلەردە مۇئەللىپمۇ قىزىقسىنىپ مەي ئىچىشتىن خالىي بولالمىغان.

سورۇن ئەھلىنىڭ ئەمدىكى پاراڭ تېمىسى باقەم شائىرغا W ناھىيەسى تەۋەسىدىن لايىق ئىزدەش ۋە تاللاشتىن ئىبارەت بولدى. ئۇ ئۇنى دېدى، بۇ بۇنى دېدى، بىراق باقەمگە بۇ گەپلەرنىڭ بىرى تېتىمايتتى، سەۋەبى ھېچكىم گۈلزىيانىڭ گېپىنى قىلمايۋاتاتتى، بەلكىم ئۇلار تېخى ئۇنى ئەسلىرىگىمۇ كەلتۈرۈشمىگەندۇ ياكى بىرەرى ئويلىغان بولسىمۇ ھەمدەمجاندىن ئېھتىيات قىلىغاندۇر.

ھەمدەمجان بولسا، شۇ تاپتا ئۆز پىكرى، خىيالى بىلەن شۈككىدە ئولتۇراتتى...

بىز مۇشۇ يەردە يەنە ئارىلىقتىن كىچىككىنە يوچۇق ئېچىپ، باقەمنىڭ بايىقى كاززاپلىقىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان بۆلەك بىر ئىشنى يۇمۇرخۇمار ئوقۇرمەنلىرىمىزگە سۆزلەپ بېرىشتىن تىلىمىزنى تىيالمىدۇق...

تېخى يېقىنقى كۈنلەرگىچە ياشىغان بىر دەپتەرچى ئۇستام بولۇپ، ئۇ قىزىق ئىشلىرى، ھەتتا گاھىدا ئاجايىپ غەلىتە ئىشلىرى بىلەن ئېلى دىيارىدا ئاۋامنىڭ دىققەت ـ نەزىرىنى تارتقان كىشى بولىدىغان.

بىز سۆزلىمەكچى بولغان غەلىتە ئىش دەل يېرىم ئەسىرنىڭ ئالدىدا بولۇپ ئۆتكەن. شۇ كۈنلەردە ھېلىقى دەپتەرچى ياسىغان دەپتەرلىرىنى ساپلا نېسىگە سېتىپ، بىرنىڭمۇ پۇلىنى يىغىۋالالماي، رەللە بولۇپ يۈرگەنىكەن، موھتاجلىق زۆرۈرىيىتىدىنمۇ، بىر كۈنى ئۇ ئەتىگەندىلا بىلىگە ھازىدارلارنىڭ ئاق پوتىسىنى باغلاپ، بىر يىلدىن بېرى پۇلىنى ئالالماي يۈرگەن بىر ئىدارىنىڭ دەرۋازىسىدىن يىغلاپلا كىرىپ كەپتۇدەك.

ــ ۋاي ئانام، ئەجەب مېنى تاشلاپ كەتتىڭغۇ، ئانام، چىرايلىق ئانام، قولۇم قىسقا بولۇپ، سېنى باقالمىدىمغۇ، ئانام، نەزىر ـ چىراغلىرىڭنى قانداق قىلارمەن ئەمدى، ئانام!

قەرزدار ئىدارىنىڭ باشلىقى دەپتەرچىنىڭ سىياقىنى كۆرگەن ھامان ئۆزلىرى يامانمۇ سوزۇۋەتكەن دەپتەر پۇلىنى يادىغا ئاپتۇ ـ دە، دەرھال بوغالتىرنى چاقىرىپ دەپتەرچىنىڭ پۇلىنى نەدىن بولسۇن شۇ تاپتىلا جايلاپ بېرىۋېتىشنى بۇيرۇپتۇ.

دەپتەرچى پۇلىنى نەق، تولۇق ئېلىپ مەزكۇر ئىدارىدىن ئايرىلاي دەپ تۇرغىنىدا كۈتۈلمىگەن مۆجىزە يۈز بېرىپتۇ. دەرۋازىدىن دەپتەرچىنىڭ چاچلىرى پاخپايغان، تازىمۇ سېمىز ئانىسى قوللىرىنى يانپاشلىرىغا ئۇرغىنىچە ۋارقىراپ كىرىپ كەپتۇ.

ــ ھاي كېرىم بالىماي، نەدىسەن، نېمانچە يوقلىپ

كېتىسەن دەيمەن، جىلىلىيوزى[1]دىن دەپتەر ئالىدىغانلار كېلىپ ساقلاپ كەتتىغۇ!

دۇنيا دېگەن ئەنە شۇنداق قىزىق ئىشلىرى بىلەن رەڭگارەڭ، ئاشۇنداق ئاجايىپ ئادەملىرى بىلەن كۆڭۈللۈك! ئەمدى يەنە قىسسىمىزگە كېلەيلى.

شۇ كۈندىن كېيىن ھەمدەمجاننىڭ ئاغىنىلىرى «بار تاۋىقىم ــ يان تاۋىقىم» قىلىشىپ، ھەر كۈنى بىرى سورۇن ئۇيۇشتۇرۇپ باقەمنى چاقىرىۋالدى. مۇنداق سورۇنلاردا باقەم شائىر «شائىرلار ساتىراشخانىسى»دىكى ۋاقىتىدا ئاڭلىۋالغانلىرىنى ئۆز يانچۇقىدىن چىقارغاندەك ياساپ ـ تۈزەپ، ئوپتىۋاي قىلىپ ساتاتتى. بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ كۆڭلى دادىسى جىققىنا ھېيتلىق بەرگەن بالىدەك تولىمۇ خۇش ئىدى، ئۇنىڭغا قۇياش ھەممىدىن جىقراق ئۆزىگە نۇر چېچىۋاتقاندەك، قۇشلار بىر ئۆزى ئۈچۈنلا سايرىشىپ بېرىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. دېمىسىمۇ ساپ، سالقىن ھاۋالىق W ناھىيەسىدە ئۇنىڭ ھەممە ئىشلىرى كۆڭۈلدىكىدەك كېتىۋاتماقتا ئىدى. ھەمدەمجان ۋەدىسىدە تۇرۇپ ئوتتۇز مىڭ يۈەننىڭ قالدى يېرىمىنى مۇكاپات قولىغا تەگكەن كۈنىلا كەم قىلماي تۆلەيدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم قەيت قىلدى. بۇ خۇش خەۋەرنى تېلېفوندا قايتا ئاڭلىغان باش دىرېكتور خۇشاللىقىدىن تېخىمۇ جانلىنىپ، باقەمگە يەنە بىرمۇنچە شېرىن پاراڭلارنى قىلىۋەتتى. يەنە تېخى ئۇنىڭغا ھەمدەمجان بىلەن «ھاڭ ـ تاڭ قالىسىز» شىركىتى ئوتتۇرىسىدا رەسمىي توختام تۈزۈش ۋە توختامنىڭ ئاخىرىغا

---

① جىلىلىيوزى ــ غۇلجا ناھىيە بازىرى.

قورقماستىنلا «مۇئاۋىن دىرېكتور باقى ئىسلام» دەپ يېزىۋېرىش ھوقۇقىنى بەردى. سەگەك ئوقۇرمەنلىرىمىز باقەمنىڭ تېلېفونخانىدىن قايتىش يولىدا چاتراقلىرىنى سەل كېرىپ مېڭىپ ھەمدەمجاننىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كەلگىنىنى قىياس قىلىۋاتقاندۇر. ئەتتەڭ، باقەم كەلگەندە گۈلزىيا قورۇدا ئەمەس ئىدى، بولمىغاندا مۇئاۋىن دىرېكتورنىڭ سۈر، ھەيۋىسىنى بىر كۆرگەن بولاتتى.

باقەم شۇ كۈنىلا بېرىلگەن ھوقۇقتا بىنائەن ھەمدەمجان بىلەن جىددىي سۆزلەشتى ۋە تېخنىكىلىق ئاتالغۇلارغا باي توختامنامىنى ئۆز قولى بىلەن يېزىپ چىقىپ، نەچچە قېتىم ئۆزگەرتكەندىن كېيىن ئاققا كۆچۈرۈپ، ھەمدەمجاننىڭ بارمىقىنى سۇرۇخقا مىلىتىپ باستۇردى. بۇ چاغدا باش دىرېكتورمۇ ئون بەش مىڭ يۈەننى خېلى بالدۇرلا تاپشۇرۇۋالغان بولسىمۇ ۋەدىسىنى تېخىچە ئورۇنلىمىغانلىقىنى يادىغا ئېلىپ، قەيەردىكىدۇر بىر ئاغىنىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئالتۇنىدەك يالىلداپ تۇرىدىغان ھەيكەل ۋە گۇۋاھنامە بېرىدىغان «خەلقئارالىق مۇكاپات» ھۆپىگىرى بولغان ئۇ جاناب بىلەن خېلى ئۇزاق سۆزلەشتى، ئوتتۇز مىڭ يۈەننىڭ ئالتىدىن بىرى شۇ يەرگە كېتەتتى.

مۇكاپات مەسىلىسى ئاساسەن مۇقىملاشقاندىن كېيىن، باقەم شائىرنىڭ ئەمدىكى ئارزۇ ـ ئارمىنى بىرلا نەرسىگە يىغىنچاقلىنىپ قالدى، بىز بۇنى ھازىرقى خېلى كۆپ ياش ناخشىچىلارنىڭ تەلەپپۇزى بويىچە «مۇخابەت» دەپ ئاتىساق، ئارتۇقچە كەتمەيدۇ. راست، باقەم شائىر ھەمدەمجاننىڭ ھويلىسىغا قەدەم تەشرىپ

قىلغان كۈندىن بېرى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئاجايىپلا بىر ئىنسانغا، ئاشىق بىر جانغا ئايلىنىپ قالغان ۋە كۈنسېرى ئايلانماقتا ئىدى. باشتا ئۇ ھەدە ـ سىڭىل ھەر ئىككىلىسىدىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قالدى. كېيىن ھەرھالدا يېنىدا سەممىيلىك بىلەن ئۆزىگە يېقىنچىلىق، خەيرخاھلىق قىلىشۋاتقان ئاق كۆڭۈل تۇغقىنى ھەمدەمجاننى يادىغا ئالدى ـ دە، ئۇۋنى قاچۇرۇپ قويغان ئوۋچىدەك ئېغىر خورسىنىپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن كۆزلىرىنى ئامال يوق بىرلا ئادەمگە تىكىدىغان بولدى. ئاخشاملىرى ئۇ جەزبىدار گۈلزىيانى ئويلاپ، مىتىلداپ ئۇخلىيالمايتتى. كۈندۈزلىرى ئۇنىڭ قەدىمىنى بىلىندۇرمەي تەقىب قىلاتتى. خىيالىدا گۈلزىيا بىلەن پىنھان يەرلەردە ئۇچرىشىپ، چۈشلىرىدىمۇ گۈلزىيا قىز بىلەن ھەپىلىشىپ چىقاتتى. قىسمەت ئۇنىڭغا قۇچقىنى كەڭ ئېچىۋاتقاندەك ئىدى. بىر ياقتىن خىزمەتتىكى ئوڭۇشلۇق، يەنە بىر ياقتىن قىرىقتىن ھالقىپ، ئەللىككە ياماشقاندا تەقدىر ئالدىغا ئەكېلىپ تىكلىگەن گۈل چىراي گۈلزىيا خان قىز! تەقدىر راستتىنلا ئۇنىڭغا كۈلۈپ قاراۋاتامدۇ نېمە؟!

شۇ كۈنلەردە باقەم شائىر ئۆزىنى يەردە ئەمەس، ئاسماندا ياشاۋاتقاندەك ھېس قىلماقتا ئىدى. قىن ـ قىنىغا پاتماي، تۇرۇپلا غەلىتە قىلىقلارنى قىلاتتى، كۆڭلىدىن شېئىرلار يامراپ، ھەتتا فونتاندەك ئېتىلىپ چىقاتتى. ھەسسىنە، بۇ لەۋەن گۈلزىيا ياش ۋاقتىدىلا ئۇچرىغان بولسا باقەم ھازىرغىچە كېمىدە ئىككى ـ ئۈچ لىرىك توپلام چىقىرىۋېتىپ قاراپ ئولتۇرغان يېتۈك شائىر بولۇپ قالماسمىدى، «ئېيىقگۈل»نىڭ كەينىدىن

پالاقشىپ، تەمسىز بىيىتلەرنى توقۇپ يۈرگەن ياشلىقىغا مىڭ ئىسىت!

مانا ئاڭلاڭ، باقەم شائىرنىڭ ئۆزىنى توختىتالماي گۈلزىياغا بىغىشلاپ توقۇۋەتكەن گۆڭگا مىسرالىرىنى:

*يۈگۈرىدۇ كەينىڭدىن،*
*چىمچىيون كۆزلىرىم.*
*ئىخ!*
*بىلەمسەنكىنتاڭ،*
*سەن ئۈچۈن*
*مەست بولغانلىرىمنى!*

ياكى بولمىسا:

*W ناھىيەسى،*
*ھەي يايلاۋ گۈلتاجى،*
*نىمىشقا،*
*بەختىمنى يوشۇرۇپ كەلدىڭ.*
*نەچچە يىللار؟*
*قويغىنا، سىنى!*

يەنە مۇنداق مىسرالارمۇ بار تېخى:

*ھەمدەمجان،*
*ماڭا قىلغىنا ياردەمجان!*
*بولۇشايلى باجا،*
*ياشايلى بۇ يۇرتتا،*
*قولتۇقلىشىپ كەڭتاشا!*

دىگەنىبىلەن ھەمدەمجان باقەم ساۋاقدىشىنىڭ كېچىلەردە مەست ـ ئەلەس جۆيلۇپ قېيىنسىغىلسىنىڭ نامىغا يوللاپ چىقىدىغان قىلىنراق سۆيگۈ ئىزھارلىرىنى ئاڭلىماي قالدى. يامان يېرى شۇكى، بۇ بايانلاردا ئارىلاپلا جانان ئىسمى ئالمىشىپ ياكى ئارىلىشىپ قالاتتى. كىم ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى بىر چېكىت ئارقىلىقلا پەرقلەنسۇن دەپتۇ!

باقەم شائىر گۈلزىيانىڭ ئىشق ـ پىراقىدا تولا تولغىنىپ ھالى قالمىغان، لېكىن ئىچىدىكى مەخپىي سىرنى باشقىلارغا، مۇھىمى ھەمدەمجانغا قايسى يول، قايسى تەرتىپتە ئېيتىشنى بىلەلمەي تۇرغان كۈنلەردە، ئۇزۇلمەي داۋاملىشىپ تۇرۇۋاتقان ئۇنى قارشى ئېلىش سورۇنلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى بىرى تۈزۈلۈپ قالدى. ساھىبخانا ناھىيەلىك قۇشخانىنىڭ دىرېكتورى بولۇپ، ئېگىز، بەستلىك كەلگەن، ئالاھىدە ئۇزۇن قاڭشار بۇرۇنلۇق ئادەم ئىدى. بۇنداق بۇرۇنلار توغرۇلۇق مۇقىمى[1] شۇنداق يازغان:

*بىر بۇرۇن كۆردۈم بۇرۇنلاردىن بۇرۇن،*
*ئېششىپ چىۇشكەي، كۆزى تۇرماستىن بۇرۇن.*
*ياش باللاردەك يۈگۈرۈشى بىئەدەپ،*
*ئاش ئىچەدۇر قوشۇق ئالماستىن بۇرۇن.*
*ناگىھان يولدا يولۇقتى بىر كۈنى،*
*باشىمە تەگدى كۆرۈشمەستىن بۇرۇن...*

---

① مۇقىمى ــ زاكىرجان خالمۇھەممەت، ئۆزبېك شائىرى.

قوشخانا دىرېكتورىنىڭ زىياپىتى ئۇنىڭ دائىملىق ئادىتى بويىچە ساپلا گۆش ـ ياغدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، باقەمنىڭ سورۇندا چاقچاقلىق تەرىپلىشى بويىچە ئېيتقاندا «ساپلا گۆش ئويان (ئويۇن)» بولغانىدى. يېگەنگە تۇشلۇق ئىچىشمەكمۇ قالتىس «قەبىھ» بولۇپ كەتتى. ھەتتا ئادەتتە ئانچە كۆپ ئىچمەيدىغان ھەمدەمجانمۇ بۇ كۈنى خۇشلۇقىدا جىقراق ئىچىۋېتىپ، ئارىلىقتا ئىككى ئۇخلاپ ئويغاندى. ھاراق ئىچمىدىغانلارنىڭ مىجەز ـ خۇلقى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلەرنىڭ ئاغزى ھاراققا تەگدىمۇ، بولدى، جېدەل چىقىرىدۇ. يەنە بەزىلەرنىڭ گېپى كۆپىيىپ كېتىدۇ، خەق گېپىنى تىڭشىمىسا، نوقۇپ، چىمداپ تۇرۇپ گېپىنى قىلىۋېرىدۇ. يەنە شۇنداقلارمۇ بار، كەيپ بولسا خوتۇن كىشىدەك مىشىلداپ يىغلاۋېرىدۇ، ساق ۋاقتىدا سىپايە، زىيالىي سۈپەت ئولتۇرىدىغان، ئىچىۋالسىلا ئاغزىنى بۇزۇپ ئادەم تىللايدىغانلارمۇ بار... بۇلار تۇغرۇلۇق، كېرەك بولسا بىر ئىلمىي ماقالە يېزىش مۇمكىن. ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاش، ئۆزى مۇسەللەس زاۋۇتىنىڭ غوجايىنى بولسىمۇ، ھەمدەمجان زادىلا ئىچكۈلۈك كۆتۈرەلمەيتتى، ئىچىپلا قويدىمۇ، ئەڭ بولمىغاندا بەش مىنۇت ئۇگدەيتتى، كېيىن بۇ ئىشتىن خىجالەتمۇ بولۇپ قالاتتى.

قوشخانا دىرېكتورىنىڭ سورۇندا ئىككىنچى قېتىم ئويقۇغا كەتكەن ھەمدەمجان بىراۋنىڭ خېلىلا چىڭ تۇرتۇشى بىلەن ئويغىنىپ كەتتى. قارىسا ئۇنىڭ يېنىدا بالىلىقتىكى ساۋاقدىشى، شىرەم تۇغقىنى باقەم شائىر ئىككى قولىدا ئىككى قەدەھ تۇتقىنىچە ئۆرە تۇرۇپتۇ. بۇ

چاغدا سورۇن غۇلجىدىكى تاشلەپكە بازىرىنىڭ ئاۋات سىياقىغا كىرگەن بولۇپ، «مەن ساڭا ئېيتاي»نىڭ دەستىدىن ھېچكىم ھېچكىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىماس ئىدى.

باقەم شائىر ھاراقتىن بەقەمدەك قىزارغان كۆزلىرىنى ھەمدەمجانغا مىختەك قاداپ، ئارانلا سۆزلىدى:

— ئادىشىم، سىزگە شۇنداق خۇشامەت قىلغۇم كېلىپ كەتتىغۇ!

— تېخى بايىلا ئىچىشكەنىدۇققۇ، — دېدى ھەمدەمجان ئۆزىنى رۇسلاپ.

— مىڭنى ئىچسەك ئازمۇ؟ نەچچە يىل كۆرۈشمىدۇق بىز؟ ئېغى يوق ئىشتان كىيگەندىن تاكى ھازىرغىچە — ھە! يامان چوڭ گەپ جۇمۇ، ئاداش، بۇ، قەدىرلىك خەي چاڭجاڭ! ئەنە شۇ... ئەنە شۇ كۆرۈشمىگەن، ئىچىشمىگەن يىللارنىڭ ھارىقىنى خەنزۇچە ئېيتقاندا،... «بۇلىپ قىلىمىز»... تولۇقلايمىز، قانداق؟

باقەم شائىر ئۆزىنى بىلمىلىك كۆرسىتىپمىكىن، گەپ ئارىسىغا خەنزۇچىنى قوشۇپ سۆزلەشنى ياخشى كۆرەتتى. بەزىدە ئۆيدىمۇ «ئېيىقگۈل»گە «ھەي، بۈگۈنكى تاماقنىڭ نېمانداق لادېخېڭ؟» دەپ گۇركىرەشلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە ئىدى. باش دىرېكتورنىڭ ئالدىدىغۇ بايىلا، ئۇنداق چاغلاردا سۆزلەۋېتىپ خەنزۇچە گەپ تاپالمىسا ئۇيغۇرچە گەپنى خەنزۇچە ئاھاڭدا دەۋېتەتتى. ئۇ شىركەتكە يېڭى كەلگەن كۇنلەرنىڭ بىرىدە كۆپچىلىك ئەتىيازلىق كۆچەت تىكىش ئەمگىكىگە چىقىدىغان بولۇپ قېلىپ، ھەممەيلەن كەلدى — يۇ، ئۆيى يىراقراق بولغاچقىمۇ باقەم خېلىلا كېچىكىپ قالدى. خەقنىڭ

ماشىنىسىنى سائەتلىك ھەق تۆلەيدىغان بولۇپ ئىجارىگە ئالغان دىرىكتورنىڭ ئاچچىقى يامانمۇ كېلىپ تۇراتتى، شۇڭا باقەم كېلىشىگىلا ئۇنى قاتتىق تەنقىدلەپ كەتتى. ھودۇقۇپ كەتكەن باقەم دەررۇ ئۆزىنى ئاقلىدى.

— ۋاي ۋاڭ جىڭلى، پاڭزا چاڭدىخىڭما! كەچۈرۈڭ، ھە؟

ئەتراپتا تۇرغانلار بۇ ئۆزرىدىن ئۆزلىرىنى تۇتالماي كۈلۈپ كېتىشكەنىدى، ۋاڭ جىڭلىمۇ بولالماي قالدى:

— ئەييا باخەيمۇ، شىڭلى، شىڭلى، شاڭچې! — دېدى كۈلگىنىچە.

باقەمنىڭ تەكلىپى بويىچە ئىككى كونا ساۋاقداش يەنە بىر قېتىم خۇش كەتتى ھارىقى ئىچىشىدىغان بولىدى. باقەم بۇ قېتىم خۇش كەتتىنى مەقسەتلىك ھالدا تەڭلىگەنىدى. مەستلىكىدىمۇ كۆڭلىنىڭ تەكتىدە ياتقان رەزىل مەقسىتى تىنىمسىز ئوقچۇپ تۇراتتى. باقەم بىر رومكا ھاراقنى ھەمدەمجانغا سۇنغىنىچە ئاغىنىسىنىڭ كۆزىگە قاراپ شېئىر ئوقۇدى:

*ھەمدەمجان،*
*ئېخ، ئاغىنەم ھەمدەمجان!*
*قىلغىنا ماڭا ياردەمجان!*
*بولۇشايلى باجا،*
*ياشايلى بۇ ئېسىل يۇرتتا،*
*جاڭ چىقىرىپ، كەڭتاشا!*

ھەمدەمجان باقەمنىڭ شېئىرىنى ئانچە ئاڭقىرىمايلا خۇش كەتتىنى كۈلۈمسىرىگىنىچە ئېلىپ، كۆتۈرۈپ

ئىچىۋەتتى. ئىچىپ بولۇپ، ئاندىن ئۇ بىرنېمىنى، بىر غەيرىي گەپنى، مەننى پەملەپ قالدى.

ــ نېمە، نېمە، باجا بولايلى دەمسىز؟ بۇ، بۇ...

باقەمنىڭ يۈرىكى مەستلىكتىمۇ جىغغىدە قىلىپ قالدى، ئاخىر ئۇ «ئاتوم بومبا»دىن بىرنى تاشلىغانىدى! ھەمدەمجان «بۇ، بۇ...»نىڭ كەينىدىن يەنە نېمە دەر بولغىيدىكىن، قەھرىمانىمىزنىڭ تەلىيىگە قىڭراق بۇرۇن ساھىبخانا، يەنە بىر ئۇلپەت بىردىن ئىككى رومكا كۆتۈرۈشۈپ ئىككىسىنى كۆزلەپ كېلىپ قېلىشتى.

ــ ئىككى ئاغىنە يامانمۇ چىرايلىق مۇڭدىشىۋېتىپسىلەركەن، ئامال يوق، گەپنى بۇزۇۋەتتۇق ـ دە، مېھمانغا كۆڭلۇم تارتىپ...ــ دېدى قىڭراق بۇرۇن قولىدىكىنى باقەمگە تەڭلەپ.

ــ مەنمۇ ھەمدەم دوستۇم بىلەن بىرنى ئىچەي دېدىمغۇ!ــ دېدى يەنە بىرەيلەنمۇ كۈلۈمسىرەپ.

شېئىرلىق خۇش كەتتىنىڭ پارىڭى شۇ يەردە ئۈزۈلدى. بىر ھېسابتا بۇمۇ ياخشى بولدى. راست گەپنى قىلىپ بولۇپ، باقەمنىڭ كۆڭلى ئەنسىرەپ قالغانىدى.

ھەمدەمجان شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە كۈنلەردە باقەمنى قىيناپ شۈككىدىلا يۈرۈۋەردى.

# ئالتىنچى باب

قورۇغا يېڭى مېھمان كەلگەندىن بېرى گۈلزىيا نېمىشقىدۇر ئۆزىنى بىر يوشۇرۇن تەقىپ ئاستىدا ياشاۋاتقاندەك سېزىپ يۈردى. چىرايىدىن كەتمىگەن، ئوتتۇزنىڭ قىرىغا كېلىپ قالغان قىزنىڭ كۆڭلىدە جىق ئازابلىرى بار ئىدى. ئاتا ـ ئانىسى كەينى ـ كەينىدىن ۋاپات بولۇۋىدى، ئوڭچە قورۇدا ئۆزى يالغۇزلا قالدى. شۇ چاغلاردا ھەم چىرايلىق قىزنى، ھەم يوغان ھويلىنى كۆزلىگەن لايىقلار خېلىلا جىق چىققانىدى. لېكىن، نەزىرى بەك ئۈستۈن گۈلزىياغا ئۇلارنىڭ بىرىمۇ يارىمىدى. قىز بالىنىڭ بەك كۆپ تاللاپ كېتىشى كېيىمگە ياراشقان بىلەن، ئۆمۈرلۈك جورىغا ياراشمايدۇ. جەمئىيەتتە بۇنداق قىسمەتكە دۇچار بولغان خانىم ـ قىزلار ئاز ئەمەس. دۇنيادا ھەرقانداق نەرسىنىڭ خورلۇقى بولىدۇ ئەمەسمۇ. ئاتا ـ ئانىسى تۈگەپ، قىرىق نەزىرلىرى تۈگىگەندىن كېيىنلا قىز ھەدىسى گۈلزىبانىڭ يېنىغا كېلىۋالدى. يىل نەزىرىدىن كېيىن ھەدە ـ سىڭىل ئۆزلىرىگە ئورتاق تەۋە ھويلىنى قەرەلسىز ئىجارىگە قويۇۋەتتى. نۆۋەتتى كەلگەندە شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ كېتەيلىكى، ئايالىغا تولىمۇ كۆڭلى بار ھەمدەمجان گۈلزىبانىڭ ھەربىر ئېغىز گېپىنى شەرتسىز ئىلىك ئالاتتى ۋە ھەممە ئىشتا ئۇنىڭ رايىغا باقاتتى. بۇنىڭ

سەۋەبى يالغۇز گۈلزىبانىڭ ئاسان خورىماس چىرايىدىنلا ئەمەس، باشقا سەۋەبىمۇ بار ئىدى. راست گەپنى قىلغاندىغۇ گۈلزىبا مەكتەپكە باراي دەپ قالغان بالىسى بولغىنىغا قارىماي، سىڭلىسىدىنمۇ ياش ۋە چىرايلىق كۆرۈنەتتى. مۇھىمى، ھەمدەمجان W ناھىيەسىدە مۇساپىرلىق تارتىپ يۈرگەن چاغلاردا ھەدە ـ سىڭلىنىڭ مەرد ـ مەردانە تارانچى دادىسى مۇساپىر يىگىتنىڭ بېشىنى كۆپتىن ـ كۆپ سىلىغانىدى. بۇنىڭغا دائىر ۋەقەلەرنى بەك تەپسىلىي بايان قىلىپ كەتمىسەكمۇ، سەگەك ئوقۇرمەنلىرىمىز ھېكايىمىزنىڭ باش ـ ئاخىرىغا نەزەر تاشلاپ تۇرۇشۇۋاتقان بولسا كېرەك.

دەرۋەقە، ئايالىنى چىن كۆڭلىدىن سۆيىدىغان ۋە ئۇنىڭ ھەرقانداق گېپىنى يىرمايدىغان ھەمدەمجان ئۇنىڭ دۇنيالىقتىكى بىر تاللا قېرىندىشىنىڭ بېشىنى سىلاشتىمۇ تامامەن گۈلزىبانىڭ رايىغا باققانىدى. ئۆزىنىڭ يىراقتىكى تۆت ھەدە ـ سىڭلىسى گېزى كەلگەندە ھەمدەمجاننى ئانچە ـ مۇنچە ئىزدەپ قويۇشاتتى. ئائىلىسىدىن بالدۇر ئايرىلغان ھەمدەمجان ھەدە ـ سىڭىللىرىنىڭ مېھرىنى قېنىپ بىلگەن، سەزگەن ئەمەس، شۇ تۈپەيلىدىنمۇ گۈلزىيانى يىللار ئۆتكەنسېرى بەجايىكى ئۆزىنىڭ سىڭلىسىدەك كۆرىدىغان بولۇپ كەتتى. نۆۋىتىدە گۈلزىيامۇ ھەمدەم ئاكام دەپ تىك تۇراتتى. تۆت جانلىق بۇ ئائىلە ھەقىقەتەنمۇ بىر بەختىيار ئائىلە ئىدى.

گۈلزىيانىڭ تۇرمۇش ئىشىغا ھەدىسى گۈلزىبا، قېيىنئاكىسى ھەمدەمجان كۆپ باش قاتۇردى. يىللار ئۆتكەنسېرى لايىقلار ئازىيىپ، بوسۇغا تېشىدىغان

ئەلچىلەرمۇ شالاڭلاپ كەتتى. ناھىيە بازىرى تەۋەسىدە گۈلزىيانىڭ ئاۋۋال «ھاكاۋۇر قىز»، كېيىنچە بولسا «قېرى قىز» دەپ نامى چىقتى. گۈلزىبا سىڭلىسىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشىدىن قايغۇرۇپ، كۆپ باش قاتۇرغان بولسىمۇ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا تەلەي گۈلزىياغا ئالدىنى قىلمىدى. تۇرمۇشتىكى ئوڭۇشسىزلىقلار بۇ كەمگە كېلىپ گۈلزىيانى تولىمۇ ئېھتىياتچان، قورقۇنچاق قىلىۋەتكەنىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ بېشىنى چۆكۈرۈپلا، كۆپ ئىشلارغا پەرۋا قىلمايدىغان، كۆڭلىدە بىرىدە غايىب «تەقدىر پېشانە»نىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ دەرۋازىسىنى قېقىشىنى كۈتىدىغان بولۇپ قالدى.

ئۇنىمۇ دەيمىز، بۇنىمۇ دەيمىز، ئىنساننىڭ بەخت ـ سائادىتى گاھىدا ئۆزىنىڭ نىيەت ـ ئىقبالىغا بېقىپ ئوڭ ياكى سول بولۇپ قالىدۇ. ئۇنى تۈزەيمەن، بۇنى ئوڭشايمەن دېگۈچە تۇرمۇش ھارۋىسى قىسمەت ئېتىنىڭ بولۇشىغا ئەپقېچىپ سۆرىشى بىلەن ھاياتلىق سەپىرىنىڭ بىر يەرلىرىگە كېلىپ يەتكەن ياكى توختىغان بولىدۇ ـ دە، ئادەمنىڭ پۇشايمان، ھەسرەتلىرىمۇ، ئۇرۇنۇش، قېقىنىشلىرىمۇ ھېچنېمىگە دال بولمايدۇ.

بىز ئادەمنىڭ كۆڭلىنى بۇزىدىغان غەمكىن گەپلەرنى قىلىۋېرىشتىن توختاپ، ئەمدى يەنە گۈلزىبا بىلەن گۈلزىيا ھەققىدە بىرنەچچە ئېغىز پاراڭ قىلايلى.

سىڭلىسىدىن تۇپتوغرا بەش ياش چوڭ بولغان گۈلزىبا قىز ۋاقتىدا تالاي يىگىتلەرنىڭ باغرىغا ئوت ياققان، ئۆزىگە خاس ئالاھىدە بىر خۇسۇسىيەتكە ئىگە، يېقىملىق، چىچەن، خۇشخۇي قىز ئىدى. ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا يەنىمۇ ئۆرلەپ

ئوقۇش نېسىپ بولمىدى. سەۋەبى ئانىسى ئۇزاق يىللىق ئۆپكە ئىششىقى كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، ھېچ ئىش قىلالمايتتى. باغرى يۇمشاق، ۋاپادار گۈلزىبا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپلا ئائىلە ئىشلىرىنى قولىغا ئالدى. سىڭىلىسىنى بولسا ئۇ ئاخىرىغىچە ئوقۇسۇن، تىلىكىگە يەتسۇن دەپ ئويلايتتى. ئىشلار ئۆزى ئويلىغاندەك بولمىدى. كېسەلچان ئانىسى قىلىپ، گۆسمۇستەك يۈرگەن دادىسى بىر كۈنى كەچتە بىر ئوبدان ئۇخلاپ قىلىپ، ئەتىگەندە ئويغانمىدى، ئېرىنىڭ ئۆلۈمى قەدىناسىنىڭ كېسىلىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. يېرىم يىلغا بارمايلا قىزلارنىڭ ئانىسىمۇ بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى. بۇ گۈلزىبا دادىسى ئۆزى تاپقان لايىقىغا، تىرىشچان ھەمدەمجانغا ياتلىق بولۇپ، ئايرىم ئۆي تۇتقان ۋە ھازىرقى بىردىنبىر پەرزەنتىگە قورساق كۆتۈرگەن چاغلار ئىدى.

ھەدە ـ سىڭىل ئىككىسىنىڭ ھۆسن ـ جامالىدىمۇ، مىجەز ـ خۇلقىدىمۇ ھەم بىرمۇنچە ئوخشاشلىقلار، ھەم يەنە بىرمۇنچە ئوخشاشماسلىقلار بار ئىدى. ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن گۈلزىيا يىراق شەھەرلەرگە بېرىپ ئوقۇشنى خالىمىدى. كىچىكىدىنلا ئۇنىڭ دىلى نازۇك، ئائىلىسىگە تايىنىش مىجەزى ئۈستۈنرەك ئىدى، ئۇ يۇرتىدىن، ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىشنى خالىماي، ناھىيە بازىرىدا ھۈنەر ئۆگىنىشنى ئەۋزەل كۆرگەن ۋە رەھمەتلىك دادىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ناھىيەلىك تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپى قارمىقىدىكى زەرگەرلىك كارخانىسىغا شاگىرت بولۇپ ئورۇنلىشىپ، ئىككى يىلدا ماھىر زەرگەر بولۇپ يېتىشىپ چىققانىدى.

جاھاندا ھەممە ئادەمنىڭ ئۆز رىزقى ـ نېسىۋىسى بولىدۇ. مانا ئەمدىلىكتە ھېچنېمىدىن غېمى يوق، ئەلتۆكۈس تۇرمۇشتا ياشاۋاتقان بولسىمۇ، ئۆمۈرلۈك نىكاھ ئىشىدىكى تەلەيسىزلىكى تۇپەيلى گۈلزىيا بارغانسېرى جىمىغۇر، خۇدۇكچان بولۇپ كەتكەنىدى. خۇشى تۇتمىسا ھەدىسىگە، قېيىنئاكىسىغا، ھەتتا تىلى چۈچۈك جىيەن ئوغلى ئەكرەمگىمۇ كۆنلەپ، ھەپتىلەپ پاراڭ قىلماي، ھۇجرىسىدا يېتىۋالاتتى. ھەمدەمجان بۇنداق كۆنلىرى كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئايالىدىن: «ھاۋا ئوچۇقمۇ؟» دەپ سوراپ قوياتتى، گۈلزىيامۇ چىرايلىق كۆلۈمسىرەپ «بىلەلمىدىمغۇ!» دەيتتى.

باقەم شائىر بۇ ھويلىغا مېھمان بولۇپ كەلگەن پېتى يۇقىرىدا ئېيتىلغىنىدەك «يەيدىغان، ئىچىدىغان يەرنى تاپتىڭ، مىدىرلىما!» دېگەن لەتىپىدىكىدەك مىدىرلىمايلا ياتتى، كۆڭۈلچەك ھەمدەمجان ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى مېھماننى ئۆيىدە تۇتۇپلىۋالدى. گۈلزىيا بولسا باقەمنى ئېرىنىڭ كەمدىن ـ كەم كېلىدىغان تۇغقىنى بولغىنى ئۈچۈن يەنە ھەمدەمجانىنىڭ تىجارىتىگە پايدىسى تېگىدىغىنى سەۋەبلىك ۋاي دېدى. مېھماننىڭ كېلىشى تولىراق گۈلزىياغا تەسىر كۆرسەتكەن، بېسىم چۈشۈرگەنىدى. باقەمنىڭ پەيدا بولۇشى ئۇنىڭ يالغۇزچىلىقتا ئارام تېپىش ئادىتىنى بۇزۇۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە مېھماننىڭ كۆزى يامان ئىدى. بۇنى سەزگۈر گۈلزىيا تۇنجى كۆنىلا، داستىخان راسلىغاندىلا سەزگەن، بايقىغانىدى.

ــ ئاۋۇ ئادەم نېمانداق ئاچ بۆرىدەك قارايدىغاندۇ؟ ــ دېگەنىدى ئۇ ئاشخانا ئۆيدە ئالدىراش يۈرگەن ھەدىسىگە

شۇ كۈنلا تۇمشۇقىنى سوزۇپ،ــ ئەمدى قورۇملارنى سەن ئەكىرگىنە، مەن مەيەردىكى ئىشلارنى قىلاي.

ــ سېنىڭ مۇشۇ مىجەزىڭ،ــ ھەدىسى تەنبىھ ئارىلاش كۈلدى،ــ قارىسا قاراپ قويغاندۇر، ئادەمگە ئادەم قارىمايتتىمۇ ئەمدى! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈڭ شۇنداق چىرايلىق تۇرساڭ...

ــ چىشىمغا تەگمىگىنە!

ــ راست دەيمەن ـ دە، خېلى سالاپەتلىك، ئىش كۆرگەن ئادەم كۆرۈنىدۇغۇ، سەندىن تالاي چوڭ تۇرسا، ئاكاڭنىڭ بالىلىقتىكى ساۋاقدىشى، تېخى تۇغقىنى ئىكەن، ئۇدۇل كىرىپ، ئۇدۇل قاراپ چىقىۋەرمەمسەن!

ــ ۋاي ـ ۋۇي!

ــ مەن ئۆزۈمنى ياغ پۇرىتىپ، مۇشۇ ھەپەشخانىدەك تۇرقۇم بىلەن سارايلارغا كىرەيمۇ ئەمدى؟ چاي قايناپ كەتتى، ئېلىۋەتكىنە، زىيا!

.......

ھەمدەمجان قىڭراق بۇرۇن بەرگەن ھېلىقى ئولتۇرۇشتىن كېلىپ، كەيپچىلىكتە ئايالىغا باقەم شائىرنىڭ خۇش كەتتى شېئىرىنى چالا ـ بۇلا ئوقۇپ بەردى، گۈلزىبا ئاچچىقىدا سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

ــ ئوھۇش، «تۇزۇڭنى يەپ، تۇزلۇقۇڭغا...» دېگەندەك، نىمە ئادەمنىڭ چىشىغا تېگىدۇ، قېرىلىقىغا باقماي، يوقىتىڭا ئۇنى ئەتىلا، تۇغقىنىڭىز تۇرماق ئەۋلىيا بولسىمۇ، ۋايجانەي، گەپ قىلماي قويۇپ بەرسە، يۇمشاق يەرنى تاپتىم دەپ قاپتۇ ـ دە ئۇ بىرنېمە!

ھەمدەمجاننىڭ مەستلىكى شۇ ھامان يېشىلىپ كەتتى، ھودۇقۇپ قالدى.

ــ بولدى رەنجىمەڭە، رەنجىسىڭىز ئۇخلىيالمايسىز، مەنمۇ شۇ، دىمىسەم بوپتىكەن!
ــ سىز دىمىسىڭىزمۇ ئۇ دەپتۇغۇ ئەنە!
ــ ئەمدى، مەستلىكتە كۆڭلىدىكىنى دەپ سالدىمىكىن، ئۆتكەندە سىزگە دىگەنىدىمغۇ، ئايالى يوق ئىكەن دەپ، شۇ تايىنلىق...
ــ ئايالى يوق بولسا بىزنىڭ ئۆيگە چاڭ سالامدىكەن؟ مۇكاپات ئېلىپ بېرىدۇ دەپ بىرتالاي پۇلنى تۇتقۇزۇپ قويدىڭىز!
ــ سودا ـ تىجارەت شۇنىڭ بىلەن ئېقىۋاتسا، «قاپاق پۇل ئەمەس، باراڭ پۇل» دەپ، ماللىرىمىزنىڭ بېسىلىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىزغۇ!
ــ سىزمۇ شۇ خۇدايىم راۋا كۆرىدىغانراق تىجارەتنى قىلماي، مۇسەللەس ئىشلىگەندىن كېيىن، ئۆزىڭىزگە ئاز. نەچچە دىدىم سىزگە...
ــ بولدى رەنجىمەڭە، يەنە رەنجىدىڭىز، ئۇخلىيالماي ئەتە بېشىڭىز ئاغرىپ قويىسىز دەيمەن!
ــ ئۆزىڭىز يېرىم كېچىدە ئادەم رەنجىيدىغان گەپلەرنى قىلىپ يۇرسىڭىز، راستتىنلا، قېنى ئۇ مېھمىنىڭىز؟
ــ ساھىبخانا قۇرۇۋانتاي ئۆيگە باشلاپ كەتتى، ھېلىقى قۇرۇۋان قىنگراقچۇ!
ــ بوپتۇلا، توۋا، توۋا، ئۆچلا بولۇپ قالدىما ئۇ ئادەمگە، ئوھوش!
ــ بولدى، بۇ گەپلەرنى دىيىشمەيلى، رەنجىمەي ئۇخلاڭ ـ ھە!
ــ ئىككىگلارنى بىللە يىنىپ كېلەرمىكىن دەپ،

ئورۇننى كۆندىكىدەك كىچىك سارايغا سېلىپ قويۇۋىدىم.
— بۇگۈن قېشىڭىزدا ياتسام بولامدۇ؟
— ئەشۇنداق قىلىڭ، چىقىپ يېتىۋېرىڭ، مەن ھاراقنىڭ پۇرىقىغا بەك ئۆچ!

ھەمدەمجان كىچىدە يەتكۈزگەن «خۇش خەۋەر»نىڭ «مۇكاپاتى»نى ئېلىپ، سولتايغىنىچە ھويلىنىڭ نېرىقى چېتىدىكى پېشايۋانلىق قاتار ئۆيلەرگە قاراپ ماڭدى.

بۇ چاغدا گۈلزىيا ھەدىسى بىلەن ئەكرەمجان ياتقان ئۆينىڭ بىقىنىدىكى ياتاق ئۆيدە دۇنيادىن بىخەۋەر شېرىن ئۇيقۇدا ياتاتتى. كىم بىلىدۇ، ئەتە ئۇنى قانداق يېڭى گەپ - سۆزلەر، تەشۋىش، ئارامسىزلىقلار كۈتۈۋالىدۇ؟ ئىنسان بالىسى ئۆز نۆۋىتىدە خۇشاللىقلارغىمۇ، خاپىلىقلارغىمۇ دۇچ كېلىش ئۈچۈن تۇغۇلغان. بۇمۇ بىر تەقدىر، تەقدىر - نېسىپتىن كىم قېچىپ قۇتۇلالىغان؟

ئەمدى بىز قىڭراق بۇرۇن ساھىبخانىنىڭ ئۆيىدە ئۇيقۇسى ئېچىلىپ كېتىپ، قارا نىيەتلىرىنى يايمىچىنىڭ مىلىدەك يېيىپ ياتقان باقەمگە نەزىرىمىزنى ئاغدۇرايلى!

ئىنسان بالىسىنىڭ كۆڭلى قارىلىشىپ گاھىدا شۇنچىۋالا دەرىجىگە يېتىپ كېتىشى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ، ھەتتا قورقۇتىدۇ. ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، بۇنداق رەزىللىك ئەدناسى ھايۋانلاردا كۆرۈلگەنمۇ؟ ياق! بىز تېلېۋىزوردىن دائىم كۆرۈپ تۇرىدىغان «ھايۋانات دۇنياسى»دا ھەتتا ئەڭ يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭمۇ ئۇۋلانغان گۆش ياكى تاپ ئالدىدىن بالىلىرىنى، جورىسىنى قوغلىۋەتكەنلىكىنى شۇ چاغقىچە كۆرگىنىمىز يوق. ئۇنداقتا باقەم شائىرنىڭ شەيتان ئازدۇرغان بىر ھەۋەس

ئالدىدا ئۆزىنىڭ ھالال، ھەتتا ھايات ياشاۋاتقان ئايالىنى رەھمەتلىكلەر رويخېتىگە كىرگۈزۈپ، تىمساھتەك ئەيمەنمەيلا ياش تۆككىنىنى نېمە دېيىش كېرەك؟ قاراڭا، دۇنيا بۇزۇلۇپ نەلەرگىچە بارغان ـ ھە!

راستىنى ئېيتقاندا، قەلىمىنى خالىغان مۇقامغا يورغىلىتالايدىغان مۇئەللىپمۇ باقەم ھەققىدىكى شۇ بايانلارنى قەغەز بېتىگە چۈشۈرۈۋېتىپ، چۆچۈدى، ھەيرانلىقتا قالدى. گەرچە قىسسىسىنىڭ كېيىنكى راۋاجى ئۈچۈن مۇشۇنداق بىر تەپسىلات لازىم بولسىمۇ، باغرى يۇمشاق مۇئەللىپ ئەڭ بولمىغاندا باقەمنى «بىز ئاجرىشىپ كەتكەن» دېگۈزمەكچى بولغانىدى. لېكىن، باقەم شائىر رومانتىك ھەۋەس ـ ئىشتىياقىنىڭ تۇرتكىسىدە يىرتىق ئىشتاندىن بىرنېمە چىققاندەك يوسۇقىدىلا قىلىپ يەر شارىنىڭ ئۆزىگە يېقىنلا بىر يېرىدە ھايات، يەر دەسسەپ، بالىلىرىنى بېقىپ، ئۆي تۇتۇپ كېلىۋاتقان رەپىقىسىنى ئۆلگەنگە جوروپ بايانات ئېلان قىلدى.

دەل باقەم شۇ باغرى تاشلىقىنى قىلىۋاتقان ئەلياتقۇ پەيتىدە «ئېيىقگۈل» يوقىلىپ كەتكىلى خېلى كۈنلەر بولغان باقەمنى ئويلاپ ئىچ پۇشۇقى تارتماقتا ئىدى. بالىلىرى بايىلا ئۈنىگدىن يەنە دادىسىنىڭ دېرىكىنى قىلدى. باقەم بولسا يا بىرەر تېلېفون، يا خەت ـ خەۋەر يوق، ئالتىنچى ئاينىڭ پاقىسىدەك يوقىلىپلا كەتكەنىدى. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن يېڭىلىق ئەمەس ئىدى. ئىلگىرىمۇ ئۆينىڭ جىمى غېمىنى بوزەككىنە مەزلۇمىغا تاشلاپ قويۇپ، كۈنلەپ، ھەپتىلەپ يوقىلىپ كېتەتتى.

بىچارە ئايال كۈندۈزى زېرىكىشلىك خىزمەتنىڭ،

ئەتىسى ـ ئاخشىمى ئۆيدىكى تۈگىمەس ئىشلارنىڭ، يەنە تېخى ئەر بولغان غوجام كەمدىن ـ كەم تەمىنلەيدىغان تۇرمۇش خىراجىتىنىڭ ھۆددىسىدىن تەنھا چىقىپ، ۋاپاغا كەمرەك ئېرىنى ھەرھالدا يادلاپ ئولتۇرغىنىدا، باقەم يېشىنىڭ ئەللىككە تاقاپ قالاي دېگىنىگە قارىماي ياقا يۇرتتىكى تېخى توي قىلمىغان، «ئولتۇرۇپ قالغان» بىر قىزنىڭ ئۆتى، ھەۋىسىدە ئۆزىنىڭ نىكاھلىق ئايالىغا قارا ساناپ، پەيلىنى بۇزۇپ يۈرەتتى...

باقەمنىڭ بىر كۆپلىپت خۇش كەتتى شېئىرى بىراقلا بىرنەچچە ئادەمنىڭ ئارامى، شادلىقىنى بۇزۇپ، بىرمەھەل ئۇلارنىڭ تىنچ تۇرمۇشىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتى. بىرنەچچە دېگىنىمىزدە باقەمنىڭ ئۆزىنىمۇ كۆزدە تۇتتۇق، «قىلغۇلۇقنى قىلىپ تەخسىكەش، ئۆيدە ئوغرى مۇشۇكتەك ياتتىڭ» دېگەن شېئىرىي مىسرالاردىكىدەك باقەم ئەتىسى مەستلىكتىن سەگىگىنىدە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ جۇرئەتچانلىقىدىن مەمنۇن بولدى ـ يۇ، يەنە بىر ياقتىن دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ قالدى. شۇ پېتى ھەمدەمجاننىڭ ئۆيىگە بىرنەچچە كۈنگىچە ئاياغ باسمىدى. ھەمدەمجانغۇ ھەرھالدا ئاخشاملىرى ئۇلپەتلەر ئولتۇرۇشلىرىدا باقەم بىلەن بىللە بولدى. لېكىن، ئۇمۇ يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك سەل ـ پەل شۈكلىشىپ، خىيالغا چۆكۈپ قالغاندى. بىراق، نېمىلا بولسۇن، ئۇ باقەم بىلەن بولغان پاراڭ، سالىمىنى ئۈكسۈتۈپ قويمىدى. «ئىشتانغا چىققان كۆكۈلگە تايىن» دېگەن ماقالنى ياخشى بىلىدىغان باقەم ھەمدەمجان ساۋاقدىشىغا تەمە بىلەن يەر تېگىدىن قاراپ قويۇپ، ئۇنىڭدىن بىرەر گەپ، تىۋىش كۈتەتتى.

باقەمنىڭ نىيىتىنى بىلگەندىن كېيىن، ھەمدەمجان قارىمۇقارشى ھېسسىياتلار ئىلكىدە قېلىپ قالدى. ئوقۇرمەنلەرگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئالدىنقى بابلارنىڭ بىرىدە ئۇلپەتلەر باقەم ئۇچۇن شىركەيپ ھالەتتە لايىق ئىزدەشكەن، نامزاتلارنى كۆرسىتىشكەن چاغدا ھەمدەمجاننىڭ خىيالىدىنمۇ قېيىنسىڭلىسى گۈلزىيا لىپ قىلىپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى. لېكىن، «بۇ قانداقچە مۇمكىن بولسۇن، ئىككىسىنىڭ ياش پەرقى...» دېگەنلەرنىمۇ ئويلىغانىدى. مانا ئەمدى بۇ خىيال، بۇ تەخمىنىنىڭ شاپپىدە قىلىپ ئەمەلىيەتكە ئايلىنىپ ئولتۇرغىنىنى قاراڭ! ئەستاغپۇرۇللا، ھەمدەمجان ئۇچۇن بۇ بىر مۇشكۇل ئويلىنىش بولۇپ قالدى ـ دە! بىر ياقتىن قارىسا باقەم شائىر جەمئىيەتتە خېلىلا نام، ئورنى بار ئادەم، ئۆزى يازارمەن، گەپ ـ ئاغزى جايىدا، تېخى شەھەرلىك، ئۇ يەردىكى كاتتا بىر ئىدارىگە قاراشلىق شىركەتنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى ئىكەن. تېخى ئۆز قولايلىقى، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ھەمدەمجانغا خەلقئارالىق ئالتۇن مۇكاپات ئېلىپ بەرمەكچى. باقەمنىڭ ئېيتىشىچە بۇنداق كاتتا مۇكاپاتنى ئادەتتە بىرەر يۈز مىڭ سوم خەجلەپ ئالغىلى بولمايدىكەن، لېكىن كونا ساۋاقداشلىقنىڭ ھۆرمىتىدىن ۋە ھوقۇقى يەتكەچكە يۇقىرىدىكى ئەمەلدار ئاغىنىلىرىگە ھاۋالە قىلىپ، ئاران ئوتتۇز مىڭ يۈەنگىلا ئېلىپ بېرىشۋېتىپتۇ! مۇشۇنداق ئەھۋالدا باقەمنى ئەيىبلىگىلى، قوپال، يىرىك گەپ قىلغىلى بولامدۇ؟ يەنە كېلىپ ئۇ يىراقتىن كەلگەن ئەزىز مېھمان، تېخى شىرەم تۇغقان تۇرسا! ئەستاغپۇرۇللا، راست گەپنى قىلغاندىمۇ، ھەمدەمجان

كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدە باقەم شائىرغا ھېسداشلىق قىلىپ تۇراتتى. ئايالى ۋاپات بولۇپ كېتىپتىكەن، بېشى بوشكەن، ئىشقىلىپ بىرى بىلەن توي قىلىشى زۆرۈر. ياش مەسىلىسىگە كەلسەك، ھازىر جەمئىيەتتە بۇنىڭدىنمۇ بەتتەر ئەھۋاللار نورمال ئىش سانىلىپ، ھېچكىمنى ھەيران قالدۇرمايدىغان بولدى. گۈلزىياغا كەلسەك، ئۇ تاللىق باغدىن تولا تاللاپ، ئاخىرىدا كۆڭلىدىكى بەختىنى تاپالماي ھەسرەتتە ئولتۇرغان بىر قىز، نۇرغۇن قىزلارغا چىرايلىق تويلۇق ئۈزۈكلەرنى سوقۇپ بەرگەن بولسىمۇ، ئۆزىگە تەۋە ئۈزۈك تېخى نەدىلىكى مەلۇم ئەمەس. راست گەپنى قىلغاندا گۈلزىيا ئەمدى يەنە كىمنى تاللاپ، كىمنى كۈتىدۇ؟ ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئاق ئاتلىق شاھزادىلەرنىڭ ھەممىسى توي قىلىپ بولدى. ئەمدى چىقسا شۇ بىر، ھەتتا ئىككى توي قىلغان، بالىسى بار ئەرلەر چىقىدۇ. تېخى ئۇلارنىڭ مىجەزى، ھال - ئوقىتى قانداقراق، بۇنىڭغا بىرنېمە دېمەك تەس. بۇلارنى ئويلىغاندىمۇ باقەم بىر تۇزۇكلا لايىق!

ئويلا - ئويلا ھەمدەمجاننىڭ كۆڭلى ئوبدانلا ئارامىغا چۈشۈپ قالدى، قايىللىقىمۇ خېلى ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن باقەم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ نورماللاشتى. تەبىئىيكى، بۇنىڭدىن باقەم تولىمۇ خۇش بولدى ۋە ئۇھ دېدى. قىزىق يېرى، ئەمدى ئۇ گۈلزىياغا راستتىنلا ئۆتتەك كۆيۈۋاتاتتى. ھەمدەمجانچۇ؟ شۇ تاپتا ئۇ ئەمدى باقەم ساۋاقدىشىنىڭ ئۆزىگە راستتىنلا باجا بولۇپ قېلىشىنى، بۇ تاغلىق ناھىيەدە گۈڭگۈر - مۇڭگۇرلىشىپ بىللە ئۆتۈشنى خالاپمۇ قېلىۋاتاتتى.

ئارامى بۇزۇلغانلارنىڭ يەنە بىرى گۈلزىبا، ئىبرىدىن ھېلىقى گەپنى ئاڭلىغان كېچىسى ئۇ بىر ئاخشام كىرپىك قاقمىدى، راستىنلا تازا ئاچچىقى كەلگەنىدى. ھېلىدىن ـ ھېلىغا «توۋا!» دەيتتى ئۇ، مېھمانغا ئۆچلۈكى كېلەتتى. سىڭلىسىغا بولغان ئىچ ئاغرىقى، ھېسداشلىقى، ئايانچلىق ھېسسىياتىمۇ ھەسسىلەپ ئۆرلىمەكتە ئىدى. قىز بالا دېگەن بىر گۈل، بىر مېۋە ئىكەن، كۆرۈنگەن ئادەم ھېيىقماي قول ئۇزىتىۋېرىدىكەن. ۋاقتى ـ قەرەلى ئۆتۈپ كەتسە ئۇ گۈل، ئۇ مېۋە تېخى قۇرۇپمۇ، قورۇلۇپمۇ قالىدىكەن. توۋا، گۈلزىيانى كىممۇ شۇنداق كۈنلەرگە قالار دەپ ئويلىغان؟ W ناھىيەسىدە ئۇ كۆپلەرنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىپ يۈرگەن قىزلاردىن بىرى ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۆزىمۇ، يەنى گۈلزىبامۇ شۇنداق ئىدى. لېكىن، ئۆزى ھەرھالدا بەختىنى تاپتى. كېلىشكەن، مۇلايىم، يەنە تېخى شەھەرلىك يىگىتكە تەگدى، ئېرىنىڭ ئىش ـ ئوقەتكىمۇ ئېپى بار. ھازىرچە ئانچە ئاقمايۋاتقان بولسىمۇ، ئۆزىگە تەۋە، چاققانغىنا بىر زاۋۇتى بار. قېرىنداشلىق ئوتى بەك كۈچلۈك بولىدىكەن. گۈلزىبا سىڭلىسىنىڭ بەختى ـ تەلىيى ئۈچۈن دائىم غەم يەيتتى، سەدپارە بولاتتى. راست، گۈلزىيادىنمۇ ئۆتۈپ كەتتى، ئۇ لايىقلارنى ئۇنچىۋالىمۇ تاللاپ، زىغىرلاپ كەتمىسە بولاتتى. گەپنىمۇ، نەسىھەتنىمۇ ئاڭلىمىدى. دۇنيادا ھەممە ياقتىن مۇكەممەل بولىدىغان ئىش نەدە بار؟ «توققۇزى تەل بولسۇن» دەپلا تۇرغان ئادەم ئاخىر ھەممىدىن قۇرۇق قېلىپ، پۇشايماندا قالىدۇ. ئاقىۋەت، راستىنلا مانا شۇنداق بولدى. گۈلزىيا كۆڭلىدىكى شاھزادىسىنى تاپالماي، ئېگەك تۇتۇپ ئولتۇرۇپ قالدى.

نەچچە كۈندىن بېرى گۈلزىبانىڭ ئىچى ئاچچىق بولۇپ، ئاغزىغا تاماقمۇ تېتىماي قالدى. سىڭلىسىغا قارىسىلا ئىچىدىكى ئاچچىق تېخىمۇ كۈچىيەتتى. تــوۋا خۇدايىم، كىمنىڭ ئەزىزلىرى كىملەرگە خار بولمىغان، دېگەن شۇ ئىكەن ـ دە! قىز بالا ئۈچۈن تۇرمۇشلۇق بولۇش، ئەرگە تېگىش شۇنچىلىك مۇھىم ئىش ئىكەن ـ ھە؟ ئانىسى رەھمەتلىك كىچىك قىزىنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىغان، گۈلزىباغا دائىم: «سىڭلىڭنى ياخشى ئاسرا، بىزدىن كېيىن قالساڭلار باغرىڭغا باس! سىڭلىڭ ئەركە، جاھىلراق چوڭ بولۇپ قالدى، ئۇنىڭدىن ئەنسىرەيمەن» دېگەندى، ئانىسىنىڭ روھى شۇ تاپتا قورۇنۇۋاتامدىغاندۇ؟ ئەللىككە تاقاپ قالغان بىر كەلگۈندى ساياق مانا ئەمدى شۇ سىڭلىسىغا كۆزىنى تىكىپتۇ! ھەمدەمجاننىڭ يۈزىنى قىلمىسا، گۈلزىبا ئالللىقاچان ئۇ ئۆزىنى چاغلىمىغان باقەم ئىسىملىك قاتاڭغۇر ئادەمنى تۇۋىسىغا تاياندۇرۇۋېتەتتى.

شۇ تەرىقىدە ئىككى كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ئىنسانچىلىق ئەمەسمۇ، ھەرقانچە ئاچچىقمۇ ۋاقىت ئۆتكەنسېرى بېسىلىدىكەن، شۇ چاغدا بەزى ئىشلار نورمالدەك بولۇپمۇ تۇيۇلۇپ قالىدىكەن. ئايالىنىڭ ئاچچىقى سەل بېسىلغاندىن كېيىن، ھەمدەمجان رەپىقىسىگە ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ھەر تەرەپلىمە شەرھلەپ چۈشەندۈردى، ئېزىپ ئىچۈردى. گەپ ئارىسىدا ئۆزىنىڭ باقەمنىڭ ياخشىلىقىغا جاۋاب قايتۇرغۇسى بارلىقىنىمۇ يۇرىتىپ ئۆتتى. ئېرىنىڭ گەپلىرى گۈلزىبانىڭ ئاچچىق، غەزىپىنى سۇغا چۈشكەن داڭگالدەك بارا ـ بارا يۇمشاتقىلى، ئېۋىتقىلى باشلىدى.

«راست ئەمەسمۇ،ــ دەپ ئويلاپ قالدى ئۇ تۆتىنچى كۈنىگە كەلگەندە،ــ ئادەم خارلىقى ھەممىدىن يامان ئىكەن، گۈلزىيا بۇنىڭ دەردىنى ئاز تارتتىمۇ؟ ‹تاللا ـ تاللا تازغا ئۇچراپتۇ› دېگەن ماقال بار، بىراق ئوتتۇزغا كىرىپ قالدى مانا، شۇ ماقالدىكى تازغىمۇ ئېرىشەلمىدى. ئەر كىشىنىڭ ئىشىغۇ ئوڭاي، بىراق ئايال كىشىنىڭ ھالىغا ۋاي ئىكەن مانا، ئايالى ئۆلۈپ كەتكەن چوپچوڭلا بىرى تەپ تارتماي ئىشىكنى قېقىۋاتىدۇ. مۇبادا، ئاچچىققا ھاي بەرمەي، بۇنىڭمۇ يولىنى توسۇپ، چىگىپ قويساق، ئەمدى كىملەر، قاچاندا ئىشىك قاقىدۇ؟ بۇ گەپمۇ بار تېخى.»

ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ گۈلزىيانىڭمۇ كۆڭلى ئاخىر ئارامىغا چۈشۈپ قالدى. تېخى باقەم شائىرنىڭ ئارتۇقچىلىق تەرەپلىرىنىمۇ ئويلايدىغان بولۇپ قالدى.

«تەقدىر ـ پېشانىگە يېزىلىپ كەتكەن بولسا، نېمە دېگىلى بولىدۇ؟ ئەر كىشى دېگەن شۇنداق تەلەيلىك بولىدىكەن، كىم بىلىدۇ، سىڭلىمنىڭ ئېچىلمىغان كۆڭلىنى شۇ ئادەم كۈلدۈرۈپ، كېيىنچە ئېچىل ـ ئىناق بولۇپ كېتىشەمدۇ تېخى! مائاشلىق كادىر ئىكەن، شەھەرلىك زىيالىي ئىكەن، ئەمىلىمۇ بار ئىمىش، گەپ ـ سۆزىمۇ جايىدا، شائىر ئىمىش تېخى! شائىر دېگەنلەرنىغۇ تازا سۆيۈق بىرنېمىلەر دەپ ئاڭلىۋېدىم، ھېسسىيات ـ پېسسىيات دەمدۇ، لىرىكا ـ پىرىكا دەمدۇ، ئىشقىلىپ ساراڭدەك جۆيلۈپ بىرنېمىلەرنى يېزىپ، ۋارقىراپ ئوقۇشۇپ، بەزىدە تېخى ھۆكۈمەتنىڭ چىشىغا تېگىپمۇ قويۇشقۇدەك... باقەم دېگىنىغۇ ئانچىۋالامۇ ئەمەستۇر، يېشىمۇ خېلى يەردە باركەنغۇ، لېكىن شۇ ئىسمى سەل غەلىتە، يېقىمسىز ئاڭلىنىدىكەن ـ دە!»

ئايال كىشىنىڭ تەپەككۇرىمۇ ئايالچە بولىدۇ، گۇلزىبا ئاخىرىغا كېلىپ باقەم شائىرنىڭ ئىسمى، تەقى ـ تۇرقى، چىرايى، ھەتتا قىسىق كۆزلىرىگىچە ئويلاپ كەتتى. «كاجنى بازار ئوخشايدۇ» دەپ، مۇبادا راستىتىنلا توي بولۇپ قالغۇدەك بولسا، قالغىنىنى كىيىم بىلەن گىرىم ئوخشار!

ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ، گۇلزىبامۇ كۆپ جەھەتلەردىن قايىللىق تېپىپ، ئېرىنىڭ رايىغا كۆنۈپمۇ قالدى. ئەمدىكى گەپ، ئەڭ مۇھىمى، گۇلزىيادا ئىدى. نەچچە كۈندىن بېرى قىز ھەدىسىنىڭ يۇرۇش ـ تۇرۇشىدىن نېمىنىدۇر سېزىپ يۈرەتتى. ئىشقىلىپ، ھېلىقى شەھەرلىك مېھمان پەيدا بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئاراملىق بولمىدى. باقەم دېگەن ئادەمنىڭ كۆزلىرى ئۇنى سايىدەك ئەگىپلا يۈرەتتى. قېينىئاكىسىدىن مېھماننى گەپكە ئۇستا، شائىر ئادەم دەپ ئاڭلىغانىدى. ئۆزىمۇ مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ ـ چىققانلىرىدا باقەمنىڭ قىزىق گەپلىرىنى، ھەمدەمجاننىڭ قاقاھلاپ كۈلگەنلىرىنى كۆپ ئاڭلىغانىدى. ئەر كىشى دېگەنىنىڭغۇ زادى كۆزى يامان بولىدۇ.

ھەمدەمجان بىلەن گۇلزىبا مەسلىھەتلىشىپ ئاخىر بۇ ئىشنى گۇلزىياغا دەيدىغان بولۇشتى. ئەلۋەتتە، قىزغا دېيىشتىن ئىلگىرى ھەمدەمجان ئاغىنىسى باقەم بىلەن بۇ توغرىدا رەسمىي پاراڭلاشتى.

ھەمدەمجاننىڭ پارىڭىنى ئاڭلىغان باقەم شائىرنىڭ ھاياجاندىن قوللىرى تىترەپ كەتتى. كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى. شۇ تاپتا ئۇ بىر مەستانىگە، بىر سۆيگۈ

قەلەندەرىگە ئوخشىشىپ، بارا ـ بارا ھاياجاندىن پۇتۇن ئەزايى لاغ ـ لاغ تىترىگىنىچە ھەمدەمجاننىڭ قوللىرىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى.

ــ رەھمەت، ئاداش، جېنىم ساۋاقدىشىم، مېنى مۇرادىمغا يەتكۈزۈڭ، ياخشىلىقىڭىزنى قايتۇرسىمەن، تۇغقىنىم، جەزمەن!

باقەم شائىر گويا گۈلزىيانى قۇچاقلايدىغاندەك قوللىرىنى كەردى، ئاغىنىسىنى ھەيران قالدۇرۇپ، بىر قىسما قىلىقلارنى قىلىۋەتتى...

دەل شۇ چاغدا، يىراق بىر يەردە باقەمنىڭ ھالال جۈپتى مەيۈسلۈك بىلەن بالىلىرىغا:

ــ داداڭلاردىن بۈگۈنمۇ خەۋەر كەلمىدى، ــ دەۋاتاتتى.

كېلىشكەنلىرى بويىچە گۈلزىيا ئەپلىك پۇرسەتنى تېپىپ، گەپنى يىراقلاردىن ئەگىتىپ گۈلزىياغا بولۇۋاتقان ئىشلارنى ئېھتىيات بىلەن بايان قىلدى، «ئەپلىك پۇرسەتنى تېپىپ» دېگىنىمىز، ئالىلىقاچان ئۇخلاپ قالغان ئامراق بالىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھويلىدا ھەدە ـ سىڭىل ئىككىسىلا قالغان، ھەمدەمجان بىلەن باقەم نۆۋەتتىكى بىر مېھماندارچىلىققا كەتكەندى.

گۈلزىيا ھەدىسىدىن يېقىندىن بېرى بولۇۋاتقان گەپلەرنى ئاڭلاپ، كېچىچە دۈم يېتىپ يىغلىدى، ھۆجرىسىدىنمۇ چىقمىدى، نەچچە كۈنگىچە زەرگەرخانىغىمۇ بارمىدى.

قىزنىڭ نېمىلەرنى ئويلىغىنىنى، نېمىلەر ئۈچۈن ئۆكسۈگىنىنى بىز بۇ يەردە تەخمىنلەپمۇ ئولتۇرمايمىز،

يازمايمىز. ئەتىسى ئۇ يىغىدىن توختىدى، لېكىن يەنىلا هېچكىمگە پاراڭ قىلمىدى. ئۈچىنچى كۈنىگە كەلگەندە ھۆجرىسىدىن چىقىپ، ناشتىلىقتا ئولتۇردى ۋە ھەدىسىدىن:

ــ سىڭىلچە، قانداق قىلسام بولار؟ ــ دەپ سورىدى.

ياراتقان ئىگىسى بۇ دۇنيادا ھەر كىمنى ئەقىل ـ ھوشى ۋە ئىنسابى بىلەن ئىش قىلىشقا بۇيرۇغاي!

# يەتتىنچى باب

يالغانچىلىقنى ئاجايىپ قاملاشتۇرۇۋەتكەن باقەم ئاخىر گۈلزىيانىڭ ماقۇللۇقىنى ئالدى. شۇ كۈنلەردە ئۇمۇ بىكار تۇرماستىن ئۆز ئالدىغا بەزى تەييارلىقلارنى قىلغاچ تۇرغانىدى. شۇ تەييارلىقلارغا بىنائەن ئۇ ئالدى بىلەن ئايالىنىڭ (ئۆزى «ئېيىقگۈل» دەپ ئاتىۋالغان ۋاپادار بىر ئايال) نامىغا كەسكىن ئىبارىلەرگە تولغان «تالاق خېتى»نى پوچتا ئارقىلىق زاكاز ماركا چاپلاپ يوللىۋەتتى. بىز باغرى تاشلىق ۋە بىۋاپالىقنىڭ مەھسۇلى بولغان بۇ لەنىتى خەتنىڭ مەزمۇنى بىلەن سەھىپىمىزنى بۇلغاپ ئولتۇرمايمىز.

«ئېيىقگۈل»گە تالاق خېتى يېزىۋاتقاندا ۋە پوچتىغا سېلىۋاتقاندا پەيلى شەيتان باقەمنىڭ يۈرىكى مىتمۇ قىلىپ قويمىدى. چوڭ بولۇپ قالغان ئىككى بالىسىمۇ كۆزىگە كۆرۈنمىدى. شۇ تاپتا ئۇ بىر خىيالىي دۇنيادا، ئاللىقانداق بىر سەييارىدە ياشاۋاتاتتى. بۇ سەييارىدە «هاڭ ــ تاڭ قالىسىز» شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورلۇقى بىلەن لەۋەن گۈلزىيالا بار ئىدى.

بۇ كۈنلەردە باقەم ھەمدەمجان ئائىلىسىنىڭ تېخىمۇ ئەزىز مېھمىنىغا، ھەتتاكى ھېلىتىنلا بىر ئەزاسىغا ئايلانغانىدى. ئادەمنىڭ كۈلگۈسىمۇ، يىغلىغۇسىمۇ كېلىدۇ، نۆۋىتى كەلگەندە ئىنسان مۇرەككەپ ۋە

ئەقىلىلىك زات، نۆۋىتى كەلگەندە يەنە ئەڭ ئاجىز، بىچارە جانىۋار ئىكەن. ھېچبىر ئاساسى، ئالاھىدىلىكى بولمىغان بىر كاززاپنىڭ بىرنەچچە ئېغىز گەپ بىلەنلا نەچچىلىگەن ئادەمنى ئالداپ، بىرمۇنچە ئىشلارنى تەۋرىتىۋېتىشى ھاياتنىڭ كۈلكىلىك بىر ئويۇن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرمامدۇ!

تالاق خېتىنى ئەۋەتىۋەتكەندىن كېيىن باقەمنىڭ كۆڭلى خېلىلا تىنچىپ، يۈرىكى ئوبدانلا توملىشىپ قالدى. ئەمدىلىكتە ئۇ بىر مەزگىللىك ئاشىق جانغا، لىرىكىلىق ئىنسانغا ئايلانغانىدى، ھەمدەمجاننىڭ ئۆيىدىكىلەر، بولۇپمۇ گۈلزىيا ئۇنىڭغا ئەمدى ئىللىق مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ كەتتى. ھەمدەمجانمۇ بىرنەچچە قېتىم كەيپچىلىكتە ئۇنى «باجام» دەپ ئاتىدى. باقەمنىڭ شائىرانە ھېسسىياتلىرى پەلەككە ئۆرلەپ، گاھىدا شېئىرلىتىپ مۇھەببەت لىرىكىلىرىنى ۋاراقلارغا تولدۇرۇۋېتەتتى، سەھىپە ئېتىبارى بىلەن يەنىلا بۇ يەردە ئۇلارنى شېپى كەلتۈرۈپ ئولتۇرمايمىز.

باقەمنىڭ ئەمدىكى ئەس ـ يادى گۈلزىيا بىلەن پىنھان ئۇچرىشىشتا قالغانىدى. ئېيتماقچى، گۈلزىيامۇ ئىلگىرىكى ئاچچىق تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ئويلاپ، تەقدىرگە تەن بېرىپ بوپتۇلا دېدىمۇ ياكى باقەمنىڭ بىرەر تەرىپى ئۇنىڭغا ئازراق بولسىمۇ يېقىپ قالدىمۇ، ئىشقىلىپ ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە باقەم شائىرغا جىلمىيىپ يۈردى. بۇ جىلمىيىشلار باقەمنىڭ «ھېسسىيات تۇيغۇلىرىنى ئۆرلىتىپ»، ئۇنى دۇنيادىكى تولىمۇ بەختلىك ئىنسانغا ئايلاندۇردى. «ھېسسىيات تۇيغۇلىرىم...» دېگەن بۇ سۆز باقەمنىڭ دائىم

ئىشلىتىدىغان تىپىك ئىبارىسى ئىدى، بولۇپمۇ شېئىر يازغان چاغدىكى ھالىتىنى ئۇ ئاشۇ ئىبارە بىلەن ئىپادىلەيتتى. مەسىلەن، «ئىلھامىم كەلدى» دېگەننىڭ ئورنىغا ئۇ دائىم كەسكىن تەلەپپۇزدا «ھېسسىيات تۇكلىرىم ئۆرلەپ كەتتى» دەيتتى ۋە شۇ ئان يېزىپ كېتەتتى... ئەمدىلىكتە باقەم ئىشەنچلىك ھالدا گۈلزىيانىڭ چاي، تائام توشۇپ ئۆزى بار ئۆيگە كىرىشىنى پايلايدىغان، يۈرىكى دۈپۈلدىگەن ھالدا ئۇنى كۈتىدىغان بولدى. شۇنداق چاغلاردا ئۇ بىر - ئىككى قېتىم گۈلزىيانىڭ ماۋۇقتەك قوللىرىنى پىيالە بىلەن قوشۇپ تۇتۇپمۇ ۋە بۇنىڭ جاۋابىغا پىسىڭىدە كۈلكىگىمۇ مۇيەسسەر بولدى. نۆۋىتىدە ھەمدەمجان بۇ ئىشقىي ئىمالارنى كۆرمەسكە سالاتتى. دېگەنبىلەن ئىشلار جايىدا كېتىۋاتاتتى.

باقەمنىڭ بەختلىك كۈنلىرى ئەنە شۇنداق باشلاندى. W ناھىيەسى ئۇنىڭغا ئىككىنچى قېتىملىق ياشلىق يۈرىستىنى ئاتا قىلغانىدى. توغرا، ئىنسان ھاياتىدىكى يېڭى بىر ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش ئۆتكىلى ياشلىقتىن، ئۇمىدتىن، ئۇزاق يولدىن دېرەك بېرىدۇ ئەمەسمۇ! باقەم مەيلى قانداقلا قارا دىللىق قىلسۇن، نېمە ھىيلە - نەيرەڭ ئىشلەتسۇن، مۇھەببەت ئىلاھى ئۇنىڭغا ئەنە شۇنداق تەلەي، ئامەتنى، يەنە بىر قېتىم توي لەززىتىگە چۆمۈلۈش يۈرىستىنى تەقدىم قىلىش ئالدىدا تۇراتتى. سىلەرچۇ، ئەقىل - ھوشلۇق يىگىتلەر، مەسئۇلىيەتچان ئاتىلار، ھايات يولۇڭلاردا ئەنە شۇنداق قارىغۇ ئامەت يولۇققان چېغىدا قولۇڭلارنى يۈرىكىڭلارنىڭ ئۈستىگە بېسىپ، ۋىجدانىي ۋە ئىنسانىي

تەپەككۇرغا چۆمۈلۈشلار، يالغانچىلىق ۋە يەڭگىلتەكلىكتىن تۇغۇلغان مۇھەببەت ھېچكىمگە ۋاپا قىلغان ئەمەس. يۈرەكتىن ئۇرغۇپ چىققان چىن، سەممىي مۇھەببەت ھالال، پەزىلەتلىك ئادەملەرنىڭ زىننىتى، بىراق يامان غەرەز بىلەن بارنى يوق كۆرسىتىپ ئالدامچىلىق قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ بىگۇناھ قۇربانىدۇر، ئۇۋالىدۇر!

بىراق، بىزنىڭ سەممىي نەسىھەتلىرىمىزدىن خەۋەرسىز ھالدا باقەم ئۆزى يېڭى ئېرىشكەن مۇھەببەت يايلىقىدا خۇددىنى ئۇقماي يېڭى تۇغۇلغان موزايدەك قېيغىتىپ، جىمى جاھاننى ئۇنتۇپ، ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇپ كەتتى. گۈلزىيا بولسا تەقدىرگە تەن بېرىپ، مېھمانىنىڭ تەلپى بويىچە بىرنەچچە قېتىم ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى. باقەم دەسلەپكى ئۇچرىشىشتىلا قۇترىماقچى بولغاندى، بىراق كەسكىن تەنبىھكە ئۇچرىدى. كېيىن بولسا ئۆزىنى ئاقلايمەن، قىزغا ياخشى كۆرۈنىمەن دەپ كۈچۈكلىنىپ، نېمىلەرنى دەپ، نېملەرنى قىلىپ قويغىنىنىمۇ ئۇقماي قالدى. نېمە بولسا بولسۇن گۈلزىيانىڭ ياشلىق جىلۋىسى، ماموقتەك بەدىنىدىن تارقىلىپ تۇرغان خۇشبۇي ھىد باقەمنىڭ ئەس - ھوشىنى ئالغانىدى. گۈلزىيانىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشمۇ ئۇنىڭغا بىر ئاجايىپ سەنئەتتىن ھۇزۇرلانغاندەك شېئىرىي، شېرىن تۇيغۇ ئاتا قىلاتتى. قىزنىڭ گەپ قىلغاندىكى ئىما - ئىشارەتلىرىمۇ «ئېيىقگۈل»گە ئەسلا ئوخشاشمايتتى، ئاسمان - زېمىن پەرق قىلاتتى. ئىنسابسىز باقەم ھالال جۈپتى بولمىش ئۇ ئايالىنىڭ ئۆزلىرى توي قىلماستىكى، ياش

ۋاقىتلىرىدىكى جىلۋە، نازلىق ئاھاڭلىرىنى ئېسىگە ئېلىپمۇ قويمىدى. راستىنى ئېيتقاندا، باقىمنىڭ ھازىر بۇلارنى ئويلاشقا چولىسىمۇ يوق ئىدى.

باقەم بىلەن گۈلزىيانىڭ بىر ئوبدان ئەپلىشىپ يۇرۇۋاتقانلىقى گۈلزىيانىڭ كۆڭلىنى ھەرھالدا خاتىرجەم قىلغانىدى. نېمىشقا دېسىڭىز، لايىق چىقماستىن مەڭگۈگە ئولتۇرۇپ قالغاندىن، ئەيتاۋۇر بىرەر لايىقنىڭ پېشىنى تۇتقانمۇ ئەۋزەل ئىش ئەمەسمۇ؟ كونىلار بىكارغا «ئۆڭكۈر بولسىمۇ ئۆيۈم بولسۇن، ئېيىق بولسىمۇ ئېرىم بولسۇن» دېمىگەن ــ دە، ھېچبولمىغاندا مەرھۇم ئاتا ــ ئانىسىنىڭ روھى خۇش بولىدۇ ئەمەسمۇ!

ھەمدەمجانغا كەلسەك، ئۇمۇ ئۆز ئالدىغا چوت سوقاتتى. يىللار، رىقابەتلىك تىجارەت بۇ كۆڭلى يۇمشاق يىگىتنىمۇ ئاستىرتىن، بىلىندۇرمەي ئۆزگەرتكەن، ئۇنى ساناقسىز ئادەملەرگە ئوخشاش (دەۋرىمىزدە بۇنداق ئادەملەر شىددەت بىلەن كۆپەيمەكتە) پايدىغا، پۇلغا ئامراق، شۇ يولدا ھەرقانداق تەدبىرنى قوللىنىشقا تەييار تىجارەتچىگە، ھېسابلىق ئىنسانغا ئايلاندۇرغانىدى. ئۇنىڭ مۇسەللەس زاۋۇتىنىڭ تازا ماڭماي قېلىشىدىمۇ، باقەمنى غايىب ئەۋلىيا، خىزىردەك كۆرۈپ، بىرمۇنچە پۇلنىڭ كۆزىگە ياغاچ تىقىپ «خەلقئارالىق مۇكاپات» ئېلىشقا ئىنتىلىشىدىمۇ ئاشۇ كېيىن يېتىلگەن مىجەزى رول ئوينىغانىدى. بۇ توغرۇلۇق بىز كېيىنچە ئالايىتەن توختىلىمىز. بۇ يەردە دەيدىغىنىمىز شۇكى، باقەم شائىرنىڭ گۈلزىياغا ئۆيلەنمەكچى بولغانلىقى ھەمدەمجان ئۈچۈن بىرنەچچە پايدىدىن بېشارەت بېرەتتى. بىرىنچى

پايدا شۇكى، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇ باقەم شائىر بىلەن مەڭگۈلۈك، تېخىمۇ ھەم ئۇرۇق - تۇغقان بولۇپ، تىجارىتىنىڭ روناق تېپىشىغا قابىل يار - يۆلەك تېپىۋالاتتى. باقەم بۇ جەھەتتە ئۆزىنى ماختاپ شۇنچىلىك كۆككە كۆتۈرگەندىكى، بۇ گەپلەرنى ئاڭلاۋاتقىنىدا ھەمدەمجاننىڭ ھاڭدەك ئېچىلىپ قالغان ئاغزىغا چىۋىنمۇ بىمالال ئۇچۇپ كىرىپ - چىقاتتى! ئىككىنچى پايدا شۇكى، بۇ توي ئارقىلىق ھەمدەمجان ئائىلىسىنىڭ ئېغىر بىر يۈكى يەڭگىللەيتتى، بولۇپمۇ گۈلزىبانىڭ چوڭ غېمى تۈگەيتتى. ئۈچىنچى پايدا شۇكى، باقەم گۈلزىيانى ئالسا جەزمەن شەھەرگە ئەكېتەتتى - دە، ئىككى قىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھازىرغىچە ئېسىلىپ تۇرغان قورۇ - جاي ئازلا چىقىم بىلەن ھەمدەمجانلارغا قالاتتى (باقەم بۇ گەپنى قىلمىغان بولسىمۇ، گۈلزىيا ھەدىسىگە باقەم بىلەن توي قىلىشتىكى بىر مەقسىتى شۇ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەندى). ئىشقىلىپ، باقەم بىلەن گۈلزىيانىڭ نىكاھ ئىشى ھەممىلا ئادەمگە پايدىلىق، تېگى - تەكتىدىن ساۋابلىق بىر ئىش ئىدى.

يۇقىرىقى پايدىلارنى ئالدىنئالا تەسەۋۋۇر قىلىپ، چۈشىنىپ يەتكەن ھەمدەمجان ئىككى ئاغىنە، تۇغقان ئايرىم ھاراق سورۇنىدا پەيز قىلىپ ئولتۇرۇشقانلىرىدا باقەمگە بىر - ئىككى قېتىم سەممىيلىك بىلەن «كىچە قانچە ئۇزاق بولسا، چۈش شۇنچە كۆپ بولىدىغان»لىقى، شۇڭا گۈلزىيا ئۇندەككە كەلگەن پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، شارت - شۇرتلا توينى قىلىۋېتىشنى، بولمىسا قىز كۆڭلى ئەپيۇنگۈل دېگەندەك، بۇ خاسىيەتلىك ئىشقا چېچەك چىقىپ قالمايدۇ دېگىلى

بولمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى. بىراق، بۇ كەملەردە ۋەسۋەسىدىن خىلىلا بىسىقىغا چۈشۈپ، ۋەزمىنلىشىپ قالغان باقەم شائىر پەيلاسوپلارغا ئوخشاش، سالماقلىق بىلەن مۇنداق دېدى:

ـ قەدىرلىك ئاغىنەم، ساۋاقدىشىم، مەن بۇ يەرگە كېلىپ، ئەڭ ئاۋۋال سىز بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغان ۋاقتىمنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالالمايمەن. سىز ئاۋۋال ماڭا ئاجايىپ ئىززەت ـ ئىكرام كۆرسەتتىڭىز، كېيىنچە مەن ئۆزۈمنىڭ سىزگە قالتىس مۇھىم بىر جەھەتتە ياردەم قىلالايدىغانلىقىمنى خۇشاللىق بىلەن ھېس قىلدىم. ھازىر مېنىڭ ئۆتەيدىغان بىرىنچى مەجبۇرىيىتىم، شۇ خالىس ياردىمىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئوغۇل بالىچىلىقىمنى سىز ۋە سورۇندىكى ئاغىنىلەرگە ۋە يەنە سۆيۈملۈك رەپىقىڭىزگە ھەم ئۇنىڭ سۆيۈملۈك (باقەم مۇشۇ يەردە تۇكۇرۇكىنى غۇرت قىلىپ يۇتتى) سىڭلىسىغا بىر بايان قىلىش، يەنى نەق كۆرسىتىپ قويۇش. توي ئىشىغا كەلسەك، بۇ ئىككىنچى قېتىم ئۆتەيدىغان مەجبۇرىيىتىم. ئاڭغىچە مەن گۈزەل ھېسسىيات تۇكلىرىمنى ئۇزاقراق ئۆرلىتىپ، مۇھەببەتلىشىۋاتقان يىگىتلەرگە خاس بەخت ـ تەلەيدىن جىقراق بەھرىمەن بولاي دەيمەن، يەنە... ھىم، يېڭى ئىلھامدا يېڭى ـ يېڭى ئىجادىيەتلەرنى ئاپىرىدە قىلىۋالاي!

قاقباش باقەمنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان دەبدەبىلىك گەپلەر ئەسلىدە پەلسەپەتىش بىر ساختىلىقتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇنىڭ ئەسلىي مەقسىتى ۋاقىت جەھەتتىن ئۇتۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. سەۋەبى،

«ئېيىقگۈل»گە يولـلىغان تـالاقنامـىسىنىـڭ خۇلاسىسى چىقمىغان، بۇ ئىش تېخى بىر ياقلىق بولمىغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، شىركەت دىرېكتورى «خەلقئارالىق ئالتۇن مۇكايات»نىڭ ئىز ـ دېرىكىنىمۇ تېخى بەرمەيۋاتاتتى، ئۇن بەش مىڭ يۈەن تېخىچە سادا ھەمىدەمنىڭ يانچۇقىدا ئىدى. شۇڭا، باقەم W ناھىيەسىدە بىر مەزگىل كەيپ ـ ساپالىق، مۇھەببەتلىك تۇرمۇشنى داۋام ئەتكەچ، سالغان قارماق، تاشلىغان تورلىرىنىڭ ھوسۇلىنى چەنلەپ باقماقچى بولۇۋاتاتتى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ بۇ مەككارلارچە چۈشەندۈرۈشىگە ھەمىدەمجان قايىل بولۇپ، چىن كۆڭلىدىن خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە باقەمگە ئىشەنچ باغلىدى. باقەمنىڭ سەمىمىي ـ سادىق بۇرادەرلىكىگە بولغان ئىخلاسمەنلىكىنى گۈلزىبا، گۈلزىيالار بىلەن تەڭ ئورتاقلاشتى.

گۈلزىياغا كەلسەك، ئۇنىڭ كۆڭلى يەنىلا دەككە ـ دۈككىدە ئىدى. دەككە ـ دۈككىچىلىكى باشقا ئىش ئەمەس، بەلكى «كۆز قورقاق»لىقى ئىدى، باقەمنىڭ زادى قانداق ئادەملىكى ئۇنىڭغا تەلتۆكۈس ئايان ئەمەس ـ دە! قىز بالا دېگەن ھەقىقەتەن بىچارە ئىكەن، ئاتام كۆرمىگەن، ئانام كۆرمىگەن، يېشى خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان، چىراي ـ تۇرقىمۇ ۋاي دېگۈدەك ئەمەس بىرى ئىشىكنى قېقىۋىدى، دوست ـ دۈشمەننىڭ ئالدىدا «قېرى قىز» ئاتىقىنى ئۆلگۈچە ئالمايلا دەپ، بوپتۇ دەۋەتتى. باشتا ئۇ باقەمنى ھە دېسە ھۇ دەپلا، ئالداپ ئىشنى پۈتكۈزۈۋالاي دەيدىغان بىر ئالدامچىمىكىن دەپ ئويلىۋىدى، كېيىن ھەمىدەمجان ئاكىسىدىن باقەمنىڭ

تويغا ئانچە ئالدىرىمايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ كۆڭلى خېلى تەسكىن تېپىپ قالدى. لېكىن، يەنە بىر تەرەپتىن، تويىنى بالدۇرراق قىلىۋەتسىمۇ بوپتىكەنلا دەپ ئويلاپمۇ قالدى.

گۈلزىيا ئەنە شۇنداق شېرىن تۇيغۇ، دەككە ـ دۈككىچىلىك ۋە كۆڭۈل غەشلىكلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن ھېسسىياتلىرى بىلەن كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتقىنىدا، بۇ ئائىلىدە توساتتىن ئاجايىپ بىر ئىش يۈز بەردى. بۇ شۇنداق بىر ئىشكى، باشقىلار تۇگۈل، ئۆز قەھرىمانى ئارقىلىق ماختىنىشنى ئەسلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەن مۇئەللىپمۇ بۇ كۆڭۈلسىزلىكنىڭ شۇنچىۋالا تېز سادىر بولۇشىنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغانىدى.

گۈلزىيانىڭ ۋىسالىغا يېتىش شادلىقى يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرىنى غىدىقلاپ تۇرغان كۈنلەردە، ئەزەلدىن كوچىدا ماڭسا قىز ـ چوكانلارغا ئىختىيارسىز كۆپرەك كۆز تاشلاپ، گاھىدا ئىستولىيا، تېرەكلەرگە ئۈسۈۋالىدىغان قەھرىمانىمىزنىڭ كۆڭلىدە ھامان تېخىچە يەنە بىر ۋەسۋەسە ھە دېسىلا قوزغىلىپ، زادىلا بېسىقمايۋاتاتتى.

دۇنيادا شۇنداق ئادەملەرمۇ بولىدۇ، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى رىزقىنى يۇۋلىمەي سوقۇۋاتقاچ، يەنە خەقنىڭ تەخسىسىدىكى لوقمىغا قارايدۇ، مۇبادا ئۇنىڭدىنمۇ كاپام ئېلىش نېسىپ بولسا، كۆزى تىنچ تۇرماستىن، يەنە باشقىلارغا ئەكېتىۋاتقان تائامغىمۇ نەزىرىنى سېلىۋېرىدۇ. بىز باقەم W ناھىيەسىگە كېلىپ ھەمدەمجاننىڭ ئۆيىگە تۇنجى قېتىم كەلگىنىدىلا بۇ ئۆيدىكى ھەدە ـ سىڭىللىغا كۆز تاشلاپ، ھەر ئىككىلىسىگىلا ھاياسىز كۆزلىرىنى تەڭ قادىغانلىقىنى

يامىداپ دەپ ئۆتۈپ كەتكەندۇق. ۋاھالەنكى، ھەمدەم ئائىلىسىگە مېھمان بولغان شۇنچە كۈنلەر داۋامىدا شەھەرلىك مېھمانىنىڭ ئىنسابسىز كۆڭلىدە ئىككى گۈلنىڭ ئوتى تەڭلا يېنىپ تۇردى، يامان يېرى باقەم گۈلزىياغا كۆيدۇم ــ پىشتىم بولۇپ، يۈرەك ــ باغرىنى ئىزھار قىلىۋاتقاندىمۇ گۈلزىيادىن ماقۇللۇق جاۋابىنى ئالغاندىن كېيىنمۇ بۇ «پىراق» زادىلا بېسىقىغا چۈشمەي، يوشۇرۇن ھالەتتە ئىگىسىنىڭ ئىچ ــ باغرىنى تاتىلاۋەردى. بۇنىڭغا ھەمدەمجاننىڭ ئايالى گۈلزىبانىڭ قېرى قىز بولاي ــ بولاي دەپ ئۆيدە ئولتۇرۇپ قالغان سىڭلىسى گۈلزىيادىن تېخىمۇ چىرايلىق، سۇمباتلىق ۋە ناز ــ كەرەشمىلىكرەك بولغانلىقى سەۋەب ئىدى.

ئالدىنقى بابلىرىمىزنىڭ بىرىدە بىز ھەمدەمجان ھەققىدە پاراڭ قىلىۋېتىپ، W ناھىيەسىدىكى تالاي ــ تالاي يىگىتلەرنىڭ ھەۋىسىنى قوزغاپ، ئوت ــ پىراقىنى ئاشۇرۇپ، جېنىنى تىكىپ قوغلىشىشقا نائىل بولغان گۈلزىبانىڭ تەقدىرىنىڭ بۇيرۇشى بىلەن W ناھىيەسىگە كېيىنچە كېلىپ قالغان مۇلايىم ھەمدەمجانغا نېسىپ بولغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتكەندۇق. يىللار چىرايىدىن كەتكۈزەلمىگەن ۋە خوتۇنلۇق ھاياتىدىمۇ بارغانچە لەۋەنلىشىپ كېتىۋاتقان چوكان گۈلزىبا كوچىغا چىقسا ھېلىمۇ خېلى كۆپ ئەرلەرنىڭ كۆزلىرى ئارقىسىدا قالاتتى. شۇنداق ئىكەن، «شائىر»لىق ھېسسىياتىغا مىلىنىپلا يۈرىدىغان ئۇجمە كۆڭۈل باقەمنىڭ «ئەپقاچىدىغان خوتۇن بار، تاشلاپ قاچىدىغان قىز» دەيدىغان ماقالغا بىنائەن گۈلزىباغىمۇ تەك كۆيۈپ يۈرگىنىنى نېمىدەپ چۈشەنگىنىمىز خوپكىنتاك؟

باقەم ھەمدەمجانىنىڭ ھويلىسىغا قەدەم تەشرىپ قىلغان دەسلەپكى كۈنلەردە، راستىنى ئېيتساق ئىككى ئايال زاتىنى تەڭ كۆرگىنىمدە، ئالدى بىلەن گۈلزىباغا يۈركى پېزىلدىغىنى راست. لېكىن، كېيىنچە بۇ ئائىلىنىڭ، خۇسۇسەن ئىككى جانانىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىنى ئېنىق چۈشەنگەندىن كېيىن مەۋقەنى «بېشى بوش» سىڭلىسىغا توغرىلىغىنى، نىشانىنى بۇرىغىنىمۇ ھەم ھەق راست ئىدى. بىراق، نېمە دېيىش مۇمكىن، «باغلاپ قويساڭ تۇرمايدۇ، كۆڭۈل دېگەن ساراڭنى...» دېگەن ناخشىدىكىدەك، ئىش باشقا ـ يۇ، ھېسسىياتنىڭ قۇترىشى باشقا ئىكەن! باقەم شائىرنىڭ ئۈنگىسىزمۇ سىمابتەك لىغىلداپ، چاچراپلا تۇرىدىغان ھېسسىياتى شۇنىڭدىن كېيىن زادىلا بېسىقىغا چۈشمىدى، تاكى كېيىنچە گۈلزىبانىڭ قولىنى سىركايە بىلەن قوشۇپ تۇتۇۋالغان چاغلىرىدىمۇ، ئۈنىڭدىكى گۈلزىبانى كۆرسىلا بۇزغۇپ كېتىدىغان بىزەڭ تۇيغۇلار زادىلا بېسىقىغا چۈشمىدى، ئەكسىچە ئەتىيازدا كەلكۈن قوشۇلغان ئەخلەتلىك دەريا سۈيىدەك ئۆرلەپ لەپشۈەردى.

راستىنى ئېيتقاندا، ئايال زاتىنىڭ بەدىنىمۇ بىر مۆجىزە، قاچاندۇر بىر قەلەمكەشنىڭ «گۈزەللىك ئۆزۈڭدە، ئىزدىمە زىنھار» دېگەن بىر يازمىسىنى ئوقۇغانىدىم. دېمىسىمۇ گاھىبىر ئاياللارنىڭ بېجىرىم، كېلىشكەن، زىلۋا بەدەن تۈزۈلۈشى، ناز ـ كەرەشمىلىرى، ھايا، لاتاپىتى گېپىمىزنى ۋە ھېلىقى قەلەم يوگۈرتكۈچىنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكلەرگە «قاش بىلەن كۆز جايىدا بولسا، باشقىسى بازاردا بار» دېگەن ماقالدىكى رەڭلەر قوشۇلسا،

باقەم شائىردەكلەرنىلا ئەمەس، خېلى - خېلى مختا ئەركەكلەرنىمۇ دىلىغۇل قىلغۇدەك سەۋەب تېپىلدى دەۋىرىڭ! ياراتقۇچى ھەممىمىزگە ئەقىل ۋە ئىنساب بەرسۇن.

بىز باقەم ھەققىدە سۆزلەۋىتىپ، مۇشۇ قېتىمقى W ناھىيە سەپىرىنىڭ قەھرىمانىمىز ئۈچۈن تەقدىرىنىڭ چاقچىقى بولغانلىقىنى، ئىنسانىي ۋە ۋىجدانىي مەجبۇرىيەتلەر ئىسكەنجىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باقەم شائىرنىڭ ئامەت ئېتىغا تاسادىپەن مىنىپ قالغانلىقىنى تەن ئالماي تۇرالمايمىز. بەلكىم ئارىمىزدا باقەمنىڭ بۇ تاسادىپىي ئامىتىگە ھەۋەس قىلىدىغان ئوقۇرمەنلەرمۇ چىقىپ قالار، لېكىن بىز بۇلارغا زېھىن چاچماستىن، ھېكايىمىزنى داۋام ئېتىمىز.

باقەم W ناھىيەسىدە خېلى كۈنلەر تۇرۇپ قالغان بولسىمۇ، شەھەردە قېلىپ قالغان بالىۋاقىلىرىنى ئانچە ئويلاپ كەتمىدى. راست، گاھىدا چوپچوڭلا بولۇپ قالغان ئىككى بالىسى يادىغا يېتىپمۇ قالاتتى. يۈرىكىنىڭ بىر يېرىنى سېغىنىش سېزىمىدەك بىرنەرسە چىم ئېتىپ چاقاتتى. ۋاھالەنكى، بالىلارنىڭ ئارقىسىدىنلا «ئېيىقگۈل»نىڭ چىرايى كۆز ئالدىغا كېلىپلا قالسا، قانداقتۇر بىر بىزارلىق تۇيەيلى ئۇنىڭ بايىقى سېغىنىش ھېسسىياتلىرى نەگىدۇر غايىب بولاتتى. بالىۋاقام نېمە يەپ، نېمە قويۇۋاتىدۇ، ئاغرىق - سىلاقتىن ئامانمۇ... دېگەندەك خىياللار ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىپ چىقمايتتى. خۇددى بالىلىرى «ئېيىقگۈل» ھايۋانات باغچىسىدا گۆش تاشلاپ بېرىدىغان ئېيىقنىڭ بالىلىرىدەك، شۇ گۆشتىن ئۇلارمۇ بەھرىمەن بولۇۋاتقاندەك، بۇ مەجبۇرىيەتلەر ئۇن

كۈن، ئۇن تۈن ئۇخلىسا بىر قېتىم چۈشىگىمۇ كىرىپ قويمايتتى. بۇنىڭ ئەكسىچە ھەمدەمجان بىلەن گۈلزىبانىڭ ئوماق، ئەركە ئوغلى باقەمنىڭ كۆزىگە كۈندىن ـ كۈنگە تېخىمۇ ئىللىق، تاتلىق كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. ئوقۇرمەنلىرىمىزدىن خېلى كۆپلىرى سېزىپ قېلىشقانلىرىدەك، بۇنىڭ سەۋەبى ئۇ ئوغۇلنىڭ گۈلزىبانىڭ بالىسى بولغانلىقىدا ئىدى. كۆپ ھاللاردا ئۇ بالا ئۆزىگە يېقىن كەلسە، باقەمنىڭ بۇرنىغا گۈپپىدە قىلىپ گۈلزىبانىڭ ھىدى كېلىۋاتقاندەك قىلىپ، يۈرىكى جىغىلداپ كېتەتتى. تولا ھاللاردا ئۇ مۇشۇ سېھىرلىك، ئىللىق ھىدنى ھىدلىۋېلىش ئۈچۈن، يانچۇقىدىن قەغىزى كىرلىشىپ كەتكەن ھەر خىل كەمپۈتلەرنى ئېلىپ، بالىغا تەڭلىگىنىچە ئۇنى يېنىغا چاقىراتتى.

ــ مەيلىلە، ساقام، مانا كەمپۈت!

ــ ھە، بۇگۈن يۈز ئالدىڭمۇ، توقسانمۇ؟

ــ يىگىت ـ دە يىگىت، كېلە!

ئاقپىشماق، قوي كۆزلۈك بالا ئەمدىلىكتە، ئۆزلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە ئۇزاق تۇرۇپ قالغان مېھمانغا خېلى كۆنۈپ قالغانىدى. ئۇ ئالىيېشىل كەمپۈتلەرنى ئالغىلى ھېيىقىپراق كېلەتتى ـ دە، باقەمنىڭ بىلەكلىرى ئارىسىغا كىرىپ قالاتتى.

ــ ئاغىنىلىرىڭ جىقمۇ؟

ــ مۇئەللىمىڭلارنىڭ ئاچچىقى يامانمۇ؟

شۇ گەپلەر ئارىسىدا باقەمجان بالىنىڭ چاچلىرىنى پۇراپ، ئۆزى ئىزدىگەن ئاجايىپ خۇشبۇي بىر ھىدنى ئىستەيتتى، بالا بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز، كەمپۈتنى

ئاغزىغا ئىككىدىن سېلىۋېلىپ، يىراقلارغا، ئاسمانىدا قاتارلىشىپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قاقىرلارغا قاراپ چاڭىلداپ سۆزلەيتتى.

— ۋاي ۋۇي، ئارغامچا!

— قاراڭا، قاراڭا، باقى دادا، سانىدىم، ئون يەتتە قاقىر ئىكەن...

بالىنىڭ ئاغزىدا دومباق كەمپۈت بولغاچقا، ئاۋازى پىششىلداپ چىقاتتى.

بىر قېتىم بۇ ئىشقا گۈلزىبا دىققەت قىلدى.

— باقەمجاننىڭ ئۆلۈپ كەتكەن ئايالىدىن بىرەر ئوغلى بار بولغىيدىمىكىن، يېقىندىن بېرى تايىنى جىق ئەركىلىتىدىغان بولۇپ كەتتى.

— بولسىمۇ باردۇر، — دېدى ھەمدەمجان ئاشخانا ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىن ھويلىغا ئېڭىشىپ قاراپ، — ئۆزىغۇ دېمىدى. سىز دېگەندەك، بالىسى بولغان بولسا، سېغىنىدۇ - دە، شۇ!

مېھماندوست ئەر - ئايال بىرھازا باقەمجاننىڭ ئاللىقانداق يېتىم ئوغلى ھەققىدىكى پاراڭلارغا چۆشۈپ كېتىشتى. گەپنىڭ ئاخىرى ئەلۋەتتە، شۇ بالىغا ئۆگەي ئانا بولۇپ قالىدىغان گۈلزىياغا كېلىپ توختىدى.

— ۋاي خۇدايىم، زىياغىمۇ تەس - دە، ئەمدى! — كۆيۈمچان ھەدە تېخى بولمىغان ئىشلار ئۈچۈن ۋايىم يەپ، پېتىر مانتىنىڭ جىلتىسىنى سېكىلەكلىگىلى تۇردى.

ئاشخانىدا دەل شۇ پاراڭ بولۇۋاتقان پەيتتە باقەم شائىرنىڭ كۆڭلى يەنە بايىقى شېرىن پىراقلارغا

چۆلگىنىپ، بىر پۈتى كەشتە، يەنە بىر پۈتى ئەرشتە بولۇپ ئولتۇراتتى، چۈنكى يېنىدىكى بالىنىڭ ۋۇجۇدىدىن گۈلزىبانىڭ جەننەتتىنلا، تاق ھۆرلەر خانىسىدىنلا چىقىدىغان خۇش پۇرىقى ئۇرغۇپ كېلىپ تۇراتتى… باقەم ئاشۇنداق بولمىغۇر خىياللارنى قىلغىنىدا تەكرارلىنىدىغان ئادىتى بويىچە قىسىق كۆزلىرىنى يۇمدى.

باقەم شائىر ئۆزىنىڭ ئاجايىپ بىر غەلىتە ئىشق ئوتىغا دۇچار بولۇپ قالغانلىقىنى بارا - بارا ھېس قىلىشقا باشلىدى. جاھاندا شۇنچە يىل ياشاپ، مۇنداق قىسمەتكىمۇ دۇچار بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئىلگىرى ئۇ بۇگۈنكىدەك ئويلاپ، ئاڭقىرىپ يەتمىگەنىدى. يەنە كېلىپ، بىر قارىسا بۇ ئىشلار قورچاق ئويۇنىدەكلا، بىر قارىسا مۇمكىن بولمايدىغان تەسەۋۋۇر، ساددا خىيالدەكلا! چۈنكى، جاھانىنىڭ ئۆزىگە يېقىنلا بىر يېرىدە ئۇنىڭ ئۆيى، قىسمەت قوشقان جۈپتى، بالىچاقىسى بار، بىراق باقەم بۇ رەھىمسىز رېئاللىقنى مىجەزىگە يارىشا پىسەنتىگىمۇ ئىلىپ قويماي تېخى بۇ يەردە بىر ئەمەس، ئىككى كىمنىڭ بېشىغا دەسسەپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ ئۆتۈپ كەتكەن بىغەملىكمۇ ياكى ساددا قىزىقىشمۇ؟ ياق، بۇ بىر نائەھلىلىك، مەسئۇلىيەتسىزلىك، ئەخمىقانە تەۋەككۇلچىلىك! بۇنداق تەۋەككۇلچىلىككە باقەمدەك كۆڭلى قارا، ئەقلى چولتا ئاددەملا يۈرىكى تىترىمەي ئاياغ باسالايدۇ.

شۇ كېچىسى باقەم شائىر يوتقىنىغا بۇرگە كىرىۋالغاندەك توختىماي ئۆرۈلۈپ، ھېلى سەكرەپ قوپۇپ، ھېلى گۇپپىدە ئۆزىنى تاشلاپ يېتىپ، باش

توخۇغىچە ئۇيقۇسىزلىقتىن قىينىلىپ ياتتى. «نى ـ نى شېئىرلار ھەل بولۇپ كەتكەن» كاللىسىدا ئىككى ئىسىم كۆرەش قىلىپ چىقتى. «ئالما گۈلىدەك يارىم، خېنىگۈلىدەك يارىم، ھەربىرىڭ قىزىلگۈلدەك، قايسىڭدىن كېچەي يارىم؟» دېگەن قوشاق بىكارغا توقۇلماپتىكەن... مۇئەززىن بامدات نامىزىغا سوزۇپ ئەزان توۋلىغاندىلا، قەتئىي نىيەتكە كەلگەن باقەمجان ھەر ئىككىلا گۈلدىن ۋاز كەچمەيدىغان، كىچىكىنى پۇراپ كۆڭلىنى خۇش قىلىۋېرىدىغان، ئەمما چوڭىنى ئاقىۋەت بىر ئاماللار بىلەن جەزمەن قولىقىغا قىسىدىغان قارارا نىيەتكە كېلىپ، شامال تۈگمىنى بىلەن جەڭ قىلىپ ھېرىپ قايتقان رىتسار[①]دەك مەمنۇنىيەتتە ئۇخلاپ قالدى.

ئىنسان بالىسىدا كۆپىنچە شۇنداق ھالەتلەر كۆرۈلۈپ قالىدۇ. ئاخشىمى چالا ئۇيقۇلۇقتا قىلغان خىياللار، مەست ۋاقتىدا قىلغان نىيەتلەر ئادەم ئەتىسى ئويغانغاندا، سەگەگەندە ئەخمەقلىقتەك، ئەھمىيەتسىزدەك بىلىنىدۇ. لېكىن، باقەم ئەتىسى ئويغانغىنىدا ئۆزى كەلگەن نىيەت، تۈزگەن قارارىدىن يانماي ئورنىدىن تۇردى. ئەكسىچە، ئۇ ئۆزىنى خېلىلا يەڭگىللەپ قالغاندەك سېزەتتى، كۆڭلى بۆلەكچىلا خۇش ئىدى.

ئەمدىكى گەپ قانداق قىلىپ ئۇ ناز ـ كەرەشمىگە باي دىلدار گۈلزىباغا ئېغىز ئېچىشتىلا قالغانىدى. باقەم «ھاڭ ـ تاڭ قالىسىز» شىركىتىدە بىر مەزگىل ئىشلەش جەريانىدا بىرمۇنچە ھىيلە ـ مىكىرلەرنى

---

① رىتسار ـ سېرۋانتېسنىڭ «دونكىخوت» ناملىق رومانىدىكى باش قەھرىمان دونكىخوت.

ئۆگىنىۋالغانىدى. شۇ سەۋەبلىك نۆۋەتتە ئۇنىڭ ئىشلىتىدىغان ھىيلىسى پەيتىنى كۈتۈشتىن ئىبارەت تىمساھچە ھىيلىدىن ئىبارەت بولدى. بۇنداق كۆرۈنۈش تېلېۋىزورنىڭ «ھايۋانات دۇنياسى» پىروگراممىسىدا كۆپ كۆرۈلىدىغان بولۇپ، پاتقاقلىق كۆلدە دۇمبىسىنى خۇددى قۇرۇپ قالغان كۆتەك قوۋزىقىدەك كۆرسىتىپ، ياۋۇز نىيەتلىك تىمساھ مىدىر ـ سىدىرسىز نەچچە سائەتلەپ، ھەتتا كۈنلەپ ياتىدۇ، ھەرقانچە سەزگۈر، ئېھتىياتچان مەخلۇقمۇ ئاخىر ئۇنىڭ كۆتەكلىكىگە ئىشىنىپ قالىدۇ ۋە ئېھتىياتنى ئۇنتۇپ قورساق كويىدا كۆتەك ئەتراپىدا بەھۇزۇر يۈرۈشكە باشلايدۇ... ۋە شۇ چاغدا...

ۋە شۇ چاغدا بىزنىڭ تۈزكور، قارا نىيەت باقەمجانغا شۇنداق بىر پۇرسەت، كۈتكىنىدەك ئىمكان چىقىپ قالدىكى، ھەمدەمجان زاۋۇتىغا زاپاس خام ئەشيا يۆتكەش ئۈچۈن ئۇزۇم كۆپ چىقىدىغان قوشنا ناھىيەگە ئىككى ـ ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بىلەن يۈرۈپ كەتتى. بۇ خەۋەرنى ئالدىن ئاڭلىغان باقەم ئاق كۆڭۈل ئاغىنىسى ھەمدەمجانغا ئاقىۋول تىلىدى ـ يۇ، كۆڭلىدە خۇشلىنىپ «مۇنداقمۇ كېلەمدىغان!» دېگەننى ئويلىدى.

ھەمدەمجان زاۋۇتتىكى ئىككى ئادىمى بىلەن ئەتىگەنلەپ سەپەرگە راۋان بولدى. گۈلزىيا ئادىتى بويىچە باقەمگە پىسىڭدە كۆلكە ئارىلاش جىلۋە بەخش ئېتىۋېتىپ، زەرگەرخانىغا ئىشقا كەتتى. كەمپۈت چاينىغاچ قاقىر سانىغان تايمۇ جىلتىسىنى بويىنىغا ئېسىپ، يانپىشىغا ئۇرۇپ يوگۇرگىنىچە مەكتەپكە راۋان بولدى. ئازادە، پاك ـ پاكىز ئۆيىدە گۈلزىيا بىلەن ساھىبخانا ھەمدەمجان يېقىنىم، ئۆز ئادىمىم، شىرەم

بولسىمۇ تۇغقىنىم، يەنە كېلىپ كەلگۈسىدىكى باجام دەپ بىلىپ ئىشەنچلىك ھالدا ھويلىسىدا قالدۇرۇپ كەتكەن باقەم شائىرلا قىلىپ قالدى. بىرى ھويلىنىڭ ئۇ قېتىدا، بىرى ھويلىنىڭ بۇ قېتىدا ئىدى.

«چارباغلار خاس ئىكەنسىن بىلمىدىم!» دېگەن ناخشىدىكىدەك، شۇ تاپتا ھەمدەمجاننىڭ كۆتۈرۈپ سېلىنغان ساراي ئۆيدە ئولتۇرغان باقەمنىڭ يۈرىكى تېپچەكلەپ، شۇ ناخشىنى ئۈنسىز ھالدا تەلقىن قىلماقتا ئىدى. باقەم ئۆزىگە بىر مەزگىل ياتاق ئۆي بولغان ئىچكىرى - تاشقىرى خانىلىق مېھمانخانا ئۆيدە قەپەستىكى يولۋاستەك ئۇزاققىچە ماڭدى. كۆڭلىدە مىڭبىر ۋەسۋەسە، ئىككىلىنىش، يالتىيىش، يەنە دېدىللىنىشلار تەكرارلىنىپ توختىمايتتى... ئەنە شۇنداق تەكرار ئىككىلىنىشلەردىن كېيىن باقەم ئاخىر قەتئىي نىيەتكە كەلدى، يۈرىكى دۈپۈلدىگەن ھالدا ھويلىنىڭ بۇ چېتىدىن ئۇ چېتىگە قەدەم تاشلىدى...

دەل شۇ پەيتتە خۇددى بىراۋ ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاندەك ھەمدەمجانلارنىڭ قوش قانات دەرۋازىسى، توغرىسى، دەرۋازىنىڭ سىرتىدىكى قۇلۇپ سالىدىغان قوش تۆڭگە[1]نىڭ بىرى شاراقلاپ كەتتى. يەنە كېلىپ، ئۇزۇلمەي، بىر خىل رىتىمدا ئۇزاققىچە شاراقلىدى. تەبىئىيكى، بۇ دەرۋازا ئالدىدا بىركىمنىڭ بارلىقىدىن بېشارەت ئىدى. ئوغرىلىققا ماڭغان ئادەم تۇيۇقسىز شەپىنى ئاڭلاپ ئەندىككەندەك باقەمنىڭ يۈرىكمۇ ئەنسىز

---

① تۆڭگە ـــ دەرۋازا ئىچى ياكى سىرتىغا ئورنىتىلىدىغان، قۇلۇپ سالىدىغان چەمبەر، ھالقا تۆمۈر.

سوقتى ـ دە، قەدەملىرى جايىدىلا مىخلىنىپ قالدى. شاراقلىتىش ھېلىھەم ئۇزۇلمەي داۋاملاشماقتا ئىدى. ئاڭغىچە ئاشخانا ئۆيدىن گۈلزىبامۇ دەرۋازىنى ئاچقىلى ئالدىراپ چىقىپ كەلدى. كۆڭلىدىكى نازىنىننى كۆرگەن باقەمجان تېخىمۇ بەتتەر مەڭدەپ كەتتى. ھەمدەمجاننىڭ ئايالى ئۆيئىچىلىك كىيىملىرىدىمۇ شۇنچە لاتاپەتلىك، ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق شۇنچىلىك زىبا ئىدى... خوش، بىز بۇ گەپلەر بىلەن ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەي، دەرۋازا سىرتىدىكى ئادەمنىڭ كىملىكىنى تېزرەك بىلەيلى.

# سەككىزىنچى باب

بىز قىسسىمىزنى بايان قىلىش داۋامىدا، ھازىرغىچە باقەم شائىر توغرىسىدا تولىراق توختىلىپ، باشقا ئادەملەر ۋە ئىشلارغا ئانچە ۋاقىت ئاجرىتالمىدۇق، بۇنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق سەۋەبى بار. سەۋەبى شۇكى، ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ئىختىيارىنى ۋە قىزىقىشىنى ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىش ـ ھەرىكەت، مىجەز ـ قىلىقلىرى بىلەن ھە دېگەندە ئۆزىگە ماگنىتتەك شاپىدە تارتىۋالغان باقەمدىن ھە دېگەندىلا نېرى بولۇشنى مۇئەللىپ لايىق تاپمىدى. مانا ئەمدىلىكتە ئوقۇرمەنلەر باقەم شائىر ھەققىدە ۋە ئۇشبۇ قىسسىنىڭ داۋامى، مۇددىئاسى توغرىسىدا دەسلەپكى تەخمىن ۋە چۈشەنچىگە كەلمەكتە. بىز بولساق دېرژاۋىن[1] نىڭ «ھەممىنى ئاخىرىغىچە دېيىش مۇۋاپىق ئەمەس، ھەۋەسلەندۈرۈشنىڭ سىرىمۇ شۇنىڭدا» دېگەن مەسلىھەتىگە ئاساسەن ئەمدىكى قۇرلاردا مەزكۇر قىسسىگە ياندىشىش ھالدا باقەم شائىرنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر، ئىشلار ھەققىدىمۇ ئاز ـ تولىدىن توختىلىپ بارغاچ، ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ئەسلىدىنلا قىزىقارلىق بولغان مەزكۇر قىسسىگە نىسبەتەن قىزىقىش ۋە تەقەززالىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرىمىز.

---

[1] دېرژاۋىن — رۇس شائىرى.

ھەمدەمجانىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ چىرايلىق مىس تۇتقۇچىسىنى شاراقلاتقان كىشى... ياق، بىز يەنە بىر قېتىم ئەزمىمىزنى ئىزدەيلى، گەپنى ئۆز رېتى بىلەن قىلايلى. چۈنكى، بىزنىڭ باقەمجان ئىشلەپ تۇرغان «ھالىڭ ـ تالىڭ قالمىسىز» شىركىتى ۋە بىچارە «ئېيىقگۈل» ئېيىق، مايمۇنلارغا گۆش تاشلاپ بېرىدىغان تاقراڭ ھايۋانات باغچىسى جايلاشقان كىچىككىرەك شەھەر ھەققىدە توختالمىغىنىمىزغا خېلى ئۇزاق ۋاقىت بولۇپ قالدى، بىز ھازىر ئەنە شۇ كەم يەرلەرنى تولۇقلايلى.

ھېكايىمىزنىڭ دەسلەپىدىلا بىۋاپا باقەم شائىرنىڭ سادىدا، ياۋاش ئايالى «ئېيىقگۈل» ھەققىدە ئېغىز ئاچقانىكەنمىز، ھازىرمۇ ئالدى بىلەن ئاشۇ شور پېشانە مەزلۇم ھەققىدە توختىلايلى. شور پېشانە دېگەندە بىز ئېيىق... ياق، شۇ سادىدا مېھنەتكەش ئايالنىڭ باقەم تۇپەيلى تارتقان ۋە تارتىپ كېلىۋاتقان دەرد ـ ھەسرەتلىرىنى كۆزدە تۇتماقتىمىز. دېمىسىمۇ ياش ۋاقتىدا ئۆز مەھەللىسىدىكى خېلى يىگىتلەرنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرگەن («ئون سەككىزگە كىرگەن قىزنىڭ سەتى يوق» دېگەنىكەن بىر قەلەمكەش!) ئۇ قىز كېيىنچە باقەم شائىرنىڭ چەت ـ چۆرىلىرى نەقىشلەنگەن مۇھەببەت خېتىنىڭ ئەسىرى بولۇپ، مانا ئەمدىلىكتە ئۇچمە كۆڭۈل ئەرنىڭ «راپاۋىتى» بىلەن «ئېيىقگۈل» لەقىمىگە مۇشەررەپ بولغانىدى. ئۆزىنى «ئۆيىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمىگەن» دەپ ئاتىۋالغان باقەم «ھالىڭ ـ تالىڭ قالمىسىز» شىركىتىنىڭ ئاللىقانداق ئەمەلدارى بولۇۋېلىپ «شىركەت تەرەققىياتى» ئۈچۈن ناھىيەلەرگە سەپەر قىلغىنىدا سادىدا ئايال ھەتتا كۆڭلىدە ئاز ـ تولا

ئازادچىلىكمۇ ھېس قىلىپ قالدى. سەۋەبى بۇ تۇپەيلى ئۆزى ۋە ئۆزىگە تارتقان جىمىغۇر ئىككى بالىسى باقەمجاننىڭ ئۆيدىكى ساراڭلىقلىرىدىن ۋە تۈگىمەس پەند ـ نەسىھەتلىرىدىن سەل ـ پەل ئارام تېپىپ قالاتتى. بالىلارنىڭ بىرى قىز، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە، يەنە بىرى ئوغۇل، ئەمدىگىنە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇيتتى. جاھاندا شۇنداق بىرقىسما ئەرلەر بولىدۇ، ئۇلار تالادا ئىنتايىن خۇشخۇي، ھەتتا سەل شاتىراق، ئەمما ئۆيدە بولسا ئىنتايىن زالىم ۋە ئۆكتەم، بۇنداق ئەرلەرنىڭ ھالال جۈپتى ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ ھالىغا ۋاي. بۇنداق ئىنسانلار ئائىلىسىدىن تۆت كۈن نېرى بولسا، بالىۋاقىلىرىغا شۇ كۈنلەر بايرام، ئۇلارنىڭ ئۆيلۈكى يوق، تالالىقى بار، ئۇنداقلار خۇددى تەبىئەتكە قارشى ھاۋا رايىدەك، شار ـ شار يامغۇرىنى قاغجىراپ تۇرغان ئېتىزغا تۆكمەي، دەرياغا ئاپىرىپ تۆكىدۇ. مۇئەللىپ شۇنداق ئىنساندىن بىرىنى تونۇيدۇ، بىراق نامىنى تىلغا ئالغۇسى يوق. چۈنكى، بۇنداق ئادەملەر چىدىماس مىجەز كېلىدۇ، ئاداۋەتخورلۇقنى يىگىتلىك ۋە ئەركەكلىك غۇرۇرى، ئوغۇل بالىلىق ۋىجدانى دەپ سانايدۇ، ئۇنداقلار گۆردە ئۇخشىلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، باقەم تېخىمۇ ئۆسۈش ئىستىكىدە W ناھىيەسىگە بېرىپ يېتىۋالغاندىن كېيىن خۇدانىڭ مۆمىن بەندىسى «ئېيىقگۈل» بۇرۇنقىدەكلا ئۆي بىلەن ھايۋانات باغچىسىنىڭ ئارىلىقىدا قاتراپ، تۇرمۇشنىڭ تۈگىمەس ئىش، جاپالىرىنى بېشىغا كىيىپ يۈرۈۋەردى. ئۆيدە بالىلىرىنىڭ ئاش ـ تامىقىنى ئۆكسۈتمىدى.

كىيىملىرىنىڭ ياقىسىنى كىر، يانچۇقىنى يىرتىق قىلمىدى. بىلەر ـ بىلمەس مەلۇماتى بىلەن تېخى قىزى بىلەن ئوغلىنىڭ تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىگىمۇ ئارىلىشىپ قوياتتى، قىزىق يېرى، ئىككى بالا ئانىسىغىلا يېپىشىپ تۇراتتى. ئۇچەيلەن بىر يەرگە كەلسە گەپلىرى تۈگىمەي، تەنلىرى بىرلەشكەندەك غۇژمەكلىشىپ كېتىشەتتى.

هايۋانات باغچىسىدىكى بىر كاتتا قەپەستە بەش ـ ئالتە مايمۇن بالىسى بىلەن بىر ئەركەك، بىر چىشى ئىككى مايمۇن تەڭ ياشايتتى. ئەركەك مايمۇننىڭ مىجەزى ئەسكىرەك ئىدى، دائىملا مايمۇنچاقلارنى دۆشكەلەپ، بوزەك قىلاتتى. «ئېيىقگۇل» بەرگەن ۋە تاماشىبىنلار تاشلىغان ئوزۇق، يېمەكلىكلەرنى بۇلاپ ئۆزى يەيتتى. چىشى مايمۇن ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، تاپقان، تۇتقىنىنى ئالدى بىلەن بەش بالىسىغا تەقسىملەيتتى. ئۇ بالىجان ئايالىلارغا ئوخشايتتى. شۇ سەۋەبتىنمىكىن، چىشى مايمۇن بىلەن بەش مايمۇنچاق دائىملا ئىرماش ـ چىرماش، غۇژمەك يۈرەتتى. بۇنىڭغا ئەركەك مايمۇن ھەمىشە ھەسەت قىلاتتى.

باقىجان كەتكەندىن كېيىن خېلىغىچە ئۆيگە خەت ـ خەۋەر بولمىدى. كېيىنكى يىللاردىغۇ تېلېفون كېڭىيىپ، سالام خەتنىڭ كۇرسى چۈشتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە «يامانىنىڭ ئوتى يامان» دەپ، «ئېيىقگۇل»نىڭ ئېسىگە ئارا كۇندە بىر باقەم كېلىپ قالاتتى. «تېلېفونىمۇ قىلىپ قويمىدا، ساراڭ! ـــ دەپ غودۇراپ قوياتتى، ئۇنداق چاغلاردا ساددا ئايال، ـــ خۇددى ئۆيى، بالىلىرى يوقتەك! مېنىڭغۇ ئويلاپ قويمىسۇن بوپتۇ...» ئايال خورسىنىپ قوياتتى. بەستىگە لايىق تولۇققىنا كۆكسى تىترەپ

توختايتتى. «بىر كۆنلۈك ئەر ـ خوتۇنچىلىقنىڭ مىڭ كۆنلۈك مېھرى بار» دېگەن شۇ ئىكەن ـ دە!

باقەمنىڭ ئىككى بالىسىمۇ پات ـ پاتلا ئاپىسىدىن دادىسى ھەققىدە سوراپ قالاتتى.

ــ ئاپا، دادام قاچان كېلىدىكەن؟

ــ ئۇ مۇنداق ئۇزاق يوقىلىپ كەتمىگەنغۇ؟

ئانا بايقۇش نەچچىنچى قېتىملاركىن، ئىككى يۈرەك پارىسىغا دادىلىرىنىڭ شىركەت ئىشلىرى بىلەن، يەنە ئۆيگە پۇل تاپىمەن دەپ يىراق يەرلەردە، تاغ ئارىسىدىكى ناھىيەلەردە جاپا چېكىپ يۈرگەنلىكىنى، ئىشلىرىنى تۈگەتسىلا يېنىپ كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى.

ــ دادام تاغدىما، ئەمىسە ماڭا قۇرۇت ئالغاچ كەلسۇن، جىققىنا!ــ دەپ چاڭىلدىدى كۆزلىرىنى چاقنىتىپ باقەمنىڭ ئوغلى. ھەدىسى بولسا ئۈنچىقمىدى، ئۇ قانداقتۇر بىر خىيالغا پاتقاندەك قىلاتتى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھايۋانات باغچىسى ئىشخانىسىغا W ناھىيەسىدىن ئەۋەتىلىپ، «ئېيىقگۈل» تاپشۇرۇۋالىدىغان بىر پارچە خەت كېلىپ قالدى. زېرەك ئوقۇرمەنلىرىمىز ئۇشبۇ خەتنىڭ مەزمۇنىنى ئالدىنئالا قىياس قىلىشىۋاتقان بولۇشلىرى كېرەك. شۇ خەت كېلىپ ئەتىسىدىن باشلاپ ئۈچ كۈنگىچە مايمۇن بىلەن ئېيىقلار باشقا بىرەيلەننىڭ قولىدىن ئوزۇق يەپ يۈرۈشتى.

يىللار سادا، ياۋاش «ئېيىقگۈل»گە بىر ئىشلارنى ئانچە ئېلىپ كەتمەسلىكىنى، سەۋر قىلىشنى ئۆگەتكەندى. ئۇ خەتنىڭ مەزمۇنىغا ھەيران قالدى ـ يۇ، ئانچە چېچىلىپ، ئاھ ئۇرۇپ كەتمىدى. ھە دېگەندە، خۇددى

بىرنىمىنى ئاڭقىرالمىغاندەك خامۇشلا يۇردى. كاللىسىدا پەقەت «نىمىشقا؟ نىمىشقا؟» دېگەن سوئاللا جاراڭلايتتى. بالىلىرىنىڭ ئالدىدىمۇ ئەسلا چاندۇرمىدى. بىراق، ئەتىسى ئىككى نارەسىدە مەكتىپىگە راۋان بولغاندىن كېيىن ئۇنى شۇنچىلىك خورلۇق تۇتتىكىن، تاكى چۈشكىچە، بالىلىرى چايغا كەلگۈچە دۈم يېتىپ يىغلىدى. چۈشتىن كېيىن ئىدارىسىگە تېلېفون بېرىۋېتىپ، يەنە يىغلىدى. ئۇنىڭ ئەمدىكى ياشلىرى ھەسرەت يېشى ئەمەس، نەپرەت يېشىغا ئالماشقانىدى.

تۆتىنچى كۈنى ئۇ ئادەتتىكىدەك ھايۋانات باغچىسىغا باردى. بالدۇرقىدىنمۇ زەرب بىلەن خام گۆشنى چاناپ پارە ـ پارە قىلىشقا كىرىشتى. مايمۇن ۋە ئېيىق يەيدىغان بۇ قىيقىزىل، تارىشا گۆشلەر ئۇنىڭ نەزىرىدە ۋاپاسىز باقەمنىڭ يۈرىكى ئىدى.

«قېنى كۆرەرمىز، قېنى كۈتەي!ــ ‹ئېيىقگۈل› گۆش چاناۋېتىپ پىچىرلىدى،ــ بىر يېرىدىن چىقىسەنغۇ، يەنە ئالجىپسەنە سەن، بۇدا چوڭ ئالجىپسەن!»

ئەمدى گەپنى باش دىرېكتوردىن ئاڭلايلى. «ھاڭ ـ تاڭ قالىسىز» شىركىتىنىڭ ياش تۇرۇپ قاغدىلىپ كەتكەن بۇ خوجايىنى ئۇخلىسا ـ قوپسا بىرەرىنى كوملاپ ھايان ئېلىشنىڭ كويىدىلا يۈرەتتى. بىراق، شۇ كۈنلەردە ئارمىنىغا لايىق دەرمىنى، ھېيلىسىگە لايىق ھايىنى كەم بولۇۋاتقاچىمۇ، ئۇ پات ـ پاتلا باقەمنى يادىغا ئېلىپ قالاتتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭغا كېرىكى باقەم ئەمەس، بەلكى بىكارغىلا ئېقىپ كېلىدىغان ئوتتۇز مىڭ يۈەن، بەلكىم كېيىنچە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ پۇللار ئىدى.

ئۇنىڭ بىكارلىق تاپاۋىتىگە مەدەت بېرىدىغان بىرنەچچە چۆپقەتلىرى چوڭ شەھەرلەردە خەقنىڭ كۆزىنى بوياپ قۇرۇۋالغان «ئېتى ئۇلۇغ، سۈپىرىسى قۇرۇق» مۇكاپات، ئۇنۋان، ئەمەل ۋە يەنە ئاللىقانداق «شەرەپ»لەرنى ئاتا قىلىش كومىسسىيەلىرى ئارقىلىق، ئاشۇ «ئاسقۇدىكى گۆش»لەرنى ئەرزىنىگىلا بېرىۋېتىش توغرىسىدا ئۇنىڭغا توختىماي شېرىن ۋەدىلەر بېرىشەتتى ۋە دائىم سۆيلەپ تۇراتتى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا بۇنداق «كومىسسىيە»لەرنىڭ بىر ئۇچى چەت ئەلدىمۇ بارئىمىش، ئۇنداقلىرىنىڭ باش قىسمىغا «خەلقئارالىق» دېگەن ئاتالغۇ پۇتۇلگەچكە ئىناۋىتى ئۈستۈن، باھاسىمۇ ئۆرىرەك بولارئىمىش. بىراق بۇرادەرچىلىك يۈزىسىدىن، پۇل بولسىلا ۋاقتى كەلگەندە بۇنىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك بىرنېمە قىلغىلى مۇمكىن ئىمىش... ۋىۋىسكىسىغا چەرچىنىمالدىن ئالتۇنغىچە ھەممىنى ئېلىپ ــ ساتىمەن دەپ يېزىۋالغان تەدبىرلىك باش دىرېكتور، ئەمەلىيەتتە «مۇكاپات سودىسى» قىلىپ، باقەمگە ئوخشاش ئەمەلگە ئۇچۇپ تۇرغان بىرنەچچە ساددىنى بىر ــ بىرىگە ئۇقتۇرماي جاي ــ جايلارغا، ئوۋغا يولغا سالغاندى ۋە ئۆزى بولسا تېلېفوننىڭ يېنىدا خۇش خەۋەر كۈتۈپ ئولتۇراتتى.

بۇ ئارىدا W ناھىيەسىدە قاڭقىرىپ يۈرۈۋاتقان باقىجان باش دىرېكتورىغا يەنە بىرنەچچە قېتىم تېلېفون بەردى ۋە تېگىشلىك، كەسكىن يولىيورۇقلارنى، شۇنىڭغا قوشۇلۇپ تېخىمۇ شېرىن ۋەدىلەرنى تاپشۇرۇۋالدى. بۇلاردىن بىز خەۋەردار.

# توققۇزىنچى باب

خوش، ئوقۇرمەنلىرىمىزگە بەرگەن ۋەدىمىزگە ئاساسەن ئەمدىلىكتە بىز رومانىمىزنىڭ باش تەرىپىدە تىلغا ئېلىنغان ۋە ئەمدىكى بابلاردا خېلىلا قويۇق كۆزگە تاشلىنىدىغان بىر شەخس ھەققىدىكى قىزىقارلىق بايانىدا توختىلىمىز.

مەزكۇر قىسسىنىڭ مۇئەللىپى ئىلگىرىكى ئەسەرلىرىدە گاھىبىر شەخسلەرنى باشقىچىرەك تۇستە تونۇشتۇرۇشنىمۇ ئادەت ئەتكەنىدى. شۇ ئادەتكە ئاساسەن، تۆۋەندىكى پېرسوناژنىمۇ بۆلەك بىر ئادەمنىڭ بايانى ئارقىلىق تەسۋىرلىسەك ئوقۇرمەنلىرىمىز غەلىتىلىك ھېس قىلىشماس دەيمەن!

قىسسىمىزنىڭ بېشىدىراق بىز ھەمدەمجان ئائىلىسىنىڭ قەدىرلىك مېھمىنى بولغان شائىر ۋە «مۇئاۋىن دىرېكتور» باقەمجاننىڭ ناھىيەلىك دورا ماتېرىياللىرى شىركىتىنىڭ ئاشخانىسىدا كۆتۈۋېلىنغانلىقى ھەققىدە خېلى تەپسىلىي بايانلارنى بەرگەنىدۇق. ئەنە شۇ ئاشخانىنىڭ دىرېكتورى بولغان ھىجىيىپلا تۇرىدىغان، ياغلىما چىراي بىر ئادەم ھازىر ئوقۇرمەنلەرنىڭ خىيال ئېكرانىغا لىپپىدە قىلىپ چۈشكەن بولۇشى كېرەك. ئەمدىكى مۇددىئا شۇكى، W ناھىيە بازىرى تەۋەسىدە «خۇشامەت شاھى» دەيدىغان نامى

بار ئاسىم شىلىم ئىسسىلىك بۇ غەلىتە ئىنسان بىلەن ھەربىر ئىشلارنى تېخىمۇ مۇپەسسەلرەك تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشنىڭ ساۋابىدىن كەمىنە قەلەم تەۋرەتكۈچى ھەرگىز ۋاز كېچەلمەيدۇ. خوش ئۇنداق بولسا، W ناھىيەسىنىڭ بازىرىدا بولۇپ ئۆتكەن، مۇشۇ ناھىيەنىڭ پۇقراسى بولغان ئىككى كىشىنىڭ مۇنۇ قىزىقارلىق سۆھبىتىگە قۇلاق سالغايسىلەر:

— نېمە؟ يەنە ئۆتكەنكى «ئىمىن سەتەڭ تاماقخانىسى»غا بارايلى، بۇ دورەم مەن مېھمان قىلىمەن دەمسىنا، ۋاققاس؟ پۇلنىڭ گېپىنى قويۇپ تۇرە، مەن كېرىم ئاكاڭمۇ ئويلىغان، ئورۇن يۆتكەپ ئوبدانراق بىر يەردە ئولتۇرايلى دەپ... نېمە؟ نەدە ئولتۇرساقمۇ مەيلى، لېكىنزە، جەزمەن ئۆتكەندە «ئىمىن سەتەڭ تاماقخانىسى»دا ئۇلپەتلەشكەن ئاغىنىلىرىڭنى چاقىر دەمسەنا، ۋاي ـ ۋۇي، ئەجەب يېقىپ كېتىپتا ساڭا ئۇ ئىچەرمەنلەر، ئۆزۈڭ تۈزۈك بىر ئىچسەڭمىغۇ كاشكى! مۇشۇك پىياز يېگەندەك، ئوتلاپ... توختىغىنا، نېمە دېدىڭ؟ ئەسلىدە ئۇلاردىن خۇشامەت شاھىنىڭ يېڭى ھېكايىلىرىنى ئاڭلاي دەپتىكەنسەن ـ دە!

— يۇرتتىكى ئەل ـ ئاغىنىلىرىڭ ئاڭلاپ، كۆلۈپ تېلىقىپ قېلىشتىما؟ بۇدا ئۇلارغا يېڭى سوۋغات ئاپىراي دەپسەن ـ دە! ھە، ماقۇل، ماقۇل، ئوڭاي ئىش ئىكەنغۇ بۇ! بۇگۇن كەچكىلا توغرىلايلى.

— رەنجىمەيسەن، «ھاراقفا» دېسە «قاياقفا؟» دەپ تۇرىدىغان بۇ ئاغىنىلەرنىڭ بۈگۈن بىرىمۇ يوق دېسە! شۇ، تۇرمۇش غېمى ئەمەسمۇ، بىرى ئۈياققا، بىرى بۇياققا كەتكەن گەپ، ئەتىلا پەيدا بولۇشىدۇ. بۈگۈنچە ئىككىمىز

ئۆيدە بىرەر شىشىنى تىكلەپ گۇڭگۇر - مۇڭگۇر قىلىشايلى. قانداق دېدىم؟ نېمە، ئاسىم شىلىمنىڭ يېگى گەپلىرىنى قىلىپ بېرەمسەن دېدىڭما؟ دېسەم، دېدىم، گەپ دېگەن ئاستا - ئاستا ئۆزى چىقىدۇغۇ! مەنمۇ ساڭا دېسەم، ئۆتكەندە سەن كېلىپ كەتكەندىن بۇيان ئاسىم شىلىم ھەققىدە خېلى جىق گەپلەر يىغىلىپ قالدى. خۇشامەت شاھى ھەر كۈنى ئەتراپىمىزدا ئويۇن قويۇپ يۈرسە، يىغىلمايتتىمۇ ئەمىسە.

خوش... «بۇرۇنقىسىنى تاپشۇرايمۇ، ھازىرقىسىنىمۇ، ساقچى ئاكا!» دېگەندەك، بۇرۇنقىلىرىدىن دەپ بېرەيمۇ ياكى ئەڭ يېڭىلىرىدىنمۇ؟ يېڭىسىدىن ئاڭلايمەن دېسەڭ، تېخى تۈنۈگۈنلا بولغان بىر قىزىق ئىش يادىمغا كېلىپ قالدى. تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئىدارىگە سەل بالدۇرراق بېرىۋاپتىكەنمەن، دەرۋازا تۈۋىدە بىرنەچچە خىزمەتداشلار يىغىلىپ پاراڭ سېلىشىپ تۇردۇق، ئارىمىزدا ھەممە گەپكە قوشۇق سېلىپ ئاسىم شىلىممۇ بار ئىدى. بىرچاغدا ئاسىم شىلىم سەل نېرىدىن بۇياققا قاراپ كېلىۋاتقان چوڭ ياشلىق بىر ئادەمنى كۆردى - دە، خەقنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تېپىپلا بىزگە:

— ھەي، ھەي ئاغىنىلەر، تېز، ماۋۇ ئاكىمىز بىلەن كۆرۈشۈڭلار، چوڭ ئۆتكەن ئادەم بۇ! — دېدى چىڭقىلىپ.

سالام دېگەن ئۇلۇغقۇ، ھەممىمىز ھېلىقى كىشىگە سالام قىلىپ، قىزغىن كۆرۈشتۇق. مەن ئىچىمدە «چوڭ ئۆتكەن دېگىنىگە قارىغاندا بۇ ئادەم ئىلگىرىكى بىرەر مەشھۇر زاتنىڭ ياكى كاتتا پۇلدارنىڭ ئەۋلادى ئىكەن - دە!» دەپ ئويلىدىم. خۇددى خىيالىمنى بىلگەندەك يېنىمدىكى بىرەيلەن خۇشامەت شاھىدىن سورىدى:

— ئاسمىخان، چوڭ ئۆتكەن دىگىنىڭلىگە قارىغاندا ئۇ ئاكىمىز بەگ ئەۋلادىمۇ نىمە؟

— نىمە دەيدا! — ئاسىم شىلىم ھۇرپەيگەندەك چىڭقىلىپ سۆزلىدى، — پۇكىچاڭ بولغان دەيمەن، پۇكىچاڭ!

پاراققىدە كۇلكە كۆتۇرۇلدى. ھىلىقى بۇرادىرىمىز يەنە سورىدى:

— بۇرۇنمۇ يا مۇشۇ كۇندىمۇ؟ يىشى بىر يەرگە بىرىپ قاپتۇ دەيمىنا؟

— بۇرۇن بولمامتىكى!

— سىلى دىگەن مەنسەپتىن چۇشۇپ كەتكەن نازىرغىمۇ ئەتىسىدىن تارتىپ قارىمايدىغان ئادەم ئىدىڭلار، بۇ ئادەمگە ئەجەب؟...

— ھەببەللى، گەپ تاق مەشەدە! — ئاسىم شىلىم بەررە كاۋاپ يىگەندەك ھۇزۇرلىنىپ كۇلدى، — ئۆزى پىنسىيەدە بولغىنى بىلەن ئىككىنچى ئوغلى ناھىيە دەرىجىلىك كادىر دەيمەن! شۇنداقما؟

قىزىقمىكەن؟ مانا بۇ ئەڭ يىڭىسى، ئەمدى ئۇ شىلىمنىڭ ئۆتكەن ھەپتىدىكى بىر ئىشىنى ئاڭلا! خۇشامەت شاھى مىجەز - خۇلقىنىڭ ئەكسىچە ئادەتتە «ئوغۇل بالىچىلىق»تىن تولا لاپ ئۇرىدىغان بايقۇشچۇ! ئۆتكەن ھەپتە بىر نەزىردە ئولتۇرساق ئۇ ئىشىكتىن كىرە - كىرمەي، ھازىدار بىلەنمۇ چالا - بۇلا كۆرۇشۇپلا خۇشامەتچىلەرنى سۆكۇپ، قايناپلا كەتتى.

— يائاللا، ھازىر بازاردا چىنىتەخسە قالمىدىمىكىن دەيمەن، ھەممە ئادەمنىڭ قولىدا بىردىن...

— نىمە بولدى، ئاسمىخان، قاق سەھەردىلا قايناپ قاپسىلغۇ؟ — پىيالىسىنى چايقاپ ناۋات ئىرىتىۋاتقان

بىرەيلەن بىر تەرەپكە كۆز يۇمۇشلاپ قويۇپ، ئۇنىڭدىن سورىدى.

— نېمە بولاتتى؟ ماۋۇ شا جۇجاڭ خىزمەتكە مېڭىپتىكەن، كۆرۈشۈپ قوياي دېسەم پىكاپىنىڭ ئەتراپىنى مۇشۇ نەزىردىن چىققان ئاداشلار قارا قاغىدەك ئورىۋالغان گەپ!

ئەتراپتىن كۈلكە، خىتابلار كۆتۈرۈلدى:

— قول يەتمەپتۇ ـ دە، ئاسىمئاخۇن؟

— ئاسىمجان ئوغۇل بالا، باشلىق ئەدىۋايىغا تۇكۇرۇپ ئۆتىدىغىنىدىن...

— كەينىدىنمۇ ـ يا؟

— ئالدىدىمۇ تۈكۈرۈۋېرىمىزغۇ، قانداق؟ — ئاسىم شىلىم بويىغا ياراشمىغان كەسكىنلىك ۋە ھەيۋە بىلەن ئولتۇرغان يېرىدە ھە دەپ يۇلقۇندى، — «ئاۋۇ خامانمۇ بىزنىڭمۇ؟» دېگەن لەتىپە يادىڭىزدىمۇ؟ ھە، شۇنىڭدىكىدەك، بىز ئۆزىمىزگىچۇ، ئۆزىمىز باشلىق، باشلىق دېگەننى مانا مۇنداق...

دەل شۇ چاغدا خۇشامەت شاھى چەيدوچىلاپ يۇقىرى كۆتۈرگەن قولىنى توساتتىن ھاۋادا قاتۇرۇپ قويدى، ئۆزى بولسا يەل پوكزەكتەك قاڭقىپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، بايا خەقنى سىغداپ چىقىرىپ ئولتۇرۇۋالغان ئورنىدىن كېچىپ، داستىخانغىلا دەسسەپ پەگاھقا ئېتىلدى. بىر تاۋاق پولۇ دۈم كۆمتۈرۈلدى، ئىككى پىيالىدىكى چاي ئۆرۈلدى... ئۆينىڭ ئىچىنى قىيقاس قاپلىدى. ئاسىم شىلىم بۇلارغىمۇ پەرۋا قىلماي، ئاڭغىچە ئۆيگە كىرىپ سالامغا تەرەددۇتلەنگەن قىرىق ياشلار چامىسىدىكى سۆلەتلىك بىر كىشىنىڭ قولىنى قوش قوللاپ چىڭ تۇتتى.

— ۋاي - ۋاي - ۋاي شا جۇجاڭ، كەلسىلە، كەلسىلە، شاياقۇپ ئاكام! ياق، ئىنى، ئۇكام، قەدىردانىم! ۋاي مۇشۇ ئاددىيلىقلىرىنى، خەلقپەرۋەرلىكلىرىنى! شەخسەن نەزىرگىمۇ دەيمىنا!... ھەي، ھەي، تۆردىن ئورۇن بوشىتىڭلار، شا جۇجاڭغا!

شاياقۇپ ئىنىسىملىك كىشى خۇشامەت شاھىنىڭ بۇ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمىدىن ئاۋۋال مەڭدەپ، كېيىن ھەيران قېلىپ، ئاخىرىدا غىجىنىپ، ئۆزىگە چاپلىشىۋالغان بۇ بۇدۇشقاقتىن قۇتۇلماقچى بولغاندەك كۇچەپ بىر سىلكىنىۋىدى، خۇشامەت شاھى لەپەڭلەپ بېرىپ تامغا سوقۇلدى. شۇ ھالەتتىمۇ ئۆملەپ ئورنىدىن تۇرۇۋاتقاچ بېسىقماي سايرىماقتا ئىدى:

— يائاللا، شا جۇجاڭ، ئەجەب خۇش قىلىۋەتتىلە بىزنى! نەزىر توي بولۇپ كەتتى دېسىلە سىلى كېلىۋىدىلە! مۇبارەك بولسۇن، نازىر دەرىجىلىك كاتتا باشلىق بوپتۇلا، بىراق بىزنىڭ ئىدارىدىن نېمىشقا يۆتكىلىپ كەتتىلە دەيمەن؟ ئەمدى بىزنى كىم ئۆستۈرىدۇ؟

شاياقۇپ نەزىر داستىخىنىغا ئولتۇرغانمۇ بولار ئىدى دەيمەن، بىراق ئاسىم شىلىمنىڭ ئاخىرقى يىغا ئارىلاش ئىلتىجاسىدىن غەزەپلەندى بولغاي، كەسكىنلىك بىلەن تۇرغان جايىدا قولىنى مەيدىسىگە ئېلىپ كۆپچىلىككە سالام بەردى - دە، ئەدەپ بىلەن:

— ئەپۇ قىلىڭلار، كۆپچىلىك، ئەتىگەندە مۇھىم بىر يىغىنىم بار ئىدى، ئولتۇرالمايمەن، كىرمەي كېتىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمىدى، — دەپلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

شاياقۇپ چىقىپ كېتىشىگە ئۆينىڭ ئىچىنى ئۇنى

ماختىغان، تەرىپلىگەن پاراگلار بىر ئالدى. ئۇقسام ئىلگىرى ئۇ ئاسىم شىلىم ئىشلەيدىغان دورا ماتېرىياللىرى شىركىتىنى باشقۇرىدىغان ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ، يېقىندا باشقا بىر ئىدارىگە باشلىق بولۇپ يۆتكەلگەنىكەن، پولۇ يېيىش داۋامىدىكى پاراگلارنىڭ ئاخىرى خۇشامەت شاھىغا ئۇلىشىپ، گەپ تېخىمۇ قىزىپ كەتتى، ئەمما بۇ چاغدا ئاسىم شىلىم ئۆيدە يوق ئىدى، ئۇ شا جۇجاڭغا سوغدىشىپ تالاغا چىقىپ كەتكەنىدى.

— ئىچمەمسەنۇي، ھاراق سوۋۇپ كەتتىغۇ؟ گەپىنىڭ نوچىلىقىدىن ھاراق ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ دەمسەنا؟ نوچىسىنى ئەمدى ئاڭلايسەن، بۇمۇ ئۈچ - تۆت ئاينىڭ ئالدىدا، چىللىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بولغان ئىش. بۇنى ماڭا ئاسىم شىلىم بىلەن بىللە ئىشلەيدىغان بىر شوپۇر ئاغىنەم دەپ بەرگەن.

ساڭا ئىلگىرى دېگەنىدىم، ئاسىم شىلىم ھەرقانداق رەزىللىك ھەم پەسكەشلىكنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ دەپ، ئۇ قېتىممۇ شۇنداق بوپتۇ. دورا ماتېرىياللىرى شىركىتىنىڭ دىرېكتورى كۆنلەرنىڭ بىرىدە خىزمەتكە كېلىش - كېتىشنىڭ سەل ئېگىز - پەس بولۇۋاتقانلىقىنى بايقاپ، بۇ ئىشنى باشقۇرۇش، تۇتۇشنى يۈزسىزرەك دەپ ئاسىم شىلىمغا ھاۋالە قىپتۇ. ئارانلا تۇرغان بايقۇش ئەمەسمۇ، خۇشامەت شاھى يېڭى پەرماننى ئالغان كۈنىدىن باشلاپلا ئالامەت ئۆزگەرگەن گەپ، ھەتتا كىيىنىشلىرىنىمۇ ئىسلاھات قىپتۇ ئۇ. دەپ بەرسەم كۈلىسەن، خەق دەپ بەرگەندە مەنمۇ توختىماي يېرىم سائەت كۈلگەن. نەدىندۇر بىر قاسقان شەپكىنى تېپىپ

كىلىپ، پاخپىيىپ تۇرغان چاچلىرىنى باسۇرۇپ كىيىۋاپتىكەن، خىيالىدا ھەيۋەم ئاشتى دېگىنى بىلەن، ۋارى - ۋارىنىڭ ئۆزىلا بوپتۇ، كەڭلىكى بەش ئىلىك تاسما بەلباغنى ئېتەكلىرى كەڭ پەلتوسىنىڭ ئۈستىدىن باغلاپتىكەن، تېخىمۇ ئوخشاپتۇ. بۇلارمۇ يەتمەي كىچىككىنە ئۈستەل سائىتىگە بوغقۇچ باغلاپ سائەتنى مەيدىسىگە ئېسىۋاپتۇ. كىچىككەنلەرنى مىنۇت - سېكۇنتى بىلەن يازىمەن دەيدۇ - دە! ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن قولىغا دەپتەر - قەلەم تۇتۇپ ھەر كۈنى خىزمەت ۋاقتىدىن يېرىم سائەت ئىلگىرى «جوزۇغا - بوزۇغا» شۆبە شىركىتىنىڭ پەلەمپەيلىرى تىك بىناسىنىڭ سىرتىدا كىچىككەنلەرنى پايلاپ تۇرۇپتۇ. يوقلىما دېگەن ئەلۋەتتە نورمال ۋە زۆرۈر تەشكىلىي تەرتىپ، لېكىن ئاسىم شىلىم بۇنى ھوقۇقىنىڭ سىمۋولى ۋە ئۆزىنى كۆرسىتىشىنىڭ ئوبدان پەيتى دەپ بىلگەچكە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتەكەن گەپ! دەسلەپتە كۆپچىلىك ئۇنىڭ ھەر كۈنى سەھەردە، سوغۇقتا تىترەپ ۋە كۈلكىلىك قىياپەتتە نېمىشقا ئىدارە ئالدىدا تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەپتۇ ۋە چۈشەنمەپتۇ. ئايرىملىرى تېخى خۇشامەت شاھىغا ئىچ ئاغرىتىپتۇ. كېيىن قارىسا، ئەھۋال باشقىچە! بىر ھەپتىدىن كېيىن، ئىشقا كىچىككەنلەرنىڭ ۋە بالدۇر كەتكەنلەرنىڭ ئىسىمشەرىپلىرى زىر - زەۋەرلىرىگىچە، مىنۇت - سېكۇنتلىرىغىچە قارا دوسكىغا يېزىلىپتۇ، شىركەت خادىملىرى شۇنىڭدىن كېيىنلا ئاسىم شىلىمنىڭ غەلىتە تۇرقى، ھەرىكىتىگە باشقىدىن زەن سايپتۇ. خۇشامەت شاھىمۇ ئاڭغىچە كىچىككەنلەرنى ئىلگىرىكىدەك ئەمەس، بەلكى يېگى

ھالەتتە، «ئاكاڭ قارىغاينى تونۇمىدىڭما؟» دېگەندەك قىلىپ كېچىككۈچىنىڭ كۆزىگە قادىلىپ، سىرلىق كالتە يۆتەلگىنىچە يوقلىما دەپتىرىنى تاملارغا بېشىدىن ئاشۇرۇپ ئىرەپ تۇتقىنىچە خاتىرىلەيدىغان يېڭى ئۇسۇلنى «ئىجاد قىپتۇ!» كۆپچىلىك يەنىلا ھە دېگەندە بۇ ئىشقا ئېرەن قىلىپ كەتمەپتۇ. بەزىلەر تەبىئىي ھالدا كېچىكمەيدىغان بوپتۇ، بەزىلەر شاڭخو كۇلكىسىنى كۇلۇپ قويۇپ يۇرۇۋېرىپتۇ. كېيىن ئاي ئاخىرىدا قاراشسا ئىش باشقىچە، بىر تالاي ئادەمنىڭ مائاشىدىن بىر توقاي پۇل تۇتۇۋېلىنغان. يامان يېرى ئاسىم شىلىم ئىشنى كىرىشىپ، ئاشۇرۇپ قىلغان بىلەن، لىللا قىلمايدىكەن ـ دە! باشلىقلار، يېقىنراق ئۆتىدىغانلىرى كېچىكسە ياكى بالدۇر قايتسا يازمايدىكەن، ئۆزى ئۆچ كۆرىدىغان ئادەملەرنى بولسا كېچىكمىسىمۇ ياكى بالدۇر قايتمىسىمۇ ئالايتەن ۋاقىت چىقىرىپ يېزىپ قويىدىكەن ئەمەسمۇ! شۇنىڭ بىلەن شىركەتتە غودۇڭ ـ غودۇڭ گەپ باشلانغان پاراڭ! بەزىلەر مانا ئەمسە دەپ ئەتەي كېچىكىدىغان، بەزىلەر خوشامەت شاھىنى يۇزىدىن ـ يۇزىگىلا سەتلەيدىغان بوپتۇ. لېكىن، مۇنداق بىر ۋەقە يۇز بەرمىگۇچە ئاسىم شىلىم يەنىلا بىلگىنىنى قىلىپ يۇرۇۋېرىپتۇ.

مۇنۇ قازان كاۋاپ سوۋۇپ قالدىغۇ، ئىككى چوكا ئالساڭ! خوش، شۇنداق قىلىپ بايا بىر شوپۇر ئاغىنەمنىڭ گېپىنى قىلىپ بەرگەنمىدىم ساڭا؟ ھە، نەق شۇ، مىجەزىمۇ ئىتتىكرەك نېمىچۇ! شۇ ئادىشىمىزمۇ خوشامەت شاھىنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخلارنىڭ بىرى ئىدى ـ دە، نېمىشقا دېسەڭ، ئۇ خەققە خوشامەت

قىلمايدۇ، خۇشامەتچىلەرنى يۇزتۇرا ئەدەپلەيدۇ ئەمەسمۇ.
قىشنىڭ چىللە كۈنلىرى ئۇ ئاغىنىمىز يۇك ماشىنىسىنى نېرىقى كوچىدىكى يامىغا بېرىپ ئوت ئالدۇرۇپ ھەيدەپ شىركەتنىڭ ئالدىغا ئەكەلگۈچە خېلى ۋاقىت كېتىدۇغۇ، قوتۇر ۋېلىسىپىتىگنى ئامباردىن سۆرەشتۇرۇپ ئاچقىقچىمۇ بەش مىنۇت ۋاقىت كېتىدۇ ـ دە! خوش، خۇشامەت شاھى بولسا شوپۇر ئاغىنىمىزنى ھەر كۈنلا كىچىكتى قىلىپ يېزىۋېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر كۈنلىرى كېلىپ شوپۇر ئاغىنەمنىڭ غوززىدە ئاچچىقى تۇتۇپتۇ، ئەتىسى ئۇ ئىدارىگە كەلسە ئاسىم شىلىم يەنە ئېگىز پەلەمپەينىڭ گىرۋىكىدە غادىيىپ تۇرۇۋېلىپ مەيدىسىدىكى سائەتكە قاراۋاتقان. ئاغىنىمىز چاندۇرماي ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ، پەلەمپەيدىن چۈشمەكچى بولغاندەك ھەرىكەت قىلىپ ئەپلەپ تۇرۇپ خۇشامەت شاھىنىڭ غىلتاڭ مۈزنى دەسسەپ تۇرغان پۇتىنى ئايىغى بىلەن بوشلا نوقۇپتىكەن، دۇنيادىن بىخەۋەر تۇرغان ئاسىم نەچچە دومىلاپ ئېگىز پەلەمپەيلەردىن پەسكە جۆنەپ قاپتۇ... دەپتىرى بىر يەردە، قەلىمى بىر يەردە، بېشى تۆۋەندىكى دۆۋىلەكلىك مۇز تۇتقان قار دۆۋىسىگە كەپلىشىپتۇ شۇ!

شۇ كەپلەشكەنچە ئاسىم شىلىم قورقۇپ كەتتىمۇ يا بېشى مۇزغا تەگكەچكە مېڭىسى سىلكىندىمۇ، ئۆيدە ئون بەش ـــ يىگىرمە كۈن يېتىپ قاپتۇ.

ئالدىرىماي، «يوقلىما پاجىئەسى»نىڭ ئاخىرى تېخىمۇ قىزىق، سەل تۇرۇپ ئاڭلايسەن، بىراق ئارىلىقتا تېخىمۇ قىزىق يەنە بىر ئىش بار، خۇشامەت شاھى ئۆيدە يېتىپ قالغان ئاشۇ كۈنلەر ئۇنىڭغا نەچچە ئاي، نەچچە يىلدەك

بىلىنىپ كەتكەن گەپ. نىمىشقا دېسەڭ، ئۇ ئۆزىنى ئالامەت كۆرسىتىدىغان «ئەمەل»دىن ئايرىلدى ـ دە! ئەسلىدە بار كالتە قوشۇقدارلىقىغا قوشۇلۇپ مۇنۇ «يوقلىما غوجىدار»لىقىدىن ئايرىلىش ئۇنىڭغا ئاسانمۇ دەيسەن؟ ئاڭلىساق، ئۇ دەسلەپكى كۈنلەردە سەل ـ پەل ئېسىگە كېلىپلا ئۆيىدىكىلەرنى يوقلىما قىلىپ يۈرۈپتۇ. كېيىن خوتۇنىدىن دەككىسىنى يەپ، ئۆيدە ئولتۇرسا ئىچى سىقىلىپ، ئىدارىگە چىقىشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ. مېڭىسىنىڭ سىلكىنگىنى ئېنىقراق ئوخشايدۇ، ماڭسا بېشى قايغاچقا، يەتتە ـ سەككىز يۈز مېتىر يىراقلىقتىكى ئۆيىدىن تاكسى توسۇپ شىركەتكە كېلىپ ـ كېتىپ يۈرۈپتۇ. ئاڭلىشىمىزچە ئاشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ يولىنى پايلاپ ئىشىكنىڭ ئالدىدا تاكسىچىلار توشۇپ كەتكەنمىش.

ئون بەش ـــ يىگىرمە كۈنلەردىن كېيىن ئاسىم شىلىم راۋرۇس بولۇپ شىركەتكە قايتىپ رەسمىي ئىشقا چۈشۈپ، «يوقلىما غوجىدارلىقى» خىزمىتىنى قولىغا ئاپتۇ. بۇ ئارىدا دائىم كاماندىروپكىدا يۈرىدىغان شىركەت دىرېكتورىمۇ قايتىپ كېلىپ، كۆپچىلىكتىن ئۇنى ـ بۇنى ئاڭلىغانىكەن. ئۇ دەسلەپتە خۇشامەت شاھىنىڭ ئاكتىپ روھىنى ئانچە ـ مۇنچە ماختاپ، ئاخىرىدا ئۇنى ئىلگىرى ـ كېيىن ساۋاپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭغا يوقلىما خىزمىتىنى ئاشۇرۇۋەتمەي، لىللا ئىشلەشنى تاپىلاپ، يەنە كۆكتاشقا مىندۈرۈپتۇ. ئاسىم شىلىمچۇ، قانداق قىپتۇ دەمسەن؟ ھە، ئۇمۇ بۇ دورەم يېڭى تاكتىكا ئويلاپ قويغانىكەن، شۇنى ئىشقا سايتۇ. ئاخىرىنى ئاڭلا!

دەرۋەقە، خۇشامەت شاھى يوقلىمىچىلىق ئەمىلىنىڭ

يېڭى يۆنىلىشى ھەققىدە مۇپەسسەل بىر پىلان تۈزۈپ قويغانىكەن. شۇ پىلانغا ئاساسەن ئەمدى ئۇ يوقلىما ئۈچۈن سوغۇق يەپ تالادىمۇ تۇرماپتۇ، «يوقلىما فورمىسى» نىمۇ كۆزدىن يوقىتىپتۇ. پەقەت بىر ئامال بىلەن شىركەتتىكى ھەربىر خادىمنىڭ يۆتىلىنى ئۈنئالغۇغا ئاپتۇ. بىرىنچى قەۋەتتىكى يوقلىمىخانىدا ئولتۇرۇپ نەچچە كۈنلەر يۆتەل تەتقىق قىپتۇ. زادىلا يۆتەلمەيدىغانلارنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى تىڭشاپ، پەرق، ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە رەتكە تۇرغۇزۇپتۇ. يۆتىلىدىغانلارغا سان بويىچە، ئاياغ تىۋىشلىرىغا ھەرپ بويىچە بەلگە ساپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۆينىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپلا يوقلىما قىلىۋېرىدىغان بوپتۇ.

كۈلە، ھە، كۈلە، تاغلىق مەھەللەڭگە قايتىپ بېرىپ، ئەل ـ ئاغىنىلىرىڭگە بۇ گەپلەرنى قىلىپ بەرگىنىڭدىمۇ مۇشۇنداق كۈلىسەنغۇ سەن! توۋا دېدىم دەمسەنا؟ توۋا دەيدىغان ئىشلار تولىغۇ جاھاندا، ئاڭلاۋاتقانلىرىڭ مىڭدىن بىرى!

«بىگىز قاپتا ياتماس، ئۆلۈك تاغاردا» دېگەندەك، خۇشامەت شاھىنىڭ يېڭى تاكتىكىسى بىرەر ئاي ئۇنۇم بېرىپتۇ ـ يۇ، يەنە كۆپچىلىكنىڭ ئېغىزىغا چىقىپتۇ. توغرىسى، ئۇ بايقۇش قاتتىق تىللاش، ئەيىبلەشلەرگە دۇچار بوپتۇ، نىيىتى خالىس بولمىغاندىكىن، ئادەم ھەرقانداق ئىش قىلسىمۇ، تۈلكە قۇيرۇقىغا ئىشەنگەندەك ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدىكەن! ئاسىم شىلىم ئۇسۇلنى ئۆزگەرتكەن بىلەن نىيىتىنى ئۆزگەرتمەي، ئاقىۋەت شىركەتتىكى ھەممە ئادەمنىڭ كۈلكىسىگە ۋە نەپرىتىگە قاپتۇ. كىم قىلغانلىقى نامەلۇم، بىر شەيتان يوقلىما

قىلىنىدىغان ئۆينىڭ ئىشىكىگە «بۇ ئۆيدە ئىت بار، يۆتەلمەڭلار!» دەپ يېزىپ قويۇپتىمىش، يېڭى چارەمنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، دەپ كېرىلىپ يۈرگەن خۇشامەت شاھى ھېلىقى خەتنى كۆرۈپتۇ ـ يۇ، ئايلىنىپ ھوشىدىن كېتىپتۇ.

«يائاللا!» دەپ ياقاڭنى چىشلەيسەنغۇ، ئۇنىڭدىنمۇ ئاجايىپ گەپنى ئەمدى ئاڭلايسەن! ھوشىدىن كەتكەن شۇ كۈنىنىڭ ئەتىسى ئاسىم شىلىم ئىدارىگە ئەلدىن ئاۋۋال كېلىپ، غەزەپ بىلەن يوقلىمىخانىغا كىرىپ ئولتۇرغانىكەن، خىزمەت ۋاقتى دەل توشۇپ بەش ـ ئالتە مىنۇتتىن كېيىن شوپۇر ئاغىنىمىز ماشىنىسىنى شىركەت ئالدىغا توختىتىپ، زالنىڭ ئىشىكىدىن كىرىپتۇ، ئاغىنىمىزنىڭ زىققا كېسىلى بولىدىغان، سوغۇق تالادىن ئىسسىق يەرگە كىرىشىگىلا ئۇنى يۆتەل تۇتۇپ كېتىپتۇ، قىسمەتنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۇنىڭ يۆتىلىشىگە يوقلىمىخانىدا ئولتۇرغان خۇشامەت شاھى بەئەينى ئىتتەك قاۋاپ كېتىپتۇ قارا! يۆتەل توختىسا ئۇمۇ توختىغۇدەك، يۆتەل باشلانسا، ئۇمۇ قاۋىغۇدەك!

دۇنيادا ئاجايىپ ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ، دېگەن گەپنى مانا ئەمدى دېسەك بولىدىكەن، شۇنداق قىلىپ «جوزۇغا ـ بوزۇغا» شىركىتىدىكىلەرگە يېڭى ئەرمەك تېپىلغان گەپ! بىرەرى ئاسىم شىلىمنى كۆرگەندە قەستەن يۆتىلىپ قويىدىكەن ـ دە، بىچارە شىلىممۇ ئىختىيارسىز قاۋاپ كېتىدىكەن. غەلىتە يېرى، شىركەتتىن باشقا يەردە ئۇنداق ئەمەس ئىمىش!

نېمە، ئەتىگىچە شۇ دورا ماتېرىياللىرى شىركىتىگە چاندۇرماي بىر بارساق، خۇشامەت شاھىنى بىر قاۋىتىپ،

گۇۋاھچى بولۇپ كەتسەم دېدىڭما؟ تۇۋا دېگىنە، بايىلا ياقاڭنى يۇلۇۋالدىغاندەك چىشلەپ كېتىۋاتاتتىڭغۇ؟ خۇدايىم ھېچكىمنىڭ بېشىغا بۇنداق كۈننى سالمىسۇن!

خوش، ئاچچىق - چۇچۇك چۆچۈرىمۇ تەييار بولۇپ قاپتۇ. راسا بىر تەرلىنىپ تۇرۇپ ئىچكىنە، ئەتىيازدا قۇرۇق ئىسسىق تۇتۇپ قالىدىغۇ ئادەمنى!

گېپىمنىڭ خۇلاسىسى، ئادەم زادى بىرىگە يامانلىق ئويلىمىسا بولىدۇ. يەنە ئويلاۋەرسە قانداق ئىشلار بولىدۇ؟ بۇنى ئەتىگىچە سەن «ئىمىن سەتەڭ تاماقخانىسى»دا تونۇشقان ئاغىنىلەر يىغىلسا، داۋاملىق ئاڭلايسەن. ئاسىم شىلىمنىڭ يەنە شۇ يوقلىما ئىشى بىلەن ھېلىقى ئاغىنىمىزنى ناھەق رەنجىتىپ بەشىنچى قەۋەتنىڭ دېرىزىسىدىن باشچە ساڭگىلىغانلىقى توغرىسىدىكى يېڭى ھېكايىنىمۇ شۇ چاغدا ئاڭلايسەن. بۇمۇ يېڭى گەپ، بۇمۇ خۇشامەت شاھىنىڭ يۆتەلگە قاۋاپ يۇرۇپمۇ ئىبرەت ئالماي سادىر قىلغان ئەسكىلىكلىرىدىن بىرى. شۇ ئىشتىن كېيىنمۇ، ئىشقىلىپ ئاسىم شىلىم بالدۇرقى ئەمەللىرىدىن قېلىپ، شىركەت ئاشخانىسىغا كېلىپ قالدى. بىراقزە، يەنە ئامىتى بار نېمە ئىكەن ئۇ، گۆش، ماينىڭ ئارىسىغا چۈشتى. نېمىسىنى ئېيتىسەن، ۋاقىقاس، ئاشۇنداقلارنىڭ ئامىتى ئالدىدا يۇرىدىكەنغۇ مۇنۇ جاھاندا!

كۈلۈۋېرىسەنغۇ شەيتان، نېمە، ئاسىم شىلىمنىڭ قاۋاپ كەتكىنى يادىمغا كېلىپ قالدى دەمسەن؟ ھوي راستتىنلا، خۇشامەت شاھى ھەققىدىكى باياتىن بولغان پاراڭلارنى تاغلىق مەھەللىگە بارغاندا ئاغىنە - ئۆڭگىلىرىڭگىلا دەپ بەر جۇمۇ، ھەرگىز بىزنىڭ مۇنۇ

ناھىيە بازىرىدا سۆزلەپ يۈرمە! نېمىشقا دېسەڭ، ھېلىقى ئاسىم دىرېكتور بىلەن شىرەم بولسىمۇ، قۇدا ـ باجىلىقىمىز بارچۇ، يەنە بىرى، ھېلىقى مۇسەللەس زاۋۇتىدىكى ھەمدەمجانلار بىلەن ئارىلاپ دورا ماتېرىياللىرى شىركىتى ئاشخانىسىغا بېرىپ قالىمىز. ئاسىم خۇشامەت مېھمان قىلامدۇ دەمسىنا؟ ۋاھ، ناھىيەلىك ھۆكۈمەتتىن بىرەر باشلىقنى ئېلىۋالساق دېگەن، ياشاپ كېتىمىز ـ دە ئۇ كۈنى! ئاخشاملا شۇ يەردە ئولتۇرۇۋېدۇق. بەدىردىن ھاكىم بار، ھەمدەمجان بار، يەنە ئىسمىنى نېمە دېدى، شەھەردىن چىققان بىر شائىر دەمدۇ، مۇئاۋىن بىرنېمە دەمدۇ، مازراق بىر ئاداشمۇ بار...

# ئونىنچى باب

يەتتىنچى بابنىڭ ئاخىرىدا بىز ھەمدەمجانلارنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئۇشتۇمتۇت شاراقلاپ قالغانلىقى ھەققىدە بېشارەت بەرگەنىدۇق. ئەلقىسسە، ھويلا تۆرىدىكى ئۆيلەرنىڭ بىرىدىن نازغىپ چىققان گۈلزىبا تۆگمىنى ئەتىگەندىلا شاراقلاتقان ئادەمنىڭ كىملىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئالدىراپ دەرۋازىنى ئېچىۋىدى، دەرۋازا سىرتىدا باشقا بىرى ئەمەس، دەل ئالدىنقى بابتا تازىمۇ ئۇزاق پارىڭى بولغان ئاسىم شىلىم، يەنى ناھىيەلىك دورا ماتېرىياللىرى شىركىتى ئاشخانىسىنىڭ دىرېكتورى تۇراتتى.

دەرۋازىغا يېقىنلا يەردە، پېشايۋان چېتىدە مەقسىتىگە يېتەلمىگىنىگە ئەلەم چېكىپ تۇرغان باقەم شائىرنىڭ قۇلىقىغا مۇنداق پاراڭلار ئۇرۇلدى:

— ۋۇي، قانى ـ قانداق، سىڭىل، ھە، ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟ ھەمدەمجان... ھەمدەم ئاغىنىمىز كەلدىمۇ؟

— ياق، ئەتىلەرگىچە كېلىپ قالارمىكىن، كېچىكىپ كەتتىغۇ! ئۆيگە كىرىڭ!

— ھە، بولدى، بولدى، ھېلىقى... مېھمان بارمۇ دەپ كېلىۋىدىم، بىللە كەتمىگەن بولغىيدى ئىككىسى؟

— باقىجىنكاما؟ ياقەي، ئۇياق بار، ساراي ئۆيدىغۇ دەيمەن! ئۆزىڭىز كىرەمسىز يا چاقىرىۋېتەيمۇ؟

ــ ھە... چاقىرىپىلىۋېتەمسىز يا؟ ئىككى ئېغىزلا گېپىم بار ئىدى، قاسىسىدە!

سىپايە بىر ئاياغ تىۋىشى ساراي ئۆي تەرەپكە يېقىنلىشىۋىدى، باقەمنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپلا قالدى. ئۆزىنى پېشايۋاندىن ساراي ئۆيگە ئاتتى، ئالدىراپ ئۈستىبېشىنى تۈزەشتۈردى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئون مىنۇت ئىلگىرى ھويلىنىڭ تۆر تەرىپىگە، ئىشقىۋازلىق يۈرۈشىگە ئاتلانماقچى بولغان چاغدىكى شىجائىتى نەلەرگىدۇر غايىب بولغانىدى. ئاڭغىچە گۈلزىبا ساراي ئۆينىڭ ئىشىكىنى چېكىپ قالدى ۋە قوڭغۇراقتەك زىل ئاۋازدا:

ــ باقىجىنىكا، مېھمان!ــ دېدى.

باقەم سارايىنىڭ بوسۇغىسىغا يۈتلىشىپ كەتتى.

نېمىلا دېگەنبىلەن بۇ يۈرتتا ھەمدەمجاننىڭ يۈزى چوڭ ئىدى. ئۇ بۇ قېتىم زاۋۇتنىڭ ئىشلىرى بىلەن سەپەرگە چىقمىشىدا بىرنەچچە بۇرادەرلىرىگە ۋە شۇ قاتاردا ئاسىم شىلىمغا ئۆزى يوق كۈنلەردە مېھمان باقەم شائىرغا يالغۇزلۇقنى بىلدۈرمەسلىك خۇسۇسىدا تاپىلاپ قويغانىدى. شۇ گەپ بوگۈن قاق سەھەردە ئاسىمئاخۇننىڭ يادىغا لىپ ئېتىپ يېتىپ قالدى. خۇشامەت شاھى «لىپ ئېتىپ» دېگەن سۆزنى تولا ئىشلىتەتتى. مەسىلەن، «پالانى ھاكىم خىيالچان كېلىۋېتىپتىكەن، لىپ ئېتىپ قوللىرىنى تۇتۇۋالدىم، ئوبلاستتىن پوكۇنچى شۇجى كەپتىكەن، ئارىلىقتا لىپ ئېتىپ مېھمان قىلىۋالدىم» دېگەندەك... يەنىمۇ مۇھىمراق بىر يېرى، ھەمدەمجاننىڭ دەسلەپكى ئولتۇرۇشتىلا باقەمنى «شائىر، شەھەردىكى چوڭ بىر شىركەتتە مۇئاۋىن دىرېكتور» دەپ

تونۇشتۇرغىنى بولغانىدى. «شائىر دېگىنى پەگاھتا تۇرۇپ تۇرسۇنا، مەنسەپىمىدى ئۇ، يەنە كېلىپ شائىر خەق دېگەن ساپلا خەقنىڭ غەلدى ـ غەشلىرىنى كوچىلاپ، رەسۋا كوچىسىغا يايىدىغان نېمىلەر. ئۇلارنىڭ دەردىدە ئادەم ئارامخۇدا رەھبەرلەرگە ھېجىيالمايدۇ. ئەمدى ئاۋۇ، قانى ـ قانداق؟ ھە، مۇئاۋىن دىرېكتور دېگىنى جىڭ باسىدىغان گەپ، باشلىق... دېگەن گەپ ـ دە بۇ! شەھەردە مۇئاۋىن بولغان دېگەن گەپ، بىزنىڭ بۇ يەرلەردە باش دېگەن پاراڭ دەۋەرسىلە!» ئاسىم شىلىمنىڭ بىرەر ئەمەلدار ئاتلىققا خۇشامەت قىلمىغىنىغا ھەپتە بولۇپ قالغاچقا شۇ تاپتا خۇشامەتچىلىكى تۇتۇپ، ئەتىگەندىلا ئۆز تەسەۋۋۇرىدىكى «با فۇجىڭلى»نىڭ خىزمىتىگە ھازىر بولۇپ كەلگەنىدى...

ــ ئاۋارە بولمىسىڭىز بولمامدۇ، ئا جىڭلى، ــ دېدى باقەم دورا ماتېرىياللىرى شىركىتى ئاشخانىسىنىڭ ئايرىمخانىسىدا چۈش بولمايلا تىزىۋېتىلگەن قورۇمىلار، سوغۇق سەيلەر ۋە مەيدىسىنى كېرىپ تۇرغان ھاراق شېشىسىگە گۈلزىباغا قارىغاندەك مۇھەببەتلىك تىكىلىپ قاراپ ئولتۇرۇپ. ئايرىمخانىدا ئىككىسى يالغۇزلا ئىدى، شۇنداق بولسىمۇ باقەم «ھاڭ ـ تاڭ قالمىسىز» شىركىتىنىڭ دىرېكتورىدىن ئۆگەنگەن تەجرىبىسىنى مۇشۇ يەردە ئىشلىتىپ، ھېلىدىن ـ ھېلىغا خۇشامەت شاھىنى «جىڭلى» دىن «جىڭلى»غا سالاتتى.

ــ ۋاي ـ ۋۇي، ئەمەلدارنىڭ قاياشى ـ دە! ئۆزئارا مۇشۇنداق قەدىرىمىزگە يېتىشىپ ئۆتسەك، با فۇجىڭلى؟ يا ـ يا ـ ياق، با جىڭلى، قانى ـ قانداق، با زۇڭجىڭلى! مانا ئەمىسە، فۇرىمۇ، جىڭمۇ ئوخشاش،

جىنگلى، ھە! ئۇنىڭدىن قالسا، ھامىنى باش جىنگلى بولىسىز ئەمەسمۇ پات ئارىدا، شۇنداقما؟...

ئىككى قاغا بىر - بىرىنى ئەنە شۇنداق ئاقتىن - ئاققا سىيلىشىپ، پىشىندىن ئاۋۋالla ئۇلىپەتچىلىكىنى باشلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئىغىزىدىن تۆكۈلۈۋاتقان تەكەللۇپ گەپلەر W ناھىيەسىنىڭ بىر يېنىدىن ئېقىپ ئۆتكەن دەريا سۈيىدەك تۇرغۇن ۋە ئەلۋەك ئىدى. ئىككىسى بەس - بەستە رومكا بوشاتقاچ مۇڭدىشىپ، سوغدىشىپ جاھاننى ئۇنتۇپلا كەتتى.

بۇ كۈنى باقەم خېلى ئىچىپ قويدى. نەچچە كۈندىن بېرى ھەمدەمجان يوق، ئۇنىڭ ئىچى پۇشۇپ قالغانىدى. يەنە، گۈلزىبانىڭ ئۆتى ئىچىگە كىرىۋېلىپ، تولىمۇ ۋەسۋەسچىلىكتە قالدۇرغانىدى، يۈرىكىنى بىرنېمە يەيتتى، تاكى مۇشۇ دەملەرگىچە قويغان - تۇتقىنىنى بىلەلمەي، مەستلىكتىن گاراڭلىششقا باشلىغان كاللىسىدا «گۈلزىبا، گۈلزىبا!» دېگەن سۆزلا ئەكس سادا ياڭرىتاتتى. بۇلارنى ئاز دېگەندەك، ئاخشام چۈشىگە خوتۇن - بالىچاقىسى كىرىپ قالغىنىچۇ تېخى! ھېلىقى، خوتۇنى... ياق، سابىق خوتۇنى (تالاق خېتىنى ئەۋەتتى - دە!) ھە، شۇ «ئېيىقگۈل» ئىككى بالىسىنى ئىككى يېنىغا ئېلىپ، ئۇچ ئەدەپسىز ھە دەپ باقەمگە قاراپ كۈلۈشۈۋاتقۇدەك، ھېچنېمىدىن - ھېچنېمە يوقلا كۈلۈۋەرگۈدەك ئىمىش... سەھەرلىكتە باقەم ئۇيقۇسىدىن چۆچۈپ ئويغاندى، بويىنى، دۈمبىسى چىلىقىمدە تەرگە چۆمگەنىدى. چۈشىنىڭ ئەكسى ئوڭدا زاھىر بولارئىمىش، دېمەك، كۈلكىنىڭ ئەكسى يىغىمۇ؟ يامان

يېرى، باقەمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ كۈلگەندى، تازا كۈلگەندى!

باقەم ئاسىم خۇشامەتتىن بالدۇرراق مەست بولۇپ قالدى، دەسلەپتە چۆشىدىكىدەك كۈلدى، كېيىن ھۆڭ تارتىپ يىغلىدى. شۇنداق يىغلىدىكى، ئاسىم شىلىم ھەيرانلىقتا مەستلىكتىن سەگىپ كەتتى. بىراق، باقەم شائىر بارغانچە خۇدىنى ئۇقماي قالدى.

— نېمە دەردىڭىز بولسا دەڭ، ئاداش، قولۇم كۆكسۈمدە ۋاي، جېنىم پىدا! — دېدى ئاسىم شىلىم بىر چاغدا ئۆزىنى باسالماي، — ئا... قويۇڭە، ئەركەككە يىغا ياراشمايدۇ دەيمەن. مەنسەپتىن قېلىپ قالمىغانسىز — ھە؟ يائاللا!

شۇنىڭ بىلەن، ئېسىدىن تامام ئاداشقان باقەمجان W ناھىيەسىدە يېڭىدىن تونۇشقان بۇ «قەدىناس ئاغىنىسى»غا كۆڭلىدىكى جىمى مەخپىيەتلىكلىرىنى ئۆزىمۇ ئۇقماي، مەسئۇلىيەتسىز زاۋۇت دەرياغا تۆككەن كىرەكسىز سۇلاردەك تۆكۈپلىۋەتتى. لېكىن، ياخشى يېرى شۇ بولدىكى، ئۇ گۈلزىبانىڭ ئىسمىنى ئاتاپ سالمىدى. پەقەت «گۈل، گۈل...»لا دەيتتى. نۆۋىتىدە ئاسىم شىلىممۇ ھېلىقى «گۈل»نىڭ كەينىدىكى سۆزنى «زىبا» دەپلا چۈشەندى. بولمىغان بولسا W ناھىيەسىنىڭ كوچىلىرىدا بىرمەھەل پىتنە – ئىغۋا قوپۇپ، ئۇچۇپ يۈرگەن بولاتتى. خۇشامەتگۆي، مەنسەپپەرەسلىككە ياندىشىپ خۇشامەت شاھى شۇنچىلىك يالىخور ۋە زۇغۇي ئىنسان ئىدىكى، گاھىبىر تونۇش مەھەللە ئىتلىرىمۇ ئىبھتىيات يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا ئالدىراپ قاۋىمايتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئىككى كىشىلىك ئولتۇرۇشنىڭ

ئاخىرى باقەم شائىرنىڭ ئىشق ـ مۇھەببەت بايانلىرى ۋە دەرد ـ ئەلەملىرىنىڭ تالقان تۆكتىسىگە ئايلاندى. ھاراقىنىڭ كۈچى بىلەن «سۆيۈملۈك دىلدارى»نىڭ ئىسمىنى دەۋىتىشكە تاس ـ تاماس قالغان باقەم ھەرھالدا كېيىن كىرگەن سۇيۇقئاشنىڭ خاسىيىتىدە سەل ئېسىگە كېلىپ قالدى ـ يۇ، گەپنى كاتاڭغا چۇشكەن كۆتەك ھارۋىدەك تەستە بۇراپ كەتتى. بىراق، بۇ چاغدا گۇمانخور ئاسىم خۇشامەت بىرنېمىدىن شۇبھىلەنگەندەك، ئاجايىپ ئاسماقچىلاپ سوئاللارنى سوراشقا كىرىشىپ كەتتى. سەۋەبى، ھەمدەمجاننىڭ ئايالىنىڭ سىڭلىسىدىنمۇ «ئۆز ۋە لەۋەن»لىكى ئۇنىڭغا بەش بارماقتەك ئايان ئىدى. ئەينى يىللىرى ھەمدەمجان ياقا يۇرتتىن كېلىپ «W ناھىيە بازىرىنىڭ گۈلى» بولمىش گۈلزىبانى قۇشلاۋاتقاندا ئۇنىڭ رىقابەتچىلىرىنىڭ بىرى مۇشۇ، يىگىتلىكىدىلا خۇيى ئەلگە تونۇلۇپ بولغان ئاسىم شىلىم ئىدى. بىر قېتىم گۈلزىبا دوستلىرىغا، كەينىگە كىرىۋالغان ئاسىم ئىسىملىك بىر قىلىن يىگىتنىڭ گېپىنى قىلىپ بېرىۋېتىپ، «ئادەم يىرگەنگۇدەك قىلىقى باركەن...» دەپ توختاپ قالغانىدى. شۇنداق مىجەز ـ خاراكتېرىدىكى ئادەم دەل بۈگۈن ئەتىگەن ھەمدەمجاننىڭ دەرۋازىسىنىڭ تۆۋىگىسىنى شاراقلاتقان ئاسىم شىلىم ئىدى. مانا ئەمدىلىكتە ئۇ مەست ـ ئەلەس باقەم شائىرنىڭ يېنىدا مۇغەمبەرانە كۈلۈپ ئولتۇرۇپ ھە دەپ «دىلو ئېنىقلىماقتا» ئىدى. مۇبادا ماشىنىسىڭكىدەك بۇرنىغا بىرەر غەيرىي پۇراق ئۇرۇلسا، ئۇ ئەينى چاغدىكى «مەھەببەت رەقىبى» (ئاسىم شىلىممۇ «مۇھەببەت» دېگەن

بۇ گۈزەل ئاتالغۇنى ياشلىقىدىن تارتىپلا «مەھەببەت» دەپ تەلەپپۇز قىلاتتى) ۋە شۇ كۈنلەردە مۇسەللەس زاۋۇتىدىن پايدا تېپىپ ھەم شۇ تۇپەيلى W ناھىيەسىدىكى ئەمەلدارلار ئارىسىدا يۈز تېپىپ كېتىۋاتقان ھەمدەمجاننى شىددەت بىلەن، خۇپىيانە سېسىتىپ تاشلاشقا جان ـ جەھلى بىلەن تەييار ئىدى. دۇنيادا شۇنداقمۇ بىر قىسما ئادەملەر باركى، ئۇلار ئۆزى دوستلۇق ۋەجىدىن قۇچاقلاپ تۇرغان بۇرادەرلىرىگە شۇ مىنۇتنىڭ ئۆزىدە ئەڭ يېقىن ئارىلىقتىن زەھەرخەندە كۆزلىرىنى تىكىپ تۇرۇشنىمۇ ئۇنتۇمايدۇ... خەير، بىز ئاسىم شىلمىنىڭ ھەمدەمجانغا بولغان ئىككى بىسلىق مۇئامىلىسىنىڭ تەرەققىياتىنى كېيىنكى بايانلىرىمىزغا قالدۇرايلى ـ دە، سۆيۈقئاشتىن سەكرەپ قالغان باقەم شائىرنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلەيلى. بۇ چاغدا سورۇنغا ئىككى «تۇيۇقسىز مېھمان» كىرىپ كەلگەنىدى. راست دېگەندەك، ئىچىدىكى ئەڭ زىل مەخپىيىتىنى ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن ئاشكارىلىۋېتىشكە تاس ـ تاماس قالغان باقەم قانداقتۇر بىر ئەقلىنىڭ كۈچى بىلەن ئاخىرقى پەيتلەردە تىلىنى زورىغا تىيىۋالدى ـ دە، ئاسىم دىرېكتورنىڭ ئوسماقچىلاپ سورىغان سوئاللىرىغا پەلىپەتىش جاۋابلار بىلەن تاقابىل تۇرۇپ، ئاران تەستە بالا ـ قازادىن قۇتۇلۇپ كەتتى، ئاندىن كېيىن يېرىمى مۇغەمبەرلىك، يېرىمى راستىنلا ئاشىقانە ھېسسىياتى بىلەن رومكىنى قولىغا ئېلىۋېلىپ شائىرانە تۇيغۇدا ئىشق ـ مۇھەببەت قوشاقلىرىنى نەق مەيداندىلا توقۇپ، دەبدەبىلىك تۇستە ئوقۇپ كەتتى. بىز بولساق باقەم شائىرنىڭ «تالانتىنىڭ نامايەندىسى» بولغان

ۋە باقەم كېيىنمۇ سورۇنلاردا تالاي ئوقۇپ يۈرگەن بۇ ھەرەڭ ـ سەرەڭ قوشاقلاردىن بەش ـ ئالتە كۇپلېتىنى شىپى كەلتۈرۈشتىن ئۆزىمىزنى زادىلا تىيالماي قالدۇق.

*مەشەدە ئولتۇرغانلار،*
*ھەممىسى ئېسىل باللار.*
*ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ،*
*كۆيۈپ كەتتىغۇ جانلار.*

*ئوڭ يېنىمدا بىر ئاداش،*
*سول يېنىمدا بىر ئاداش.*
*كۆيگىنىمنى بىلمەيدۇ،*
*يارىم دېگەن قاپاقباش.*

*ئاق قوناقنىڭ ھارىقى،*
*ئىچسەم ئەجەب تۇتىدۇ.*
*سېنى بىردەم كۆرمىسەم،*
*كۆڭلۈم قانداق ئۆتىدۇ؟*

*ئاشىق بولغانلار بارمۇ،*
*بىزدەك كۆيگەنلەر بارمۇ؟*
*دەردكە چىدىماي قالدۇق،*
*پاژارنى[①] گىرىڭ بارمۇ؟*

*قۇيە ئاداش لىققىدە،*
*ئىچىۋالاي جىققىدە.*

① پاژارنى ــ ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىسى دېمەكچى.

بىزنى كۆرەلمىگەنلەر،
ئۆلۈپ كەتسۇن غىققىدە.

ئۇيانىمۇ ماڭاشىم بار،
بۇيانىمۇ ماڭاشىم بار.
يارىم كەلمىسە مەيلى،
ھەمدەمجان ئاداشىم بار...

ـــ ئاپىرىن، يائاللا! ئاجايىپ قەبىھ توقۇۋەتتىڭىز جۇمۇ، با زوڭجىگلى!ـــ باقەم شائىر ئۇقۇۋاتقاندا خىرىلداپ كۈلۈپلا ئولتۇرغان ئاسىم شىلىم ئاخىرقى كۇپلېتقا ئۇلاپلا رومكىسىنى قولىغا ئېلىپ، شېئىرنى ھاياجاندىن بۇرۇن چاناقلىرى كېرىلىپ ۋە لىپىلداپ كەتكەن باقەم شائىرنىڭ رومكىسىغا زەرب بىلەن ئۇردى. گەرچە قوشاقلار بىر رىتىم، بىر ۋەقەلىك يىپىدا ئەمەس، چولتا، قوپال، ھەتتا بۇگۈنكى سورۇن ئەمەلىيىتىگىمۇ ماسلاشمىغان ھەمدە تاغدىن ـ باغدىن كەلتۈرۈلگەن ئانچىكىم گەپلەر بولسىمۇ، باقەمنىڭ ئاۋازىدىكى ھەسرەت، نىدانى ئۇ بىلىپ سېزىۋالغانىدى. ئاڭغىچە دېكلاماتسىيەچى بارلىق ھاياجان مىجەز شائىرلاردا بولىدىغان كەيپىياتقا ئوخشىتىپ، شېئىرنى زىلزىلىدە يەلكىلىرىنى تىترىتىپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىۋالدى، يەنە دەل شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە بولسا كۆڭلىدە «گۈلزىبانى ئۇندەككە كەلتۈرۈپ، گۈلزىيانىمۇ قولدىن بەرمىسەم، ئېھ...» دەپ ئويلاۋاتاتتى. كۆڭۈل چۆللۈكىدە بالىلىرى بىلەن «ئېيىقگۈل» ئەسلا كۆرۈنمەس، ئەسلەنمەس ئىدى. پەقەت بىر يەرلەردىن لىپ قىلىپ ۋەدىسى كاتتا ياش

دىرېكتور كۆلۈمسىرەپ ئۆتۈپ كەتتى... باقەم غەرق مەست بولۇپ كەتكەندى.

مەستلىكتىن خۇدىنى بىلەلمەي قالغان باقەم ئۆزىنى ھەمدەمجانلارنىڭ ئۆيىگە كىمنىڭ ئەكېلىپ قويغانلىقىنى ئەتىسى سەھەردە تولىمۇ تەسلىكتە ئېسىگە ئالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بېشى قاپاقتەك غۇڭۇلداپ، ئىككى چېكىسى زىڭىلداپ ئاغرىماقتا ئىدى. ئىككى ئاپقۇر ئەتكەنچاينى قۇرۇقلا سۈمۈرۈپ ئىچكەندىن كېيىن ئۇ سەل ئۆزىگە كەلدى ۋە تۈنۈگۈنكى ئىشلارنى يادىغا ئېلىشقا باشلىدى. تاغدىن ـ باغدىن تېرىلىپ قاپىيەگە ئېلىنغان قوشاقلار ھاياجىنىدىن كېيىن ئاسىم شىلىم نېمە مەقسەت بىلەنكىن، يەنە ئىچەيلى دەپ تۇرۇۋالدى. دېمىسىمۇ، ئىككى كىشىلىك ئولتۇرۇش چۈشتىن ئىلگىرىلا باشلانغاچقا، باقەم شائىر شېئىر ئوقۇۋاتقىنىدا تېخى دىگەر ۋاقتى بولمىغانىدى. سورۇنغا لەپپىدىلا كىرىپ قالغان ئىككى «تۈيۇقسىز مېھمان» بىرچاغدا يەنە غايىب بولۇشتى. غەرق مەست باقەمنىڭ تەلىپى بىلەن ئاسىم خۇشامەت چاقىرغۇ قىلىپ باشقا ئىككى مېھماننى چاقىرىپ كەلدى. ئۇلار بىز ئىلگىرى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن قىزغىن ئولتۇرۇشلارنىڭ دائىملىق ھەمراھى، گۈللىرى بولمىش قۇۋامىنىياز بىلەن رەغىدۇللا كۆلگۈنچەكلەر ئىدى. بىز بۇ ئىككى كىشى بىلەن بىتەپسىل تونۇشۇشنى سەل كېيىنگە سۈرىمىز. مەزكۇر ئىككى مېھمان ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ دورا ماتېرىياللىرى شىركىتى ئاشخانىسىغا يېتىپ كەلگىنىدە، ئىچىشنى بۆلەكتىن باشلىغان باقەم

شائىرنىڭ ھېسسىياتى قايتا ئۇرغۇپ، ئەمدىكى مەدھىيەسىنى بىۋاسىتە ھاراققىلا قاراتقىلى تۇرغاندى.

*ئەي ھاراق،*
*تۇرار جايىڭ قاۋاق!*
*ئىچسەم قىلىسەن باشنى قاياق،*
*كۆزنى چاپاق.*
*ئىچىمەن بىراق،*
*مەن ساڭا ئامىراق.*
*سەن ئەجەب شىرىن،*
*ئەجەب خۇش پۇراق!*
*ئەجەب ئايپاق...*

گەرچە ئاق ھاراقنى ئۇنداق سۈپەت بىلەن ئاتاش توغرا بولمىسىمۇ، لېكىن ئەقىللىك ئوقۇرمەن «ئاپپاق» دېگەن مەدھىيەنىڭ ھاراققا ئەمەس، بەلكىم بىر دىلبەرگە تەققاسلىنىۋاتقىنىنى غايىبانە ھېس قىلىپ تۇرغاچقا، بىز بۇ يەردە باقەمجاننى كەچۈرىمىز!

ئىككى مېھمان ئارقا ـ ئارقىدىن ئايرىمخانىغا كىرىپ كېلىۋىدى، باقەم شائىرنىڭ ئەتىگەندىن بېرى يىگىرمە — ئوتتۇز رومكا ئۆڭتۈرۈلگەن ئاغزى يەنە ئېچىلدى:

*ھەي، ئاداشلىرىم،*
*ھاراقكەش دىلداشلىرىم!*
*كېلىڭلار، ئىچەيلۇق،*
*ئىچىپ ـ ئىچىپ،*
*بۇ جاندىن كېچەيلۇق!*
*......*

باقەم يەنە قاپسىيەلەر مۆلدۈرسىنى ياغدۇرۇۋەرگەن بولاتتى، بىراق ئاڭغىچە بىر تەرەپلىرى ساددا رەغىدۆللا كۆلگۈنچەك ۋايساپ كەتتى:

ــ ياق، مېنىڭ ئاشقازان ياللۇغۇم بار، ئىچمەيمەن، ئازراق قىزىل ئىچەي!

چىڭ، ئىنچىكە ئاۋازلىق ۋايساشتىن ئۆلپەتلەر كۈلۈشۈپ كەتتى، باقەممۇ شۇنىڭ بىلەن توختاپ قالدى.

شۇنداق قىلىپ باقەم ئۇ كۈنى نەچچە مەست بولۇپ، نەچچە سەگىپ، تالاي كاسىلداپ، تالاي «دەردىم بار» دەپ يىغلاپ ۋە شۇ ئارىلىقلاردا «شائىرانە قايناپ»، ياشناپ، كۆڭلىنى تازىمۇ ئېچىۋالدى. ئاخىرىغا كەلگەندە ئۇ «كېتىمەن» دەپلا تۇرۇۋالدى. ئەلۋەتتە، ئۆلپەتلەر ھەرقايسىسى ئۆز ئۆيلىرىگە ئەكەتمەكنى تەكىتلەپ ئۇنى خېلى ئۇزاقىچە تۇتتى، ھەمدەمجانسىز ئۆيگە مېھمانىنىڭ مەست قايتىشى ناقولاي ئىكەنلىكىنى ئۇلار بىلمەي قالمايتتى. بىراق، باقەمجان قەتئىي ھالدا شۇ ئۆيگە قايتىش پىكرىدە ئىزچىل چىڭ تۇردى. نۆۋىتىدە، ھەمدەمجانسىز ئۆيگە شىركەيىپ بېرىش ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى كۆڭۈل ئارزۇسى ئىدى. خەيرىيەت، ئاخىر ئۈچ نىم كەيىپ ئۆلپەت نائىلاج باقەم مېھمانىنىڭ رايىغا باقتى. شۇنداقتىمۇ ئۈچەيلەن دەرقەمتە باقەمنى ھەمدەمجانىنىڭكىگە ئاپىرىۋېتىپ، ساراي ئۆيدە ئۇخلىتىۋېتىپ، ھەدە ــ سىڭىلغا بىر تاغار ئۆزرە، چۈشەندۈرۈشلەرنى بايان قىلىشىپ ئاندىن قايتىشتى.

ئۈچ ئۆلپەت ئىگىز ــ پەس دەسسەپ قايتىشىپ ئۇزاق ئۆتمەي دەرۋازا يېنىدىكى ساراي ئۆيدىن گۈمبۈرلەپ

خورەك كۆتۈرۈلگەندە، گۈلزىبا بىلەن گۈلزىيا خىلىغىچە ئۇخلىماي مېھمان ھەققىدە، ئۈچ ـ تۆت كۈندىلا قايتىمەن دەپ كېتىپ كەلمەيۋاتقان ھەمدەمجان ھەققىدە ۋە ئەر كىشىسىز ئۆيگە مېھمان چۈشسە ياكى تۇرسا ھەرقانچە تۇغقان بولسىمۇ ناقولاي بولىدىغانلىقى ھەققىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى. ئەلۋەتتە گۈلزىيانىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشى ۋە باقىجاننىڭ ئايرىم ئەھۋاللىرى توغرىسىدىمۇ گەپلەر بولۇندى. بىراق بىز بۇ سۆھبەتتىنمۇ ھازىرچە يانداپ ئۆتۈپ كېتىمىز. بۇ ھەقتە سۆزلىشىدىغان پۇرسەتلەر تېخى كۆپ ئەمەسمۇ!

ئەتىسى ئەتىگەندە، باقىجان زىگىلداپ ئاغرىۋاتقان چېكىلىرىنى بېسىپ ئاخشامقى ئولتۇرۇشنى ئويلاپ گاراڭ ئولتۇرغىنىدا، شىپىلداپ ماڭغان بىرى دالان ئۆيگە ناشتىلىق تەييارلىدى. ئىككى گۈلنىڭ قايسىسىدۇر دەپ چەن سوقۇپ ئولتۇرغان باقەم شائىرنىڭ يۈرىكى قاغا چىركىن يېمەستە يەنە ئەنسىز سوقۇپ كەتتى. دالان ئۆينىڭ ئىشىكى غىچىلداپ يېپىلىپ، ئاياغ تىۋىشى بېسىقاندىن كېيىنلا ئۇ ئاستا بېسىپ دالان ئۆيگە چىقتۇدى، سۇپىدا كۈندىكىدەك چىلاپچا، چۆگۈن، ئىلغۇدا پاكىز لۆڭگە ئۈنى كۈتۈپ تۇراتتى. نېرىدا بولسا مول نېمەتلىك داستىخانمۇ كۆزگە تاشلاندى. مۇنداق قەدىرلىك ئىنسان بولۇپ كۈتۈلىدىغىنىنى W ناھىيەسىگە كەلمەستە باقەم مىڭ ئويلاپ بىر يادىغا كەلتۈرمىگەندى. ئادەمگە تەلەي كۈلۈپ قارىسا، مۇشۇنچىلىك قارار.

ئىككى ئايقۇر يىلىكتەك ئەتكەنچاينى ئىچىپ يەڭگىللىشىپ قالغان باقەم سەل ئۆتمەي ئىختىيارسىز

تۇنۇگۇنكى نائەھلى خىياللىرىغا يەنە بېرىلىپ قالدى. ساقىتاي ئاللىقاچان مەكتەپكە كەتكەن، دېرىزىدىن لىپ قىلىپ، ئىشقا ماڭغان گۇلزىيانىڭ زىلۋاغىنا قامىتى كۆرۈنۈپ قالدى. قىز بايقۇش كۆندىكىدەك ئىختىيارسىز هالدا پېشايۋانلىق ئۆينىڭ دېرىزىسىگە بىر قارىۋالدى. بەلكىم، بولغۇسى ئېرىنىڭ مۇشۇ ئۆيدىلىكىنى ئويلاپ بىرقانداق بولغاندۇر ياكى بولمىسا بۆلەكچە بىر ئەنسىز خىياللارغا چۆمگەندۇر ئۇ، قىز بالىغا تەسقۇ!

بۇ چاغدا پېشايۋانلىق ئۆينىڭ دالىنىدا سەۋرسىزلىنىپ ئولتۇرغان باقەمنىڭ خىيالدا ئۆزى توي قىلسام دەپ تەلەپ قويغان گۇلزىيا ئەمەس، بېشى باغلاقلىق، لېكىن سىڭلىسىدىن لەۋەن گۇلزىبالا بار ئىدى. ھەمدەمجان تېخىچە كەلمىدى، پۇرسەتنى مەھكەم تۇتۇپ، بۇگۇن، شۇ تاپتىلا ئاشخانا ئۆيگە بۆسۈپ كىرىشى ۋە كۆڭۇل سىرىنى، مۇددىئاسىنى جانانغا ئېيتىشى كېرەك. ئۆزى بۇ ھويلىغا كىرگەندىن بۇيان گۇلزىيادىنمۇ كۆرە كۆپرەك گۇلزىبا ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلىپ، يېقىملىق كۇلۇپ، ئەجەب بىر تاتلىق قاراشلىرىدا قاراپ پاراڭ قىلىپ يۇرىدۇ، بۇ نېمە ئۆزى؟ بۇ بەلگىغۇ، يوشۇرۇن ئىما ـ ئۇندەكقۇ؟ باقەمنىڭ كۆزى خاتا تونۇمىدى، ئەپقاچىدىغان جۇۋان راستىنلا بار، ئۇ دەل ئاۋۇ ئاشخانا ئۆيدە بېلىقتەك سىرغىپ، گۇلدەك نازغىپ يۇرگەن گۇلزىبا! كىم بىلىدۇ، ئۇمۇ شۇ تاپتا باقەم شائىرنى، شەھەرلىك مۇئاۋىن دىرېكتورنى خىيال قىلىۋاتامدۇ تېخى! مۇھىمى، شەھەرنى، ھە!...

شۇ خىياللار بىلەن ئالا نىيىتى بارغانسېرى قۇترىپ، خۇدىنى بىلەلمىگەن باقەم شائىر ئاخشامقى هاراقنىڭ

كۆچىدىنمۇ ئەيتاۋۇر، راستىتىنلا قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ، ئۇستىبېشىنى جۆندەپ دالان ئۆيدىن پېشايۋانغا چىقتى، پۇتلىرى بىرقىسما بولۇپ پېشايۋاندىن يەرگىمۇ چۈشتى، سەل تېڭىرقاپ، ئىككىلىنىپ تۇرۇۋېلىپ، بېشىنى بىر سىلكىدى ـ دە، ھويلىنىڭ تۆر تەرىپىگە قەدەم ئالدى... لېكىن دەل شۇ ئەسنادا دەرۋازا تۆڭگىسى يەنە شاراقلاپ قالدى.

# ئون بىرىنچى باب

بۇ قېتىم دەرۋازىنىڭ سىرتىدىكى قوش تۆگىنىڭ ھەر ئىككىسى تەڭ، بىر خىل رىتىمدا شاراقلىماقتا ئىدى. ئاز ـ تولا زېرەك ئادەم شاراقلاتقۇچىنىڭ ئالدىنقى كۈنىدىكى ئادەم ئەمەسلىكىنى جەزم قىلالايتتى. بۇ چاغدا ھودۇقۇپ كەتكەن باقەم ئۆزى ئىككى سەكرەپلا بېرىپ دەرۋازىنى ئېچىۋەتتى. دەرۋەقە، دەرۋازا سىرتىدا سىرلىققىنا ھېجىيىپ، تۈنۈگۈنكى ئۇلپەتلەرنىڭ بىرى ــ رەغىدۇللا كۈلگۈنچەك تۇراتتى. باقەمنىڭ ھېلىلا تۆگە شاراقلاتقۇچىغا ئاچچىقى كەلگەن كۆڭلىدە تۇرۇپلا بىر خۇشلۇق، يەڭگىللىك ھېسسىياتى كۆتۈرۈلدى. مۇبادا، شۇ تاپتا قۇترىغان ھاياجان ئىلكىدە ئاشخانا ئۆي تەرەپكە ماڭغىنىدا رەغىدۇللا ئەمەس، ھەمدەمجان كېلىپ قالغان بولسا ئەھۋال قانداق بولاتتى ۋە باقەم شائىر قانداقمۇ قىلاتتى؟ خەيرىيەت، يەنىلا ئالدىرىمىغۇلۇق. بۇنداق ئىشقىي ھال ئېيتىشلارنىڭ پەيتى ئۆزلۈكىدىن، تەبىئىي كەلگىنى ئوبدان ۋە ئاشىقىمىزنىڭ تەلپىگە پات ئۆتمەي شۇنداقمۇ بولۇپ قالار.

خوش، ئەمدى بىز گەپنى ئۇزارتماي، دەرۋازا ئالدىدا سىرلىق بىر كۈلۈمسىرەش بىلەن تۇرۇپ قالغان رەغىدۇللاغا نەزىرىمىزنى ئاغدۇرايلى.

ــ ياخشى تۇرۇپسىزمۇ، بۇرادەر ئەزىز، ــ دەپ دەرۋازا

ئىچىگە ئىككى قەدەم ئاتلىدى رەغىدۇللا كۆلگۈنچەك ئادىتى بويىچە ئىككى قولىنى تەڭلا سوزۇپ ۋە ھېلىغىچە تېگىرقاپ تۇرغان باقەمنىڭ ئوڭ قولىنى بېغىشىدىن قوشۇپ چىڭ تۇتۇۋالدى، رەغىدۇللا دائىم سۆھبەتلەشكۈچىنىڭ قوللىرىدىن ئەنە شۇ تەرزدە چىڭ تۇتۇۋالاتتى ۋە سۆزلىگەندە بېشىنى يېنىك تەۋرىتىپ كۈلۈمسىرەيتتى. گەپلىرىمۇ خۇددى ناخشا ئېيتىۋاتقاندەك ئاھاڭدار چىقاتتى، — تۇنۇگۈنكىدىن كېيىن ئاغىنەمنىڭ مىجەز ـ شەرىپى قانداقىراق تۇردىكىن دەپ ئالايىتەن ئەنسىرەپ كېلىشىم ئىدى. ھەمدەمجان ئاغىنىمىز يوق، زېرىكىپ قالمىسۇنلا دېگىنىمغۇ ئەمدى.

باقەم شائىر ئۆزىنىڭ ئىززىتىنى قىلىپ ئەتىگەندىلا كەلگەن بۇ ساخاۋەتچىگە مىننەتدارلىق كۆلكىسىنى تەقدىم ئەتمەي تۇرالمىدى ۋە ئۇنىڭ ئۆز غېرىب خانىسىغا بىر قەدەم تەشرىپ قىلسا بېشى ئاسمانغا يېتىدىغانلىقى ھەققىدىكى مۇلايىم تەكلىپىنى رەت قىلىشقا زادىلا سەۋەب تاپالمىدى. ئۇ خورسىنىش ئىلكىدە، تۇيدۇرماستىن گۈلزىبا تۇرۇشلۇق ئاشخانا ئۆي تەرەپكە تەلمۈرۈپ بىر قارىۋېلىپ، كۆلگۈنچەكنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى.

W ناھىيەسىنىڭ يېقىن ئەتراپىكى يۇرتلارغا بەلگىلىك ۋە مەشھۇر سەككىز ئايلانما كوچىسىنىڭ بىرىگە جايلاشقان كەڭرى، پاكىز ھويلا ئادەمنىڭ دىققىتىنى ھە دېگەندە ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. دەرۋازىدىن كىرگەنلا ئادەم بۇ ھويلىدا باشقا ئۆي، ھويلىلاردا تېپىلمايدىغان ۋە كۆزگە چېلىقمايدىغان بىر خىل ئادەتتىن تاشقىرى سەرەمجانلىقنى كۆڭۈل كۆزى بىلەن

ھېس قىلاتتى. دەرۋازىدىن تارتىپ تاكى ئۇدۇلدىكى پېشايۋانغىچە ھەممە نەرسە ئادەتتىن تاشقىرى رەتلىك ۋە ئېدىتلىق ئىدى. تام تۈۋىلىرىگە دۆۋىلەنگەن شاخ ـ شۇمبا، ياغاچ ـ تاشلار چوڭ ـ كىچىكلىكى، ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى ۋە باشقىمۇ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن، خۇددى كۆرگەزمە بۇيۇملىرىدەك جايلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئىشچان ۋە دەرىجىدىن تاشقىرى چىڭگىز بىر ئادەمنىڭ تۇجۇپىلەپ قىلغان ئەمگىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. ھويلىنىڭ ھەرقانداق يېرىدە بىرەر تال تاش، داڭگال ياكى ئەخلەت كۆرۈنمەيتتى. غولىلىرى ئاپپاق ھاكلانغان مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ھەربىرىگە خەت يېزىلغان ئەپچىل تاختايلار مىخلىنىپ ئەمەس، باغلاپ قويۇلغانىدى. چۈنكى، مىخ دەرەخكە زەخمەت يەتكۈزەتتى. ھەربىر تاختايغا شۇ مېۋىنىڭ نامى، سورتى، ئولتۇرغۇزۇلغان يىلى، مېۋە بېرىش ئەھۋالى قاتارلىقلار يېزىلغانىدى. بوردالغان يەتتە ـ سەككىز قوي تىنىماي مەرىشىپ تۇرغان، پاكىزلىقىدىن ئادەم ئەيمىنىدىغان قوتاننىڭ سىرتىغا مال ئايىغىدىن چىقىرىلغان، قۇرۇتۇلغان چىلە، كۆكۈملار دەرىجىسى بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا خالتىلارغا ئېلىنىپ، ئاغزى مەھكەم بوغۇلۇپ ھاك چېچىپ ئاقارتىلغان سوقما تام بويلاپ قاتار تىزىلغانىدى. باقەم شائىر ساھىبخانىنىمۇ ئۇنتۇپ، بىرھازا ھېلىقى بەختلىك قويلارغا قاراپ تۇرۇپ كەتتى. بەختلىك دېگىنىمىز، يۇڭلىرى ھېلىلا سوپۇن پاراشوكىدا يۇيۇلغاندەك پارقىراپ، تال ـ تال جىلۋىلىنىپ تۇرغان ئۇ قويلار قوشنا ھويلىلاردىكى چىلىگە تىزىغىچە پېتىپ، يۇڭلىرى كىرلىشىپ، پاخمىلىشىپ تۇرغان ئورۇق،

بىخسىپ پۇراپ كەتكەن قويلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ، سىپمىزلىكتىن سەكرىشىپ، خۇشۇاقلىقىدىن مەرىشىپ تۇرۇشاتتى. باقەم شائىر ھەتتا رەغىدۇللا كۇلگۇنچەكنىڭ مۇشۇ قويلارنى ئامراقلىقىدىن سۆيۈۋالمىدىكىنە دەپمۇ ئويلاپ قالدى ۋە چاقچاق تەرىقىسىدە بۇ خىيالىنى سوئال قىلىپ سوراپمۇۋەتتى.

ــ شائىر دىگەن، ئاجايىپ گەپلەرنى قىلىدۇ ــ دە! ــ رەغىدۇللا سۆيۈنۈش ئىلكىدە مول تەبەسسۇم قىلىپ، باقەمنى سارىيىغا ئەمەس، قوتان بىلەن ھاجەتخانىغا ياندىاش قاتتىق ــ قۇرۇق قويىدىغان ئامبارغا باشلىدى. بۇ يەردىكى سەرەمجانلىقنى كۆرۈپ باقەم شائىرنىڭ ئەقلى ھەيران، پەمى سىڭارىيان بولدى. بىرچاغلاردا، مۇھىت تازىلىقى باشقارمىسىدا ئىسكىلاتچىلىق قىلغىنىدا ئۇمۇ، خەۋىرىمىز بار، پاكىز، سەرەمجانلىقى بىلەن كۆپچىلىكنى ھەيران قالدۇرغانىدى. ئۆزىدىنمۇ بەتتەر چىڭگىز ۋە ئەڭگىزنىڭ يىراق W ناھىيەسىدە بايقىلىشى شۇ تاپتا ئۇنى ئاجايىپ ھىسلارغا چۆمدۇردى. رەغىدۇللانىڭ ئامبىرىدا... دەيمىزمۇ ــ دىمەيمىزمۇ؟ نىمىسىنى ئېيتىسىز، تاملار بويلاپ كۇتۇپخانىدىكى كىتاب جازىلىرىدەك تەقلىدتە مىخلانغان تاختايلارغا قاتار قىلىپ تىزىۋېتىلگەن كەتمەن ــ گۇرجەك، پالتا ــ بولقا، كۇلۇچ ــ ئامبۇر، ھەتتا سانتىسىغىچە ئايرىلىپ رەتلىك قويۇلغان، ئەگرىلىرى تۇزلەنگەن مىخلار، ئايرىم ــ ئايرىم باغلانغان ئارغامچا، شوينىلار، ئۈچ يىرىدىن باغلىنىپ، ئامبارنىڭ بىر بۇلۇڭىغا تىكلەنگەن شاخ، ئەمەن، قوراي، چەت پەن، چەڭزىلەر... بولدىلا، گەپنى قىسقارتايلى!

ــ ھوي رەغىدۇللا، مېھماننى سارايغا باشلىماي، ئامباردا نېمە كۆرسىتىۋاتىسىز؟ــ تالادىن ئۇزۇن سوزۇپ چىرقىرىغان بىر ئاۋاز ئاڭلىنىشۇىدى، باقەم شائىر چۆچۈپ بىر سىلكىنىپ كەتتى. رەغىدۇللا كۆنۈپ كەتكەن بولسا كېرەك، چۆچۈمىدى.

ــ بىزنىڭ ئايىم!ــ دەپ قويدى ئۇ باقەمگە قاراپ يېقىشلىق كۈلۈمسىرىگەن ھالدا.

مېھمان بىلەن ساھىبخانا ئامباردىن ھويلىغا چىقىشۇىدى، بىر قولىدا ئاپتۇۋا، بىر قولىدا لۆڭگە تۇتقان، ئاۋازىدەكلا ئىنچىكە، ئۇزۇنتۇرا بىر سىرىق خوتۇن ئالتۇن چىشلىرىنى تولۇق كۆرسىتىپ، باقەمگە تىرجىيىپ تەۋازۇ قىلدى. باقەمنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ، كۆزلىرىنى ئايالدىن ئېلىپ، رەغىدۇللاغا لاپپىدە قارىدى. ھەممە جەھەتتىن رەغىدۇللا كۈلگۈنچەك ئايالغا نىسبەتەن چىرايلىق ۋە كېلىشكەنىدى. ئەگەر ئەرلەرنى شۇنداق دەپ تەسۋىرلەشكە مۇمكىن بولسا!

نېمىلا بولسۇن، رەغىدۇللانىڭ ئايالى مېھماندوستتەك كۆرۈنەتتى، ئۇ باقەم شائىرنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي، ئۇنىڭ قولىغا ئۆزى سۇ ئالدى، كېيىن مېھماننى سارايغا باشلاشنى ئېرىگە تاپشۇرۇپ، پولاڭلاپ ئاشخانا ئۆيگە يۈگۈردى...

باقەم رەغىدۇللانىڭ قوي قوتىنى بىلەن ئامبىرى ئۇنچىلىك، سارىيى قانچىلىكتۇر، دەسسىگىلى بولارمۇ ــ بولماسمۇ دەپ ئەنسىرەپ قەدەم بېسىشۇىدى، بىراق ئەھۋال ئۇ دەرىجىدە ئەمەس بولۇپ چىقتى، قارىغاندا رەغىدۇللانىڭ پاكىز، سەرەمجانلىقى پېشايۋاندىن تۆۋەنكى جايلاردىلا جارى بولىدىغان ۋە بولالايدىغان ئوخشايدۇ.

سالقىن ۋە كەڭ ـ كۆشادە ساراي ئۆي ھەرھالدا خېلى جايىدا ياسىدالغان ۋە سىيرىپ سۇپۇرۇلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئۆيدىن ھەددىدىن ئارتۇق چىڭگىزلىكنىڭ ئىپادىلىرى كۆرۈلمىدى. باقەمنىڭ دىققىتىنى شۇ ئارىدا تامغا ئېسىلغان يېرىم بەت گېزىت چوڭلۇقىدىكى رامكا تارتتى. رامكىغا ئېلىنغان سۈرەت ئادەمنىڭ ئەقلىنى ھەيران قىلىدىغان يەنە بىر تېپىشماق بولۇپ، رەھبەر سىياقىدىكى ئادەم بىر قول بىلەن قول ئېلىشىپ تۇراتتى، بىر ئادەم بىلەن ئەمەس، بەلكى بىر قول، ئىگىسىز قول بىلەن.

باقەم سۈرەتكە ئۇزاق قاراپ تۇرۇپ كەتتى ـ دە، بىردىن يانغا ئۆرۈلۈپ، رەغىدۇللا كۆلگۈنچەككە، كېيىن ئۇنىڭ ئوڭ قولىغا قارىدى.

ــ شائىر دېگەنزە!ــ رەغىدۇللا يەنە بىر قېتىم خىتاب قىلدى،ــ راست ئويلىدىڭىز، ئەينى تاپتىڭىز، ئۇ مېنىڭ قولۇم!

ــ ئەمىسە بۇ نېمە گەپ؟ــ باقەم ئاندا ـ ساندىلا قىلىدىغان قىلىقى بويىچە كۆزلىرىنى چىمچىقلاتتى. راست، ئۇ بۇ ھەرىكەتنى بەك كۆپ قىلمايتتى. «ھاڭ ـ تاڭ قالىسىز» شىركىتىدە باش دىرېكتور گاھىدا ئاچچىقلىنىپ ۋارقىراپ كەتكىنىدە ئۇ كۆزلىرىنى مۇشۇنداق چىمچىقلىتاتتى. يېقىن مەزگىللەردە گۈلزىباغا كۆڭلىنى قانداق، قايسى تەرىقىدە ئىزھار قىلىشنى بىلەلمەي بىر ـ ئىككى قېتىم شۇنداق قىلغانىدى،ــ قول سىزنىڭ بولسا، ئۆزىڭىز نەدە ئىدىڭىز؟ غەلىتىلا...

ــ غەلىتە دېمەڭ، قىممەتلىك سۈرەت دەڭ!ــ

رەغىدۇللا ئاۋازىدىن تەئەددى، كۆزلىرىدىن بولسا يەنىلا تەبەسسۇم ياغدۇرۇپ، تەنىمە ئاھاڭدا باقمىگە جاۋاب بەردى، — بۇ ئەسلى كىچىك بىر پارچە سۈرەت ئىدى، بىر توپ تەخسىكەشلەر... باشلىق تامان ئۆرىدىشىپ مىنى تۇسۇۋالدى. بىراق، مەنمۇ يامان ـ دە! باشلىق بىلەن يۈتۈم كۆرۈشەتتىمۇ يا يۈزۈم كۆرۈشەتتىمۇ دەپ ئۆزۈن قولۇمنى شۇنداق سوزۇپتىكەنمەن (باقەم كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئۇنىڭ تىزلىرىدىن ئىشىپ تۇرغان قوللىرىغا قاراپ قويدى) باشلىقنىڭ يۇمشاق قولى قولۇمغا موكىلا قىلىپ ئىلىنىشىپ قالدى. ئۆزۈم كۆرمەيمەن، چىڭ تۇتۇپ سىلكىۋەردىم، مۇخبىر بالا چەبدەس نېمە ئىكەن، چارسلا قىلىپ قاپتۇ...

رەغىدۇللا شېرىنلىك يىگەن بالىدەك ئىبغىز، بۇرۇن، كۆزلىرىنى قورۇپ بىر يەرگە ئەكېلىپ، تەمشىنىپ قويدى.

— شۇنىڭ بىلەن، كېيىن سۈرەتنى يوغىنىتىۋالدىڭىز؟

— خۇشامەتچىلەرنى جارت ـ جارت كەسكۈزۋېتىپلا، قولۇم بىلەن باشلىقنى يوغىنىتىۋالدىم.

رەغىدۇللا كۆزلىرىدىن قۇۋلارچە تەبەسسۇم ياغدۇرۇپ، ئۆزى ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق سۈرەتكە قاراپ كەتتى. چىرايىدا بىر خۇشخۇيلۇق ئىپادىسى تىنماي ئەكس ئېتەتتى.

ھەتتا بىزنىڭ خىلى ـ خىلى خۇشامەتچىلەرگە تېگىشكۇسىز قەھرىمانىمىز باقەم شائىرمۇ رەغىدۇللا كولگۇنچەكنىڭ بۇ قىلىقىنى ئەقلىگە سىغدۇرالمىغاندەك سۈرەتكە قاراۋاتقان ساھىبخانىغا ياندىن سەپسېلىپ تۇرۇپ قالدى. ئاڭغىچە پەتنۇستا چىنە، چەينەك كۆتۈرۈپ

رەغىدۇللانىڭ خانىسى لوڭ ـ لوڭ دەسسەپ سارايغا كىرىپ كەلدى.

كەچ كىرگۈچە باقەم شائىر رەغىدۇللا كۈلگۈنچەكنىڭ ئۆيىدە «ئازابلىق مېھماندارچىلىق»تا بولدى. ئەر ـ خوتۇن باشقا تامانلاردا ماسلاشمىغىنى بىلەن، مېھماندوستلۇقتا ئاجايىپ ماس كەلگەنىدىكى، باقەم ئىككى ـ ئۈچ ئاشقازىنى بولمىغىنىغا راستتىنلا پۇشايمان قىلىپ كەتتى. ئايال ساھىبخانا تاماقنى ئانچە ئوخشىتالمىغىنى بىلەن، زورلاشنى تازا بىلەتتى. خۇددى يۇقىرىدىن بۇگۈنكى مېھماننىڭ قارنىنى غىزا بىلەن يېرىۋېتىش ھەققىدە يولىيورۇق كەلگەندەك، ئۇ ئېرىنى قوپقۇزۇۋېتىپ، ئۆزى باقەمنىڭ بىقىنىدا ئولتۇرۇۋالدى ـ دە، ھە دەپ ئۇنىڭ تەخسىسىگە تاماق سالاتتى. باقەم تەتۇر كۆشەپ لوقما چايناۋاتقىنىدا ئۇ ئايال جەينىكىنى ئۇستەلگە، ئالقىنىنى بولسا ئېڭىكىگە تىرەپ، مېھماننىڭ تائام يېيىشىگە قاراپ ئولتۇراتتى. باقەمنىڭ تەخسىسى قۇرۇقدىلىشى بىلەنلا ئۇ ھەرىكەت ھالىتىنى ئۆزگەرتەتتى ـ دە، ساپتاياق[1] تەك يوغان ياغاچ قوشۇق بىلەن مېھماننىڭ تەخسىسىگە دۆۋىلەپ تاماق سالاتتى. باقەمگە «خوش، رەھمەت، بولار ئەمدى...» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىش ئەسلا مۇمكىن بولمىدى. ئۇستەلنىڭ ئۇ چېتىدە ئولتۇرۇۋالغان رەغىدۇللا كۈلگۈنچەكمۇ داۋاملىق كۈلۈمسىرىگىنىچە ئايالىغا بولۇشاتتى.

ــ ھە، قېنى مېھمان، ئېلىڭ! ئايالىم خاپا بولىدۇ، ئېلىڭ! سىزنى دەپ ئەتكەن، ئېلىڭ!

① ساپتاياق ــ قىمىز سورۇيدىغان چۆمۈچ.

قورسىقى ئاغرىدەك چىڭقىلىپ، تومپىيىپ، نەپەس ئېلىشى تەسلەشكەن باقەم شائىر بىر چاغدا ئاخىر بۇ ئوقۇبەتتىن خالاس بولدى. ئۇ قىممىرلاشقىمۇ پېتىنالماي، ھېلىدىن ـ ھېلىغا باشلىنىش ئېھتىمالى بولغان قورساق مۇجۇش ياكى ئاشقازان زىڭىلداشنى خاۋاتىرلىق ئىلكىدە كۈتەتتى.

باقەم ئەمدى قۇتۇلدۇمغۇ دەپ ئولتۇراتتى، تالاغا چىقىپ كەتكىلى خېلى بولغان رەغىدۇللا كۈلگۈنچەك ئىشىكتىن يانچە قىسىلىپ، يوغان پەتنۇستا تۆت ـ بەش تەخسە سوغۇق، پىشىشىق زاكۇسكىلارنى كۆتۈرۈپ كىردى. كىرىۋېتىپ:

ــ ئەمدى ئىچىمىز!ــ دەپ جاكار قىلدى. باقەم بولسا ئورنىدىن دىككىدە تۇرۇپ كەتتى.

ــ ئەمدى يەيدىغان، ئىچىدىغان گەپنى قىلمىسىڭىز، رەغىدۇللام ئاداش،ــ دېدى يالۋۇرغاندەك باقەم.

ــ نېمە دېدىڭىزا؟ــ رەغىدۇللا تۇنجى قېتىم كۈلۈمسىرىمىدى،ــ سىزنى سېتىپ، قىلدۇردۇم بۇ زاكۇسكىلارنى، ئايال ئادەتتە ماڭا ھاراق ئىچۈرمەيدۇ! جىم!

باقەم شائىر ئەندىكىپ شۈكلا بولۇپ قالدى. ھاراققۇ ياخشى نېمە، بىراق مۇشۇ تاپتا، مۇشۇ ھالدا يەيدىغان، ئىچىدىغان نېمىلەر ئۈچۈن پەقەت يول يوق ئىدى ـ دە قورساق بايقۇشتا.

نېملا بولسۇن، ئاچلىقتىن ئۆلگەندىن توقلۇقتىن ئۆلگەن ياخشى. ئارىدىن ئازراق ۋاقىت ئۆتۈپ، باقەم شائىرنىڭ قىينالغان قورسىقى سەل جىمىققاندەك، بوشىغاندەك بولدى. چۈنكى، باشقا ئامالى قالمىغان باقەم

بۇ ئارىلىقتا ئۇستەلدىن بەش ـ ئالتە قەدەم نېرىدىكى تام يېنىغا «باشلىق ۋە قول» سۈرىتىنى كۆرگىلى ئەتەي بىرنەچچە قېتىم بېرىپ كەلگەنىدى، غەلىتە سۈرەتنىڭ يېنىدىلا، بۇلۇڭدا تىكلىمە ئەينەك قويۇلغان بولۇپ، كېيىنكى بېرىشلىرىدا باقەم قورسىقىنى بوشىتىش ئۈچۈن ئەينەك ئالدىدا تۇرۇپ سەكرەپمۇ قويدى. ئەينەكتە كۆرۈلگەن ئەپتى ئۆزىگە باقماي ئۆزىچە يېشىغا ماسلاشمىغان ھەرىكەتلەرنىمۇ قىلىپ قوياتتى. ئۇزاق يىللار ئىلگىرى، تامامەن باشقا بىر زېمىندا ۋە باشقىچە ھالەتتە چىچىكوف دېگەن بىر ئۆلۈك سودىگىرى يېڭى فىراك[1]نى كىيىپ، سىناپ كۆرۈۋېتىپ ئەنە شۇنداق قىلىقلارنى قىلغانىدى.[2]

«ھەر تائامنىڭ قورسىقى ئايرىم» دېگەندەك، يېرىم سائەتلەردىن كېيىن باقەم شائىر ئىككى رومكا ساقلانما ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن زاكۇسكىلارنى ۋاراسلىتىپ يېگىلى ۋە يەنە ئۈچ رومكىدىن كېيىن ساھىبخانا بىلەن ئۇنىڭ ئايالىنى ماختىغىلى تۇردى. رەغمۇللا كۈلگۈنچەك بولسا ئەمدى سۆز نۆۋىتىنى ۋە بەتتەملىشىش رولىنى مېھمانغا بېرىپ، قىزارغىلى خېلى چاغ بولغان بۇرنىنى ئىشقىلاپ، باقەم شائىرنىڭ كاسىلداشلىرىغا جاۋابەن سىرلىققىنا تەبەسسۇم قىلىپ ئولتۇراتتى.

يەنە بەش رومكىنى تاناۋۇل قىلغاندىن كېيىن، باقەمنىڭ يادىدىن تولىمۇ ئىنچىكە بىر ئىش، بىر مەقسەت، بىر سەۋدا كېچىپ قالدى. تاماقنى تازىمۇ تويۇپ

---

① فىراك ــ ئالدى كالتە، كەينى ئۇزۇن چاپان.

② بۇ يەردە گەپ گوگولنىڭ «ئۆلۈك جانلار» رومانى ئۈستىدە بارىدۇ.

يىگەچكىمۇ، بۇگۈن ئۇنىڭدا مەستلىك غالىب ئەمەس ئىدى. لېكىن، بىر نامەلۇم قول يۈرىكىنى رەغىدۇلىلا يۇرنىنى ئىشقىلىغاندەك ئىشقىلاشتىن توختىمايتتى، قانداقتۇر بىر شەيتىنى «ئولتۇرامسەن، قوپە، ماڭامسەن، نىگارىڭنىڭ قېشىغا بارە، بارمامسەن، كۆڭۈل سىرلىرىڭنى تېز ئېيتمامسەن، نىگار ۋەسلىگە يەتمەمسەن!» دەۋاتاتتى.

باقەمنىڭ يۈرىكى تۈيۈقسىز ئويناپ كەتتى. بىر ئامالى بىلەن ساھىبخانىغا يوقسىلاڭ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ئايالىنىمۇ تەستە قايىل قىلىپ، ئۇلارنىڭ مېھمانىنى قوندۇرۇپ قېلىش مۇددىئالىرىنى تەستە بېسىقتۇرۇپ ئاران دېگەندە بۇ مېھماندوست ۋە غەلىتە ئائىلىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى.

بۇ زاۋال چۈشكەن پەيت بولۇپ، W ناھىيەسىنىڭ كوچىلىرىدا دائىمقىدەك ئادەم ئاز ئىدى. باقەم شائىر بىر مەخپىي ئىستەك، بىر گۇناھلىق ۋەسۋەسىنىڭ ئىسكەنجىسى ۋە تۈرتكىسىدە ھەمدەمجان تۇغقىنىنىڭ ھويلىسى تەرەپكە يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كېتىۋاتاتتى. ھەددىدىن ئارتۇق ئاق كۆڭۈل ۋە ساددا ھەمدەمجان سەپەرگە چىقىپ كېتىش ئالدىدا «ئىككى ئايال كىشىنىڭ يېنىغا يالغۇز بىر ئەرنى تاشلاپ قويۇپ كەتسەم قانداق بولار؟» دەپ ئويلىماي، «يېقىن ئاغىنەم، تۇغقىنىم، يەنە تېخى مۇھىمى، كەلگۈسى باجامغۇ!» دەپلا ئويلىغىنى ئۈچۈن ئەمدى نېمە خورلۇقلارنى كۆرەركىنتاڭ! ھەممىمىزنىڭ كۆڭلى چىرايلىق ئىنساب گۈلى بىلەن زىننەتلەنگەي!

# ئون ئىككىنچى باب

بىز مۇشۇ كەمگىچە باقەم شائىرنىڭ كۆندىلىك خاتىرە تۇتىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا سىجىل ئەمەس، ئۆزى مۇھىم دەپ قارىغان ۋاقىتلاردىلا كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى، باشقىلارغا بولغان باھا، ئىنكاسلىرى ھەمدە ئۆزىچە يېزىش كېرەك دەپ قارىغان ئاتالمىش «شېئىرلىرى»دىن كاللىسىغا لىپپىدە كەلگەن دەسلەپكى مىسرالارنى قوندۇرۇپ يۈرىدىغانلىقىنى بايان ئەيلىمىگەنىدۇق ھەمدە شۇ خاتىرىدىن ئىستاتىلار بېرىپ، قەھرىمانىمىزنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن ئوقۇرمەنلىرىمىزنى تېخىمۇ بەتەپسىل، ئىنچىكە خەۋەردار قىلىشنى ئويلاشمىغانىدۇق. ھەمدەمجان كاماندىروپكىدىن قايتىپ كېلىپ، ئايالى گۈلزىبا ئۇنىڭغا باقەمنىڭ غەيرىي قىلىق ـ ھەرىكەتلىرى ھەمدە ئۆزىنىڭ بۇ يېڭى كەلداخۇن شەخس ھەققىدىكى گۇمان تەخمىنلىرىنى ئېيتىشنى ئويلىغان بىراق ئاق كۆڭۈل ھەمدەمجان قەدىناسىنىڭ گېپىنى تىڭشاشتىن كۆپرەك، قۇۋ باقەمنىڭ يالغان گەپلىرىگە ئىشىنىپ، ئىككىسى ئۆلپەتچىلىك سورۇنى قۇرۇشقان شۇ پەيتلەردە، مۇئەللىپ توساتتىن بۇ بىر نۇقتىنى كېچىكىپ بولسىمۇ يادىغا ئېلىپ قالدى ۋە پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، باقەم بىلەن ھەمدەمجان كەيپ ئىلكىدە مۇڭدىشىۋاتقان پەيتتە

قەھرىمانىمىزنىڭ قۇلۇپلاقلىق سومكىسىنىڭ تېگىدە، كىر كىيىملەر ئاستىدا ياتقان قارا تاشلىق خاتىرە دەپتىرىگە W ناھىيەسىگە كەلگەندىن بېرى بىرىن ـ كىتىن پۈتۈلگەن «كۈندىلىك خاتىرە»، ئەمەلىيەتتە كۆڭلىدىن تېپىپ تېشىغا چىقىپ كەتكەن يازمىلىرىدىن بىر بۆلىكىنى باقەم شائىرنىڭ پەزىلىتىدىن گۈلزىبا بىلەن تەڭلا گۇمانلىنىشقا باشلىغان ئوقۇرمەنلەرگە ئاشكارىلاشنى لايىق تاپتى:

بىراق، بىز بۇ يەردە ئۇشبۇ خاتىرىلەرنى ھېسسىياتچان، نازۇك، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆتۈپ كەتكەن كىتابپەرەس قىزلارنىڭ كۈندىلىك خاتىرىلىرىگە ئوخشىتىپ، يىل، ئاي، كۈنلىرى بىلەن، شۇ كۈنكى ھاۋا رايىنىڭ ۋە شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆزىنىڭ مىجەز ـ كەيپىياتىنىڭ قانداقلىقى بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن ھالدا قوشۇپ بەرمەيمىز، بەلكى باقەمنىڭ W ناھىيەسى ۋە بۇ يەردىكى ئادەملەرگە نىسبەتەن كۆزقاراشلىرى ۋە باھالىرى روشەن ئىپادىلەنگەن يازمىلىرىدىن ئىستاتىلار ئالغان ئاساستا خىزمىتىمىزنى داۋام ئەتتۈرىمىز. قىنى ئەمىسە، باقەم شائىرنىڭ كۆڭۈل كۈيلىرىگە قۇلاق سالغايسىلەر.

△ W ناھىيەسىگە كەلگىنىمگە ئۈچ كۈن بولدى. «خۇدا دېگەن قۇلىغا، ئەكېلىپ بېرەر يولىغا» دېگەندەك، ئانچە جاپا تارتمايلا بۇ يەردە بالىلىقتىكى بىر ساۋاقدىشىمنى، كونا ئاغىنەمنى ئۇچرىتىپ قالسام بولىدۇ. بولمىغان بولسا باشقا ناھىيەلەردە سەنتۈرەكلەپ يۈرگەن چاغلىرىمدىكىدەك، كىملەرنىڭ كۆزىگە قاراپ،

قايسى بۇلۇڭدىن ماڭا ئوۋ بولىدىغان بايقۇش چىقىپ قالاركىن دەپ تەلمۈرۈپ يۈرگەن بولماسمىدىم. لازا بىلەن جاڭيۇنى ئۆلگۈچە ئىشلىتىدىغان كوم ـ كوم ئاشخانىلارنىڭ زەھەردەك قىممەت تاماقلىرىغا تىترەپ تۇرۇپ پۇل تۆلەپ، ئۇنىڭسىزمۇ، «ئېيىقكۆل»نىڭ تازا قول بالىسى قىلىپ ئېتىپ بەرگەن چاچتەك ئىنچىكە لەڭمىنىنى يەپمۇ غولدۇرلاپ چىقىدىغان قورسىقىمنى كېچىچە ھاجەتخانىغا توشۇپ ئۆزۈم بىرچاغلاردا ئىشلىگەن ماتېرىيال ئامبىرىدىنمۇ سوغۇق، كىرلىكلىرى ئاللىقانداق شۆبھىلىك داغ ياتاقلاردا ئۇيقۇم قېچىپ ھەم شۇ ياتاقلارغا خەجلىگەن پۇلۇمغا، ھەم كەلمەيۋاتقان تەلىيىمگە ئۆھسىنىپ، يېرىم كېچىلەردە تەنھا تىك ئولتۇرۇپ چىقار بولغىيدىم... تەڭرىگە مىڭبىر رەھمەت، توساتتىن مېنىڭ ھال ـ كۈنۈمنى لىپپىدە قىلىپلا ئۆڭشاپ قويدى. ھەمدەمجان ئاغىنەم ئالدىمدىن لەپپىدە چىقىپ قېلىپ، مېنى باغرىغا باسقاندىن تارتىپلا كۆڭلۈم ئەمدى بۇ سورۇقچىلىقلاردىن قۇتۇلدۇڭ باقەم دېگەندەك، خۇشال تېپچەكلەپ كەتتى. ئۇھ... ھەرھالدا قىلغان ـ ئەتكەن ياخشىلىقلىرىم، ئەڭ بولمىغاندا ئاتا ـ ئانامنىڭ دۇئاسى بار ئوخشايدۇ، ھەمدەمجاننىڭ مىجەزى زادىلا ئۆزگەرمەپتۇ. بالا چاغلىرىمىزدىمۇ مىجەزى ئاشۇنداق كىچىك بالىنىڭكىدەك، گەپ ـ سۆزلىرى يۇمشاق، كۆزلىرى كۈلۈپ تۇرىدىغان نېمىدى، بوي ـ بەستى يوغىناپ، يېشى بىر يەرگە بارسىمۇ ئاشۇ مىجەزلىرى شۇ پېتىچە تۇرۇپتۇ. بىردەم ھال ـ مۇڭ قىلىشقاندىن كېيىنلا، باشقا گەپنى قىلماي مېنى ئۆيىگە سۆرىگىلى تۇردى، تېخى مېنى ئالدىغا سېلىپ، مەن چۈشكەن

ناھىيەلىك تەمىنات سودا شىركىتىنىڭ ياتىقىغا مەن بىلەن بىللە كېلىپ، لاقا ـ لۇقىلىرىمنى ئۆزى يىغىشتۇرۇپ ماڭدى، ئاغزىمدا تۇزۇت قىلغان بىلەن، كۆڭلۈم شۇنداق خۇشال. قۇملۇقتا كېتىۋېتىپ توساتتىن بۇلاقنىڭ ئۇستىدىن چۇشۇپ قالغاندەك يۈرىكىم تىپچەكلەپ كەتتى... دېمەك، بۇگۈندىن تارتىپ ئالدى بىلەن ماڭا ئارتۇق چىقىم يوق دېگەن گەپ. بايا دېدىمغۇ، خۇدا دېسەڭ ئىشلىرىڭ ئۆزلۈكىدىن، بىر سەۋەبلەر بىلەن ئوڭشىلىدىكەن. مانا ھازىر ئۇنىڭ چىرايلىق، ياسىداق مېھمانخانىسىدىمەن، «ئېلىڭ ـ بېقىڭ»غا كېكىرىپ كەتتىم. بىر تۇرۇپ ئوڭۇمىمۇ، چۇشۇمىمۇ بۇ دەيمەن، ھەممىدىن ئېسىل بولغان يېرى بۇ ھويلىدا بىر ـ بىرىدىن ئېسىل ئىككى ساھىبجامال بار ئىكەن... بولدى نەچچە كۈننىڭياقى كۈندە ئۆيقۇم تازا ياخشى بولمىغاچقا، ئېگەكلىرىم چۇشۇپ كېتىۋاتىدۇ دېسە! مۇشۇ قۇرلارنى يېزىپ بولۇپلا، بۇ ناتونۇش زېمىندىكى تۇنجى شېرىن ئۇيقۇمغا راۋان بولاي... ئىككى ساھىبجامال ھەققىدە ئەتىگىچە يازارمەن، ھازىر بولسا ئۇلارنى ئويلاپ ياتاي.

△ بۇگۈن كۆڭلۈم شۇنداقمۇ يەڭگىل، بىر يەرلىرىم شېرىن قىچىشقاندەك بولۇپ، زەن سالسام، ئۇمۇ كۆڭلۈمكەن. مېنىڭ كۆڭلۈم نېمانچە مۇھەببەتلىك يارىلىپ قالغاندۇر دەيمەن. سەھەردىن بېرى ئۇۋ تەرەپكە ئىنتىلگەن ئىتتەك، كۆڭلۈم بوسۇغا تەرەپنى كىنەپلا تۇرىدۇ. ھەمدەمجان ئاغىنەم بىلەن ئاخشام ئىشلىرىم ھەققىدە بىر قۇر دېيىشىۋالغانىدىم. ئارى ـ بېرى تارتىشىپ تۇرمايلا «خاتىرجەم بولۇڭ، ئاداش، ئۆزۈم پۇتكۈزىمەن ئىشلىرىڭىزنى!» دەۋەتتى. باشتا

ئىشەنمەيرەك گەپ چۇقچىلاپ، كېيىن پارتىيىغا قوبۇل قىلىنىپ، كېيىن پارتكومغا ئۆزۈم ئارزۇ قىلغان چاغدىن بىرى ئۆزۈم ئارزۇ قىلغان...

ئىشەنمەيرەك گەپ چۇقچىلاپ، كېيىن پارتىيىغا قولاق سالسام ئۆزىنىڭ شەخسىي مۇسەللەس زاۋۇتى بار ئىكەن ئەمەسمۇ. خۇدايىم مۇنداقمۇ ئوڭ كەلتۈرەمدىغان، كەلگۈسىدىكى باقەم باش دىرېكتورنىڭ ئىشلىرىنى!... شۇنىڭ بىلەن، ئالدىراقسانلىقىم شۇدە، «سىزگىلا ئېلىپ بېرەي، ئاداش ئالتۇن مۇكاپاتنى...» دەۋېتىپتىمەن. مېنىڭ مۇشۇنداق بىر مىجەزلىرىم بارچۇ، غىت قىلسىدىغان يەردە بەش مىنۇت قىسسىپ تۇرالمايمەن زادى. خەق ئۆزى ھۆرمىتىم بىلەن دەيدىغان گەپنى ئۆزۈم دەۋېلىپ، ئابرۇيۇمنى چۇشۇرۇۋېلىپ ئولتۇرىمەن. باشلىقمۇ شىركەتتە مۇشۇ مىجەزىمنى نەچچە قېتىم قاتتىق سۆككەنىدى، بىراق ئۇ كىشىنىڭ ئالدىدا ئەيمىنىپ دىققەت قىلغىنىم بىلەن، سىرتقا ئەركىن قۇش بولۇپ چىققان ۋاقتىمدا ئۇنتۇپ قالىدىكەنمەن. ۋاي بوپتۇلا، «ھاڭ ـ تاڭ قالىسىز» شىركىتىنىڭ مۇھىم بىر رەھبىرى ئىكەنلىكىم يالغانمىدى، ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا مۇئاۋىن باش دىرېكتور دەپ ئاتىلىۋەرسەم بولۇۋېرىدىغانلىقى (سىرتقا ھازىرقىدەك ئىش ھەل قىلغىلى چىققاندا) ھەققىدە باش دىرېكتورمۇ بېشارەت بەرگەنىدىغۇ! بولۇپمۇ ھەمدەمگە «ئالتۇن مۇكاپاتنى ئۆزۈم ھەل قىلىپ بېرىمەن» دەۋاتقىنىمدا، چىرايلىق مانىرىنى كورىدىن چەلگىنىپ تۇرغان قايماقلىق ئەتكەنچايىنى ئاپقۇرغا قويۇۋاتقان نازىنىن ئايالى دەررۇ لىپپىدە قىلىپ كۆزۈمگە قاراپ قويدى. ئايال خەق دېگەننىڭ مۇشۇ كۇندە نېمىگە بەكرەك قىزىقىدىغان، ئىنتىلىدىغىنىنى بىلىمىزغۇ، بولۇپمۇ تاغلىق يەرلەردە ياشايدىغان گۈزەللەرنىڭ... شۇنداق قىلىپ، ئالدىراپ قىلغان ۋەدەم،

پارىخىمغا ھەمدەمجان ئاغىنەم پىسىخىدە بىر كۆلۈپ قويۇپلا «بۇنى كىيىن دېيىشەيلى، ئاداش، بۈگۈن زاۋۇتتا ئىشلىرىم جىقراق ئىدى، ھەممىسىنى بىر تەرەپ قىلىپ، بالدۇرراق بىكار بولاي، كەچتەرەك ئاغىنىلەر بىلەن تونۇشتۇرىمەن، بۇ يەردىمۇ خېلى ئوبدان جامائەتىمىز، سورۇنلىرىمىز بار، سىز ئارامخۇدا دەم ئېلىپ، ئېغىناپ يېتىپ تۇرۇڭ، كەچتە كۆرۈشەيلى» دېدى ــ دە، ھويلىغا چىقىپ ئايالىغا ئۇزاق بىرنېمىلەرنى تاپىلاپ، ئۆزى ئىشقا كېتىپ قالدى...

شۇنىڭدىن بېرى مانا بىر سائەتتەك بولدى، ھەس ــ ھەسچىلىكتە ئولتۇرىمەن. ئارامخۇدا يانپاشلاپ يېتىش نەدە؟ كۆزلىرىم ئىشىك تەرەپتە، بىرنەرسە تىرىق قىلسا يۈرىكىم ئەنسىز دۈكۈلدەيدۇ. ھېلىقى نازىنىن... ھە ياق، ئىككى نازىنىن قاچانراق كىرىپ قالاركىن دەپ تولا ئويلاپ، قىينىلىپ كېتىپ بارىمەن. مۇشۇ تاغلىق يەرلەردىمۇ شۇنداق بېلىقتەك، خام يەۋالغۇدەك جانانلار بولىدىكەن دېسە! ئاخشام كۆزلىرىم قامىشىپلا كەتتى ئەمەسمۇ، ھەمدەمجان بىلەن بۇ ئازادە، مېھرى ئىسسىق ھويلىغا كىرىپ، پېشايۋانلىق ئۆيلەرنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىغاندىن تارتىپ ھەممە نەرسە مېنىڭ يۈرىكىم بىلەن ئويناشقىلى تۇردى دېسە. ھەمدەمجان مېنى مۇشۇ دالان ئۆيگە، گىلەمنىڭ ئۈستىگە شايى كۆرپە سالغان ئورۇنغا باشلاپ قويۇپ تالاغا چىقىپ كەتتى ــ يۇ، سەل ئۆتمەيلا ئىككى پەرىزات بىللە يېنىپ كىردى. بىر ــ بىرىگە شۇنداقمۇ ئوخشىشىدىغان ئىككى سەتەڭ، ياشلىرىمۇ تەڭدەكلا، كېيىن ئۇقسام ھەدە ــ سىڭىل ئىكەن. مەن كىچىكرەكمۇ دېگەن جانان ئاۋۇ پەرىزاتنىڭ

ھەدىسكەن تېخى. ئىسملىرىمۇ نېمىدېگەن قاملىشىپ كەلگەن دەيمەن، بىرىنىڭ ئىسمى گۈلزىبا، يەنە بىرىنىڭ گۈلزىيا ئىكەن. ئۆمرۈمدە مۇنداق ياندىش، چىرايلىق ئىسىملارنى، بولۇپمۇ ئايال زاتىنىڭ ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن شۇ، «ئېيىقگۈل» دېگەندەك بىر خوتۇنلار بىلەن ئۆمرىمىز ئۆتۈپ كېتىپتۇ ـ دە، خەپ! ھەمدەم بالاڭزا خوتۇنى بىلەن قېيىنسىڭلىسىنى تونۇشتۇرۇۋاتىدۇ، مېنىڭ ھارام قانلىرىم ئۆركەشلەۋاتىدۇ... تەسلىكتە ئۆزۈمنى بېسىۋالدىم، «ئاستا، باقەم، ئۆزۈڭنى تۇت، ئەدەپكە قايت، مۇسۇلمانچىلىق ئاستا ـ ئاستا» دەيمەن ئىچىمدە، شۇ ئەمەسمۇ! ئالدىراقسانلىق، شاتىراقلىقنىڭ دەردىنى نەچچە قېتىم تارتقان ـ دە بۇرۇنلاردا مەن. ئاڭغىچە ھېلىقى ئىككى زىبامۇ يانمۇيان تۇرۇپ مېھماندىن، يەنى مەندىن شۇنداق تەۋازۇلۇق، نازاكەتلىك ئەھۋال سورىغىلى تۇردى. يائاللا، بۇ ھەمدەم خاپانباش نېمىدېگەن بەختلىك دەيمەن؟... بەخت نەگە بارسەن دېسە، دوقا ماڭلايغا دەپتۇ دەۋاتاتتى. چاغلىقلا نېمىدى بۇ ئۆز ۋاقىتلىرىدا، پور كۆتەكتەك سېمىز، كۆزلىرى ۋال ـ ۋۇللا قىلىپ تۇرىدىغان ئاداش ئىدى، ئەجەب تەلىيى ھەر ياقتىن چېچەك ئېچىپ كېتىپتا دەيمىنا، بىر ھويلىدا بىرو ـ تولا ئىككى گۈزەل بىلەن بىللە ياشايدىكىنە! قازاقلار نېمە دەيتتا؟ ھە، «بالدىز، بالدىز» دېسە قوقاقلىرى ئېرىپلا كېتىدىغۇ، «بالدىزىم بالدان تەتتى» دەپ... ئالامەت گەپكەنە! مەن بولسام كۆزلىرىمنى ئىككى بىگىزدەك ئىككى نازىنىنغا سانجىپ، ھەسەل يېگەندەك ھۇزۇرلىنىپ، جىمىدە ئولتۇرۇپ كېتىپتىمەن، جىم

بولۇپ كەتكەنلىكىمنى خىجىلچانلىقىمغا يۇمىرىغان ساددا ھەمدەمجان «بولدى مېھماننى ئىزا تارتقۇزماڭلار، چىقىپ قازان بېشىغا قاراڭلار!» دېۋىدى، خەپ، كېيىنكىلەر يۈرىدە ئۇچۇپ كېتىشتى... ھە راستتىنلا، ھەمدەمجاننىڭ بىر ئوغلى بارىكەن، كىچىك پالكوز ھەمدەم (دادىسىنىڭ بالا ۋاقتىغا شۇنداقمۇ تارتىپتۇ ـ دە!) ئاپىسىنىڭ ئېتىكىگە يۆگىشىپ، ئۇچەيلەن تەڭلا چىقىپ كەتتى. كېچىچە كۆز ئالدىمدىن كېتەمدىغان... ھوي، ئىشىك تەرەپتە ئاۋاز بارغۇ، قەلىمىمنى ئوينىتىۋېرەيۇ، چىرايىمدىكى مەستخۇشلۇق، تەقەززالىقنى جىددىيلىك، سىپايىلىككە ئۆزگەرتەي، ئىككى سەتەڭنىڭ قايسىسى كىرىپ قالسا، مېنى خىزمەت دوكلاتى يا بولمىسا ئاللىقانداق پىلان... ئۇستىدە باش قاتۇرۇۋېتىپتۇ دەپ قالسۇن.

△ ھەمدەمجاننىڭ ئاغىنىلىرى بىلەنمۇ تونۇشتۇم. ھەرھالدا بولىدىغان نېمىلەركەن، ماڭا ھەممىدىن ھېلىقى ئاسىم شىلىم دېگىننى يېقىپ قالدى. باشتىكى ئولتۇرۇشلاردىغۇ ئۇ ئاداش يوق ئىدى، كېيىن پەيدا بولۇپ قالدى ـ دە، مېنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتور ئىكەنلىكىمنى ئاڭلاپ (ھەمدەم دېگەن قاپاقباش پەقەتلا خەقنى ئىززەت ـ ھۆرمىتى بىلەن تونۇشتۇرمايدىكەن، «ماندىق ئاغىنەم، ئاندىق ساۋاقدىشىم، بىز تەرەپلەرگە كېلىپ قاپتۇ» دەپلا... ھازىر دېگەن قانداق زامان، قايسى زامان؟ ئادەم نان، غىزا بىلەن ئەمەس، ئەمەل، شۆھرەت بىلەن سەمرىيدىغان چاغ ھازىر. نەدىكى بىر نېمىلەر ئىدارىنىڭ كىچىككىنە ئاشخانىسىنى باشقۇرغانغا «كىمسەن؟ ئا جىڭلى» بولۇپ كېتىدىكەنۇ؟ ۋىلايەت

دەرىجىلىك كاتتا بىر شىركەتنىڭ ئىككىنچى قول باشلىقى ئانچىكىم گەپ بىلەنلا ئاتلىپ ئۆتۈپ كەتسە، ئادەمنىڭ ئىچى ئېچىشمامدۇ؟ (زادى بارغۇ بۇ سەھرا دېگەن يەرنىڭ ئادەملىرىنىڭ بىر يەرلىرى دۆت. بولمىسا دېگەن، مۇشۇ ھەمدەم ئاداشنى دەيمەن، ئىززەت ـ ھۆرمىتىمنى قىلىپ، ئۆيىدە مېنى پادىشاھتەك كۈتكىنى راست، ھۆر ـ پەرىلەرنىڭ ئەتراپىمدا ئەگىپ يۈرۈۋاتقىنى ھەق!) ئۇ ئىككى دىلبەرغۇ بەلكىم ھازىرچە مېنى بىرى ئىرىمنىڭ، بىرى قېيىنئاكامنىڭ يېقىنىكەن، باللىقتىكى ساۋاقدىشىكەن دەپ سىلاۋاتقاندۇر، بىراق سورۇن دېگەننىڭ يولى باشقىغۇ، ئادەم قۇلاقتىن سەمرىيدۇ، ھايۋان تۇياقتىن دەپ، ئىككى كەلىمە ماختاپ ـ كۆتۈرۈپ، ئەمەللىرىم بىلەن قوشۇپ تونۇشتۇرۇپ قويسا كۆڭلۈم لەپپىدە كۆتۈرۈلۈپ قالامدۇ دەيمىنا. بولمىسىغۇ، نېرىدىن ـ بېرىدىن قېقىتىپ، «ھاڭ ـ تاڭ قالىسىز» شىركىتىدىكى نامۇئەمەللىرىمدىن، يازىدىغانلىرىمدىن بېشارەت بېرىپ قويىدۇم. مەھەللىمىزدىكى بىر ئىمامئاخۇنۇم ھەر دائىم يولدا مېنى كۆرسە «ھە، شائىر ئەپەندىم» دەيدۇ... دېگەنلەرگىچە دەۋالدىم، ياق، سورۇندا ھەدېسىلا «باللىقتىكى ساۋاقدىشىم، تۇغقىنىم» دەپلا تونۇشتۇرۇپ، خۇش كەتتى قىلىسىمۇ «كېلىڭلار، ئاداش!» دەپ بولدى قىلىدۇ. تازىمۇ بىر، شۇڭلاشقىمىغۇ بىز خەققە ئەمەل، مەنسەپنىڭ قەدرى يوق، باشقىلار بولغان بولسا بىر سورۇن تۈگىگۈچە توققۇز قېتىم قايتىلاپ، ھەتتا مەنسەپ ئاتىقى بىلەن ئىسمىمىزنىڭ باش ھەرپىنى تاھىر ـ زۆھرەدەك پارلاپ قوشۇپ بىر قىلىۋېتەتتى...

شۇلارغا قاراپ دەيمەنكى، ھېلىقى ئاسىم شىلىم دېگىنى ماڭا يېقىپ قالدى، مېنىڭ ئولتۇرۇشتا قېقىتىپ ئۆزۈمنى ئۆزۈم تونۇشتۇرغان پارچىمنى بىر ئاڭلىدى ـ يۇ، ئىككىنچىلەپ شاتۇتىدەك «با فۇزۇڭچىلى، با فۇزۇڭچىلى» دەلىۋەردى. يا ئەمدى ئادەم شېرىن بىرنېمە ئىچكەندەك، يەنە كېلىپ خېلىلا گىرادۇسلۇق ئىچىملىك تاناۋۇل قىلغاندەك بولۇپ قالدىكەنچۇ!...

شۇنىڭ بىلەن، ئورنۇمنى غاچچىدە شۇ شىلىمنىڭ يېنىغا ئالماشتۇرۇپ، مەھكەم يېپىشىپلا كەتتىم، سورۇن تۈگىگۈچە كەپتەردەك باشلىرىمىزنى بىر يەرگە ئەكېلىپ بوغۇلدىشىپ توختىمىدۇق. شىلىم ماڭا، مەن شىلىمگە قاتارى ئۈچ قېتىمدىن خۇش كەتتى قىلىشىپتىمىز...

△ بۈگۈن باش دىرېكتورغا تېلېفون بەرگەنىدىم، ئۆزىچە سەل ئاچچىقلاۋاتىدۇ، نېمانچە يوقىلىپ كېتىسەن دەيدۇ ـ دە، مەن نېمە كويدا، ئۇ نېمە ئويدا، ئىككى ھۆر ـ پەرىنىڭ قىسمىقىدا پەيزى قىلىۋاتقانلىقىمنى ئۇ تۈكباش نەدىن بىلەتتى؟ ئەمدى پۇلىنىڭ ئىشىغا كەلسەك، ئۇمۇ ئۆز ئايىغىدىن ھەل بولغىلىۋاتىدۇ ـ دە، راستىتىنلا، ھەمدەمجان بىلەن تۇنجى سورۇنىنىڭ ئەتىسى خىزمەت ئىشى توغرىسىدا سۆزلەشكىنىمنى يازماپتىمەنە! ئوتتۇز مىڭ يۈەنگە ئالتۇن مۇكاپات ئېلىپ بېرىمەن دېسەم خۇشاللىقىدىن كۆزلىرى يۇمۇلۇپلا كەتتىغۇ بايقۇشنىڭ. نېمە دەيدۇ، مۇسەللەس زاۋۇتۇمنىڭ ئىناۋىتىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ناھىيەدىكى رىقابەتچىلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن ئەرزىيدۇ، دەيدۇ. باش دىرېكتورغا شۇ گەپنى قىلىۋىدىم، تاس قالدى تېلېفوندا سۆيۈۋالغىلى، بايىقى ئاچچىقلاشلىرى نەگىدۇر ئۇچۇپ

كەتتى ئەمەسمۇ، خۇشال بولغاندا، دىمىقىدا سۆزلەپ، خىرىلداپلا كېتىدىغان، شۇ تاپتا خىر - خىرلىقى ئەدەپلا كەتتى ئەمەسمۇ، «ياخشى بوپتۇ، تىرىشلىك، سىزدە ئۇمىد بار، بىرى بىلەنلا قاناتلىنىپ قالماي، ئېپىغا بىر چوڭ بېلىق تۇتۇشقا بەل باغلاڭ، مەن بۇ ياقتا ۋەزىپىڭىز توغرۇلۇق بىرلەشمىگە قاتۇرۇپ دوكلات تەييارلىدىم، ئەنە - ئۆگۈنگىچە يوللايمەن» دېۋىدى، خۇش بولۇپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن «خاتىرجەم بولۇڭ، چاتاق يوق، باش دىرېكتور، خاتىرجەم بولۇڭ، مەسىلە يوق، باش دىرېكتور» دەۋېرىپتىمەن. ئەيتاۋۇر ئۆيدىكى نېرى - بېرى ئىشلارنى دېمىگەندە، مۇشۇ كۈندە باشقا ئەھۋاللار پېچەت، ئويۇن - تاماشىمۇ جايىدا، ئىلھامىمۇ ئۇرغۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، پات - پاتلا لىپ - لىپ قىلىپ مېڭەمگە شېئىرلار قونۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، مانا مۇنداق:

*ئەجەب بولدۇم، ئەجەب بىر،*
*ئەجەب بولۇپ قالدىم مەن.*
*W ناھىيەگە چىقىپ،*
*غېرىب بولۇپ قالدىم مەن.*
*ئوڭ يېنىمدا لەيلىجان،*
*سول يېنىمدا سەنەمجان،*
*ئىككى ئارىدا قالدىم،*
*قانداق قىلاي ھەمدەمجان!*

ئاپلا، ئاخىرى سەل قاملاشماي قالدىمۇ نېمە؟

△ مۇشۇ كۈنلەردە ئەس - يادىم ئۆزۈمنىڭ مەيلىمدە ئەمەس، قويغان - تۇتقىنىمنى بىلەلمەيلا يۈرىمەن.

ھەمدەمجان ئاغىنەم مېنىڭ يالغاندىن قىلغان گەپلىرىمگە ئىشىنىپ قالغان چېغى، نەچچە قېتىم قېيىنسىڭلىسىنىڭ پارىڭىنى قىلدى. «ئېيىقگۇل»گە قارىغاندىمۇ گۇلزىيا ئىسىملىك ئۇ قىزنىڭ ئۆلۈكى ئارتۇق، لېكىن بىزنىڭ يۇرەك قۇرغۇرنىڭ باشقا كوچىدا پالاز قېقىپ يۈرگىنىنى كۆرمەمدىغان، نېمىشقىدۇر گۇلزىيا دېگەن ھەدىسىنى كۆرسەم تېنىم چىمىرلاپ، يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ، بۇ ئالەمدە يوق بولۇپ كېتىمەنۇ، گۇلزىيا ئىسىملىك سىڭلىسىنى كۆرسەم ئانچىۋالا بولمايمەن. بولمىسىغۇ، مېنىڭ بويتاقمەن دېگەن گېپىمدىن كېيىن ھەمدەم بۇرادەر مېنى ئۆزىگە باجا قىلىۋالىدىغانغا تولىمۇ مەيلى بارلىقىنى قېقىتىپ، «باشقىچە ئىشلار بولمىسا، بېشىڭىزنى ئۆزىمىز ئوڭشاپ قويىمىز، ئاداش، تۇغقانمۇ بولۇپ قالامدۇق تېخى...» دېگەن گەپلەرنى مەستلىككە يۆلەپ دەۋالدى. مەنمۇ قۇۋ نېمىچۇ، يالغاندىن ئىچىمنى تىڭشاپ تۇرۇۋالدىم. گۇلزىيا دېگەن قىز مېنى ياراتسىلىغۇ، دوپپامنى ئاسمانغا ئېتىپ، تەلىيىم كەپتۇ دەپ رەھمەت ـ تەزىم بىلەن ئەمرىمگە ئالسام بولىدۇ، بىراقزە شۇ... ھەي، كۆڭۈل دېگەن تولىمۇ ناچار نېمىكەن دېسە، ھالىغا بېقىپ ھال تارتماي، قولى يەتكەندىن قايرىلىپ، قولى يەتمەيدىغان يەرلەرنى تېمىسقىلاپ كېتىدىكەن ـ دە... مېنىڭچە بولسىغۇ، ئۆتمۈش جەمئىيەتتىكى قوش خوتۇنلۇق بولسا بولۇۋېرىدىغان ئىشلار بولسا، بىروتولا ھەدىسىگە بىر ئۆيىنى، سىڭلىسىغا بىر ئۆينى تۇتۇپ بېرىپ، ھەمدەمجاندىنمۇ ئاشۇرۇپ تالتىيىپ يۈرۈپ كەتسەم مۇشۇ ھويلىدا! ئۇ چاغدا ھەمدەم دېگەن ئاداش...

بىر ئامال بولاتتى دەڭلا يا ئۆزىنى سوراپ، بۇ ناھىيەدىن يوقىلاتتى، يا بىز بىرنىمە قىلىپ يوقىتاتتۇق. مۇسەللەس زاۋۇتىمۇ ئىلكىمىزگە ئۆتەتتى ئۇ چاغدا... نىمىلەرنى دەپ كېتىپ بارىمەنا، ئىچمەي تۇرۇپ مەست بولۇۋاتامدىم يا ئەقلىمدىن ئېزىۋاتامدىم؟ ئادەم دېگەننىڭ پەيلى بۇزۇلسا، ئەقلىمۇ گەجگىسىگە مىنىپ قالامدۇ قانداق؟ ھېچ ئىشتىن ھېچ ئىش يوق، ئېغى بىلەن بېغى يوق ئىشلارغا پەيلىمنى بۇزۇپ يۈرىمەن دېسە. ئۇياقتا «ئېيىقگۈل» ئىككى بالىسى بىلەن مېنى يېنىپ كېلىدۇ دەپ، يامان بولسامۇ يولۇمغا قاراپ تۇرغاندۇر! مېنىڭ بۇ خىياللىرىم بەئەينى بەڭگىنىڭ خىيالىغا ئوخشىشىپ قالدىغۇ دەيمەن؟ گويا، نەسىردىن ئەپەندى ئۆزى ئۇششاق باللارغا نېرىقى كوچىدا بىكارغا ياڭاق تارقىتىۋېتىپتۇ دەپ ئۇلارنى ئالداپ، باللار يۈگۈرۈپ كەتسە، راست ئوخشىمامدۇ دەپ ئۆزىمۇ ئېشىكىنى يېتىلەپ كەينىگە يېنىپ چاپقاندەك! ياق، توختا، ھەر ئىش بولسا بىلدۈرمەي، چاندۇرماي قىلغۇلۇق، بۇ خىياللىرىمنى ئۆزۈمدىن باشقا ھېچكىم بىلمىسۇن، سىزىپ قالمىسۇن، بولۇپمۇ ھەمدەمجان ھەم بۇ ھويلىدىكىلەر، ھەتتاكى ھېلىقى كىچىك شۇمتەكمۇ... توۋا، شۇ بالا يېنىمغا يېقىن كەلسىلا گۇپۇلدەپ ئاپسىنىڭ شېرىن ھىدى بۇرنۇمغا ئۇرۇلىدۇ دېسە، نەچچە قېتىم ئەركىلەتكەن بولۇپ بېشىمغا تارتىپ، پۇراپ ــ پۇرىۋالدىم. تەنلىرىم بوشاپ، كۆڭلۈمدە شېرىن بىر خىياللار ئەگىزدەك ئاقتى. تاس ــ تاماس قالدىم چاندۇرۇپ قويغىلى، بولۇپمۇ ئۇلۇشكۈن ھەمدەمجاننىڭ ئاغىنىلىرى بىلەن ئولتۇرغان سورۇندىن قايتىپ كەلگىنىمىزدە، ھېلىمۇ ياخشى ھەمدەمجان

سوغۇق چاي ئىچىمەن دەپ ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەتكەندى، دەرۋازا ئاچقىلى چىققان گۈلزىبا دېگەن سەتەڭ ئايالغا تىكىلىپ قارىسام بىرنېمىنى سېزىپ قالغاندەك دەررۇ قاپىقىنى سىلىشىپ قالدى. ناز قىلىدۇ ـ دە ئەمدى، ناز، بولمىسا قايسىبىر خوتۇن كىشى ئەرلەرنىڭ ئۆزىگە قىزىققىنىنى كۆرسە رەنجىگەن؟... ئىشقىلىپ، سەل ئىپھتىيات قىلغىنىم ياخشى. بۇ كۈندىلىك دەپتەرنىمۇ سومكامنىڭ ئاستىغىراق سېلىپ، قۇلۇپلاشنى ئۇنتۇماي.

△ گۈلزىبا دېگەن قىزنىڭ مۇئامىلىسى ماڭا كۈندىن ـ كۈنگە يېقىن بولۇۋاتقاندەك سېزىلمەكتە. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ھەمدەمجاندىن پاراڭ ئاڭلىغان ھەدىسى بىرنېمىلەرنى دېگەن ئوخشايدۇ. بۇ W ناھىيەسى قانچىلىك چوڭ يەر ئىدى؟ قىزغا دېگەندەك لايىق چىقمىغان گەپ ـ دە! «تاللاپ ـ تاللاپ تازغا يولۇقۇپتۇ» دېگەندەك، قىز بالا دېگەن بەك تاللاپ كەتسىمۇ، ئاخىرىدا تاللىغۇدەك ھېچنېمە قالمايدىچۇ، شۇنىڭ بىلەن دىڭگىزغا چۈشۈپ كەتكەندەك، ھەممە نېمىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلۈپ، كۆرۈنگەن پاخالغا ئېسىلغاندەك، تازغىمۇ، مازغىمۇ... ئۆزىنى ئاتىدىغان گەپ... نېمە دەۋاتىمەنوي، قاراپ تۇرۇپ ئۆزۈمنى تاز بىلەن مازغا ئوخشىتىۋاتىمەنا، راست ساراڭ بوپتىمەن.

ئەمدى گۈلزىبا دېگەن قىزنىڭ ئىشىغا كەلسەك، ھېچنېمىنى چاندۇرماي، قىزغا دەھشەت كۆيۈۋاتقاندەك تۇسكە كىرىۋالاي. «قورساققا كىرگىنى غەنىيمەت» دېگەندەك، غەنىيمەت پۇرسەتنى ئەلا بىلىپ، بەش ـ تۆت كۈن ياشىۋالاي ـ دە! كىم بىلىدۇ، ئەتە تۇرۇپ،

ئۆگۈنلۈككە ئىشلار باشقىچە بولۇپ قالسا، يەنى پوككىدە قېلىپ بىرەر تونۇش ـ بىلىش W ناھىيەسىدە پەيدا بولۇپ قالسا ـ يۇ، نەلەردىندۇر شەپەمنى ئېلىپ، تاق «ئېيىقگۈل»نىڭ ئۆزى ئىزغاڭشىپ چىقىپ كەلسە، كالپۇكۇم نەم بولماي، شېرىن خىياللىرىم پەيدەك توزۇپ كەتمىسۇن يەنە... بىر چاغلاردا باشلىقلارغا يېپىشتۇرىمەن دەپ ئۆيدىكى بىر ئوبدان پەي ياستۇقنى سۆككەندەك دەيمىنا... ئەجەب ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈپتىكەنمەنغۇ شۇ چاغلاردا، بىر تۈرۈپ ساراڭمىكەنمەن دەيمەن، ئىشقىلىپ، ساراڭ بولسامۇ ئەمەل سارىڭى ئىدىم ئۇ چاغلاردا، مانا ئەمدى مۇھەببەت سارىڭىمەن! ھىي... شۇ كەملەردىمغۇ مۇھەببەتلىك يىگىت ئىدىم مەن، ئاساسىي قاتلامدىكى سەتەڭلەرگە قىلىپ كەتكەنلىرىمچۇ، ئويلىسام ھازىرغىچە كۈلىمەن. ئاجايىپ بىر بەندە بولۇپ يارىلىپ قاپتىكەنمەنغۇ زادى، نىمە ئامال دەيسىز؟

△ كېچە بىر چۈش كۆرۈپتىمەن، چۈشۈمدە ھەمدەمجاننىڭ ھويلىسىدا سۈتتەك ئاپپاق ئايدىڭ ئىمىش. ھويلىدا ھەمدەممۇ، ئەركە ـ تايتاڭ ئوغلىمۇ يوق ئىمىش. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئاسماندىن مىس لېگەندەك تولۇن ئايغا ھەيرانۇھەس بولۇپ تىكىلىپ تۇرسام، ئاستا شىپىلداپ مېڭىپ بىر ياقتىن بىر پەرىزات، يەنە بىر ياقتىن ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر گۈزەل يەنە بىر پەرىزات ماڭا يېقىنلاپ كەپتۇمىش. مۇنداق قارىسام، بىرى گۈلزىبا، يەنە بىرى گۈلزىيا ئىمىش، بىرچاغدا ئىككىسى ئىككى قولۇمدىن تارتىپ، ھەربىرى مېنى ئۆز ئالدىغا يۇلقۇپ تارتقىلى تۇرۇپتۇ. مەن بولسام ھەر ئىككىسىدىن ئۈمىدىمنى ئۈزەلمەي، سەگەنچۈكتە

تەۋرىنىۋاتقاندەك بىردە ئوڭ تەرەپكە، بىردە سول تەرەپكە ماڭار... تارتىشارمىشمەن. لېكىن يە ئوڭ قولۇم، يە سول قولۇم بوشىماستىن ئىككى ئوتتۇردا چايقىلىپ تۇرۇۋېرەرمىشمەن... تۇيۇقسىز بىر قولۇم غولۇمدىن چىقىپ كەتكەندەك دەھشەت ئاغرىپ كەتتى... شۇ ئاغرىق ئازابىدا دەررۇ ئويغىنىپ قارىسام سول قولۇمنى كەينىمچىلەپ، گەجگەمدىن يۆگەشتۇرۇپ يېتىۋاپتىكەنمەن، تولغىنىپ تۇرۇۋېرىپ، ئاخىرى قاتتىق ئاغرىپ كەتكەندەك بىلىنىپ كېتىپتۇ... نېمىشقا شۇنداق قىلىۋالغىنىمنى ھازىرغىچە بىلەلمەيمەن يا بولمىسا گۇلزىبانىڭ كەينىدىن كېلىپ بوينىغا چىماق سالغىنىمىدىكىنتاڭ ئۆزۈمچە!

△ بۈگۈن كوچىدا پەيزىم قېچىپ بىر ئۆزۈم كېتىۋاتسام، ھېلىقى ئامبارلىرىنىمۇ سارايدەك تۇتىدىغان رەغىدۇللا دېگەن كۆلگۈنچەك ئاداش يولۇقۇپ قالدى. ئۆتكەنكى مېھماندارچىلىقنىڭ گېپىنى قىلىپ، شۇ كۈنى قانداقراق ئۆزىغىنىمنى سوراپ تۇرۇۋالدى. «ئالامەت قالتىس مېھمان قىلدىڭىز، دۇنيادا سىزدەكمۇ مېھماندوست ئادەمنىڭ بارلىقىنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن» دېسەم، رازى بولماستىن «ئايالىمنى قوشۇپ ماختاپ قويۇڭا، بۇرادەر، ئايالىمنىڭ مېھماندوستلۇقى، ئېسىللىقى ئالدىدا مېنىڭ ھېچنېمە ئەمەس» دېمەمدا، توۋا دەپ قاپتىمەن، ھېلىمۇ خوتۇنىنىڭ چىرايى ـ شەكلى، تۇرقى شۇ بولغىنى، دۇنيادا دوزاخقا ئۆگىنىۋېلىپ، ئۆزىنى جەننەتتىمەن دەپ يۈرىدىغان ئادەملەرمۇ جىق ـ دە! ئۇنىڭ شۇ گەپ ـ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، بىچارىگە ئىچىم ئاغرىپ قالدى ھەم شۇ ئەسنادا

«ئىپىقگۈل» يادىمغا كېلىپ قېلىپ، كۆڭلۈم بىر قىسىملا بولۇپ قالدى. نېمىلا دېگەنبىلەن «ئىپىقگۈل»مۇ قىز ۋاقتىدا خېلى كېلىشكەن، مەھەللىسىدىكى نەچچە يىگىتنىڭ يۈرىكىنى پىژىلداتقان قىز بالىكەندۇق، ھېلىقىدەك... يالقۇنلۇق شېئىرلىرىمنى دەپلا مەيلىنى بەرگەنىدى ـ دە ماڭا. كېيىن بىچارە تۇغىمەن دەپ، ئىشلەيمەن دەپ ۋاقىتسىز سەمرىپ، كالانپايلىشىپ كەتتى. ھەرنېمە دېگەنبىلەن رەغىدۇللانىڭ ئايالىدىن نۇرئەلا نۇر ئىدى... بۇ گەپلەرنى نېمىشقا دەپ قالدىمۇي؟ كۆڭلۈم بەك ئاق ھەم يۇمشاق ـ دە مېنىڭ. بولمىسا «ئىپىقگۈل»نىڭ ھازىرقىدەك لوپىلىشىپ كېتىشىدە مېنىڭ نېمە گۇناھىم؟ مەنمۇ مۇشۇ كەمگىچە كۆرىدىغىنىم مۇشۇ ئوخشايدۇ بۇ دۇنيادا دەپ، بېشىمنى ئېگىمگە تىقىپ يۈرۈۋەرگەنىدىم، لېكىن تەقدىر ـ قىسمەتتە پېشانەمگە پۈتۈلگەن باشقا بەخت ـ تەلەيلىرىم بار ئوخشايدۇ، پەلەك تۇيۇقسىز W ناھىيەسىگە چۆرۈپلا، كۆز ئالدىمدىكى پەرى ـ نازىنىنگە ئۇچراشتۇردى، يەنە كېلىپ بىر ئەمەس، ئىككى گۈزەلگە دەڭا! تاللا، باقەم، قايسىسى مەيلىڭنى تارتىدۇ دېگەندەكلا ئىشنى قىلدى، شۇڭا دەيمەنكى، ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ، «ئىپىقگۈل» مېنىڭدەك تالانتلىق ئەردىن ئايرىلىپ قالسا، خۇددى ماڭا ئوخشاش بۇ ئىشلارنى تەقدىر ـ قىسمەتتىن كۆرسە بولىدۇكى، ھەرگىز ئۆزىچە يامانلاپ، دوقاسلاپ، مېنىڭ يولۇمغا، بەختىمگە پۈتلاش بولسا بولمايدۇ. نېمىشقا دېگەندە، مەن ئالدىدا نېمە ھىڭگىيىپ تۇرسا شۈكرى دەپ، تەلىيىم شۇ دەپ چاۋاك چېلىپ تۇرىدىغان رەغىدۇللا كۈلگۈنچەك ئەمەس.

△ ھەمدەمجان مۇسەللەس زاۋۇتىنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن يېقىن ئەتراپتىكى ناھىيەلەرگە كېتىپ قالدى. چامامدا بىر ھەپتە ئۆتمەي كېلەلمىسە كېرەك، ئۇنىڭدىنمۇ جىقراق بولۇشى مۇمكىن. كېتەر ۋاقتىدا مېنى ئۆزى بار ۋاقتىدىكىدەك قورۇنماي، خاتىرجەم تۇرۇۋېرىشقا جورۇدى. مەنغۇ ئىچىمدە خۇدايىم بەردى، دەپ خۇش بولدۇم، بىراق كۆرۈنۈشتە ئەتەي ئۇ كەتسە قىسىلىپ قالىدىغاندەك شەپە بەردىم. مىنىڭ تۇغقان دېسەڭمۇ، ئىككى ئايالنىڭ ئالدىدا... دەي دېگەنىدىم، ئاغزىغا گەپ سىلىپ بەرگەن بولماي دەپ تىلىمنى تىيدىم. بىراق كۆڭلۈم خۇددى دادىسىدىن ھېيتلىق پۇل ئالغان ئەركە بالىدەك راھەتلىنىپ، قىن ـ قىنىغا پاتمايۋاتاتتى. ھېلىقى... «غېرىب ـ سەنەم» دە «چارى باغلار خاس ئىكەنىن بىلمىدىم» دېگەندەك، ئىككى سەتەڭ ئايال، ئىككى دىلبەر بىر ھەپتە، ئون كۈن كەممىنە باقەم شائىرغا قىلىشۋاتسا مەن خۇشال بولماي كىم خۇشال بولاتتى دەيسىز؟ بىراق گەپنىڭمۇ قىلىش ئوڭشاي، لېكىن جانانغا يېقىنلاشماق تەس بولۇۋاتىدۇ ـ دە، گۈلزىبا دېگەن ئايال ئېرىنى ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرەمدۇ ياكى بولمىسا مېنىڭ ئالدىمدا غەرلىككە سېلىشۋاتامدۇ ۋە ياكى بولمىسا سىڭلىسىنى قوينۇمغا سېلىپ بېرىشكە ئالدىراپ، مېنىڭ مەقسەتلىك ئىما ـ ئىشارەتلىرىمنى كۆرمەسكە سېلىشۋاتامدۇ بىلمىدىم، ماڭا زادىلا ياخشى مۇئامىلە قىلمايۋاتىدۇ، قايىقىنى ئاچمايۋاتىدۇ، قىيقىتىپ قىلغان گەپ ـ سۆز، ھەركەتلىرىمگە بولسا، مېنى سىلكىشلەش بىلەن جاۋاب بېرىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە، سىڭلىسى بارغانسېرى مېنىڭ يالغان ـ ياۋىداق

گەپلىرىمگە چىنپۇتۇپ، W ناھىيەسىدىن شەھەرگە كېتىش كويىغا كىرىپ قېلىۋاتامدۇ ئەيتاۋۇر، مېنى كۆرسە بارغانسېرى نازلىق، مەنىلىك جىلمىيىدىغان بولۇپ قالدى. مېنىڭ ئالدىمغا، دالان ئۆيگىمۇ چاي، تاماقنى كۆپرەك شۇياق ئۇزىتىدىغان بولۇپ قالدى. بىرنەچچە قېتىم پەيتتىن پايدىلاندىم... نەم تېپەر بولسىمۇ، چالا - پۇچۇق ئېغىزۋازلىق بولدى، لېكىن بۇنداق ئىشلاردا ھازىرچە رايىمغا باقمايدىغاندەك... قىز بالا - دە، ناز قىلىدۇ، ناز... يەنە شۇ گەپ، بىراق ھەدىسى بولسا مېنىڭ يېنىمغا بىرەن - سىرەن كىرىپ قالسىمۇ ئوغلىنى ئەگەشتۇرۇپ كىرىدۇ. تۇرۇپ دەررۇلا بىرنېمىلەرنى دەپ، بىرنېمىلەرنى قىلاي دەيمەن، لېكىن ھېيىقىمەن، بۇ ئايال ئادەتتىكى ئايال ئەمەس ھەم گۈزەل، ھەم چېچەن، ھەم ۋىجدانلىق... شۇ تەرىپى بىلەن مەيلىمنى تېخىمۇ ئۆزىگە تارتىدۇ، مۇبادا ھەمدەمجانغا شىرەم تۇغقانچىلىقىمنى يادىغا ئالمىسا، ئېرىم ئۆيدە يوق چاغلاردا سىرتتا كۈنۈڭنى ئال ياكى مېھمانخانىغا بېرىپ يات دېگۈسى بار دەڭلا، شۇڭا ئۆزۈمنى بەك بېسىپ، ئېھتىيات بىلەن ئىش كۆرۈشۈم كېرەك. لېكىن كۆڭۈل قۇرغۇر بۇنىڭغا كۆنمەي تۇرۇۋاتىدۇ - دە...

باقەم شائىرنىڭ كۈندىلىكىدىن نەقىللەر ئېلىشنى مۇشۇ يەردە توختاتتۇق، ئەمدىكى قۇرلاردا ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىپ، بۇ ئۆزگىچە قىسسىمىزنى داۋام ئەتتۈرەيلى.

# ئون ئۈچىنچى باب

ئەلقىسسە، ئالدىنقى بابىمىزدا باقەم شائىرنىڭ كۆندىلىك خاتىرىسىدىن بىز ئۇنىڭ خۇشامەتچىلىك بابىدىكى «پەي ئىزدەش» كەچۈرمىشلىرىنى ھەمدە توخۇ قورۇمىخانىسىدىكى بىمەززە ئىشلىرىنى ئۆز قەلىمىدىن ئىنتايىن قىسقىچىلا ئوقۇپ ئۆتكەنىدۇق. ئەمدىكى بىر – ئىككى بابىمىزدا ئەنە شۇ بىزنى قىزىقتۇرۇۋاتقان غەلىتە ۋەقەلەردىن بەتەپسىل خەۋەردار بولىمىز... خوش، ئالدى بىلەن گەپنى باقەمنىڭ خۇشامەتچىلىكىدىن باشلايلى.

ھاياتىدىكى نۇرغۇن غەلىتىلىكلىرى قاتارىغا خۇشامەتچىلىكنىمۇ «چىرايلىق» مارجان قىلىپ تىزىۋالغان باقەم شائىر باشلىقلار تائىپىسى بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا دائىم ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان يېڭىدىن – يېڭى ئۇسۇللارنى كەشىپ قىلاتتى. تۆۋەندە شۇلاردىن پەقەت بىرى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز. بۇ چاغلاردا باقى ئىسلام تىبخى ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات – سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە كېلىپ ئۇلگۇرمىگەنىدى.

باقەم بولۇپمۇ باشلىقلار بىلەن پاراڭلاشقاندا سۆھبەتنىڭ «سىرتقى تەسىرى»گە ئەھمىيەت بېرىدىغان مىجەزنى يېتىلدۈرگەنىدى. ئۇ ئۆزى گەپلىشىۋاتقان باشلىق مەيلى تونۇش بولسۇن ياكى ناتونۇش بولسۇن، دېيىشىۋاتقان گېپى مۇھىم بولسۇن، ياكى ئانچە مۇھىم

ئەمەس بولسۇن، بۇنىڭدىن قەتئىينەزەر، ئۆزى پاراڭلىشىۋاتقان باشلىقنىڭ ئىمكانقەدەر يېقىن تۇرۇشقا ۋە ئۇ زاتنىڭ كۆزلىرىگە يېقىملىق تىكىلىپ تۇرۇپ، تىنماي كۈلۈمسىرەشكە بار كۈچى بىلەن تىرىشاتتى ھەمدە پات ـ پاتلا بېشىنى ئىرغىتىپ ياكى لىڭشىتىپ رەھبەرنىڭ ئالىلىقاندىن پىكىر، تەشەببۇسلىرىغا ئىپادە بىلدۈرۈۋاتقاندەك كۆرۈنۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا ئۇرۇناتتى. يەنە كېلىپ ئۇ باشلىق سالاھىيەتتە قانچە كاتتا بولسا باقەمنىڭ ھېلىقىدەك قىلىقلىرى شۇنچە ئەدەپ كېتەتتى. باقەم شائىرنىڭ بۇنداق ھەرىكەت ئارقىلىق ئېرىشمەكچى بولىدىغىنى، دەل شۇ مىنۇتلاردا ئۆپچۆرىدە تۇرغان ۋە ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلارنىڭ ئېڭىدا «باقەم دېگەن بۇ شەخسنىڭ رەھبىرىي خادىملار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئەجەب قويۇق ئىكەنا!» دېگەن ئىنكاسنى پەيدا قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ئوقۇپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ھاجەتخانىدىن چىقىۋېتىپمۇ ئالىقىنىغا بىر ئۇۋۇچ سۇ ئېلىۋالىدىغان ۋە تالاغا چىققاندىن كېيىن ھاجەتخانا ئىشىكىنىڭ تۇتقۇچىنى تۇتقان قولىنى يەنە بىر چايقىۋېتىدىغان گاھىبىر ئىلمىي كىتابخانلىرىمىز «بۇ مۇئەللىپ باشلىقنى ئامراق پېرسونازلارنى نېمانچە كۆپ يارىتىدىغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ قېلىشلىرى مۇمكىن. بۇنىڭغا سەۋەب قەلەم تەۋرەتكۈچىنىڭ جەمئىيەتتە مۇشۇ تىپتىكى ئادەملەرنى بەكمۇ تولا كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىدا. ئۆزىنىڭ مىللىتىنى «بىز خەق» دەپ ئاتاپ تۇرۇپ پەند ـ نەسىھەت ماقالىلىرىنى يازغان بەزى ئەقىلدارلارمۇ بۇ نۇقتىنى كۈچەپ قەيت قىلىشقانىدى. مەلۇمكى، بىرەر

مەقسەت يولىغا قەدەم قويغان كىشى ئۆز مەقسىتىگە يېتىش يولىدا چارە، تەدبىر ئىزدەش بىلەن ھەپىلەشمەي قالمايدۇ. باقمىنىڭ «ئەمەلدارلارنىڭ ھەمسۆھبىتى» دېگەن شەرەپلىك ئاتاقنى ئېلىش يولىدا تىرىشىپ ئىزدىنىشلىرىنىڭ بەركاتىدا ئۇنىڭ «مۇناسىۋەتشۇناسلىق تەدبىرلىرى قوللانمىسى» مۇ كۈندىن ـ كۈنگە بېيىپ، ئاۋۇپ بارماقتا ئىدى. ئەنە شۇ چارىلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئۇ يېقىندا «پەي ئىزدەش» تېخنىكىسىنى ئىختىرا قىلدى. چۈشەندۈرۈپرەك ئېيتساق، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ ئۆزى يېقىن تۇرۇپ تەبەسسۇم بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتقان نىشانىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىدىن ھېلىدىن ـ ھېلىغا پەي، يۈڭ، قىل... ئەڭ بولمىغاندا لاي دېغى ۋە ئانچىكىم بىر توپا ـ چاڭ قاتارلىق نەرسىلەرنى بىرىلىپ ئىزدەيدىغان بولدى. ئۇ ئۆزى پاراڭغا تۇتۇپ تۇرغان باشلىق ئىسمىلىكنىڭ گېپىنى تولىمۇ ئىخلاس بىلەن تىڭشاۋاتقىنىدا ياكى ئۆزى باشلىققا بېشىنى كۆتۈرەلمىگەن ئاپتاپپەرەس شادىسىدەك ئېگىلىپ نېمىلەرنىدۇر دەۋاتقىنىدا گويا ئۆزىمۇ سەزمىگەندەك بىرخىل قىياپەتتە باشلىقنىڭ چاپىنىنىڭ ياقىسى، مۈرە، پەشلىرىنى ياكى بىقىن تىكىشلىرى ئەتراپىنى ھەتتاكى يانچۇق قاپقىلىرىنىڭ قاتلاقلىرىنى بوغماق ـ بوغماق بارماقلىرى بىلەن ئاجايىپ تېزلىكتە تىنتىپ چىقاتتى ۋە ئۇ يەرلەردىن نېمىلەرنىدۇر چىمدىپ ئالاتتى، يەنە ئالاتتى... ئارىلاپ ـ ئارىلاپ بىرەر قېتىمدا داغ ۋە سۇس ئىزنى تىرناقلىرى بىلەن بوشقىنا چېكىپ تازىلاپمۇ قوياتتى. گاھىدا بۇنداق ھەرىكەتلەر سەل ئاۋۇپ كەتكەچكە كۆرگەنلەرنىڭ ئېغىزىدا «ئاۋۇ ھۆرمەتلىك

جانابىنىڭ ئۇستىبېشىدىكى نىمانچە تۇگمەيدىغان ئەخلەتتۇر ئۇ ياكى ئۇ كىشى ھېلىلا بىر ئەخلەت ساندۇقىغا پۇتلىشىپ، ئىچىگە دومىلاپ كەتكەنمىدىكىن؟» دېگەن تۇيغۇنى پەيدا قىلىپ قويۇشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. بىراق بىزنىڭ ئۆز كەسپىگە قاتتىق بېرىلگەن بۇرادىرىمىز ھېلىقىدەك ئىنكاسلارنىڭ چىقىپ قېلىش مۇمكىنلىكىنى ئەزبىرايى خۇدا زادىلا ئويلاشماستىن باشلىقىنىڭ چاپىنىدىن ئىللەت ئىزدەشنى تىرىشچانلىق بىلەن داۋام ئەتكۈزەتتى. مۇبادا... ئولتۇرۇشلاردا ئىككى بوتۇلكا ئايلانغاندىن كېيىن قالدى بەزمىدە ئىشىكنى يېپىۋېتىپ «ئاغزى يامان، يۇمۇر»لارنى قاتارلاپ ياغدۇرۇشۇپ، دومىلاپ ـ يۇمىلاپ كۈلۈشمىسە پۇخادىن چىقمايدىغان يەنە بىر قىسىم كىتابخانلىرىمىزدىن يوشۇرماي دەۋېرەيلىكى، مۇبادا چاپان دائىرىسىدىن قىل، ئەخلەتتەك بىرنەرسىلەر تېپىلماي قالسا باقەم شائىرنىڭ پەرۋانە خىسلەتلىك قولىرى تەخىرسىز سۇرئەتتە باشلىقىنىڭ بۇرۇلكىسى تەرەپكە تۆۋەنلەپ كېتىپ قالاتتى.

يېقىنقى بىرنەچچە كۈندىن بۇيان، باقەمنىڭ كېيىنكى چاغلاردا كۆپرەك كۈلكە ئەگىپ تۇرىدىغان بولغان ئاقپىشماق چىرايىدا سەل ـ پەل خىيال ئەلەڭگۈسى كۆزگە چېلىقىدىغان بولۇپ قالدى. بۇنىڭ سەۋەبى بىر ئۇنىڭ ئۆزى ئۇچۇنلا تولىمۇ مۇشكۇل ھېسابلىنىدىغان ئىش بولۇپ، رەھبىرىي خادىملارنى شاھمات تاختىسىدىكى ئۇرۇقلاردەك پات ـ پاتلا يۆتكەپ تۇرىدىغان تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باقەمگە يېڭى بىر پائالىيەت مەيدانى تېپىپ بەرگەنلىكىدىن بۆلەك نەرسە ئەمەس

ئىدى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ يېڭى يۆتكىلىپ كەلگەن گەۋدىلىك مۇئاۋىن سېكرېتارىنى بىر كۆرۈپلا باقەم ئۆزىنىڭ نۆۋەتتىكى پائالىيىتىنىڭ سەل قىيىن بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى. يېڭى مۇئاۋىن سېكرېتار تېخى ياش بولغاچقىمۇ مىجەزى سەل كەسكىندەك، ھەتتا تولىمۇ توغرا كېسەردەك كۆرۈنەتتى. قانداقلا بولسۇن تەجرىبىلەردىن باقەمگە شۇ نەرسە ئايدىڭدا كۆرۈنگەن يالغۇز تېرەكتەك ئايان ئىدىكى، مەزكۇر جانابقا يېقىنلىشىشتا ئېھتىيات چاپىنىنى كىيمەي تۇرۇپ مۇراد مەنزىلىگە يېتىش ئانچە ئاسانغا توختىمايتتى. باشتا ئۇ خىزمەت ۋەجى بىلەن يېڭى سېكرېتارغا يېقىنلىشىشنىمۇ ئويلىدى. كېيىن بولسا بۇ خىيالدىن ئۆزلۈكىدىنلا يالتايدى. سەۋەبى يېڭى سېكرېتارنىڭ سودا ـ سانائەتنى باشقۇرىدىغانلىقى، ئۆزىدەك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە ئىشلەيدىغان ئادەمنىڭ خىزمىتى بىلەن ئالاقىسىنىڭ يوق ئىكەنلىكى ھە دېگەندىلا يادىغا يەتكەنىدى. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ باقەم شائىر ئۆزى بىردىنبىر ئىشەنچلىك ۋە دۇرۇس ھېسابلىغان چارە بويىچە يېڭى ئۇرۇنۇشنى باشلىۋەتتى. ئەمدىلىكتە ئۇ ئۆز پىلانىغا ئاساسەن پارتكوم بىناسى تەرەپكە ھەر كۈنى دېگۈدەك كېلىدىغان ۋە يېڭى سېكرېتارنىڭ تۇرالغۇ جايىنى خەقلەردىن ئاسماقچىلاپ سورىۋالغىنىدىن كېيىن ئىشتىن چۈشكەن ۋاقىتلىرىدا ئۇ كىشى ئۆتىدىغان يولنىڭ دوقمۇشىدا ۋېلىسىپىتىگە يۆلىنىپ (بەزىدە ھەتتا نەچچە سائەتلەپ) تۇرىدىغان بولدى. پارتكوم خىزمەت بىناسىنىڭ ئىچى ـ تېشىدا ئۇچرىغان ياكى ھېلىقى دوقمۇشتىن قايرىلىپ

كېتىۋېتىپ ئۆزگە تەسادىپىي قاراپ سالغان يېڭى سېكرېتارغا ئۇ ئەمدى بارلىق تەبەسسۇمىنى كۆپچۈپ چىققان مەڭزلىرىگە يىغىپ، ئىككى دانە ئالتۇن چىشىنى ئالايىتەن پارقىرىتىپ كۆرسىتىش ۋە بۇنى مارافونچە داۋاملاشتۇرۇشتەك ئادەتنى قەتئىي ئىجرا قىلىشقا كىرىشتى. باقەم شائىرنىڭ ئىككى تال ئالتۇن چىشلىق ئاغزىنى ئۇنى تونۇيدىغانلار كۇلكىنىڭ ئۇۋىسى دەپ ئاتىشاتتى. سەۋەبى، باقەم باشقىلارغا، بولۇپمۇ باشلىق ئاتلىقلارغا قاراپ سىرلىقتىنا كۇلگەندە بۇ تۇگمەس كۇلكە تاق ئاشۇ چىشلارنىڭ ئارىسىدىن، ئىككى ئالتۇن چىش جىپسىلاشقان يەردىكى كۆزگە كۆرۈنمەس بىر يوچۇقتىن چىقىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. بەزىدە باقەم قانداق ئامالىلار بىلەنكىنتاڭ، يېڭى سېكرېتارغا بىر كۈندە تۆت ــ بەش قېتىم «دوقۇرۇپ» قالاتتى ۋە ئۇ رەھبەرگە ھەر قېتىمدا كېلىشتۇرۇپ سالام قىلاتتى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئاخىر بۇ سالامچى يېڭى سېكرېتارنىڭ ئېڭىدا قېلىپ قالدى. مەيلى ئۇ كىشى بۇ سالامچىنى ئۆز ئۆيى ئەتراپىدا تولا كۆرۈپ بىر مەھەللىلىك ئىكەنمىز دەپ قالغاندۇر ياكى خىزمەت بىناسى ئۆپچۆرىسىدە جىق ئۇچرىتىپ ئۇمۇ بىر ھۆكۈمەت خادىمىكەن ــ دە دەپ قالغاندۇر، ئەيتاۋۇر قارىغان ئادەمنىڭ كۆزىگە ئەڭ دەسلەپ ئىككى تال ئالتۇن چىشى چېلىقىدىغان ئىخلاسمەن سالامچى، بېشىغا شۇ كۈنلەردە مودا بولۇپ كەتكەن توز پېيى قاداقلىق سارغۇچ شلەپە كىيگەن ئادەم يېڭى سېكرېتارغا تونۇشلۇق شەخس بولۇپ قالدى. ئەمدىكى «دوقۇرۇپ قېلىش» لاردا يېڭى كەلگەن مۇئاۋىن سېكرېتارنىڭ ئۆزى كۈلۈمسىرىگەن ھالدا باقەم دەيدىغان

بۇ باشلىق پەرۋانىسىگە باش لىڭشىتىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان بولدى. بۇنداق باشلامچىلىق بىلەن باش لىڭشىتىشلارنىڭ كۆپ قىسمى «ئاۋدى» ماركىلىق قارا رەڭلىك پىكاپنىڭ ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان بولغاچقا، بۇ مىنۇتلارنىڭ لەززىتى ۋە قەدرىنى باقەم شائىر لەيلىنىڭ جىلمىيىشىگە ئېرىشكەن مەجنۇندەك تولۇق چۈشىنەتتى ۋە بۇنىڭدىن چەكسىز راھەتلىنەتتى.

ئىش شۇ دەرىجىگە يەتكەندىن كېيىن باقەم شائىرىمىز «يېقىنلىشىش تاكتىكىسى»نىڭ ئىككىنچى باسقۇچىنى ئىجرا قىلىشقا كىرىشتى. يەنى ئۇ ئەسلىدىكى ئادىتى بويىچە باشلىقنى پاراڭغا تۇتۇشنى سىناپ باقتى. پاراڭغا تۇتۇشنىڭ ئۇسۇللىرى خىلمۇخىل، مەسىلەن، ئالدىدىن لوڭگىدە چىقىپ قېلىش، كەينىدىن شىپىلداپ مېڭىپ يېتىشىۋېلىش، تۆۋەنچىلىك بىلەن نامۇئەمەلىنى بوشقىنا چاقىرىپ، كېيىن يۈگۈرۈپ كېلىپ قوللىرىنى تۇتۇۋېلىش ھەمدە ھال ــ ئەھۋالى، ساقلىق، ئامانلىقى، ئائىلە سەھەتچىلىكىنى ئۇلاپ سوراۋېرىش، باشقىلارنىڭ قولىدىن ئۇ مۆھتەرەمنىڭ توي ــ تۆكۈن، نەزىر ــ چىراغ باغىقىنى ئەپلەپ ئېلىۋېلىپ، ئۆدۈل ئىشخانىسىغىلا تەۋازۇ بىلەن ئەكىرىپ بېرىش قاتارلىقلار بولسىمۇ، باقەم بۇ قېتىم تامامەن يېڭىچە بىر ئۇسۇلنى قوللىنىشنى ماقۇل تاپتى. دەيدىغان يېرى ئەمدى كەلدىكى، باقەمنىڭ نۇرغۇنلىغان بەندىلەرگە ئوخشاش ئاز ــ تولا يۈرەك كېسىلى بار ئىدى. شۇڭا يېقىندىن بېرى مەيدە يانچۇقىدىن باشمالتاقنىڭ يېرىمچىلىك كېلىدىغان سارغۇچ «ناس قاپىقى»نى ئايرىماي يۈرەتتى... بەس،

ھېكايىمىزگە يانايلى، كۆنلەرنىڭ بىرىدە، يەنى باقەم شائىر يېڭى سېكرېتارغا قاراتقان ئىككىنچى باسقۇچلۇق مۇئامىلىسىنى قوللىناي دەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇنىڭ كۆزى يىراقتا يول بويلاپ ئاستا ـ ئەركىن قەدەمدە ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان چۇس چىراي سېكرېتارغا چۈشۈپ قالدى. يېڭى نۇسخىدىكى ھۆججەت يوپكىسىنى قولتۇقلىۋالغان سېكرېتار ئېھتىمال بىرەر يىغىندىن قايتىپ ئىشخانىسىغا ماڭغان بولسا كېرەك. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن باقەم ئالدىن ئويلاپ قويغان چارىسى بويىچە دەررۇ ۋېلىسىپىتتىن چۈشتى ـ دە، يول ئۈستىدە ۋېلىسىپىتنىڭ ئېگىز ىگە يۆلەنگىنىچە بىر قولىدا يۈركىنىڭ ئۈستىنى بېسىپ تۇرۇۋالدى. چىرايىغمۇ ئاغرىقتىن قىينىلىش تۈسىنى يۈگۈرتتى. بۇ چاغدا سېكرېتار بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئۇنىڭ يېنىغىلا كېلىپ قالغانىدى. ھايال ئۆتمەي رەھبەرنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى يول تۆپىسىدىكى «ھادىسە»گە تاشلىنىپ قالدى ۋە ئۇ جىددىيلىشىپ، رەھبەر سالاپىتىنى بۇزۇپ ئالدىراپ يۈگۈردى. ئۇدۇل كەلگىنىچە باقەمنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ، بىرمۇنچە گەپ سورىۋەتتى. گەپ ئارىسىدا، كۆزى يولدىن موكىدەك ئۆتۈپ تۇرغان ماشىنىلارغا تىكىلدى. باقەم ئۆزىنى ئاستا ـ ئاستا ئوڭشاپ، رەھبەرگە رەھمەت بايان قىلدى ۋە ئۇ كىشىنىڭ سورىشى بويىچە «ئىسىدىن تاس ـ تاماس چىقاي دېگەن ناس قاپىقى»نى يانچۇقىدىن ئالدى. تۆت تال ئۇششاق كۆمىلاچىنى تىلىنىڭ ئاستىغا باستى. رەھبەرنىڭ ماشىنا توختىتىپ دوختۇرغا ئاپىرىش ھەققىدىكى تەكلىپىنى خۇرسەنچىلىك ۋە خىجالەتچىلىك ئىلكىدە سىلىق رەت

قىلدى. بۇ پەيتتە ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئاجايىپ بىر سىھىردىن جۇغۇلداپ، كەيپ بولۇشقا باشلىماقتا ئىدى. ئۇ مۇشۇ يەردە ئۇزۇنراق تۇرۇۋالسام، كۆپرەك كىشىلەر بۇ قالتىس مەنزىرىنى كۆرسە دەپ تىلەيتتى ۋە مەقسىتىگىمۇ يەتتى. بىردەمدىلا نېرى ــ بېرىدىن ئون ــ يىگىرمە ئادەم ئولاشتى. بەزىلىرى بىمارغا ھېسداشلىق قىلاتتى، يەنە بەزىلىرى بولسا رەھبەرنىڭ ئالىيجاناب خىسلىتىگە مەدھىيە ئوقۇيتتى. ئىككىلا ئەھۋالدا ۋەزىيەت چوڭ ياخشى، ئەھۋال باقەمگە پايدىلىق ئىدى.

شۇ ئىشتىن كېيىن باقەم شائىرغا يېڭى سېكرېتار بىلەن خىلىلا يېقىنچىلىق قىلىشالايدىغان ئىمكانىيەت يارىتىلدى. يەنە بىرنەچچە قېتىملىق سالام ــ سەھەت ۋە ئەھۋال سورىشىشلاردىن كېيىن (سېكرېتار ئەمدىكى سالامىلىشىشلاردا باقەمدىن يۇرەك سانجىقىنىڭ يېقىنقى ھالەتلىرى ھەققىدە سوراشنى ئۇنتۇمايتتى) باقەم ئەسلىي مەقسىتى بويىچە ئىش كۆرۈشكە تۇتۇندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سېكرېتارنى ئەمدىكى پاراڭغا تۇتۇشلاردا ئۇياقنىڭ چاپىنىدىن پەي ئىزدەشكە كىرىشتى. دۇنيادا شۇنداقمۇ ئادەملەر بولىدۇكى، ئايرىم ئىشلارنى ئەمدى قىلمىسىمۇ بولىدىغان، ئۇنىڭ ھاجىتى قالمىغان ئەھۋالدىمۇ يەنىلا شۇنى قىلمىسا، تەكرارلىمىسا يىگەن ــ ئىچكىنى تېنىگە سىڭمەيدۇ. باقەم دەل شۇنداق ئادەملەرنىڭ تىپىدىن ئىدى. قېرىشقاندەك مۇئاۋىن سېكرېتارنىڭ كىيىم ــ كېچەكى، جۇملىدىن قارا كۆك سوكنىدىن تىكىلگەن كېتىلى ھەر دائىم پاك ــ پاكىز ۋە رەتلىك تۇراتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن باقەم ئىچ ــ ئىچىدىن تىت ــ تىت بولدى ــ يۇ، بىراق مىجەزى

كەسكىن سىكرىتارنىڭ پاك ـ پاكىز چاپىنىغا مۇنداقلا قول ئۇزىتىشقا پېتىنالمىدى. بۆلەك بىر مۇنداقراق باشلىقلار بولغان بولسا باقەم ھەرگىز بۇنچىۋالا ئېھتىيات قىلىپ كەتمەس ئىدى. راستىنى ئېيتقاندا، بىر يەرلىرىگە كەلگەندە باقەم گۇل ئۇزگەندە تىكىنىدىن خەۋپسىرەپ كېتىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى، يەنى ئۇ شامالغا قاراپ كېمە ھەيدەشكە ئۇستا ئادەملەردىن سانىلاتتى. يېرىم يىل ئىلگىرى سەھىيە ئىدارىسىنىڭ يېڭى كەلگەن چۇسراق باشلىقى باقەمنىڭ ئۆزىنى دائىم قورۇق پاراڭغا تۇتۇشىدىن، بۇنى ئاز دەپ، تىنمايلا چاپىنىنىڭ ياقىلىرىنى تارتىشتۇرۇپ، يانچۇق قاپچۇقلىرىنى سىلاشتۇرۇپ كېتىشلىرىدىن بىزار بولۇپ، بىر قېتىملىق ئەنە شۇنداق سۆھبەتتە، ئەتراپتا بىرمۇنچە ئادەملەر بولغاچقىمىكىن باقەمنى ئىملاپ ئۆزىگە يېقىن كەلتۈردى ـ دە، ئۇنىڭ قۇلىقىغا يامانمۇ قاتتىق، ھەتتا ئەپسانە بىر گەپنى شىۋىرلاپ دېدى. تاشقى كېسەل دوختۇرلىرىمۇ شەرتلىك ئىلمىي ئاتالغۇ بىلەن ئاتايدىغان بۇ گەپنى باشقا ئادەم ئاڭلىغان بولسا شۇ كۈنى كەچ كىرگۈچە نان يېمەي يۈرەر بولغىيدى، بىراق باقەم قانداق قىلدى دېمەمسىز، چېچىغا ئاق سانجىلغان سەھىيە ئىدارە باشلىقىنىڭ بەدەۋى شىۋىرلىشىغا جاۋابەن ئۇ تولىمۇ خۇشخۇي كۈلۈمسىرەپ ئۇننى كۆتۈرگىنىچە «چاتاق يوق، ئۇنى شۇنداق تۇغرىلايمىز!» دېدى. ئۆپچۆرىدە باشلىقنى ئاللىقانداق ھاجەتلىرىگە كۈندۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى كۈتۈپ تۇرۇشقان يىزىلىق شىپاخانىلارنىڭ بىرنەچچە مەسئۇلى مەزكۇر تولۇق مىجەز باشلىق بىلەن ئاغىنىدارچىلىق تەلەپپۇزىدا بەخىرامان پاراڭلىشىۋاتقان

باقەمگە ئىچى تارلىق قىلغاندەك قاراپ كېتىشتى. ئەمدى شىۋىرلىغۇچى بولسا ئالدىدىكى مونۇ ئالتۇن چىشلىرىدىن كۆلكە تۆكۈلۈپ تۇرغان ئادەمنىڭ «ئامال يوق بەندە...» ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالدىمۇ ئەيتاۋۇر، بېشىنى ئىرغاتقىنىچە قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى... ۋە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ باقەمگە بولغان مۇئامىلىسى خېلىلا يۇمشاقلىشىپ قالدى.

خوش، بىزنىڭ باقەم شائىردا ئەنە شۇنداق مۇھىم تارىخىي تەجرىبىلەرمۇ بار ئىدىغۇ، لېكىن نۆۋەت يېڭى مۇئاۋىن سېكرېتارغا كەلگەندە نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ يۈرىكى يەنىلا بىر ئاز تىترىگەندەك بولۇپ، قاراملىق قىلىشقا زادىلا پېتىنالمىدى. «يول ئۈستىدىكى بىمار» ۋەقەسى ئوخشۇشلۇق ئۆتكەن بولسىمۇ، «پەي ئىزدەش» ھەرگىز ئۇ ئىشقا ئوخشاشمايتتى. بىرنەچچە كۈنلەردىن كېيىن باقەم مۇشكۈلگە شىپا تاپقان ئىبنى سىنادەك تۇيۇقسىزلا روھلىنىپ، ئۆيىدىن چىققان پېتى ئۇدۇللاپ ۋىلايەتلىك پارتكوم خىزمەت بىناسى تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. بىنا ئىشىكى ئالدىدا تاق ئىككى يېرىم سائەت ئولتۇردى. بىراق بۇ كۈنى يېڭى مۇئاۋىن سېكرېتار ئارىلىقلاردا دىككىدە قىلىپ تۆۋەنگە چۈشۈپ قالمىدى. ئاخىر چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتى بولغاندىلا ئۇ كىشى يېرىم كۈن مەجلىستە ئولتۇرۇپ ئۇيقۇسىرىغان ئادەملەر توپىغا قوشۇلۇپ بىنا ئىشىكىدىن ھويلىغا چىقىپ كەلدى. باقەم ئېپىنى كەلتۈرۈپ سېكرېتارغا يېقىنلاشتى، سالامدىن كېيىن رەھبەرگە سوغدىشىپ ماڭغىنىچە يوقىلاڭ بىر پاراڭنى باشلىدى. ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىشقا تەمشىلىۋاتقان مۇئاۋىن سېكرېتار

ئامالسىز قولىنى تۇتقۇچتىن ياندۇرۇپ، باقەمنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ ئارىدا مەجلىستىن قايتقانلاردىن بىرمۇنچىسى سىكرېتارغا دەيدىغان گەپلىرىنى پەيتى كەلگەندە ئېيتمۇالماقچى بولۇپ ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. باقەمگە بىرچاغدا يېزىلىق شىپاخانا مەسئۇللىرىغا كۆرسەتكەندەك، سودا ـ سانائەت ساھەسىنىڭ مۇنۇ ئۇششاق ـ چوڭ، پىششىق ـ تولۇق باشلىقلىرىغىمۇ يېڭى مۇئاۋىن سېكرېتار بىلەن بولغان يېقىنچىلىقىنى بىر كۆرسىتىپ قويۇش پۇرسىتى كەلگەندى ۋە ئۇ ئاران كەلگەن بۇ پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىككە ئالدىرىدى. راستىنى ئېيتقاندا، نەچچە كۈندىن بېرى ئارىسالدىچىلىقتا يۈرگەن باقەمنى بۈگۈن شەيتىنى مۇشۇنداق بىر ئۈندەكتە ھەيدەپ بۇ يەرگە ئەكەلگەندى. مۇئاۋىن سېكرېتارغا بايىقى پاراڭنىڭ داۋامىنى قىلغان پېتى، ئۆزىمۇ سەزمىگەندەك بىر خىل كۆرۈنۈشتە باقەم شائىر مۇئاۋىن سېكرېتارنىڭ قاتۇرۇپ دەزماللانغان كاستۇمىنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىنى تۇتۇپ، تۈزەشتۈرگەندەك قىلدى. بۇ كاستۇممۇ سېكرېتارنىڭ ھېلىقى قارا كۆك كېتىلىدەك «شېكەر دېغى» يوق ھالەتتە پاكىز ئىدى. سەلدىن كېيىن باقەم گەپ ئارىسىدا باياتىن كاستۇمىنىڭ يانچۇقىغا سېلىۋالغان قولىنى چىقىرىپ، مۇئاۋىن سېكرېتارنىڭ كەرەشمۇاي كاستۇمىنىڭ سول پېشىغا ئاپاردى ـ دە، ئۇ يەردىن تىرناقچىلىق چوڭلۇقتىكى قىزغۇچ پەيدىن بىرنى ئېلىپ، پۇۋلەپ تاشلىدى. ئارقىدىن يەنە ياقا تەرەپتىن بايىقىدىن كىچىكرەك بىر پەينى تېپىۋېلىپ، ئۇنىمۇ چىمداپ ئېلىپ يەرگە تاشلاشقا تەرەددۇتلەندى. بىراق،

دەل مۇشۇ دەقىقىدە ئاجايىپ قورقۇنچلۇق بىر ئىش يۈز بەردى. يەنى يېڭى كەلگەن مۇئاۋىن سېكرېتار چىرايىنى قەھرلىك تۈسكە ئۆزگەرتىپ، چاس ـ چۇس سۆزلەپ قالدى:

ـ نەنىڭ پاسكىنا پەيلىرىنى يېپىشتۇرۇپ يۈرىسىز ئادەمگە؟ بىلىپ قويۇڭ، مەن ئۇنداق كۆرگەنلا يەردە ئېغىناپ ئۆزگە ئەخلەت يۇقتۇرۇپ يۈرىدىغانلاردىن ئەمەسمەن. ئۆيۈمدە تىكلىمە ئەينەك بىلەن چوتكا بار!

ھادىسىنى مۇبالىغە قىلىشقا ئامراقلار بۇنداق جايدا ھەددىدىن زىيادە دەبدەبىلىك سۆزلەرنى قىلىشقا ئامراق كېلىدۇ. لېكىن كۆرۈپ تۇرۇپتۇمىزكى، بۇ يەردە روي بەرگەن ۋەقەگە گەپ ئىشلىمەيدۇ، ھەممە نەرسە ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم. بىز پەقەت شۇنىلا ئىختىيارسىز قوشۇپ قويىمىز: بۇزۇلغان ئەخلاق ھەممىنى، شۇ قاتاردا پارلاق ئىستىقبالنىمۇ نابۇت قىلىدۇ (ئەپسۇسكى، بۇمۇ بىر داغدۇغىلىق گەپ بولۇپ قالدى).

باقەم شائىر تىرىكچىدە قىلىپ ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ كېتىشتىن ئۆزىنى ئاران ساقلاپ قالدى. ئەمما ھەددىدىن ـ تاشقىرى، مۇھىمى، تەييارلىقسىز تۇرغان چېغىدا ھودۇقۇپ كەتكەنلىكىدىنمىكىن، بايىقى پەي تەرگەن ئوڭ قولىنى قورققان ئادەم مۆككەندەك ئىتتىكلا يانچۇقىغا تىقتى ـ دە، ئارقىدىن يەنە شارتلا قىلىپ چىقاردى. قول بۇ قېتىم يانچۇقتىن چىقىشىدا بىر ئوچۇم ئۇششاق قىزغۇچ پەيلەرنى بىرگە ئاچىقىپ ئەتراپقا توزۇتۇۋەتتى. مۇئاۋىن سېكرېتار ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا تۇرغانلار گويا بۇ پەيلەرنىڭ كىيىملىرىگە قونۇۋېلىشىدىن ھەمدە شۇ تۈپەيلى ۋۇجۇدلىرىنىڭ

بۇلغىنىپ كېتىشىدىن قورقىقاندەك ھەدەپ ئىرى ـ بىرى داجىشىپ ـ قېچىشىپ قوللىرى بىلەن ئۆپچۆرىلىرىدە لەيلەپ يۈرگەن پەيلەرنى يەلپۈپ ـ قاچۇرۇپ ئاۋارە ئىدى.

پەقەت بىرلا ئادەم، يەنى باقەملا ئوتتۇرىلىقتا قاققان قوزۇقتەك قوققىيىپ، ھاڭ قېتىپ، گاڭگىرىغىنىچە تۇراتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قان قاچقان چىرايىدا قىلغان ئەجرى بىكارغا كەتكەن جاپاكەشلەردە بولىدىغان تەركىدۇنيالىق ئالامىتى بەرق ئۇرۇپ تۇراتتى.

ئەسلى باقەم بۈگۈنكى قۇتلۇق ئۇچرىشىشنىڭ تەييارلىقى سۈپىتىدە، ئاخشام ئايالىنىڭ ۋايساشلىرىغا قارىماي ئۆيدىكى بىر كونا ماموق ياستۇقنى سۆككەن ۋە پەيلەرنىڭ ئەڭ ئۇششاقلىرىنى بىرەر سائەتچە ھەپىلىشىپ تەرگەن، كاستۇمىنىڭ ئوڭ يانچۇقىغا ئەپلەپ سېلىۋالغانىدى. ئەمدىلىكتە، شۇ تۇرقىدا بۇ پەيلەر بىر ـ بىرلەپ ئۇچۇپ ـ ئايلىنىپ كېلىپ ئۇنىڭ ئۆزىگە قونۇۋاتاتتى...

# ئون تۆتىنچى باب

ئوقۇرمەنلىرىمىز باقەم شائىرنىڭ ئاجايىپ قىلىقلىرىدىن ھەيرانۇھەس بولۇپ تۇرۇشقىنىدا بىز ئۇنىڭدىنمۇ قىزىق، غەلىتە يەنە بىر ئىش توغرىسىدا قەلەم تەۋرىتىمىز. بۇمۇ باقەمنىڭ خېلى بۇرۇنقى يىللاردىكى شاتراقلىرىدىن بىرى... خوش، بىز ياخشىسى ھېكايىنىڭ نەق يېرىدىنلا باشلاپ كېتەيلى:

باقەم شائىر شالاقشىپ كەتكەن كونا ۋېلىسىپىتىنى مىنىپ قۇمچاقلىق مەھەللىسىدىكى ئىجارىگە قويۇۋەتكەن ھويلىسىدىن ئۆيىگە قاراپ يولغا چىقتى. ھەر دۈشەنبە كۈنى ئۇ بۇ ئادىتىنى تەكرارلايتتى. ئىجارىگە ئولتۇرۇۋاتقان ياۋاش موزدۇزنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم چۈشەنمەيدىغان پەلسەپەتىش گەپلىرى بىلەن يورەكئالدى قىلىپ، نەلەردىندۇر تېپىۋالغان ياكى ئۆزى توقۇۋالغان «ئىجارىكەشلىكنىڭ ئالتە بايانى» دېگەندەك نىزاملىرىنى ھەجىلەپ، شۇ باھانىدا ھويلىسىنىڭ سۇۋاقلىرى چۈشۈپ قالغان ھاجەتخانا تېمىنى ياكى بولمىسا نەمدىشىپ قالغان ئاشخانا تەكچىسىنى كۆرسىتىپ، ئىجارىكەش موزدۇزغا تەنبىھ بېرەتتى ھەمدە ئۇنىڭدىن ئەتىلا تامنى باشقىدىن سۇۋاش ياكى نەمنى يوقىتىش ھەققىدە ۋەدە ئېلىپ، شۇ ئارىدا قايسى چاغلاردا گەپ قىلىدىغىنىنى بىلىپ بولمايدىغان ياۋاش مەزلۇمە ئەتكەن قايماقلىق ئەتكەنچايغا

پېتىر توقاچنى نىقتاپ سىلىپ قورسىقىنى پومىلايتتى ـ دە، مەزكۇر ھويلىغا ھازىرقى باھادىن بەش يۈز تەڭگە ئارتۇق پۇل تۆلەشكە تەييار ھاجەتمەن ئىجارىكەشتىن بىر ئەمەس ئىككىسى تەييار ئىكەنلىكىنى قىقىتتىپ، ئاتام زاماندىن قىپقالغان ھېلىقى ۋىلىسىپىتىنى ئەپلەپ مىنىۋېلىپ، يەر تۆۋىنىگە ـــ ناھىيە بازىرىغا قاراپ راۋان بولاتتى. لېكىن يول بويىدا ئىككى يەردە توختاپ ئۆتۈشنى ئۇنتۇمايتتى. بىرى، ئاچالدىكى مۇخەممەرنىڭ دۇكىنىدا، باقەم دۇكاننىڭ چاقچۇق چاپلانغان تالا تېمىغا ئەسكىلىكىنى تىكلەپ قويۇپ، يىگىرمە يىلدىن بېرى دائىم مۇخەممەرنى كۆرسىلا تەكرارلايدىغان تۇڭگانچە چاقچىقىنى يەنە بىر قايتىلىۋېتىپ، دەل شۇ پەيتتە بۇگۇنكى سودىدىن كەيپى چاغ تۇرغان مۇخەممەرنى كۇلدۇرۇۋېتەتتى ـ دە، ئاخشامقى مەستلەر ئاشۇرۇپ قويغان ئەرزان ھاراقتىن يۈز گىرامنى دۇكاندارنىڭ رازى ـ رەغپىلىكى بىلەن قۇيدۇرۇپ، شۇ ئارىدا «باھاسى چۈشكەن دادۇرلىرىڭدىن يوقمۇ، ئادىشۇي ياكى بولمىسا پېنسىيەگە چىققان خاسىڭ بولسىمۇ بولىدۇ» دەپ، زاكۇسكا ئىشىنىمۇ ھەل قىلىۋالاتتى، دۇكاندار سەل خاپا كۆڭلىرىگە توغرا كەلگەن بولسا، ئامالسىز تىترەپ تۇرۇپ يانپىشىنى ئۇزاق تاتىلاپ كەينى يانچۇقىدىن پارچە تىيىنلارنى قىقىشتۇرۇپ ئالاتتى، بۇنداق كۇنلىرى زاكۇسكىمۇ يىمەيتتى. يۈز گىرام ھايال ئۆتمەي ئۇنىڭ بەدىنىنى قىزدۇرۇپ چېكىلىرىنى تېخىمۇ قىزىللىققا چۆمكەندۇرەتتى. باقەم دەل مۇشۇنداق شىركەيپ چاغلىرىدا ئېيتىدىغان بىر ھاياسىزراق قوشىقىنى دۇكان ئىچىدىن تارتىپ باشلاپلا يادلاپ، تالاغا چىقىپ

ۋېلىسىپىتىغا ئېشەكچىلەپ مىنەتتى، كېيىن بىر پۈتى يەردە، يەنە بىر پۈتىنى ئوڭ تەرەپ پېدالغا تىرىۋېلىپ، ئەپلەپ تۇرۇپ يولغا چىقىۋالاتتى ـ دە، ئەمدىكى مەنزىل ـــ ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى ئاھالىلەر كومىتېتى ئىشخانىسىغا جۆنەيتتى.

باقەم شائىر بالىلىق چېغىدىلا «تىرلاغ ـ لاغ» دەپ ئېشەككىنى ئۇسسۇلغا سالىدىغان «ئالەك، ئالەك» دەپ چىشىغا تېگىپ قوشنىسىنىڭ ئالا بويناق ئىتىنىڭ ئاغزىدىكى ھەر يوغان ئۇستىخانلارنى تارتىۋېلىپ، يىغىپ ساتىدىغان شەيران بالا ئىدى. قولۇم ـ قوشنىلار بىز يۇقىرىدا ئېيتقاندەك ئۇنى «بالا شۇم» دەپ ئاتىشاتتى. كېيىنچە ئۇ شەيتانغا دەرس بېرىدىغان ھەييارلىقىنى ساقلاپ ۋە جارى قىلىپ ئۇلغايدى. ئاۋۋال تاشيولدا، كېيىنچە ئامباردا شەيرانلىقى ۋە گەپدانلىقى بىلەن جان بېقىپ كەلدى. جان بېقىپلا ئەمەس، بۇ گەپتە ئالغۇر ئاغزى ۋە تۇرلۇك قىزىق پاراڭ، غەيرىي ئىشلىرى بىلەن كۆزگە كۆرۈنۈپمۇ كەلدى...

بىز باقەمنى مۇخەممەرنىڭ دۇكىنىدىن ئۇزىتىپ قويغانىدۇق. ئاچچىق ھاراق تېنىنى قۇتراتقان باقەم بۇ چاغدا ئۆز مەھەللىسىدىن بەش كوچا نېرىدىكى ئاساسىي قاتلام ئىشخانىسىغا كىرىپ ئۇلگۇردى. ھاراق دېگەن بوتۇلكىدا جىم تۇرغىنى بىلەن قورساققا كىرىپ شەيتاننى ئۇسسۇلغا سالىدۇ ئەمەسمۇ، باقەم گاھىدا مۇخەممەرنىڭكىدىن شىركەيىپ يېنىپ ئۇدۇل مۇشۇ يەرگە كېلەتتى. بۇ يەردە مۇدىر، كاتىپ ۋە يەنە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان بىرنەچچە قىز ـ چوكانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى خېلى كېلىشكەن

بىرى باقەمنىڭ قوْمچاق مەھەللىسىدىكى قوشنىسى ئىدى. باقەمنىڭ ئاربلاپلا بوْ يەرگە دوقۇرۇشى دەل ئىبرىدىن ئاجراشقان ئاشۇ ئىللىق چىراي چوكان ئوْچۇن ئىدى. ئاساسي قاتلام دىگەندە دائىملا بىسىق ئىش بولمايدۇ، شوْڭا بەزىدە قىز ـ چوكانلار ئىشتىن قوللىرى بوشاپ، قوْرۇق پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرغاندا باقەم شائىر بوسوْغىدىنلا پەلسپەتىش چاقچاقلار بىلەن كىرىپ كەلسە، ئوْلارموْ «ۋاي كىلىڭ، باقى ئاكا!» دىيىشىپ كىتەتتى. ئاربدا شەيتانراق بىر قىز دائىم «كەلدىڭىزما، باقەمجان، بىزنى دەپموْ يە ئاتىكەم ھەدەمنىموْ؟» دەپ قويىاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۆزىنى قىران يىگىت چىغىدىكىدەك سىزىپ قالغان باقەم ئۆيدىكى بالىۋاقىسىنى يادىدىن چىقىرىپ، قىز ـ چوكانلارغا ھاياسىز چاقچاقلارنى قىلغىلى باشلايتتى. «چوڭ بىشىنى ئاچسا...» دىگەندەك، باقەم پەلسەپەتىشلىكىنى باشلاپ بەرگەندىن كىيىن ھىلىقى قىز ـ چوكانلار مانا ئەمىسە دەپ باقەمگە ھەر سەت چاقچاقلارنى قىلىپ، چىپىغا قاندۇرۇۋېتەتتى. كىيىن باقەم ھىلىقى ئاتىكەم دەيدىغان چوكاننىڭ ھۆرمىتى ئوْچۇن، بىكارچىلىقتا ئىش تاپالماي ئولتۇرغان قىز ـ چوكانلارنى ئۆزىلا جۆيلۆپ يىقىن ئارىدىكى توخوْ قورۇمخانىسىغا باشلايتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ قالتىس مەردلىكى تۇتۇپ، «ئىيىقگۇل»دىن يوشۇرۇپ يۇرگەن پۇللىرىنى ئايىماستىن، زەھەردەك ئاچچىق توخۇ قورۇمىسىغا سەرپ قىلىۋىتەتتى. ئەتىسى كوچىدا بىرەر يىقىن ـ يورۇقى ئۇچراشسا «ئاخشام رەڭلىك ئولتۇرۇشتا بولۇۋىدۇق، بولۇپ كەتتى ئويۇن ـ كۇلكە...» دەپ بىر كىرىلىۋالاتتى.

خوش، باقەم ئاساسي قاتلامدىكى ئىچى پۇشقان قىز ـ

چوكانلار بىلەن گەپلىشىپ بىردەم ئېغىزىنى بۇلغاپ تۇرسۇن، بىز ئۇنىڭ باشقىمۇ «خىسلەتلىرى» ھەققىدە ئوقۇرمەنلىرىمىزنى ۋاقىپلاندۇرۇۋالايلى. نۆۋەتتە كەلگەندە باقەم دېگەن ئىسىم ئۇنى تونۇيدىغانلار دائىرىسىدە «زوغوي» دېگەن سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسىگە ئايلانغانىدى. بىر ئەر يەردە بىركىم باشقا بىراۋنىڭ غەيۋىتىنى قىلسا ياكى ئەيىبىنى ئاچسا كىشىلەر دەررۇ سۆزلىگۈچىگە «بولدى، باقەم ھوي!» ياكى بولمىسا «باقەملىك قىلمىسىڭىزا» دەپ تەنبىھ، رەددىيە بېرەتتى. دېمىسىمۇ باقەم شائىرنىڭ بالىلىقىدىن تارتىپ جۇلدا كەتكەن كېسىلى خەقلەرنى بىر ـ بىرىگە باز ـ بازغا سېلىش، يوق يەردىن پۇتاق، قۇرۇق ئوتۇندىن چاقماق چىقىرىپ كاللا سوقۇشتۇرۇپ باشقىلارنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. دەرۋەقە، بۇنداق ئىشلارنى ئۇ سەۋەبسىز ۋە مەقسەتسىز قىلمايتتى. شەكسىز بۇ قىلىقلىرىنىڭ ئارقىسىدا بىرەر مەنپەئەت مۇددىئاسى ياكى شەخسىي ئاداۋەت تۇپەيلى ئۆچ ئېلىش ئىستىكى يوشۇرۇنغان بولاتتى. بۇ ھەققىدىكى مىساللار سانايدىغان بولۇپ قالساق ئاسماندىكى يۇلتۇزدىنمۇ تولا! ياش چاغلىرىدىكى بىر ئىش باقەمنى تونۇيدىغانلار ئارىسىدا تاكى ھازىرغىچە لەتىپە بولۇپ تارقىلىپ، يات ـ يات ئېيتىلىپ يۈرىدۇ. باقەمنىڭ بۇرادەرلىرى ئىچىدە ھەر جەھەتتىن ئۇنىڭدىن ئارتۇق بىر مۇئەللىم يىگىت بولۇپ، ئاغزىدا دائىم «تەنلىرى ساقمۇ بۇرادەر ئەزىز؟» دەپ يۈرگىنى بىلەن، كۆڭلىگە شۇ بايۋەچچىنى بىر چىشلەپ، تارتقۇچلاپ يۇخادىن چىقىشنى پۇكۈپ يۈرگەن باقەم ئاخىرى دېگەن مەقسىتىگە يەتكەندى، يەنى بىر

قىتىم ئۇ ھىلىقى مۇئەللىم يىگىتنى يورۇۋاتقان قىزى بىلەن بىرگە كىتىۋاتقان يىرىدە ئاتايىن پايلاپ «توساتتىن ئۇچرىتىپ» قالدىۇ. باقەم ئۇ ئىككىسىنى كۆرمىگەندەك ئۇدۇلدىن ئىتتىك چىقىپ كىلدىۇ ـ دە، ھىلىقى قىز ـ يىگىتنىڭ ئالدىدا توختاپلا، قىزغا مۇنداقلا بىر قاراپ قويۇپ ئاندىن يىگىتكە، يەنە ئۆزىنىڭ ئاغىنىسىگە «نىجاتجان ئاداش، بۇ نىمە قىلغانلىرى، توي ئىشى دىگەن ئۇلۇغ ئىش، يۇلدىن قىسىلغان بولسىلا مانا بىزگە دىسىلە بولمامدۇ؟ قان سىتىپ نىمە قىلىدىلا، قارىسىلا چىرايلىرىنى!» دەپلا چاپقىداپ كىتىپ قالدىۇ. ھاللىق ئائىلىنىڭ ھالدار قىزى بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىردەم تاتىرىپ تۇرۇپ قالدۇ ـ دە، كىيىن يىگىتنى تاشلاپ ئۇدۇل كىتىپ قالدىۇ. شۇ كەتكىنىچە نىجات دىگەن يىگىتكە قايتا مۇنداق ئىيتىپ قارىمايدۇ، پۈتەي دەپ قالغان توي ئىشىمۇ بۇزۇلدىۇ.

ئادەم بالىسى ئىتىقادىنى يوقاتسا، ئىمانىمۇ سۇسلاپ كىتىدۇ، دىگەن گەپ بار. باقەمنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرى دائىم مۇشۇ دانا تەدبىرگە تەققاسلىنىپ قالاتتى، يەنى مۇنداق ئادەملەر گاھىدا بىر لوقما تائام ئۇچۇن قىرىق يىللىق ئاغىنىسىنى سىتىۋىتىشتىن يانمايدۇ. باقەم گاھىدا خەقنىڭ بىر رومكا ھارىقىنى ئىچىش ئۇچۇن ساھىبخانىغا پەلىپەتىش ئىغۋا گەپلەرنى تالقان تۆكتى قىلىپ يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭغا بىردەمدە بىرمۇنچە دۈشمەن تىپىپ بىرەلەيتتى، يەنە شۇ تەرىقىدە، ئەتىسى بىر لوقما تائام ئۇچۇن تونۇگۇنكى ئۆزىگە قەدەھ تۇتقان ئادەمنى ئۆزىمۇ خەۋەرسىز ئەيىبلىرىنى يىرىم لەگمەن ئىلىپ بەرگەن يەنە بىر شەخسكە دادلاپ، سىتىپ

چىدىيالايتتى. سىر ساقلاش دېگەن ئىنسانىي پەزىلەتلەر ئىچىدىكى بۆيۈكرەك بىرى، لېكىن بۇ خىسلەت باقەم شائىرنىڭ نەزىرىدە بىر باغلىمى ئەللىك تىيىنلىق ئۇسىمچىلىك قەدىر ـ قىممەتكە ئىگە ئەمەستى! بىر كاپام تائامنىڭ بەدىلىگە ئۇ گاھىدا ئاتىسىنىڭ قىرىق يىللاپ ساقلاپ كەلگەن سىرىنى كۆزىنى مىت قىلماستىن ئاتا دۈشمىنىگە ئەرزانلا سېتىپ بېرىۋېرەتتى...

ئەمدى بىز باقەمنى ئاساسىي قاتلامدىكى قىز ـ چوكانلارنىڭ يېنىدىن تېپىۋالايلى. نېمىشقا دېسىڭىز، باقەم شائىر قىز ـ چوكانلار تەننازلىق بىلەن سۆزلۈشۈپ، كۈلكە ـ پاراڭ بىلەن ئاچچىقتىن ـ ئاچچىق توخۇ قورۇمىسىنى يېيىشىۋاتقانلىرىدا ھېلىدىن ـ ھېلىغا ئاشخانا يېنىدىكى، خەقلەر چاقچاق قىلىشىپ «جىددىي قۇتقۇزۇش» دەپ قويىدىغان قاۋاق دۇكانغا چىقىپ ئەللىك گىرامدىن ئۇچ ـ تۆت قېتىم ئاچچىق ھاراقتىن تاناۋۇل قىلىپ ئۇلگۇرگەچكە خېلى ئۇبدانلا تەڭشىلىپ قالغاندى. مانا ئەمدى شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ توخۇ قورۇمىخانىسىدىكى شاتىراقلىقلىرى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىپ ھېلىقى قىز ـ چوكانلارغا ھەممە ئەسكىلىكىنى تۆكۈپ بېرىدىغانلىقى ئېنىق. دېگەنبىلەن ئۇ خانىملارمۇ كۆپتىن بېرى باقەمنىڭ بىكارلىق تامىقىنى يېيىش جەريانىدا ئۇنىڭ قىلىقلىرىنى بەش بارماقتەك بىلىپ كېتىشكەن بولغاچقا، باقەم تۆتىنچىمۇ ياكى بەشىنچى قېتىممۇ «جىددىي قۇتقۇزۇش»قا چىقىپ كەتكەندە پەيتىنى غەنىيمەت بىلىپ، تارقا ـ تارقاڭ بولۇشۇپ كەتكەندى. ئاخىرقى قېتىملىق ئاچچىق ھاراقتىن قىيامىغا يەتكەن باقەم كۆڭلىگە غەيرىي بىر

نىيەتنى پۇكۇپ شىددەت بىلەن قورۇمىخانىغا كىرىپ شۇنداقلا قارىدى ـ يۇ، لاسىسدە بولۇپ قالدى. ھايال ئۆتمەي دائىمقىدەك ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىدىمىغاندا چىقىدىغان ئەپسانە سۆزلەر يامغۇردەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى... دېگەنبىلەن ئاشپۇزۇل ئىگىسى باشقا خېرىدارلارنىڭ شىكايىتى بىلەن يۈگۈرۈپ كىردى ـ دە، بىر ئامالار بىلەن باقەمنى سىلاپ ـ سىيپاپ يۇرۇپ قورۇمىنىڭ پۇلىنى ئامان ـ ئېسەن ئېلىۋېلىپ، سەنتۇرۇلۇپ ۋە تىنماي ۋاتىلداپ تۇرغان باقەمگە قوڭغۇرىقىدىن باشقا ھەممە يېرى جىرىڭشىپ تۇرىدىغان ۋېلىسىپىتنى يېتىلىتىپ، ئاران تەستە يولغا سېلىپ قويدى. تېخى قاش قارايمىغان بولغاچقا، كوچىدا ئادەم تۇرغۇن ئىدى. باقەم ۋېلىسىپىتنى سىرك ئارتىسىدەك بىردە قىيپاش، بىردە ئوڭدا قىلىپ، ئۆزىمۇ ئۇنىڭغا ـ بۇنىڭغا سوقۇلۇپ ۋە شۇلارنىڭ ئۇستىگە كانىيىنى كېرىپ ۋار ـ ۋارقىراپ ناخشا ئېيتىپ ماڭماقتا ئىدى:

*دادىڭىزنى ئېيپ بىرەيمۇ ئاپىڭىزغا،*
*ئاپىڭىزنى ئېيپ بىرەيمۇ دادىڭىزغا...*

ئەتىسى باقەم ھەر دائىمقىدەك سەھەرلەپ تۇرۇپ كەتتى ۋە پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ھاجەتخانىغا چىقىپ يالىڭاچلىنىپ ئۇستىگە ئىككى چېلەك سوغۇق سۇنى شارىلدىتىپ قۇيدى. كېيىن قورۇپ تۇرغان ئاغزى ۋە ئىچ ـ باغرىنى باسماقچىدەك بىرنەچچە چۆمۈچ مۇزدەك سۇنى ئىچىۋەتتى. يانلىرىنى ئاختۇرۇپ كەملەپ

كەتكەن پۇلنىڭ ھېسابىنى ئالدى ـ دە، ئىچى ئىگىـرىدەك ئېچىشىپ ئۆزىنى يەتمىش مىڭنى تىللىدى... مانا بۇ «ھاڭ ـ تاڭ قالىسىز ›نىڭ غوللۇق خادىمى» باقەم شائىرنىڭ خىزمەتتىن سىرتقى ھاياتى ۋە ئىش ئىزلىرى، بىز بۇ يەردە تېخى باقەمنىڭ كۆرگەننىڭ ھەممىسىنى قىلىپ باققۇسى كېلىدىغان ۋە شۇ تۈپەيلى ھەممىلا ئىشنى قىلىپ قاملاشتۇرالماي، شۇ ئىشلارنى ئەپلىك قىلىپ قاملاشتۇرۇپ يۈرگەن ئادەملەرنىڭ ئۈستىدىن قىلىپ يۈرگەن زوغۇيلۇقلىرىنى يازمىدۇق. دۇنيادا تولا يەپ ئاچچىق كېكىرىپ، ئاشقازىنى قاينىسا «ۋىجدانىم قايناۋاتىدۇ» دەيدىغان، باشقىلارغا ھەسەت قىلىپ ئىچى ئۆرتەنسە «رىقابەت كۈچۈم ئېشىۋاتىدۇ» دەيدىغان ۋە يەنە شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئۆزى بىر ئىشنى قىلىپ قاملاشتۇرالمىسا «پالانچى مېنى پۇتلاپ، شۇڭا...» دەيدىغان ئادەملەر ئازمۇ؟ بۇ جەھەتتىن باقەم شائىر... بولدىلا، باقەمنىڭ بۇ كەبى غەلىتىلىكلىرىنى داۋاملىق يېزىپ قەغەزنى ئىسراپ قىلماي، ئۇنىڭ قىزىقچىلىققا ھېرىسمەن ئوقۇرمەنلىرىمىز ئاڭلىغۇسى كېلىپ تۇرغان «ئاساسىي قاتلام كەچۈرمىشلىرى»دىن نۆۋەتتىكى ئەڭ يېڭى بىرىنى يېزىش بىلەن كۇپايىلىنەيلى! ئەلقىسسە، يەنە شۇنداق بىر توخۇ قورۇمىسى زىياپىتىدە، ھېلىقى باقەم ئىچ پەش تارتىپ يۈرگەن يېقىملىق چوكان يوق ئىدى. بۇ كەمگىچە «جىددىي قۇتقۇزۇش»قا ئىككى قېتىم چىقىپ كىرگەن باقەم شائىر باشقا بىر چوكانغا ئىلمەكلىك گەپلەرنى قىلغىلى تۇردى. ھېلىقى چوكان ئېرى، بالىچاقىسى بار، مىجەزىمۇ چۇس ئايال ئىدى. توخۇ قورۇمىخانىسىغىمۇ باشقىلارنىڭ زورى بىلەن

كىرگەندى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزىگە باقەمنىڭ قىلىۋاتقان قىلىقلىرى دائىمقىدەك بۇدامۇ سىغماستىن، ئاچچىقىنى زورىغا بېسىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىچكى دۇنياسىدىن بىخەۋەر باقەم يەنە بىر قېتىم «جىددىي قۇتقۇزۇش»قا چىقىپ ئۇلگۇرگەندىن كېيىن بايىقى چۈس چوكاننىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا كانىدەك چاپلىشىپلا ئالدى. چوكاننىڭ «قېرىغاندا قېرى تارتۇق... دەپ، نېماداق چوڭ بولغىنىڭىزنى بىلمەيدىغان سۈيۈق ئادەمسىز!» دىگەن گەپلىرىمۇ ئىسلىماقتا پاشا چاقانچىلىك كار قىلمىدى، ئەدەۋەردى. ئارىلىقتا ئۇ تۆتىنچى قېتىم «جىددىي قۇتقۇزۇش»قا چىقىپمۇ كەلدى. باشقا قىز - چوكانلار بىكارلىق توخۇ قورۇمىسىنى راسا يەپ، پۇلسىز تاماشا كۆرۈپ ئولتۇرۇشاتتى. چۈس چوكان ئارىلىقتا كىمدىندۇر كەلگەن تېلېفوننى ئېلىۋالاي دەپ، يان تېلېفونىنى ئېلىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. خىيالىدا نېمىدۇر باردەك قىلاتتى... چۈس چوكان چىقىپ كېتىشىگە، ئىلگىرى - كېيىن سۈيۈلۈپ كەتكەن ئىسلىماق تاز ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشقا باشلىدى ۋە دەررۇلا چۈس چوكاننى ئۇنتۇپ، تېخى توي قىلمىغان كاتىپ قىزغا چاقچاق قىلغىلى باشلىدى. بۇ چاغدا، باقەمدىن قاتتىق سەسكەنگەن چۈس چوكان تالادا غەزەپ بىلەن ئۆز ئىشىنى داۋام قىلىۋاتاتتى. ئالدىنقى قېتىم باقەمجان غەرق مەست بولۇپ كېتىپ ئۆزىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى دەپ بەرگىنىدە ئۇ مەقسەتلىك ھالدا يېزىۋالغانىدى. مانا ئەمدىلىكتە ئۇ يان تېلېفونىنىڭ ئېكرانىغا شۇ نومۇرلارنى بىرمۇبىر بېسىپ تىزدى... سەلدىن كېيىن چاندۇرماستىن توخۇ قورۇمىخانىسىغا

كىرىپ جايىدا ئولتۇردى. كەيپىدىن كۆزى ئېلىشىپ كەتكەن باقەم چوس چوكانىنى كۆرۈپ، كاتىپ قىزدىن يالتىيىپلا يەنە ئۇنىڭغا تىكىلەندى. چوس چوكان ئادىتىنى بۇزۇپ، ئىككى يېنىدىكى ئىشداشلىرىغا كۆزىنى قىسىپ قويۇپ، باقەم شائىرنى گەپكە سالغىلى باشلىدى... ئارىدىن نەچچىلىك ۋاقىت ئۆتتى، ئىشقىلىپ ھېچكىم تۇيماي قالدى، بىرچاغدا تۇساتتىن بىر قول باقەمنىڭ ئوڭ قولىقىنى كاپپىدە قىلىپ بۇراپ تۇتتى. تۇتقاندىمۇ شۇنچىلىك غەزەپ بىلەن قاتتىق تۇتتىكى، چوس چوكانغا قاراپ ھىجىيىپ نېمىلەرنىدۇر بىلجىرلاۋاتقان باقەم شائىر ئاغرىق ئازابىدىن ۋايەيلەپ، ئىرغىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. شۇ پەيتنىڭ ئۆزىدە تېخى يەنە كۆڭلىدىن «يائاللا، يېقىملىق چوكان ئومىقىم تۇيۇقسىز كېلىپ قېلىپ مېنى ئانىڭدىن كۇنلەۋاتامدۇ ـ نېمە؟» دېگەن خىيالمۇ لىپ قىلىپ ئۆتتى ھەمدە ئاغرىقنىڭ كۇچىدە ئارقىسىغا شۇنداقلا بىر قارىدى ـ يۇ، ئۆزىگە غەزەپ بىلەن تىكىلىپ تۇرغان «ئېيىقگۈل»نى كۆرۈپ قورقۇنچتىن يۇرىكى قارتتىدە قىلدى ـ دە، ئوڭدىسىغا چوشۇپ ھوشىدىن كەتتى...

ئاڭلىشىمىزچە، باقەم شۇنىڭدىن كېيىن ئاساسىي قاتلام تەرەپكە ئىككىنچى دارىماپتىمىش ۋە ئاغزىنى ئۇچۇق بېسىپ كەتكەچكە، قولايسىز بولۇپ گەپ ـ سۆزنىمۇ جىق قىلماي يۇرەرمىش. ئۇچۇق ساقايغاندىن كېيىن قانداق بولىدۇ، بۇنى بارار كۆرەرمىز.

لېكىن، شۇ نەرسە ئېنىقكى، ھايۋانات باغچىسىدا يىرتقۇچلار بىلەن تولا ھەپىلىشىپ قەيسەر ۋە چىداملىق بولۇپ كەتكەن «ئېيىقگۈل»نىڭ كۆڭلىگە ئۇ ئاشۇ ھايۋانلارنىڭ بىرىدەك ئوبرازىنى تىكلەپ قويدى...

بىز باقەمنىڭ خىلمۇخىل غەلىتىلىكلىرىنى

سۆزلەيمىز دەپ، ئەسلىي مۇددىئادىن سەل چەتلەپ كەتتۇقمۇ قانداق؟ يەنى ھەمدەمجاننىڭ چىرايلىق ھويلىسىدىكى چىرايلىقلىقى شۇ ھويلىدىنمۇ نەچچە ھەسسە ئارتۇق گۈلزىبانىڭ ئۇ يەردە بىر ئۆزى يالغۇز ھەمدە كۆڭلى خاۋاتىرلىقتا ئولتۇرغانلىقىنى ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويغان بولساق كېرەك. بىز دەۋاتقان خاۋاتىرلىق كىم ۋە نېمە توغرۇلۇق ئىكەنلىكىنى سەل تۇرۇپ بىلىپ قالىمىز.

# ئون بەشىنچى باب

«تىلسىمەك تاپارسەن» دېگەندەك ۋە بىزنىڭ ئالدىن بېشارەت بەرگىنىمىزدەك باقەم شائىرنىڭ ئالدىرىغىنىغا يارىشا ھەمدەمجاننىڭ سەرەمجان قورۇسىدا گۈلزىبا ئۆزى يالغۇز يېگانە بولۇپ چىقتى.

ئوقۇرمەنلىرىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، بۇ چاغدا ھەمدەمجان مۇسەللەس زاۋۇتىدا بىللە ئىشلەيدىغان ئىككى بۇرادىرى بىلەن بىرلىكتە قوشنا ناھىيەلەرنىڭ بىرىدىن كېيىن بىرىگە ئۆتۈپ، زاۋۇتىغا كېرەكلىك خام ئەشيا، پەقەت مۇسەللەسكىلا باب كېلىدىغان يېڭى سورتلۇق قارا ئۈزۈم ئىزدەپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە جىقراق زاكاز قىلىشنىڭ كويىدا يۈرەتتى. گۈلزىيا بولسا ئىشتىن خېلىلا بالدۇر، نامازدىگەردىلا قايتىپ كېلىپ، پات يېقىندا تويى بولىدىغان كۆڭلى يېقىن بىر دوستى بۇيرۇتقان ئالتۇن جابدۇقلارنى ئاپىرىپ بېرىش ئۈچۈن، تامىقىنى ئالدىراپ يەپلا چىقىپ كەتكەن ۋە قايتىشىمدا قورقۇپ قالماي دەپ، ساقچىتاينى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىۋالغانىدى. چاقچاق، چەبدەس گۈلزىبا تامىقىنى نېرىدىن ـ بېرىلا يېدى ـ دە، يەنە پۈتمەس ئىشلارغا تۇتۇندى. ئالدى بىلەن بوگۆنكى تاماقتىن ئازراقىنى دېرىزىدە تۇرغان چاقاقانغىنا، كىچىك ئېغىزلىق ساپال قاچىغا سالدى، بۇ ھەمدەمجاننىڭ نېسىۋىسى ئىدى. ئىلى

رايوننىڭ خېلى كۆپچىلىك جايلىرىدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىدا بۇ ئادەت، مۇشۇنداق مۇستەھكەم ئېتىقاد بار ئىدى. ئۇلار سەپەرگە چىقىپ كەتكەن ئەرلىرى، ئوغۇللىرى ئۈچۈن ھەر كۈنى ئېتىقاد تائاملىرىدىن نېسىۋە ئايرىپ تاكى ئېرى ياكى پەرزەنتلىرى قايتىپ كەلگۈچە چىن ئىخلاسى، دۇئاسى بىلەن بۇ نېسىۋىنى ئايرىم قاچىغا ئۇستى ـ ئۇستىلەپ سېلىپ يىغىدۇ، ساقلايدۇ، شۇ ئارقىلىق يۈرەك پارىلىرىنى زارىقىپ كۈتىدۇ. شۇنداق قىلسا، ئۇ نېسىۋە يېقىن كىشىلىرىنى بالا ـ قازادىن، خەتەردىن ساقلاپ، ئۆيىگە ئامان ـ ئېسەن، بالدۇرراق قايتۇرۇپ كېلىدىغانلىقىغا ئۇلار چىن دىللىرىدىن ئىشىنىدۇ. گۈلزىبا ھەمدەمجاننىڭ بىر قوشۇق نېسىۋىسىنى ئايرىغاندىن كېيىن، مېھماننىڭ تامىقىنىمۇ ياخشىلاپ ئايرىم ئېلىپ قويدى. شۇ ئارىدا كۆڭلىدىن «باقىجىنىكام نەلەردە يۈرىدىغاندۇ، قورسىقى ئاچمىدۇ، ئاۋۇمۇ (ھەمدەمجاننى دېمەكچى) ئەجەب يوقىلىپ كەتتى، مېھماننى تاشلاپ! ھەمدەمجان بولمىغاچقا ئۇ ئادەم ئۆيىگە ئەركىن ـ ئازادە كىرىپ ـ چىقالماي يۈرەمدىكىنتاڭ!» دېگەن خىيالمۇ ئۆتتى. گەرچە مېھماننىڭ گاھبىر قىلىقلىرى، بەزدەك قاراشلىرى ئۇنىڭغا ياقمىغان بولسىمۇ، بىرىنچىدىن، ئېرىنىڭ ئاغىنىسى، تۇغقىنى، ئىككىنچىدىن، مۇساپىرلىقى، ئۈچىنچىدىن،... ئەڭ مۇھىمى، باقىجاننىڭ كەلگۈسىدە گۈلزىبانىڭ ئېرى بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى كۆندىن ـ كۈنگە تايىن تېپىپ قېلىۋاتقانلىقى ئاق كۆڭۈل گۈلزىبانىڭ يۈرىكىدە باقەمگە بولغان ھۆرمەت، يېقىنچىلىق تۇيغۇلىرىنى ھەرھالدا كۈچەيتتى...

ئەنە شۇ خىياللار بىلەن قازان بېشىنى يىغىشتۇرۇۋاتقان گۈلزىبانىڭ قولىقىغا بىرچاغدا ئۇشتۇمتۇت دەرۋازىنىڭ تاراقلىشى، توغرىسى، قوش تۆڭگىنىڭ دەم ئىككىسى، دەم بىرىنىڭ تاقەتسىز شاراقلىشى ئاڭلىنىپ، ئۇنى ئالدىرىتىپ قويدى.

ــ ۋىيەي توۋا، باياتىن خىيال بىلەن ئاڭلىماي قالدىممىكىنە! كىم بولغىيدى؟ ــ گۈلزىبا قوللىرىنى ئالدىراپ پەشتامىسىغا سۈرتۈپ، پەشتامىنى بېلىدىن يەشتى ـ دە، بىر چەتكە تاشلىدى. ئالدىراشچىلىقتا ئايال كىشىگە خاس سەگەكلىك بىلەن ئىشىك تۈۋىدىكى، تامغا چاپلانغان خىلىلا يوغان ئەينەككە قاراپ چاچلىرىنى، ئۈستىبېشىنى تۈزەشتۈرۈپمۇۋالدى، سەۋەبى، شۇ دەقىقىدە كۆڭلىدىن «ئاۋۇ قايتىپ كەلگەنمىدۇ؟» دېگەن خىيالمۇ لىپپىدە ئۆتكەنىدى. گۈلزىبا شۇنداق خىياللار بىلەن، ئالدىراپ، ئالدىراشچىلىقتا يەنە خىيال قىلىپ دەرۋازا ياققا يۈگۈرگەندەك ئىلدام ماڭدى. تۆڭگىلەرنىڭ بىرى تېخىچىلا تەخىرسىز شاراقلىماقتا ئىدى.

گۈلزىبا «كىم؟» دەپ دېدى ـ يۇ، لېكىن چاقماق تېزلىكىدە بۇنى توغرا تاپمىدى. چۈنكى، بۇ ھويلىدىكى ئادەملەرنىڭ ئۆزىدىن بۆلەك ھەممىسىلا شۇ تاپتا سىرتتا ئىدى، ئۇ بارغان پېتى دەرۋازىنى ئاچتى، ئاچتى ـ يۇ، بىردىن چۆچۈپ كەينىگە داجىدى.

ئەسلىدە ئايال داجىمىسىمۇ، ئانچىۋالا چۆچۈپ كەتمىسىمۇ بولاتتى. چۈنكى، كەلگەن ئادەم، باياتىن تەخىرسىز ھالدا دەرۋازىنى قاققان، تۆڭگىلەرنى شاراقلاتقان كىشى، يەنى باقەم شائىرنىڭ شۇ تاپتا تۇرقى ـ قىياپىتىدە ئادەم قورققۇدەك، چۆچۈگۈدەك ھالەت يوق

ئىدى. لېكىن، نېمىشقىدۇر دەرۋازىنى ئېچىشى بىلەن تەڭلا ئالدىدا تۇرغان ئادەمنىڭ يا ھەمدەمجان ئەمەس، يا گۈلزىيا بىلەن ئوغلى ئەمەس، باقىجان بولۇپ چىققانلىقى، توغرىسى ئۆزى يالغۇز چاغدا شۇنداق بولۇپ قالغانلىقى ئايالنى مەڭدىتىپ، ھەتتا چۆچۈتۈۋەتكەنىدى. شۇ تاپتا چېچەن گۈلزىبانىڭ كۆڭلىدە بىردىن نامەلۇم بىر ئەندىشىلىك ئوي، خەۋپ تۇيغۇسى، بىر خىل قولايسىزلىق ھېسسىياتى لەپپىدە ئۆرلىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، شۇ ئەسنادا كۆز ئالدىدا لىپپىدە پەيدا بولغان كۆڭلىدىكى لاتاپەت ئىگىسىگە بىر تىكىلىپلا بەدىنى شۈررىدە ئېرىپ كەتكەندەك بولغان باقەم شائىر خۇشاللىقىنى ئىچىگە يوشۇرالماي:

— ھە... گۈل... گۈل... ئۆيدە يالغۇزمىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

گۈلزىبانىڭ چۆچۈش ئىلكىدە تۇرغان كۆڭلىگە بىردىنلا خاۋاتىرلىق ھېسلىرى يەنىمۇ تۆپىلەپ قوندى. سەۋەبى، مېھمان يۇقىرىقى گەپنى قىلىشۋاتقىنىدا ئۇنىڭ ئاغزىدىن بىقىسىپ چىققان قاڭسىق بىر پۇراق، ئېچىغان خېمىرتۇرۇچتەك بەتبۇي گۈپپىدە قىلىپ جۇۋاننىڭ بۇرنىغا كېلىپ ئۇرۇلغانىدى. شۇ مەڭدەش، چۆچۈش ئىلكىدە گۈلزىبا جاۋابەن ئۆزىمۇ بىلەلمەي نېمىدۇر بىرنېمىلەرنى دېدى - دە، كەينىگە شوخشۇپ مېھماننىڭ كىرىۋېلىشىنى كۈتۈپ تۇردى. چۈنكى، دەرۋازىنى يېپىشى، زەنجىرلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن، شۇ تاپتا ئۇ بۇنداق قىلىشنى خالىمايتتى، خاۋاتىرلىنەتتى، كۆڭلىدە: «ئىلاھىم، گۈلزىيالار تېزرەك، شۇ تاپتىلا كەلگىدى!» دەپ ئويلاۋاتاتتى. ئاشۇ خىيال ئىلكىدە ئۇ ھەتتا

دەرۋازىدىن سىرتقا چىقىپ، ئەتراپقا قاراپمۇۋالدى. قاراڭغۇدا، يېقىن ئارىلىقتا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى.

بۇ چاغدا ھويلا ئوتتۇرىسىغا كېلىپ ھەيكەلدەك قېتىپ تۇرۇپ قالغان باقەمنىڭ كاللىسىدا ۋىژىلداپ ئاللىقانداق بىر خىياللار، ھېسلار قاينىماقتا ئىدى. ئالدى بىلەن، شۇ پەيتتە ئۇ بەكمۇ خۇشال ئىدى. سەۋەبى، ئۆزىنىڭ، گۈلزىبا ئامرىقىنىڭ ھويلىدا يەككە ـ يېگانە ۋاقتىدا كېلىپ قالغانلىقى كۆڭلىگە ئايان بولۇپ بولغانىدى. بولمىسا جانان دەرۋازىنى ئۆزى ئاچماس ۋە بايىقىدەك ھە دەپ كوچىغا چىقىپ بويۇندىماس ئىدى. «ئالدىرىماڭە، جېنىم، مەھبۇبەم، تولا ئادەم چىلىلىماڭە!ــ دەپ ئويلايتتى شۇ ئەسنادا باقەم،ــ ۋىسال پەيتلىرى كەلدىغۇ، ھازىر بولدىغۇ، مانا! نېمىشقا دەرۋازىنى گۈلۈپپىدە تاقاپلا يېنىمغا كەلمەيسىز، ئاندىن مەن...» لېكىن قارامىلىق قىلىشقا بولمايتتى. بۈگۈنكىدەك پۇرسەتنى ئۇ قانچىلىك تەلمۈرۈش، پايلاش، زورۇقۇشتا قولغا كەلتۈردى ـ ھە؟ شۇڭا ئالدىراپ ـ تېنەپ ئىشنى بۇزۇۋېتىشكە بولمايتتى. كېيىكنى ئۈركۈتۈۋەتمەسلىك كېرەك، پەيتنى پايلاپ، ئاستا گەپ باشلاپ، تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىش لازىم، كىم بىلىدۇ، ئايال خەق دېگەننىڭ شەيتىنى مىڭ، گەپنى باشلا ـ باشلىماي باقەمنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى تاشلامدۇ تېخى!... لېكىن يەنىلا ئالدىرىماسلىق، زىنھار قوپاللىق قىلماسلىق لازىم!

باقەم شۇ خىياللارنى قىلىۋاتقىنىدا، ئۆزىنى ئەمدى سەل بېسىۋالغان، تەمكىنلىككە قايتقان گۈلزىبا مېھماننىڭ ھۆرمىتى غالىب كەلدى بولغاي، ھويلا ئوتتۇرىسىدا تېخىچىلا قوقىقويۇپ تۇرغان قارا نىيەت باقەم شائىرنىڭ يېنىغا كېلىپ تەۋازۇ بىلەن:

— باقىجىنىكا، قورسىقىڭىز ئاچتۇ، تاماق سېلىپ بېرەي، ئۆيگە كىرىڭ!— دېدى.

باقەم رەھمدۇللانىڭ ئۆيدە ئۇستى - ئۇستىلەپ يېگەن غىزالارنى ئويلاپ، بىر سەسكەندى - يۇ، لېكىن دەررۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. چۈنكى، تاماق يېمەيمەن، قورسىقىم توق دېسە، جانان بىلەن ئۇزاقراق بىللە بولۇش، پاراڭلىشىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ -دە. شۇڭا، ئۇ يا ياق، يا ھەئە دېمەي ئۇدۇل ئاشخانا ئۆي تەرەپكە ماڭدى. بۇ ھال گۈلزىبانى تەمتىرىتىپ قويىدى.

— باقىجىنىكا،ساراي ئۆيگىلا كىرمەي... ئاشخانا قالايمىقانمىكىن!— ئايال ئارقا - ئارقىدىن سۆزلەپ، ئامالسىز ئاشخانا ئۆيگە، ئۆزىنىڭ دائىملىق ماكانىغا ماڭدى. ئارىلىقتا تاكاسلاپ يۈرۈپ پېشايۋاننىڭ، ھويلىنىڭ ئېلېكتىر چىراغلىرىنى قويماي ياندۇرۇۋەتتى. قوللىرىنى ئىشقىلاپ، بايىلا مېھمان كىرىپ كەتكەن ئاشخانا ئۆينىڭ ئالدىدا بىرپەس تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى - دە، كېيىن ئامالسىز ئىشىكنى ئاچتى.

بۇ چاغدا باقەم ئاشخانا ئۆينىڭ سۈپىسىنىڭ تۆر گىرۋىكىدە، چاقىقانغىنا تۆت بۇرجەك جوزا يېنىدا جايلىشىپ ئولتۇرۇپ بولغانىدى. ئاستىدا تەييار سېلىقلىق كۆرپىمۇ بار ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ھاراقتىنمۇ بۆلەك بىر شېرىن كەيپ ئاستا - ئاستا چۈلغىۋالماقتا، جىمىلداتماقتا، يۈرىكىنى بوش تىترەتمەكتە ئىدى. كۆزى ئۇياقتىن - بۇياققا سىرلىق تەۋرىنىپ، گۈلدەك قامىتىنى نامايان قىلىپ مېڭىپ ئىش قىلىپ يۈرگەن گۈلزىباغا مىختەك قادالغانىدى. گۈلزىباغا قارىغانسېرى بەدىنىگە ئاللىقانداق شېرىن ھاۋايى - ھەۋەسلەر يامىشاتتى.

گۈلزىبا مېھمانىنىڭ نىيىتىنى سەزگەندى، شۇ تۇپەيلى تېخىمۇ قىسىلغان ھالدا نېرى ـ بېرى مېڭىپ تائام تەييارلىدى. ئەپلىك ھەرىكەتلەر بىلەن يېڭى بىر داستىخاننى يەلپۈپ، جوزىغا يېيىپ سالدى. پۇكلەشكەن يېرىنى ئوڭشايمەن دەپ ئىختىيارسىز ئېڭىشىۋىدى، گۈل پۇرىقى باقەم شائىرنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ، تەنلىرىنى جىغىلدىتىۋەتتى. ھاياسىز مېھمان بۇ دىلبەر جاناننى قۇچاقلىۋېلىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋالدى.

ناھايەت، غىزامۇ تەييار بولدى، خۇش پۇراق دەملەنگەن چايمۇ ھورى پۇرقىراپ، چىرايلىق پىيالىدە مېھماننىڭ ئالدىغا كەلدى. دەل شۇ چاغدا، تېخى تائامغا قول ئۇزاتمىغان باقىجاننىڭ ئاغزىدىن:

ــ گۈلزىباخان! ــ دېگەن خىتاب چىقىپ كەتتى.

گۈلزىبا ئولتۇرغان يېرىدىن دىكلا تۇرۇپ ھەيرانلىق ۋە ئەندىشە بىلەن:

ــ نېمە؟ نېمە لازىم، باقىجىنىكا؟ ــ دېدى تىترەڭگۈ ئاۋازدا، لېكىن باقىجاننىڭ ئاۋازىدىكى يوشۇرۇن مەنە ئۇنىڭغا ئاللىقاچان ئايان بولۇپ بولغانىدى. تىترەك سادا شۇ ۋەجىدىن ئىدى.

ئايالنىڭ تىترىكىنى ئاشۇرۇپ، مېھمان يەنە سۆزلەپ قالدى:

ــ گۈلزىبا... گۈلزىباخان، بىر گېپىم بار ئىدى، دەيمۇ، دېمەيمۇ؟

باقەم شائىر ئاجايىپ زور قەھرىمانلىق بىلەن كۆڭلىدىكى گېپىنى باشلىۋېلىپ، يېنىك بىر تىن ئالدى. لېكىن، بۇ چاغدا گۈلزىبانىڭ نەپىسى قىسىلىپ قالغانىدى. باقەمنىڭ ئاۋازىدىكى شەھۋەت ئۇچۇرى

ئۇنىڭغا نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بىر يەرلىرى بىلەن يېقىمسىز بىلىنىپ كەلگەن بۇ ھاياسىز مېھماننى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ چۈشەندۈرگەندەك بولغانىدى. لېكىن... نېمىلا بولسۇن، ئايال زور شىجائەت بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، ياق، بېسىۋالدى. كىم بىلىدۇ، بەلكىم باشقا گەپتۇر، گۈلزىبا ھەققىدە بىر نېمە دەمدۇ تېخى!... بىراق جۇۋاننىڭ بەدىنىدىكى تىترەك تېخىچە يوقالمايۋاتاتتى.

شۇ تىترەك ئاۋازىغىمۇ تەسىر قىلىپ تېخىمۇ تىترەك ئۈن بىلەن:

— ھە؟ تاماق سوۋۇپ قاپتۇمۇ، باقمىجىنىكا؟ — دېدى گۈلزىبا ئەتەي گەپنى بۇرىماق بولۇپ.

— ھە، ياق، باشقا... باشقا گەپ... ئەستا، دېيەلمەيۋاتىمەن، دەۋالسام بولاتتى... — باقەم شائىر شۇ تاپتا تىلى بەند قىلىنغاندەك دۇدۇقلاپ، ۋۇجۇدى تاقەتسىزلىنىپ ئولتۇرغان جايىدا ھە دەپ تېپىرلايتتى.

— ھە، گۈلزىيانىڭ گېپىمۇ ـ يا؟ بىز ھەمدەمجان بىلەن دېيىشكەن، ئۆزىمۇ بوپتۇ دەپ...

شۇ دەقىقىدە، ھەتتا بۇ قىسىمنى نەچچە يىللاپ ئالدىن پىلانلاپ، پېرسوناژلىرىنىڭ ئاغزىغا تالاي باش قاتۇرغان مۇئەللىپنىڭمۇ يادىغا كەلمىگەن بىر ئىش يۈز بەردى. باقەم شائىر تۇساتتىن ئۆزىنى سۇپىدىن يەرگە تاشلاپ، تىزلىرى بىلەن مېڭىپ گۈلزىبانىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ پېشىنى تۇتتى، ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى:

— سىزنى سۆيىمەن، گۈلزىبا، سىزنى بەك ياخشى كۆرۈپ قالدىم، جېنىم گۈلزىبا، بەكلا... سىزنى دېمىسەم بۇ يەردىن ئاللىقاچان كېتىپ قالاتتىم! سىزنى

بىرىنچى كۆرگەندىلا ياقتۇرۇپ قالغانىدىم، ياق، ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم... نىمە دىسەم بولار؟ ھەمدەم ئاغىنەم نىمە دەر؟ سىزنى بەك ياخشى كۆرۈپ قالدىم، ياق دىسىڭىز ئۆلىمەن، جېنىم گۈلزىبا، ماقۇل دەڭ، ماقۇللۇق بىرىڭ، جېنىم گۈلزىبا! ياق دىسىڭىز ئۆلىمەن!...

كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان ئىشلاردىن ئەقىل - ھوشىنى يوقىتىپ قويايلا دىگەن گۈلزىبا باشتا لاغىلداپ تىترىگىنىچە كەينىگە شوخشۇپ، تامغا يۆلىنىپ قالدى. كېيىن بولسا، تىترىكى تېخىمۇ ئەدەپ، قوللىرى بىلەن يۈزىنى يىپىۋىلىپ، ئۆزىمۇ سەزمەي ۋارقىراپ كەتتى:

— ۋاي ئانام، نىمە ئىشلاردۇ بۇ؟ سىز نىمە؟ سىز مىھمانىما؟ سىز قانداق ئادەم؟ ھەمدەمجاندىن ئۇيالماسىز، خۇدايىمدىن قورقماسىز؟ سىزگە گۈلزىيا ماقۇل بولدىغۇ! گۈلزىيا، سىڭلىم!...

ئايال ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى، باقەم شائىر ھودۇقۇپ، چۆچۈپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇ بۇنچىۋالا بولارىنى ئويلىمىغانىدى، ئايالنىڭ بۇ قەدەر مەھكەم، بەردەملىكىنى ئەسلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇ يەردە تىزلانغان پېتى خۇدىنى ئۇقماي:

— يىغلىماڭ، رەنجىمەڭ، گۈلزىبا، سىز بولمىسىڭىز مەن ئۆلىمەن، ماڭا بەرىبىر، ماڭا بەرىبىر! — دەۋەردى.

— گۈلزىياچۇ، ئۇ قانداق قىلىدۇ؟ نىمىشقا ئۇنى ئالدايسىز، نىمىشقا ھەممىمىزنى ئالدايسىز؟ نىمىشقا؟ سىز ئەسكى ئادەم ئىكەنسىز، ئەسكى! — گۈلزىبا ئەمدى بۇ گەپلەرنى ۋارقىراپ ئەمەس، ئىنتايىن بوش، پىچىرلاپ دىگۇدەك ئېيتتى. بۇ چاغدا باقەم ھوشىنى تاپقاندەك

تىمزلانغان يېرىدىن ئۆرە بولۇپ سۇپىغا ئولتۇرۇپ قالغانىدى. لېكىن، ئولتۇرغىنىنى ئۆزى سەزمەيتتى. كۆڭلىدە ئاجايىپ زور بىر غەشلىك، توغرىسى بىر پۇشايمان ئويغانماقتا، يەنە قانداقتۇر بىر قورقۇنچ سېزىمىمۇ بارغانسېرى غالىب كەلمەكتە ئىدى. شۇ ھالەتتە، ئاشۇ پېتى ئۇ:

«مەن نېمە قىلىپ قويدۇم؟ نېمە بولدى؟ نېمە ئىشلار بولۇپ كەتتى؟ مەن نېمە قىلىپ قويدۇم؟» دېگەن گەپلەرنى يېنىش - يېنىش تەكرارلىغىنىچە ئۆزىمۇ سەزمەي، قاچانلاردىندۇر بېرى ئوچۇق ئىشىكتىن ئېتىلىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئۇ ھويلىغا چىقىشى بىلەن مۇزدەك شامال پاسىق تېنىگە گۈپپىدە ئۇرۇلۇپ، ئېسىگە خېلى يانغاندەك بولدى، لېكىن ھايال ئۆتمەي يەنە ئالجىپ، كەينىگە، ئىشىك تەرەپكە قايرىلدى.

— گۈلزىبا! مېنى كەچۈرۈڭ، ماڭا ماقۇل بولۇڭ، گۈل...— دېگىنىچە باقەم مۈشۈكتەك ئىشىككە ياماشتى، تاتىلىدى... لېكىن ئىشىك ئاللىقاچان ئىچىدىن ئېتىۋېلىنغان، چىراغمۇ ئۆچۈرۈلگەن، ئاشخانا ئۆينى قاپقاراڭغۇچىلىق ۋە تىمتاسلىق باسقانىدى. بىۋاپا باقەم ھاراقنىڭ ۋە شەھۋەتنىڭ ئاخىرقى كۈچىدە ئاشخانا دېرىزىسىگە يەنە بىرپەس ئوغرى مۈشۈكتەك ياماشتى، كېيىن پەسكويغا چۈشتى. كاللىسىدىن بايىقى ئىشلار، گۈلزىبانىڭ چىرقىراق خىتابلىرى ئۇزۇك - ئۇزۇك ھالدا لىپىلداپ ئۆتۈۋەردى. بېشى سىرقىراپ ئاغرىيتتى، ئىككى چېكىسى لوقۇلداپ ئارام بەرمەيتتى، كۆڭلىنى بىر خىل پۇشايمان ئازابى دەماللىققا تاشتەك ئېغىر بېسىۋالغانىدى.

«نېمە ئىشلار بولۇپ كەتتى ـ ھە؟ ئالدىرىمىسام بوپتىكەن، ئەمدى ھەممە ئىش يوق بولىدىغان بولدى، گۈلزىيامۇ... ھەمدەمجان كەلسە تېخى!...» باقەم شائىر ھويلىدا زوڭ ئولتۇرۇپ قالدى، مۇزلىغانسېرى كاللىسىمۇ ئېلىشىپلا كەتتى. شۇ ئارىدا دەرۋازا تۈڭگىلىرى يەنە ئەنسىز شاراقلاپ، كىچىك بالىنىڭ ئەركە ئاۋازى ئاڭلاندى.

ــ ئاپا، بىز كەلدۇق، ئاپا، بىزا!...

باقەم ساقچىدىن قاچقان ئوغرىدەك زوڭ ئولتۇرغان يېرىدىن ئۈمىلەپ دېگۈدەك قوپۇپ قېچىپ، يۈگۈرۈپ ئۆزىنى پېشايۋانغا ئاتتى، يامىشىپ يۇرۇپ ئۇ يەرگىمۇ چىقىۋالدى. ساراي ئۆينىڭ ئىشىكى قۇلۇپلانمىغانىدى، ئۇ لىپپىدە قىلىپ سارايغا كىرىۋالدى. يۈرىكى ئەنسىزلىكتە دۈپۈلدەيتتى. ئاڭغىچە ئاشخانا ئۆيدىن چىققان گۈلزىيا دەرۋازىنى ئاچقاندى، ھويلىدا خېلىغىچە بالىنىڭ چۇڭقۇلداشلىرى ئاڭلىنىپ تۇردى.

# ئون ئالتىنچى باب

ئەمدى بىز گەپنى خېلىدىن بېرى قەلەمگە ئالالمىغان ھەمدەمجاندىن ئاڭلايلى.
ھەمدەمجاننىڭ ئىككى ئىشدىشىنى ئېلىپ قوشنا ناھىيەلەردە ئۈزۈمزارلارنى كېزىپ يۈرگىنىگە ئون نەچچە كۈن بولۇپ قالدى. دەسلەپتە ئۇ W ناھىيەسىگە ئارتام قوشنا K ناھىيەسىدىكى بىر ھەقەمسايىسى بەرگەن تېلېفون ئۇچۇرىغا ئاساسەن ئالدىراپ ـ تېنەپ ئىككى تېخنىك بىلەن K ناھىيەسىگە كېلىپ، بىر تۈركۈم ئۈزۈمنى پۈتۈشۈپلا بىرنەچچە كۈندە قايتىپ كەلمەكچى بولۇپ يولغا چىققانىدى. بىراق «ئۆيدىكى ھېساب بازارغا توغرا كەلمەس» دېگەندەك ئۇلار قوشنا ناھىيەگە كەلگەندە ئىشلار ئۇنداق ئاددىي ۋە ئوڭاي بولۇپ چىقمىدى. ئالدى بىلەن ھېلىقى ھەقەمسايىسى ئۇقۇشقان مال لاياقەتلىك بولۇپ چىقمىدى. ئۇچەيلەنگە يېزىمۇيېزا، مەھەللىمۇمەھەللە قاتراپ يۈرۈپ، سۈپەتلىك مال ئىزدەشكە ۋە ئۇ يەر ـ بۇ يەردە پارچە ـ پارچە سېتىۋالغان خۇرۇچلارنى بىر يەرگە جەملەشكە توغرا كەلدى. كېيىنچە، K ناھىيەسىگە قوشنا N ناھىيەسىدىنمۇ يېڭى ئۇچۇر كېلىپ قالدى. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، ھامىنى «بوسۇغا داۋان»دىن ئاتلىنىپ چىققانىكەنمىز، يەنە بىر ئاز يول يۈرۈپ، جاپا تارتىپ زاپاس غەملەشنىڭ كويىدا

بولۇشىمىز كېرەك، شۇنىڭدىلا كېيىنكى بىر مەزگىللىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋان يۈرۈشۈشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ، دېگەن يەرگە كەلدى ۋە شۇ نىيەت بىلەن N ناھىيەسىگە ئۆتۈپ كېتىشتى.

بىز كىتابىمىزنىڭ بېشىدا ھەمدەمجاننىڭ شەخسىي ئىگىلىك تىكلەش غەيرىتىدە چوڭ ئىش تەۋرىتىپ مۇسەللەس زاۋۇتى قۇرغانلىقىنى ۋە ئەللىك — ئاتمىش ئادەم ئىشلەيدىغان يەرلىك، يۇقىراۋى كارخانىنىڭ غوجايىنى بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەنىدۇق. ئىرىشچان، ئاق كۆڭۈل بۇ ئادەمنىڭ ئەزگۈ پەزىلەتلىرىگە يارىشا، ھەممىشە ئىشلىرى يۈرۈشۈپ تۇراتتى. باغرى يۇمشاقلىقى، ئاق كۆڭۈللۈكى تۈپەيلى ئۇنىڭ قوشنا ـ قولۇم، دوست ـ يارەنلىرى ئارىسىدا ئابرۇيى بار، گەپ ـ سۆزى يوللۇق ئىدى. زاۋۇتىدا ئىشلەيدىغانلارنىڭ تولىسى نامراتلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئىدى. بىرەر كۆك نامرات ئىلاجسىزلىقتىن پەرزەنتىنى يېتىلەپ كەلسە، ھەرگىزمۇ «ئادەم ئېشىپ كەتتى» دېمەي، يۇمشاققىنا ئاھاڭدا: «بىر ناننى تەڭ يەيمىز» دەپلا ئېلىپ قالاتتى. شۇ تەرەپلىرى بىلەن ناھىيە ھەم يېزىلىق ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئارىسىدا ھۆرمەت ـ ئىززىتى بار ئىدى. خوش، ئەمدى ئۇنىڭ ئائىلىدە قانداقلىقى توغرىسىدا بولسا، ئوقۇرمەنلىرىمىزدە خېلى چوڭقۇر ساۋات بار. ئائىلىدە ھەمدەمجان ھەم مەسئۇلىيەتچان ئاتا، ھەم بەختلىك ئەر ئىدى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، گۈلزىبا كۆڭۈلدىكىدەك جورا ۋە تولىمۇ ئىشچان، ئېدىتلىق ئايال، ئۆينىڭ «يېنىپ تۇرغان چىرىغى»، ساقىتايمۇ ساغلام چوڭ بولماقتا. راستىنلا بۇ ئائىلىدە يەنە بىر

گۈل سۆيەت ئايال زاتى، ھەمدەمجاننى ئۆز ئاكىسىدىن چارە كۆرىدىغان قىيىنىسىڭىل گۈلزىيامۇ بار، ئۇ بۇ ئۆيگە بىرنەچچە ۋاقىت مېھمان، چاڭگىسى تىزىلسا، يېڭى ئۇۋىسىغا ئۇچۇپ كېتىدۇ... باقەم شائىر پەيدا بولغۇچە بولغان ئارىلىقتا، تەكرار ئېيتقىنىمىزدەك، بۇ ئائىلە ئەنە شۇنداق ياشاپ كەلگەنىدى.

باقىجاننىڭ W ناھىيەسىگە قەدەم تەشرىپ قىلىشى، تاسادىپىي ئەھۋالدا ھەمدەمجان بىلەن كوچىدا ئۇچرىشىپ، مەزكۇر ئائىلىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك مېھمىنىغا ئايلىنىپ قېلىشى، بەلكىم بۇ تەقدىرنىڭ ئالدىن يېزىپ ئورۇنلاشتۇرغان ۋە باب، پەردە، كۆرۈنۈشلىرى بويىچە بىرمۇبىر ئورۇنلىنىدىغان دىرامىسى بولسا كېرەك. شۇنداق تىنچ، خاتىرجەم، كۆڭۈللۈك ئۆتىۋاتقان بىر ئائىلىگە، بىر ئاددىي پۇقرا تۇرمۇشىغا بىلىنىپ ـ بىلىنمەي ئۇلار ئۆزلىرى ئويلاپمۇ باقمىغان، ھەتتا چۈشلىرىگىمۇ ئايان بولمىغان كۆڭۈلسىزلىك ھۇجۇم قىلىش ئالدىدا تۇراتتى. گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، گاھىبىر سېزىمچانلىق تۇيغۇسى ئېشىپ كەتكەن ۋە قەلەمدىن كۆرە ئېغىزلىرىدا، مەتبەئەدىن كۆپرەك سورۇنلاردا كۆپرەك ئوبزورچىلىق قىلىدىغان، بىر سورۇندا كەم دېگەندە ئۈچ ـ تۆت بىتەلەي قەلەمكەشنى تىتىپ ـ تىتمۇەتمىسە پۇخادىن چىقمايدىغان «تەقرىزچى»لەر مۇئەللىپنى كىيىن دەيدىغان گەپنى بالدۇرلا دەۋېتىپ ئەدەبىي فورمۇلاغا زەخمە يەتكۈزدى، دەپ ئەيىبلىشەر، بىراق مۇئەللىپكە شۇمۇ ئايانكى، بۇگۈنكىدەك ئۇچۇر دەۋرىدە، مۇشۇنداق بىر ئىلغار زاماندا ياشاۋاتقان، بەش يېشىدىلا تورغا چىقالايدىغان

ھەمدە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىدىلا خېلى ـ خېلى ئىشلارنى بىلىپ كېتىۋاتقان ئەۋلادلارنىڭ مۇرەببىلىرى بولمىش ئوقۇرمەنلەردىن ئىلگىرى ـ كېيىنلىك نۆۋىتى بويىچە قىلىپ سىر ساقلايدىغان ھېچبىر ئىش قالمىدى. ئالدىنقى بىر بابىمىزدا بىز قەيت قىلىپ ئۆتكەن، «ھەممىنى ئاخىرىغىچە ئېيتىش مۇۋاپىق ئەمەس، ھەۋەسلەندۈرۈشنىڭ سىرىمۇ شۇنىڭدا» دېگەن مەشھۇر ئىبارىنىڭ مۇئەللىپى بولمىش دىرژاۋىنىمۇ بۇگۇنگىچە ياشىغان بولسا، ئۆزىنىڭ شۇ گېپىدىن سەل شۈبھىلىنىپ قالغان بولاتتى... بولدىلا، بىز ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەي يەنىلا ئۆز قەھرىمانلىرىمىزنىڭ يېنىغا قايتىۋالايلى.

ئۇلارنىڭ بىرى ۋە ئەڭ ئاساسلىقى بولمىش باقەم شائىر... باقىجاننىڭ ئاخشامقى «دەھشەتلىك مۇھەببەت ئىزھارى»دىن كېيىن (باقەمنىڭ ئەينى سۆزى، ئاخشام ئۇ ئېگىز پېشايۋانغا يامىشىپ چىقىۋېلىپ، ساراي ئۆيگە ئۆزىنى ئېتىپ جېنىنى دالدىغا ئالغاندىن كېيىن تاكى تاڭ ئاتقۇچە ھېلىدىن ـ ھېلىغا يۈرىكى ئېغىپ، «يائاللا، ئەجەب بىر قاراملىق قىلىپ قويۇپتىمەن، مەستلىكنىڭ كۈچىدە لەۋەن گۈلزىباغا دەھشەتلىك مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ سالپتىمىنا! ئەمدى نىمە ئىشلار بولۇپ كېتەر، ئەتە ھويلىغا قانداق چىقارمەن؟» دەپ تولا ئويلىغانىدى) تاكى ھازىرغىچە كۆڭلىنىڭ ئارامى يوق يۈرۈۋاتقانلىقى ھەممىمىزگە ئايان! باقەمدەك خېلى ـ خېلى ئىشلارغا پىسەنت قىلىپ قويمايدىغان ئادەمنىڭ ئاخشامقى ئاشۇ ئىشى تۇيەيلى شۇنچىۋالا ساراسىمىگە چۈشكەنلىكى ئادەمنى ھەقىقەتەن سەل تەئەججۈپكە سېلىپ قويىدۇ. بۇ

توغرۇلۇق ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ئويلىغىنى قانداقكىن، ئۇنى بىلمىدىم، لېكىن باقەم شائىرنىڭ ئۆز ئالدىغا ئويلىغانلىرى ۋە شۇ تۇپەيلى ئەندىشىلىرى بار ئىدى. باقەم مۇشۇ كۈنلەردە «كەچ كۈزدىكى باھارگۈلى» دېگەندەك بىر خىل مۇھەببەت ۋەسۋەسىسىگە چۈشۈپ قالغان ۋە بارغانسېرى ھەددىدىن ئېشىپ، ئاخشامقىدەك «دەھشەتلىك مۇھەببەت ئىزھارى» قىلمىشىغىچە بېرىپ تاقىلىدىغان سەۋەنلىك سادىر قىلغان بولسىمۇ، بىراق كۆڭلىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر تەكتىدە ياتقىنى باشقىچە بىر نەرسە، باشقا ئىستەك ۋە بۆلەكچە ئوت ئىدى، خالاس! بۇ ئوت، بۇ ئىستەكنىڭ ئىسمى، يىغىپ ئېيتقاندا «مۇھەببەت» ئەمەس، بەلكى «ئەمەل» ئىدى. باقەم ئەنە شۇنداق ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ھەمدەمجان ئائىلىسىدە قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىنىڭ، W ناھىيەسىدە پالاقشىپ يۈرگەن مۇساپىلىرىنىڭ، سادىر قىلىپ يۈرگەن بارلىق غەيرىيلىكلىرىنىڭ ھەممىسى، پەقەت ئەمەل ئۈچۈن ئىدى. راست ـ دە، ئەمەل تۇتۇش ئۈچۈن بەزى نەرسىلەردىن ۋاز كېچىدىغان ۋە يەنە بەزى نېمىلەرگە ئىنتىلىدىغان گەپ. ئەمەلنى بىر گۈل دەيلى، ئۇنداقتا ھېلىقىدەك ئىشلار گۈلنىڭ يوپۇرماقلىرىغۇ! مەسىلەن، «ئېيىقگۈل»دىن كېچىش، گۈلزىياغا قارماق تاشلاش... دېگەندەكلەر... ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە باقەم ئاخشامقى ئىشنى، توغرىسى، ھەمدەمجاننىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىپ، باش دىرېكتورنى خۇش قىلىدىغان ھېلىقى ئوتتۇز مىڭ يۈەننىڭ كەم قالغان قىسمىنى ۋە يەنە تېخىمۇ جىق يۈەنلەرنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن باجا بولۇش مۇرادىغا يېتىش سەپىرىدە ئۆزىنى تۇتالمايلا تۈزكورلۇق

قىلىپ قويغان ئاشۇ «دەھشەتلىك مۇھەببەت ئىزھارى»نى گۈلنىڭ يوپۇرماقلىرىنىڭ بىرىگە تەقتاسلاش ياكى تەقتاسلىماسلىقنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدى. كېيىن بولسا بېشى تېخىمۇ قاتتىق زىڭىلداپ ئاغرىپ، ھېچنېمىنى ئويلىمايلا قويدى، ئاخىرىدا «نېمە بولسا بولار!» دەپلا بولدى قىلدى.

ئەمەلىيەتتە بۇ ئىش تۇيەيلى ئەڭ چوڭ ۋىجدان ئازابى، توغرىسى ئىچ ئاغرىقى تارتقان كىشى دەل گۈلزىبا ئىدى. ئاخشام گۈلزىيا بىلەن ساقىتاي قايتىپ كېلىپ، دەرۋازا تۈۋىگىلىرىنى تىنىمسىز شاراقلاتقاندا ئۇ دەسلەپ ئۆزىنى باشقۇرۇۋالالماي قالدى. ئاخىر ساقىتاينىڭ چاڭ - چاڭ ئاۋازى ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزدى، ياشلىرىنى ئېرتقۇزدى، شۇنىڭدىلا ئۇ ئۆزىنى بىرئاز تۇتۇۋالدى. ياغلىقىنى چۈمكەپ ئوراپ (قىزارغان كۆزلىرىم كۆرۈنمىگەي دەپ) ھويلىغا چىقىپ، دەرۋازىنى خېلى ھايالشىپ ئاچتى، ئوغلىنى سۆيلا ئەركىلەتتى، سىڭلىسىنىڭ تەئەججۇپلۇك قارىشىغا «بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ» دەپلا قويدى. باشقا ۋاقىت بولغان بولسا گۈلزىيا بىلەن خېلىغىچە مۇڭداشقان، «رەيھانئاينىڭ تويى قايسى كۈنگە توختىلىپتۇ، ئاپارغان ئالتۇن جابدۇقلىرىڭ ماس كەلدىمۇ، تازىمۇ يارىشىپ كەتكەندۇ؟ ھېلىقى ئالتۇن بىلەزۈكى قەۋەت ئۇبدان سوقۇلۇپتىكەن، مودىسى يېڭىكەن ئەمەسمۇ، مەنمۇ كونا بىلەزۈكۈمنى...» دېگەندەك پاراڭلارنى قىلىشقان، خېلىغىچە ئۇخلاشمىغان بولاتتى. لېكىن، ئاخشام ئۇنداق قىلمىدى، بالدۇرلا ياتتى. سىڭلىسى بىلەن ئوغلى تېزلا ئۇخلاپ قېلىشتى، لېكىن گۈلزىبانىڭ كۆزىگە ئۆزەمبىللا ئۇيقۇ دارىمىدى.

ھېلىدىن ـ ھېلىغا دىلى ئۆرتىنەتتى، كۆزىدىن ياش سىرغىپ ئېقىپ، لالىدەك مەڭزلىرىنى سۇغىراتتى. پىچىرلاپ «تۇۋا!»لا دەيتتى. ئۇنىنى چىقىرىپ «تۇۋا!» دېيىشكە ۋە يىغلاشقا جۈرئەت قىلالمايتتى، بۇگۈن ھەدىسى بىلەن بىللە ياتقان گۈلزىيا ھەردەمدە ئويغىنىپ ۋە گۇمانلىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. كۆڭلىدە سىڭلىسىغا ھە دەپ ئىچ ئاغرىتاتتى. «ئەجەب بىر ئادەمكىنە، گۈلزىيانىڭ ماقۇل بولغىنىغا شۈكۈر قىلىپ، دوپپىسىنى ئاسمانغا ئاتسا بولاتتى، ئىككىسىنىڭ باشقا تەرىپىنىغۇ دېمەي قويا، ياشلىرى نە بىلەن نەدە؟ ئەر خەق دېگەن ئەجەب بولىدىكەن ـ ھە؟ ياق، ھەممىسىلا ئەمەس، ئەنە ھەمدەمجانچۇ؟ شۇنداق يۇزى تۆۋەن، شۇنداق ئىنسابلىق، بىللە بازارغا چىقساق، يەردىن باشقا يەرگە قارىماي ماڭىدۇ، تېخى ھېلىغىچە گۈلزىياغا چىش يېرىپ ئارتۇق گەپ قىلىپ باقمىدى! يا بولمىسا شەھەرنىڭ ئەرلىرى شۇنداق قېلىن بولامدىكىن؟ ياقلا، يوق گۇناھنى ئۇستۇمگە ئارتىۋالماي، ئەسلى ئۆزى شۇنداق سۈيۈقراق ئادەم ئوخشايدۇ. ئەجەب بىر، ھەمدەم بىلەن ئاغىنە ئىكەن دېسە، تۇغقان ئىمىش تېخى، تۇۋا!...»

خىيالنىڭ چېكى بولمايدۇ. گۈلزىبا قاراڭغۇدا ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ، جاھاننىڭ خىياللىرىنى سۈرۈپ بولدى. بىرچاغدا بېشى زىڭىلداپ ئاغرىغىلى تۇردى... كېيىن قانداق بولدىكىن، ئۇخلاپ قالدى.

سەھەرلىكتە گۈلزىبا تۇيۇقسىز بىر قارا بېسىشتىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. تەھقىقكى، چۈشىدە ئاخشامقى ئىشلار تەكرارلانغانىدى. جۇۋان كۆڭلى غەش ھالدا دېرىزىدىن تالاغا قارىدى. ۋاقىت تېخى ئەتىگەن ئىدى،

ھەر كۈنى سەھەر تۇرىدىغان بولسىمۇ، ھازىر تېخى ئۇ چاغمۇ بولمىغانىدى. گۈلزىبا يەنە خىيالغا پاتتى. ئاخشامقى غەزەپلىرى سەل بېسىقىپ قالغاندەك ئىدى. «ئاچچىق ئەقىلنى كېسىدۇ» دېگەن گەپ بار، گۈلزىبا ئاچچىقنى باسالمايدىغان ئاياللاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ مىجەزىدە بىر خىل تەمكىنلىك، سالماقلىق، يەنە زېرەكلىك غالىب ئىدىكى، ئىشنىڭ نېرى - بېرىسىنى ئويلاپ، ھېسابلىشىپ تەدبىر قوللىنىشنى بىلەتتى، ئاخشامقى ئىش خېلى ئېغىر ئىش بولسىمۇ، شۇ تاپتا ئۇ ئەمدىكى تەدبىرلەرگە ماس سەۋەبلەرنى ئويلاپ، ئۇ ئىشنى ئاشۇ نۇقتىدىن تەبىرلەشكە باشلىدى. «بىرىنچىدىن، ھەمدەمجاننىڭ يۈزى، كەلگەندە ئۇنىڭغا بولغان ئىشنى ئېيتاي، لېكىن ئۇنىڭ يوقىدا ئاغىنىسىنى، تۇغقىنىنى رەنجىتمەي. مۇھىمى، ئۇ ئادەم مېھمان - دە! راستىنلا، ئاخشام ئۇ مەستتەك تۇراتتى، مەست كىشىنىڭ ساراڭدىن نېمە پەرقى بار؟ ساراڭ بولمىسا ئاشۇ ئېشەك سۈيدۈكنى ئىچەمدۇ؟ ئەر خەق دېگەن! ئاخشام ئۇ مەستلىكتە ئۆزىنى بىلەلمەي، ھېلىقى گەپلەرنى قىلىپ قويغان بولسا، ھازىر پۇشايمان قىلىۋاتامدۇ تېخى!...» ئويلىغانسېرى گۈلزىبانىڭ ئاچچىقلىرى يېنىپ، كۆڭلىگە بىر خىل ئەپۇچانلىق ھېسسىياتى سىڭىپ بارماقتا ئىدى. دەل شۇ پەيتتە نېرىدا ياتقان سىڭلىسى گۈلزىيا چۇشەكەپ يىقىملىقىنا كۈلدى... «بىچارە سىڭلىم! - دەپ ئويلىدى گۈلزىبا دەررۇ، - سىڭلىمنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشى ھەممىدىن مۇھىم، تەقدىر - پېشانە شۇ بولسا، كىچىككىنە ئىشنى دەپ، گۈلزىيانىڭ چوڭ ئىشىغا دەخلى قىلسام بولماس! بەلكىم ئۇ ئۇنچىلىكمۇ ئەسكى ئادەم ئەمەستۇر، بولدى قىلاي! تاڭ ئەجەب ئاتمىدا!»

تالڭ قاراڭغۇلۇقىدا، بۇ ھويلىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى ئادەم ھەر خىل خىياللار ئىسكەنجىسىدە ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ ياتاتتى. ھەسسىنەي، دۇنيادا خىيال بىلەنلا بىر ئىشلارنى ئۇيان ـ بۇيان قىلىۋەتكىلى بولسا ـ ھە!

ئەتىسى ئەتىگەندە باقەم بىرى بوينىدىن باغلىغاندەك تەسلىكتە تالاغا چىقتى. ھويلا جىمجىت ئىدى، ئاشخانا تەرەپتىنمۇ ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. باقەم شائىر ھويلىدىكى ئىش ـ كۈشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن يەنە كۆڭلى غەش ھالدا ساراي ئۆيگە يېنىپ كىرىپ ئولتۇردى. ئۆينىڭ ئىچى ئۇنىڭغا ئادەتتىكىدىنمۇ سوغۇقراق بىلىندى، تەنلىرى شۈركۈنۈپ تۇراتتى. تۈنۈگۈن ئەتىگەن تېخى مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ «ھەمدەمجان دېگەن ئاداشمۇ ئەجەب بىر ئالتىنچى ئاينىڭ پاقىسىدەكلا يوقىلىپ كەتتا!» دەپ ئويلىغانىدى. ھازىر بولسا ئۇ بۇ خىيالنى تەكرارلاشقا جۈرئەت قىلالمايتتى، پېتىنالمايتتى. ھەمدەم كەلسە، ئاخشامقى ئىش تۈپەيلى بۇ ھويلىدا نېمە ئىشلار بولۇپ كېتىشىنى كىم بىلىدۇ؟ باقەم شۇ تاپتا دىككىدە تۇرۇپلا بۇ ھويلىدىن چىقىپ كەتسۇنمۇ يا، بۇ قارغىش تەگكۈر W ناھىيەسىدىن بىراقلا كېتىپ قالسۇنمۇ؟ باقىجاننىڭ يادىغا ئالدى بىلەن ھەمدەمجاندىن ئېلىپ باش دىرېكتورغا تاپشۇرىدىغان ئون بەش مىڭ يۈەن كەلدى. ياق، ئۇ پۇل پۇل ئەمەس، مۇئاۋىن باش دىرېكتورلۇق ئەمىلى ئىدى... شۇ يەرگە كەلگەندە باقەم شائىرنىڭ كۆڭلى بىرقىسما بولۇپ، خىياللىرى يەنە چىگىچىلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ بارلىق ئۈمىدلىرى مۇشۇ يەردە، مۇشۇ W ناھىيەسىدە، دەل مۇشۇ ھەمدەمجاننىڭ

قورۇسىدا ئىشقا ئاشماقچىدى... خۇي ـ پەيلىگە يارىشا، باقەم شائىر شۇ خىياللارنى قىلىۋېتىپ، بىردىنلا بېشىغا كەلگەننى كۆرۈش نىيىتىگە كەلدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، قەدىمكى زامانلاردا ئادەملەر گۇناھلىرىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇرغانلارغا پۇل بېرەتتىكەن![1] «مەن نېمىچىدىم، ناھايىتى كەلسە ھەمدەمجان مېنى تىللار، ئۇرار، لېكىن ئۇ ماڭا پۇل بېرىدۇغۇ؟ يامىنى كەلسە تېنىپ تۇرۇۋالارمەن يا بولمىسا پۇتىغا ئېسىلىپ يىغلارمەن! ھەمدەمجاننىڭ مىجەزى ياخشى، كۆڭلى ئاق، ئوڭايلا ئۇندەككە كەلتۈرۈۋالىمەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇمۇ ماڭا ھاجەتمەنغۇ؟ ‹ئاجايىپ› مۇكاپاتنى مەن ئۇنىڭغا ئېلىپ بېرىدىغان تۇرسام. مۇبادا، ئاشۇ نامى كاتتا خەلقئارالىق مۇكاپاتنى قولغا كەلتۈرۈۋالسا، ئۇنىڭ مەھسۇلاتىمۇ بازار تېپىپ، بۆكۈمدەك بۇ W ناھىيەسىدە يۇز ـ ئابرۇيغا ئېرىشىپلا قالماي، داڭقى نە ـ نەلەرگە كەتمەمدۇ ئۇ كىسكاشنىڭ...»

ـــ باقىجىنىكا، چاي ئىچىڭ!

خىيالغا پاتقان باقەم بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ ئورنىدىن دىككىدە تۇرۇپ كەتتى، ياق، توغرىسى، سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى دېيىش كېرەك ئىدى! بىر دەقىقە ئۇ قولىقىغا ئىشەنمىدى، كېيىن يۇرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ قالدى. سەۋەبى، ئىشىك راستىنلا سىلىق ئېچىلىپ، ھەر

[1] ھاتەمتاي ھەققىدىكى رىۋايەتتە بىر كىشىنىڭ ئالتۇن دۆۋىلەنگەن تاۋاقنى ئېلىپ كوچىدا ئولتۇرۇپ، ئۆزىنى بىر كاچات ئۇرغانلارغا بىر ئالتۇن دەرھەم بېرىپ، ئارقىدىن «رەھمەت، ماڭا مۇشۇ ھەق !» دەيدىغانلىقى سۆزلەنگەن.

كۆنكى ئادىتى بويىچە گۈلزىيا ئىشىك تۈۋىدە شۇ سۆزنى دېگەچ، داستىخان، كورا كۆتۈرۈپ كىرگەندى، چىرايىدا ھېچقانداق غەيرىي ئالامەت كۆرۈنمەس، بىلىنمەس ئىدى، باقەم شائىر ئەندىكىپ قىزىنىڭ كۆزلىرىگە قارىۋىدى، ئۇ كۆزلەر يېقىن كەلگۈسىدە ھالال جۈپتى بولۇپ قالمىش ئادەمگە تەنناز بىر جىلمىيىش، سالام ئىلتىپات قىلدى.

كۆڭلى سەل ئىزىغا چۈشكەن باقەم شائىر دائىما قويۇقلۇق دۈگىلەك جوزىغا شىپقىپ كېلىپ، ئىشەنچلىك باداشقان قۇرۇپ ئولتۇردى. كۆڭلىدە بىر خىل يەڭگىللىك كېزەتتى. قىز ئۈزاتقان چاينى ھەر كۈنكى ئادىتى بويىچە نازۇك بارماقلارنى قوشۇپ سىلاپ تۇتۇپ تۈرۈپ ئالدى. بۈگۈن ھەتتا سەل ئاشۇرۇۋەتتى. بىز قەھرىمانىمىزنىڭ مانا مۇشۇنداق ئەدىگۈر شاتراقلىقىنى يوشۇرمايمىز، ئەلۋەتتە!

باقىجان ئاكىسىنىڭ بۇ قىلىقىغا خىلىدىن بېرى كۆنۈپ قالغان گۈلزىيا ئەركىلەش خاراكتېرىدىكى قولىنى تارتىۋېلىش نارازىلىق ھەرىكىتىنى قىلغاندىن باشقا ئارتۇقچە قوپاللىق قىلمىدى. ھەتتا بۇ ئىشقا مەيلى باردەك سەل ئەركىلىمە تاۋۇشمۇ چىقىرىپ قويدى. بۇ ھال بىزنىڭ بىزەڭ مېھمىنىمىزنى تېخىمۇ يۈرەكلەندۈرۈۋەتتى بولغاي، قىزنىڭ ئوڭ قول بېغىشىدىن كاپلا تۇتۇۋالدى. ئاخشامدىن بېرىقى بولۇۋاتقان كۆڭۈلسىزلىكلەر، ئەندىشىلىك خىياللار شۇ تاپتا ئۇنىڭ كاللىسىدىن، مانتىپەزنىڭ قاسقىنىدىن كۆتۈرۈلگەن ھوردەك بىراقلا يوقالغانىدى.

— ئۇنداق قىلماڭ، ھەدەم كىرىپ قالمىسۇن!— گۈلزىيا يۇلقۇندى، بىراق قەتئىي ئەمەس ئىدى.

— ئەمدى... ئەمدى بىز بىر ئادەمغۇ، جېنىم، قاچانغىچە؟— يۈرىكى بارغانسېرى تومۇلىشىپ كېتىۋاتقان باقەم خۇدىنى يوقىتىپ، قىزنىڭ يەنە بىر قولىنىمۇ تۇتتى ـ دە، ئالدىغا تارتتى. ئارىدا چالا ـ بۇلا ئېغىزۋازلىقلار بولغان بولدى... دەل شۇ ئارىدا هويلىدا چاقىلدىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ، بىر كىچىك بالا ئىشنى بۇزدى:

— زىبا هەدە، مەن مەكتەپكە ماڭدىم، خوش!

گۈلزىبا شۇنداق كەسكىن بىر يۇلقۇنۇپلا باقەمدىن ئاجرالدى، ئىتتىك ئۇستىبېشىنى تۈزەشتۈرۈپ ئىشككە ئۆزىنى ئاتتى، ئاچتى.

— رەخمەتتاي، ساقام، توختا بىللە ماڭىمىز!

ئەتىگەنلىك چاي باقەم شائىرغا شېرىن پۇراق ۋە نەمخۇش سۆيۈشلەر ئارىسىدا نېسىپ بولدى. ئۇ خېلىغىچە شەھۋەت ئوتلىرىنى باسالماي، ئۆرە تىنىپ ئولتۇردى. شۇ تاپتا ئاخشامقى كۆڭۈلسىزلىك ئەسلا خىيالىدا يوق ئىدى. قايماقلىق ئەتكەنچاينى گۈپۈلدىتىپ قۇرۇق ئىچسە ئادەمگە ئاجايىپ هۇزۇر ئاتا قىلاتتى.

كېيىنكى ئىشلار ئۆز يولىدا كېتىۋەردى. ئارىلىقتا، هويلىدا پەيدا بولغان گۈلزىبا باقەمگە سەل سوغۇقراق بولسىمۇ، ئىشقىلىپ قائىدە ـ يوسۇنلۇق سالام قىلدى. يۈزى ئابدۇخالىق دېگەن موزدۇز ئىشلىتىدىغان چەمدەك قىلىن باقەم بولسا تېخى جۇۋاندىن گەپمۇ سورىدى.

— هەمدەمجان ئەجەب يوقىلىپ كەتتا، قاچانراق كېلەر؟

گۈلزىبا يەرگە قارىغىنىچە سوغۇقلا جاۋاب بەردى.

— شۇ، ئۈچ ـ تۆت كۈندىلا كېلىمەن دەپ يوقىلىپلا كەتتىغۇ، ئىشلىرى تۈگىمىدىمىكىنىيا!

نېمىلا بولمىسۇن، باقەم گۈلزىبانىڭ ئالدىدا يۈزىنى ئېچىۋالدى، ئىچىدە يەڭگىل بىر ئۇھ تارتىپ، يەنە ساراي ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

دۇنيادا ئاجايىپ ئادەملەر بولىدۇ، مانا، بىزنىڭ باقەم شائىرمۇ ئۆزىگە لايىق، شۇنداق بىر ئادەم، گۈلزىبا بىلەن پاراڭلىشىۋالغاندىن كېيىن ئۇ نېرى - بېرى ئىشلارنى ۋاقتىنچە ئۇنتۇپ قالدى. شۇ كۈنى چۈشكىچە ساراي ئۆيدىن چىقمىدى. خىلىدىن بېرى ئەدەبىي مەشغۇلات بىلەن شۇغۇللانمىغىنى يادىغا كېلىپ، تېخى «ئەتكەنچايغا قوشۇپ ئىچتىم مەھەببىتىمنى...» دېگەندەك مىسرالارنى قەغەزگە چۈشۈرۈپ ئولتۇردى. كۆڭلىدە ئەتىگەنكى شېرىن مىنۇتلار تۇپەيلى تېخىلا داۋالغۇشلۇق ھېسلار مەۋج ئۇرماقتا ئىدى.

دېگەندەك شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، خۇددى قۇلىقى قىزىپ قالغاندەك ھەمدەمجان سەپەردىن قايتىپ كەلدى. كوچا كېزىپ قايتىپ كەلگەن باقەم ھەمدەمجاننى ھويلىدا كۆرۈپ، ئاۋۋال سەل ھودۇقتى، كېيىنچە ھەمدەم چاڭجاڭنىڭ ئىلگىرىكىدەكلا خۇشخۇي چىرايىنى ۋە ئۆزىگە بولغان يېقىنچىلىقىنى سېزىپ، ئاڭقىرىپ، ئۇنى يىللاپ كۆرمىگەندەك مەھكەم قۇچاقلىدى.

— ياللا، ئاغىنەم، سېغىنىپ كەتتىمغۇ سىزنى، بۇرادىرىم، مانا بىز تېخىچىلا ئۆيگىمىزدە يېتىۋەردۇق!

— نېمە بولاتتى، بۇمۇ سىزنىڭ ئۆيىڭىزغۇ، تارتىنماڭ! — دېدى ھەمدەمجان يېقىملىق كۈلۈپ، — مەن يوق، زېرىكىپ قالدىڭىزغۇ دەيمەن - ھە! ئاغىنىلەر...

— ئاغىنىلەرغۇ ئوينىتىپ تۇردى، بىراق شۇ، سىز بولمىغاندىكىن...

— بوگۇن كەچتە بىردەم ئولتۇرايلى، كۆڭلىڭىز قەيەرنى تارتىدۇ؟ ئاسمىئاخۇن دىرېكتورنىڭ ئاشخانىسىغا بارامدۇق يا ئاغىنىلەرنى ئۆيگىلا يىغامدۇق؟

— ئوخشاش، ئوخشاش، ئىككىمىزلا ئايرىم ئولتۇرۇپ مۇڭداشساق تېخى ياخشى، سىزگە دەيدىغان گاھىبىر... كۆڭۈل سۆزلىرىم بار ئىدى مېنىڭ!

ھەمدەمجان باقەم شائىرنىڭ «كۆڭۈل سۆزلىرىم» دېگىنىنى گۇلزىياغا باغلاپ چۈشەندى. «باقىجان تويىنى چاپسانراق قىلسام دېگەن خىيالغا كەپتۇ ـ دە، بۇمۇ بولىدىغان گەپ، خەيرلىك ئىشنى كېيىنگە تارتقاننىڭ نېمە پايدىسى؟» ئۇ شۇنداق ئويلىدى.

دەل شۇ چاغدا ئاشخانا ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىن ناخۇش ھالدا ئىككى ئەرگە قاراپ تۇرغان گۇلزىبانىڭ كۆڭلىدىن تېخىمۇ چىگىچلىك خىياللار كەچمەكتە ئىدى. ياق، ئۇ بۈگۈنمۇ، ئەتىمۇ، ئىشقىلىپ كېچىكمەستىن ئېرىگە باقىجان دېگەن ئادەم توغرۇلۇق ئويلىغانلىرىنى جەزمەن ئېيتىدۇ. شۇ تاپتا بەلكىم ئۇ ئادەم ساددا، ئاق كۆڭۈل ھەمدەمجانغا بۆلەك بىر گەپلەرنى قىلىۋاتقاندۇ! گۇلزىبانىڭ كۆزىگە بۇ ئادەم بارغانسېرى نادۇرۇستەكلا كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. ئەتىگەن ئۆز ـ ئۆزىگە تەسكىن بېرىپ قىلغان تەخمىنلىرىمۇ شۇ تاپتا پۈت تىرەپ تۇرالمايۋاتاتتى. «كۆڭۈل دېگەن ئۇلۇغ» دەيدۇ كونىلار، ھەرھالدا ئېھتىيات قىلغان ياخشى، بىراق مۇھىمى ئۇنىڭ دېگەن گەپلىرىگە ھەمدەمجان نېمە دەيدىكىن، قاراپ تۇرۇپ كۆڭلى ئازار يەپ قالارمىكىن؟ ئەرلىك غۇرۇرى قوزغىلىپ، قەدىناس ئاغىنىسىنى كانىيىدىن ئېلىپ، قوغلاپ چىقىرارمۇ ـ يا؟... ئىشقىلىپ، بىر تەس

ئىش بولدىغۇ بۇ! گۈلزىبانىڭ ئېسىگە سىڭلىسى كەلدى، «گۈلزىيا نېمە دەر تېخى، دەسلەپ كۆڭلى قىزىمىسىمۇ، مېنىڭ ۋە ھەمدەمجاننىڭ زورىمىز، نەسىھەتىمىز بىلەن ئۇ ئىشقا ماقۇل بولغان، كۆنلەر ئۆتكەنسېرى ھەتتا تېخى خېلىلا قىزىپمۇ قالغانىدى، بايقۇش سىڭلىم...»

گۈلزىبانىڭ قولى ئىشقا بارماستىن، خېلىغىچە ئاشخانا ئۆيدىكى سۇپىنىڭ گىرۋىكىدە، ئاخشام ھېلىقى ئادەم ئولتۇرغان كۆرپە ئۈستىدە زىددىيەتلىك خىياللارغا پېتىپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

# ئون يەتتىنچى باب

ھەمدەمجان ئەتىسى ئەتىگەندە مۇسەللەس زاۋۇتىغا كېتىپ، كەچكە يېقىن قايتىپ كەلدى. ئۇ يوق چاغدا باش ئاغرىتىدىغان ئىشلار خېلى يىغىلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاخشام باقەمنى خۇش قىلىمەن دەپ زورىغا كۆپرەك ئىچىپ قويغان. ئىككىسى ھەمدەمجاننىڭ ئۆيىدىن دائىم ئۇزۇلمەيدىغان ئاق قوناق ھارىقىنىڭ «تۇجۇ»[①] دەپ ئاتىلىدىغان پارچە ھارىقىدىن خېلىلا ئىچىۋەتكەن، تاغدىن ـ باغدىن پاراڭلىشىپ، يېرىم كېچىدە ياتقانىدى. قۇۋ باقەم ئۆزى ئىلاج بار ئازراق ئىچىپ، ھەمدەمگە جىقراق زورلىدى، قىزىق گەپلەرنى قىلدى، پەلىپەتىش شېئىرلارنى ئوقۇدى، ھەتتا خېلى ـ خېلى يەرلەردە دېمىگەن ئەپسانە يۇمۇرلارنىمۇ دەپ، كۆڭۈلچەك بۇرادىرىنى كۈلدۈرۈپ تېلىقتۇرۇۋەتتى. ئارىلىقتا گۈلزىيا بىلەن تېزرەك توي قىلىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى، بىراق ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم ئىش، شەھەردىن، «ھاڭ ـ تاڭ قالىسىز» شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى ئۇنى دەرھال قايتىشقا سۈيلەپ تېلېفون قىلىۋاتقانلىقىنى، يېڭى ۋەزىپىسىگە ئولتۇرۇشنى ئەلۋەتتە كېچىكتۈرمەسلىككە يەنە بىر قېتىم

① تۇجۇ ـــ ھاراقنىڭ باش بۇرنى دېگەن مەنىدە.

ئۆندىگەنلىكىنى ئالايىتەن پۇرسىتىپ قويدى. گەپ ئارىسىدا ئۇ مۇنداق دېدى:

— لېكىن، قەدىناس ئاغىنەم، جانجىگىرىم ھەمدەموف (خۇشلۇقى تۇتۇپ كەتكەن چاغلاردا ئۇ ھەمدەمجاننى شۇنداق چاقىرىپ قوياتتى، بۇنى تېخى «سوۋېتچە ئاتاش» دەپ ئىزاھلايتتى)، مېنىڭ ھەممە ئىشلاردىن مۇھىم بىر ئىشىم بار، ھە، بىرلا ئىشىم بار، ئۇ بولسىمۇ، سىزگە خەلقئارالىق ئالتۇن مۇكاپاتنى تېزرەك، بەك تېزرەك ئېلىپ بەرسەم دەيمەن! بىلەمسىز؟ خەلقئارالىق «ئاجايىپ» ئالتۇن مۇكاپاتنى! بىزنىڭ باش دىرېكتور بۇنى شەخسەن ئالاقىلىشىۋاتىدۇ، شەخسەن ئۆزى بىر قوللۇق تۇتۇۋاتىدۇ، ھىم، شەخسەن... — باقەم «شەخسەن پۇلنى بەرسىڭىزلا» دەۋەتكىلى تاس قالدى، ئاڭغىچە ھەمدەمجاننىڭ پۇلنىڭ يېرىمىنى بېرىپ بولغانلىقى يادىغا كېلىپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ «ئەلۋەتتە، بىر گەپنى دېمىسەم بولمايدۇ، ھازىر ئۇ مۇكاپات تازىمۇ تالاش ـ تارتىشتا قالغاچقا باھاسى سەل ئۆسۈپتۇ، خەلقئارالىق ئەمەسمۇ! يەنە بەش... بىرنەچچە مىڭ قوشىدىغاندەك قىلىمىز!» دەپ قاراپ تۇرۇپلا يالغان پاراڭدىن يەنە بىرنى قوشۇپ قويۇشنى ئۇنتۇمىدى، ساددا ھەمدەمجانمۇ ئېرەنشىمىگەندەك: «كارى چاغلىق ئىش ئىكەنغۇ، ھەل بولىدىغانلا بولسا...» دەپ، قاراپ تۇرۇپلا بىر تۇتام پۇلنى كاززاپ باقەمنىڭ يانچۇقى تەرەپكە ئىتتىرىۋەتتى، — شەخسەن يېقىندا بۇ ئالىي مۇكاپاتنى مەيدىڭىزگە... ياق، زاۋۇتىڭىزنىڭ تاق ماڭلىيىغا قادايسىز! ئالتۇن مۇكاپات، ھە! رەقىب... رىقابەتچىلىرىڭىزنىڭ كۆزلىرىدىن قاس چىقىپ كېتىدۇ... خوشە!

گەپلىرى بارغانسېرى چىككا ـ پوككا چىقىپ كېتىۋاتقان باقەم گەپنىڭ ئاخىرىنى مەستلىككە يۆلىۋالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلى تولىمۇ خۇش ئىدى. ھەمدەمجان قايتىپ كەلگەندىن بېرى ئىشلىرى سايىنىڭ كەلكۈن سۈيىدەك ئېقىپ بېرىۋاتاتتى.

دېمىسىمۇ باقەم نەچچە كۈندىن بېرى قارماقنىڭ يىپىنى تارتىش ھەققىدە ئويلاپ يۈرەتتى. ھېچ گەپتىن ـ ھېچ گەپ يوق بۇ تاغ ئارىسىدىكى ناھىيەدە يېتىۋېرىشمۇ ئىش ئەمەس، ئۇنىڭدىن كۆرە پىلانى بويىچە بېلىقلارنى بىر ـ بىردىن تۇتسا، پۇلغىمۇ، «مەھەببەت» كىمۇ ئېرىشسە، كېيىن ئاستا قايتىپ بېرىپ ئاسقۇدىكى گۆش ـــ مۇئاۋىن دىرېكتورلۇقنى قولىغا ئېلىپ، ھېلىقى پىر ـ پىر ئايلىنىدىغان خۇرۇم «ھوقۇق ئورۇندۇقى»تا كېرىلىپ بىر ئولتۇرسا... قالتىس بولاتتى ـ دە! خىرە ـ شىرە كەيپىكتە ئۇ ئەنە شۇلارنى ئويلىدى ۋە ئەتە ئەتىگەندىن باشلاپ شۇ بويىچە ئىشلارنى پۈتكۈزۈشنى نىيەت قىلىپ، خورەك ۋادىسىغا راۋان بولدى. بۇ چاغدا ھەمدەمجانمۇ ھۇجرىسىغا چىقىپ كېتىشكە ئۈلگۈرمەي، جوزا يېنىدىلا، گىلەمگە قىيسىيىپ ئۇخلاپ قالغانىدى.

ئىككى ئاغىنە ئەتىسى يەنە جوزا يېنىدا ئۇچراشتى، كۈلۈشتى. كېيىن ھەمدەمجان ھويلىغا چىقىپ، چاي كۆتۈرۈپ كىردى. ئۇنىڭسىزمۇ تىت ـ تىتچىلىكتە يۈرگەن گۈلزىبا ئېرىگە چاي كورىسىنى دوققىدە تۇتقۇزدى.

ھەمدەمجان چېيىنى ئالدىراپلا ئىچىپ راۋۇتىغا ئالدىراپ جۆنىگەندىن كېيىن، باقەم شائىرمۇ كوچىغا چىقتى. ياش چوقايغانسېرى ئادەم ھاراقنى

كۆتۈرەلمەيدىغان گەپ، جان دىگەن تۆمۈردىن سوقۇلغان ئەمەس ـ دە! دىگەنبىلەن ئاخشامقى ئويلىغانلىرى ئېسىدە بار ئىدى. شۇ پىلانى بويىچە ئالدى بىلەن شىركەتكە، باش دىرېكتورغا تېلېفون بېرىپ ئالتۇن مۇكاپاتنىڭ ئىشىنى يەنە بىر سۈيلىمەكچى بولدى ھەم سۈيلىدى. دىرېكتورنىڭ ئېيتىشىچە ھەممە ئىش پۈتۈپتەك، پەقەت گۇۋاھنامە بىلەن «ئالتۇن ھەيكەل»نى ئەۋەتىپ بېرىشلا قاپتەك، تېلېفوندا باش دىرېكتور باقەم شائىرغا ئىلگىرى نەچچە قېتىم تاپىلىغان بىر ئىشنى، يەنى باشقىمۇ جايلاردىن «ئالتۇن مۇكاپات» قا يەنە بىرنەچچە خېرىدار ئىزدەپ تېپىشنى، ئەمدىكى تاپقانلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆزىگە خېلىلا كۆپ پىرسەنت ئايرىپ بېرىلىدىغانلىقىنى قايتا ئەسكەرتتى. ئاخشام بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا نەچچە مىڭ يۈەننى ئۆرە قىلغان باقەمنىڭ بۇنداق خۇرۇچلۇق سودىنى تازىمۇ قىلغۇسى بار ئىدى ـ يۇ، لېكىن ھازىرچە باش ئۇچلاپ كىرگۈدەك يەر يوق ئىدى. ئۇ باش دىرېكتورغا «ماقۇلغا جاۋاب يوق» دىگەنگە يېقىنراق ۋەدىنى بېرىۋېتىپ، گەپنى مۇئاۋىنلىق ئەملى تەرەپكە بۇرىدى ۋە بۇ جەھەتتىمۇ قولاقتا خۇشياقىقۇدەك جاۋابقا ئېرىشتى. مۇبادا، دىرېكتور سوت مەھكىمىسىنىڭمىكىن يا بىرەر ئىدارىنىڭمىكىن، كەسكىنرەك بىر ئادىمى تېلېفون ئارقىلىق باقەمنى ئىزدەپ، ئۇنىڭ نىكاھ ئىشىنى تىلغا ئالغانلىقىنى دىمىگەن بولسا باقەمنىڭ بۈگۈنكى كۈنىمۇ تامامەن خۇرسەنلىك ئىچىدە ئۆتكەن بولار ئىدى. شۇ ئۈچۈر تۈپەيلى ئۇ شۇ بىر كۈنىنىڭ قالغىنىنى نىجاسەت يەۋالغاندەك ئۆتكۈزدى.

ھەمدەمجان يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك زاۋۇتقا ئەتىگەن

كېتىپ، جىق ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىپ، ئۇھ دېگۈدەك ھالى قالماي كەچتە بىراقلا ئۆيگە يېنىپ كەلدى. ئېرىنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرگەن گۈلزىبا ھېلىقى گەپلەرنى دەيمۇ ـ دېمەيمۇ دەپ ئىككىلىنىپ قالدى. قېيىنئاكىسى قايتىپ كەلگەچكە، گۈلزىبا ساقتايىنى ئېلىپ ئىلگىرىكىدەك ئۆز ھۇجرىسىغا چىقىپ كەتكەندى. گۈلزىبانىڭ تەلىيىگە، كۆرپىدە يانپاشلاپ ياتقان ھەمدەمجاننىڭ ئۆزى گەپنى تېشىپ بەردى.

ــ ئەتىگەن ئەتكەنچاي كورىسىنى ئەجەب سىلكىشلەپ قولۇمغا تۇتقۇزۇپ كەتتىڭىزا!ــ دېدى ئۇ يېنىدا خىيالچان ئولتۇرغان ئايالىغا.

ئۇنىڭسىزمۇ ئىچى سىقىلىپ تۇرغان گۈلزىبا ئېرىگە يېقىندىن بېرى ئائىلىدە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى ئاۋۋال پۈرىتىپ، كېيىن گەپنىڭ نەق يېرىنى سۆزلەشكە كىرىشتى. لېكىن، ئۇنىڭ گەپلىرىگە جىددىي قاراشنىڭ ئورنىغا، ھەمدەمجان ھە دېگەندىلا چاقچاق بىلەن جاۋاب قايتۇردى.

ــ قويۇڭا، زىبا، ئايال خەقنىڭمىزە مۇشۇ گۇمانخورلۇقى! باقەم ئۇ كۈنى مەستىمىدىكەن؟ ھەرقانچە بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىگە يات ئارىدا يەڭگە بولىدىغان، يەنە كېلىپ، ئېرى، بالىسى بار ئايالغا ئۇ قاتارلىق گەپلەرنى قىلماس؟ بەلكىم ئۇ سىزگە زىيانىڭ گېپىنى قىلىمەن دەپ، ھاياجانلىنىپ كەتكەندۇر؟ مەستىرەك بولسا دەيمىنا، شائىر دېگەن ھېسسىياتچان كېلىدۇ ئەمەسمۇ؟ تۇۋا، مۇشۇنداق ئىشلارمۇ بولىدى دەڭ، مەن يوق، زېرىكمەپسىز ـ دە، ھە، ئويۇن كۆرۈپ؟

گۈلزىبا تېرىككىنىدىن بوغۇلۇپ قالايلا دېدى.

ئىرىنىڭ مىجەزى ئۇنىڭغا بەش بارماقتەك ئايان بولسىمۇ، بۈگۈن خاپا بولماي تۇرالمىدى. كۆڭۈلچەك، بىر ئىشلارغا ئىرەنسىز ھەمدەمجان ھەر دائىم مۇشۇنداق قىلاتتى، گۈلزىبا تىرىككەنسېرى ئۇنى بەتتەر تىرىكتۇرۇپ كۆڭۈل ئاچاتتى. بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. ھەمدەمجاندىن باشقا ئادەم بولغان بولسا، باقەم شائىرنىڭ ئۆزى يوق ۋاقىتتا قىلغان نائىنسابلىقىغا ئاللىقاچان، ھە دېگەندىلا قۇيقا چېچى تىك تۇرغان، غەزەپتىن نېمىلەرنىدۇر قىلىپ كەتكەن بولاتتى. خاھ ئىشىنىڭ، خاھ ئىشەنمەڭ، ئايالىنىڭ گەپلىرىگە ئۇ يەنىلا كونا ئادىتىنى قىلىپ كۈلۈپ، پەرۋاسىزلىقىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئولتۇرۇۋەردى.

— ئىشقىلىپ مەن دەپ قويدۇم، — دېدى گۈلزىبا ئاخىرى پەسكويغا چۈشكەندەك، — باشتىلا، ئۇ ئاغىنىڭىزنى سىز ئۆيىمىزگە تۇنجى قېتىم باشلاپ كىرگەندىلا بۇ باقەم دېگەن شائىرىڭىز ماڭا ياقمىغانىدى. بىراق، مېھمانىنىڭ ھۆرمىتى ئۇلۇغ دەپ، ئارتۇق گەپ قىلمىدىم. يەيمەن، ئىچىمەن دېسە، توقچىلىقىمۇ، نەچچە ئادەمنى باققۇچىلىكىمىز بار. ئۇنىڭ ئۇستىگە پۇلنى تاپسىڭىز، سىز تېپىۋاتىسىز، لېكىن ئۇ ئادەم ماڭا ياقمىغان، نېمە ئۇ، كۈلۈشلىرىمۇ، ئادەمگە بەز مارىغان مۇشۈكتەك قاراشلىرىمۇ بىرقىسىملا! گەپلىرىنىڭ لاۋزىلىقچۇ تېخى، بىر خىل سۇنئىيغۇ! سىزغۇ ئۇ ئادەمنىڭ ئاغزىدىن بىر گەپ چىقار ـ چىقماي خىرىلداپ كۈلۈۋېرىدىكەنسىز. راست، ئايالى يوق ئىكەن دېيۈدىگىز، گېپىڭىزگە مەيلى دېدىم، گۈلزىيانى ئويلىدىم. يېشىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قېلىۋاتىدۇ، تەقدىر ـ

پېشانىگە پۈتكەن بولسا، خەلقئالەمنىڭ ئالدىدا تويىنى قىلىپ قويغىنىمىزمۇ خوپ ئىكەن دېدىم. لېكىن، ئاۋۇ كۈنى... تووۋا، ئويلىسام ئاچچىقىم كېلىدۇ دېسە! ۋىيەي، ۋىيەي...

— بولدى، بولدى ئاچچىقلاۋەرمەڭ ئەمدى، — دېدى ھەمدەمجان تىك ئولتۇرۇپ، بۇ قېتىم ئۇ خېلى جىددىي پاراڭ قىلدى، — ھەركىم ياخشى بولسا ئۆزىگە، يامانلىق قىلسىمۇ ئۆزىگە! مېنى نېمە قىلسۇن دەيسىز، خەقمۇ مېنىڭ زاۋۇتۇمغا ياردەملىشىپ، ھېلىقى... خەلقئارالىق مۇكاپاتنى ئېلىپ بېرىمەن دەۋاتامدۇ.

— شۇ نېمەڭلارغىمۇ گۇمانىم بار مېنىڭ، — گۈلزىبا يەنە قايناپ قالدى، — «ئېشىمدا يوق پۇرچاق، پوقۇمدا نېمىش قىلار» دېگەندەك، ھېچنېمىدىن - ھېچنېمە يوقلا ئالتۇن مۇكاپاتقا قىزىقىپ قاپسىزا، شۇنچىۋالا كۆپ پۇلنىڭ كۆزىگە ياغاچ تىقىپ... شۇ پۇلنى زاۋۇتنىڭ ئۆزىگە ئىشلەتسىڭىزمۇ تاپار ئىدىڭىز ئاشۇ ئابرۇينى!

— بولدى، بولدى، سىز بۇ ئىشلارغا غەم قىلىپ كەتمەڭ، گۈلزىيانىڭ ئىشىغا باش قاتۇرۇڭ. بازار، سودا رىقابىتىنى سىز چۈشەنمەيسىز. جاننى كېپەككە سېتىپ، ئابرۇينى ئالتۇنغا ئالىدىغان زامان ھازىر! مەن ئەتىگىچە باقىجان بىلەن پاراڭلىشاي، بېلى چىڭ بولسا، ئىككىسىنىڭ بېشىنى چاتىدىغان ئىشنى تېزرەك قىلىۋېتەيلى!

— تېزرەك چېتىۋېتەيلى دېمەي، ئۇ ئادەمنى يەنە ئوبدانراق كۆزىتىپ بېقىڭ! گۈلزىيا سىڭلىمغۇ بىزنىڭ رايىمىزغا بېقىپلا بوپتۇ دەۋاتىدۇ، نېمىلا دېگەنبىلەن دەردى ئىچىدە ئۇنىڭ...

— بولدىلا، مەن ئالتۇن، خەق مىس دەۋەرمەيلى، گۈلزىيا شەھەرلىك بولۇپ كەتسە، ئۆزىگىمۇ، بىزگىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ! «قىز بالا ئەردە ياخشى، بولمىسا يەردە» دەپتىكەن، نىمە بولدى، يەنە ئالىيىۋاتىسىزغۇ؟ بولدى، بولدى، گەپ قىلمىدىم. ئۇخلايلى، ئەتە يەنە بىر توقاي ئىشلار بار تېخى! ئۇھ، ئەجەب ھاردىما!

دەل شۇ پەيتتە باقەم شائىر W ناھىيەسىنىڭ كۇنپېتىش تەرىپىگە جايلاشقان كونا قۇشخانىنىڭ يېنىدا، كىچىككىنە بىر ئاشخانىدا بىرنەچچەيلەن بىلەن ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ، دۇنيادىن بىغەم ئولتۇراتتى. ئەتىگەن باش دىرېكتور بىلەن تېلېفوندا پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ھېلىقى بىر خەۋەر ئۇنىڭ پەيزىنى بۇزۇپ قويغانلىقى ھەممىسىگە مەلۇم. باقەمنىڭ ئاشۇ بىمەززىلىك تۇپەيلى يەنە غۇززىدىلا ھاراق خۇمارى تۇتۇپ قالدى. چۈشتىن كېيىن ناھىيە كوچىلىرىنى ئالەك دېگەن لالما ئىتتەك قاتراپ ئايلىنىپ يۈرۈپ، ھەمدەمجانىنىڭ سەۋەبىدىن تونۇشۇپ قالغان بىرنەچچە ئادەمنى تاپتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاسىم شىلىم بىلەن ئوقۇرمەنلىرىمىز تېخى تونۇشۇپ ئۈلگۈرمىگەن سادىق تەپتىش دېگەن بىرى بار ئىدى.

سادىق تەپتىشنى يادىغا ئالغان ئادەم نەق ئاسىم شىلىم بولدى. مىجەز مىجەزگە ياندىشار دېگەندەك، ئۇ سادىق تەپتىشكە ئامراق ئىدى.

— يائاللا، با فۇجىڭلى، ياق، با فۇزۇڭجىڭلى، ئۆزلىرىدەك ھەقەمسايىلەر بىلەن كۇندە لەۋلىرىجاندىن سۇمۇرۇشۇپ تۇرساق ئارمان قالامدا؟ توختىسىلا،

تـوختىمـسـىلا، ماۋۇ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا سادىق تەپتىش دەپ بىر ئاغىنىمىز بار، قانداق، بىلەمدىلا ـ ھە؟ ئالامەت يىگىت، يائاللا! گەپ ـ سۆزلىرى قىلىچتا كەسكەندەك، ئوزايىمۇ سۇرلۇك، ئاغىنىدارچىلىققا يارايدۇ، ھاراق دېگەننى كۆتۈرۈپ قويىدا، ئەمما... قانى ـ قانداق، ئېلىشۋالىمىزما؟

باقەمنىڭ رازىلىقى بىلەن ئاسىم شىلىم بىردەمدىلا سادىق تەپتىشنى تېپىپ كەلدى: ئاڭغىچە يەنە بىر ـ ئىككىيلەن قېتىلدى. دورا شىركىتى ئاشخانىسىنى قايتىدىن بېزەۋاتقان بولغاچقا، ئۇلار ئاغىل ـ تاغىل سۆزلىشىپ، كونا قۇشخانا تەرەپكە ماڭدى. ئۇ يەردىكى بىر كىچىك ئاشخانىنىڭ قورۇمىلىرى، سادىق تەپتىشنىڭ دېيىشىچە W ناھىيەسىدە يېگانە ئىمىش!

ئەمدى بىز سەھىپىمىزدىن بىرنەچچە بەت ئاجرىتىپ، سادىق تەپتىش ھەققىدە پاراڭ قىلايلى.

دۇنيادا تۈرلۈك ـ تۈمەن ئىشلار بولغىنىغا ئوخشاش، خىلمۇخىل مىجەزلىك ئادەملەرمۇ بار. بەلكى، ھايات شۇ سەۋەبتىن قىزىقارلىق بولسا كېرەك! سادىق تەپتىش W ناھىيەلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا ئىشلەيتتى، ئۆزى جەينەكچىلىك، بىراق خاپان بېشى بىلەن ھەربىرى گۇرجەكچىلىك كېلىدىغان ئالىقانلىرى ئۇنى كىشىگە تولىمۇ غەيرىي كۆرسىتەتتى. شۇلارنىڭ ئەكسىچە ئاۋازى ئەينەك چاققاندەك غەلىتىلا چىقاتتى، ھەر جۈملە گەپنى تۈگەتكەندە ئادەمگە خىرىس قىلغاندەك خىرقىراپ قوياتتى. تېلېۋىزىيە پىروگراممىلىرىنى ئىشلەيدىغان ئورۇنلاردا تەپتىش دەيدىغان بىر خادىم بولىدۇ. ئۇنىڭ

ۋەزىپىسى دىكتورلارنىڭ سۆزلەرنى خاتا ئوقۇپ قويماسلىقنى بايقاپ تۇرۇش، بىراق سادىق تەپتىش ئۆز خىزمىتىنى ئۇنچىلىك تەرىپلەپ قويۇش بىلەن بولدى قىلمايتتى ۋە ئەتەي سىرلىقلاشتۇرۇپ، تەپتىشلىك خىزمىتىنى شۇنچىلىك مۇھىم، جىددىي ۋە ھەتتا قورقۇنچلۇق قىلىپ كۆرسىتەتتىكى، ئاڭلىغان ئادەم تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنى يالغۇز مۇشۇ سادىق تەپتىش چۆرگۈلىتىۋاتقان بولسا كېرەك، ئۇ يەردىكى ئادەملەرنى سادىق تەپتىش سۆز، بۇيرۇق بىلەن ئەمەس، تاياق بىلەن باشقۇرىدىغان ئوخشايدۇ دەپمۇ ئويلاپ قالاتتى. ئەمەلىيەتتە بىزدە، گاھىبىر ئىدارە، مەھكىمىلەردە شۇنداق بىر تېتىقسىز ئادەملەرمۇ چىقىپ قالىدۇكى، ئۇلار دەرۋازىدىن كىرىپ كەتسە مۇشۇك، چىقىپلا كەتسە بەجايىكى شىرغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

— سادىق تەپتىش، ئالدىراپ مېڭىپىلىغۇ؟

— مەن بولمىسام ئۇ يەردىكى قاشاڭلار ئىش قىلماي، ئاپتاپسىنىپ باش بېقىشىۋاتقان خوتۇنلاردەك قۇرۇق گەپ ساتىدۇ. كەچلىك پىروگراممىا ئۇلگۇرمەي قالمىسۇن يەنە! شۇڭا ئالدىرىشىم...

— سادىق ئاكا، ئاچچىقىڭىز كېلىپ قاپتا؟

— شۇنداق بولماي، ھېلىلا گەدەنكەشلىك قىلغان بىر دىكتورنى ئىشتىن بوشىتىۋېتىپ چىقتىم. پاچىقىنى چېقىۋېتەي دەپ...

كەچلىرى ئۆي ـ ئۆيلەردە، ناھىيە خەۋەرلىرى كۆرسىتىلىۋاتقان چاغدا گاھىبىر ساددىلار تېلېۋىزور كۆرگەچ خوتۇن ـ بالىۋاقىلىرىغا ماختىنىشاتتى.

— ۋاھ، مۇشۇ بىزنىڭ سادىق تەپتىش بولمىسا، مۇشۇ دەنشى① چىقمايدۇ جۇمۇ!

— ھېلىقى سۆزلەيدىغان پۆپۈك باش بالا چىقمايدىغان بولۇپ قالدىغۇ؟ — دەپ قوياتتى گاھىدا بىرەر ئايال. بايىلا سادىق تەپتىش بىلەن يولدا كالتە پاراڭ سېلىشىپ كىرگەن ئېرى شۇ ھامان ماختانغاندەك ئىزاھ بېرەتتى:

— ھىم، ئۇنى بىزنىڭ سادىق تەپتىش دېگەن ئاغىنە ۋاللەي قىچقارتقان گەپ، بويۇنتاۋلىق قىپتىكەن...

ھاراق سورۇنلىرىدا سادىق تەپتىشكە پونى نورمىسىز ئاتىدىغان پۇرسەت ھامانەم تېپىلىپ تۇراتتى.

— بىزنىڭ مۇشۇ تەپتىشلىك دېگەن باش تەپتىش بىلەن ئوخشاشلا خىزمەت جۇمۇ ئۇكىلار، — دەيتتى ئۇ ھاراقتىن قىزارغان بۇرنىنى خۇددى تەپتىشلىكتە قىزارغاندەك ئىشقىلاپ تۇرۇپ، — ناھىيەدىكى باشلىقلارغا نەچچە قېتىم ئېيتتىم، مۇشۇ خىزمەتنى زادى ئىشلىمەيچۇ دەپ...

— ئۇنىدىما؟ ھەي ئۇنىمايدۇ تايىنلىق؟ — سورۇندىكى بىرەرى گەپ كوچىلاپمۇ ياكى ساددىلىقتىنمۇ سورايتتى.

— شۇ، ئۇنىمىغان گەپ، — سادىق تەپتىش ئامالسىزلارچە ئۇھ تارتاتتى، — بولدى بىزنى خاتىرجەم قىلىپ، ئۆزىڭىز ئىشلەۋېرىڭ، ئىشنىڭ جىددىي ۋاقتىدا باشقا بىر ئادەمنى بەلگىلەيمىز دەپ يەنە چاڭۋېي② يىغىنى ئاچىمىزمۇ، دەيدۇ!

① دەنشى — تېلېۋىزور.
② چاڭۋېي — دائىمىي ئەزالار.

— راست ئەمەسمۇ، راست ئەمەسمۇ، يەنە كېلىپ ئۇنداق ئادەمنى نەدىن تاپىدۇ دەڭە! ھەي، بۇ ناھىيەدە سىزدەك قاملاشتۇرۇپ ئىشلەيدىغان ئادەمدىن يەنە بىرى يوقلا؟...

— شۇ، يوق ئىكەن!— دەيتتى سادىق تەپتىش يىغلامسىراپ.

بىر قېتىم سادىق تەپتىش ئادەم تىقما - تىقماق كوچا ئاپتوبۇسىغا ئەڭ ئاخىرىدا قىستىلىپ چىقىۋالغانىكەن. قوپال شوپۇر ئاپتوبۇسنى توساتتىن تورمۇزلىغاندا تېخىچە يېپىلمىغان ئىشىكنىڭ گىرۋىكىدە تۇرغان تەپتىشجان بىر موللاق ئېتىپ يەرگە يىقىلىپتۇ - دە، شۇ يەردىلا بىر پۇتى ئوشۇقىدىن سۇنۇپتۇ، ئاپتوبۇس شوپۇرى كىشىلەرنىڭ قىيقاس - چۇقىنىغا پەرۋا قىلماي قۇيرۇقىنى خادا قىپتۇ. سادىق تەپتىش بولسا ۋايجان - ۋايىيەي بىلەن يەردە خېلى يېتىپ قاپتۇ. ئولاشقان ئالىماندىن كىمدۇر بىرى تاكسى توختىتىپ، ئۇنى دوختۇرخانىغا يولغا سېلىپ قويۇپتۇ...

بۇ ئىش ئەسلىدە مۇشۇنچىلىكلا ئىش ئىدى. بىراق، تېڭىقلىق پۇتىنى دارديتىپ ياتقان سادىق تەپتىش يوقلاپ كىرگەنلەرگە بۆلەك ھېكايە سۆزلەيتتى.

— شۇ، تەپتىشلىكنىڭ پايدىسى بولمامدۇ، ئالدىراشلىقتا ماشىنىغا ئۇسۇۋالدىم (نېمە ماشىنا ئىكەنلىكىنى سورىغان ئادەم يوق!) بىزنىڭ ئۇ يەردە ھەممىلا يەردە ئىمپورتنى ماشىنىلار، ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەر... ھەممەيلەن: «ۋاي ئەمدى قانداق قىلارمىز، ۋاي ئەمدى سىز بولمىسىڭىز قانداق قىلارمىز!» دېيىشىپ كەتتى، تېخىنىك ئاياللار يىغلاپ...

سادىق تەپتىش لاپقا ئىغىز ئاچتىمۇ، بولدى، شېئىر يېزىۋاتقان شائىردەك ئىلھامى كېلىۋېرەتتى. تىڭشاۋاتقانلارمۇ يامان، گاھىبىرلىرى يېنىدىكىسىگە كۆزىنى قىسىپ قويۇپ ئەتەي گەپكە قوشۇق سالاتتى:

— يامان بوپتۇ ـ دە، سادىقجان، ئەمدى قانداق قىلارمىز، تېلېۋىزورنى كۈندە كۆرۈپ ئۆگىنىپ قاپتىكەنمىز.

سادىق تەپتىش دۇنيادىن بىخەۋەر، لاپنى داۋاملاشتۇراتتى:

— خاتىرجەم بولۇڭلار، بىرنەچچە كۈندىلا ساقىيىپ كېتىمەن!

دېگەنىبىلەن سادىق تەپتىش پۈتىنىڭ ئاغرىقىغا چىدىماي ۋاي ـ ۋايلاپ ياتقان كۈنلەردىمۇ ھەممە ئۆيلەردە تېلېۋىزور پىروگراممىلىرى داۋاملىق كۆرسىتىلىۋەردى، سادىق تەپتىش شۇ تەرىپىنى ئويلىمىدى بولغاي.

ئون كۈنلەردىن كېيىن ئۇ قولتۇق تاياقتا دىڭگۇسلاپ ئىشقا چىقىپ يۈردى، يولدا ئۇچرىغانلار سورايتتى:

— ھە، سادىقجان، قاياققا ماڭدىڭىز، تېڭىق ئالماشتۇرامسىزا؟

— ياق، خىزمەتكە ماڭدىم.

— نېمە دەيسىزۇي، ھېلىتىن يەر دەسسىسىڭىز قانداق بولىدۇ؟

— ئىدارىدىكىلەر تېلېفون بىرىپ ئولتۇرغۇزمىدى، سىز يوق، ئىشىمىز توختاپ قالاي ـ قالاي دېدى دەپ، قانداق قىلىمەن، ماڭدىم شۇ!

— ھە، ئەمىسە بېرىڭ، بېرىڭ، تېلېۋىزور كۆرمىسەك قانداق بولىدۇ، يەنىلا ئەلنى ئويلايسىز ـ دە!

سادىق تەپتىش ئارقىسىدا قالغانلار كۈلۈۋاتامدۇ يا باشلىرىنى چايقىشىۋاتامدۇ، چاتىقى يوق، توكچاڭلاپ، خىزمەتداشلىرىنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنگىلى ئىشخانىغا ماڭاتتى.

— ئۆتكەن يىل يۇرتقا بارغانىدىم، — دەپ پاراڭ سوقتى سادىق تەپتىش بىر هاراق سورۇنىدا، بۇ چاغدا ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ ئۇچى قىزىرىپ، مەي باغلاپ كەتكەنىدى، — ناهىيەلىك قاتناش بېكىتىدىن بىزنىڭ مەهەللىگە تۆت سائەتلىك يول ئىدى، بىر شەخسىي كىرا مىنىبۇسىغا چىقىۋالدىم. يولدا شوپۇر هە دەپلا كەينىگە قايرىلىپ ماڭا قاراپ - قاراپ قويىدۇ، ئەتراپىمدىكىلەرمۇ بويۇنلىرىنى غازدەك سوزۇپ ماڭا قارايدۇ... بىرچاغدا بىر ئۆستەڭگە كېلىپ تاقاشتۇق، كۆۋرۈك بۇزۇلۇپ كېتىپتىكەن، ياندىكى ياپىلاڭ ئېقىنىدىن كېچىپ ئۆتۈشكە توغرا كەلدى، ياق بىز ئەمەس، مىنىبۇس! شۇنىڭ بىلەن، ئۆستەڭنىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە مىنىبۇس پېتىپ قالدى ئەمەسمۇ! شوپۇر ئۇستام ئامال قىلالماي ئاخىر: «خالايىق، هەممىڭلار چۈشۈپ ماشىنىنى مۇرىدەشمىسەڭلار بولمىدى» دېۋىدى، ياۋاش خەق ئىكەن، ئاياللارمۇ پۇچقاقلىرىنى تۈرۈشۈپ سۇغا چۈشۈشكە تەمشىلىۋاتىدۇ. مەن ئىچىمدە: «ئىم، قانداق قىلارمەن» دەپ ئويلاپ تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدىم. سۇنغان پۇتۇمنى ئايايمەن - دە! شۇ ئارىدا شوپۇر ئۇستام كۆزۈمگە قاراپ: «تەخسىر، سىلى چۈشمىسىلە، ئاتلىرى نېمىدا؟» دەپ قالدى. ئالدىراشچىلىقتا «سادىق تەپتىش» دەۋېتىپ قاپتىمەن.

باشقا چاغلاردا ھەرگىز ئوڭايلىقچە دېمەيتتىم. شۇنداق دېيىشىم بىلەنلا، ئەتراپنى قىيقاس ــ چۇقان قاپلىدى. «ۋايەي، سادىق تەپتىش ئۆزلىرىكەنلا ــ دە، ۋايىيەي سادىق تەپتىش بىلەن بىر ماشىنىدا ئولتۇرۇپتىمىز ئەمەسمۇ، ۋاي سىلى راستىنلا ھېلىقى سادىق تەپتىش بولامدىلا؟» دېيىشىپ، شوپۇر، يولۇچىلار قىلغىلى قىلىق تاپالماي كېتىشتى. بىرچاغدا شوپۇر ئۇستام ئېسىگە كېلىپ: «ۋاي خالايىق، ماشىنىنى چاپسان ئىتتىرىڭلار، سادىق تەپتىش سۇدا تۇرۇپ قالسا بولمايدۇ، پۇتى بىزنى دەپ سۇنغان» دېۋىدى، باياتىن سۇغا چۈشكۈسى كەلمەي تۇرغان بىر ئېغىرئاياغ ئايالمۇ سۇغا ئۆزىنى ئاتتى. خىجالەتچىلىك! شوپۇر ئۇستام رولنى ئوڭ ــ سولغا بۇرىغاچ: «سادىق تەپتىش!» دەپ توۋلىسا، سۇدىكىلەر: «بارىكاللا!» دەپ توۋلاپ مىنىبۇسنى مۇرىدەيدۇ، «سادىق تەپتىش!» دېسە، «بارىكاللا» دېيىشىپ ماشىنىنى ئىتتىرىدۇ، بىرچاغدا لەپلا قىلىپ قىرغاققا چىقىۋالدۇق.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، سادىق تەپتىشنىڭ ئۆزى توغرىسىدىكى بايانى قىزىقارلىقمىكەن، ئۇنداق بولسا تۆۋەندىكىسىگىمۇ قۇلاق سېلىڭ!

ــ بىزنىڭ ئوغۇل ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەندى، بىرىنچى سائەتلىك دەرستە مۇئەللىم بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئۆزئارا تونۇشۇش ئېلىپ بېرىپتىكەن، نۆۋەت ئوغلۇمغا كەلگەندە، بالام ئورنىدىن تۇرۇپ: «مېنىڭ ئىسمىم ھادىقجان، دادامنىڭ ئىسمى سادىقجان» دېيىشىگە مۇئەللىمى بىرنېمىدىن گۇمان قىلغاندەك ھادىقجاننىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ: «قايسى سادىقجان، نەدە ئىشلەيدۇ؟» دەپ سوراپ تۇرۇۋاپتۇ. شۇ چاغدا بىزنىڭ

نادان ئوغۇل: «سادىق تەپتىش» لا دەپ قويىمامدۇ، ئاللا كۆرۈڭ، سىنىپىنىڭ ئىچىنى قىيا ـ چىيا قاپلاپ كەتكەن گەپ. مۇئەللىم بىر چەتتە قىلىپ، يېڭى ساۋاقداشلىرى بىزنىڭ ئوغۇلنى ئارىغا ئېلىۋاپتۇ. «ۋاي سادىق تەپتىشنىڭ ئوغلى ئىكەن ئەمەسمۇ، سادىق تەپتىشنىڭ بالىسى بىلەن بىللە ئوقۇيدىكەنمىز ـ دە! ۋاي، سادىق تەپتىشنى بىر كۆرسەك دەپ يۈرەتتۇق، ئوغلىنى بولسىمۇ كۆردۇق، دادىڭىز سىرتلاردىمۇ ماڭامدۇ؟ زۇكام بولۇپ قالسا بىزدەكلا يۆتىلەمدۇ؟» دېيىشىپ، بىچارە بالامنى ھودۇقتۇرۇۋېلىشىپتۇ، كېيىن دىدىم، ئاغزىڭنىڭ بوشلۇقىغا توي، دەپ! تېخى، سادىق تەپتىشنىڭ بالىسى بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇرىمىز دەپ ھەر چىرايلىق قىزلارنىڭ چاچلىشىپ كەتكەنلىرىچۇ!...

ئەنە شۇ سادىق تەپتىش بىلەن باقەم W ناھىيەسىنىڭ كۇنىپېتىش تەرىپىدىكى بىر كىچىك ئاشخانىدا تەپتىشنىڭ ئەڭ يېڭى لاپ، ماختىنىشلىرىنى ئاڭلىغاچ ھاراق خۇمارىنى باستى. ھاراق ئايلانغانسېرى ئۇمۇ، ئۇلپەتلىرىمۇ قىزىپ، باشلىرى ئايلىنىپ، ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ غەلىتىلىكلىرىنى نامايان قىلىشىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن لاۋزىلىشىشتى. بىرچاغدا باقەم شائىرنىڭ شائىرلىقى ۋازژىدە تۇتۇپ، پۇچۇق رومكىنى قولىغا ئېلىپ باشتىن ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇتقىنىچە نەق مەيداندىلا ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان، داڭقان پۇتى ئىبارىلەر بىلەن تولغان «مۇھەببەت لىرىكا»لىرىنى ھاياجانلىق ئىلكىدە ئىرغىپ ـ ئىرغىپ ئوقۇشقا باشلىدى. ئوقۇۋېتىپ بىر يەرلەردە يىغلايتتى. ئارىسىدا بەزەن گۈلزىبانىڭ، بەزىدە گۈلزىيانىڭ ئىسمى چىقىپ قالاتتى.

تېخى بىر قېتىم «ھەل بولمىدى تولۇق ئوتتۇز مىڭ يوەنمۇ» دېگەن مىسرامۇ قاڭقىپ چىقىپ كەتتى. باقەم شېئىر ئوقۇۋاتقاندا، ئۆلگۈچە مەست بولۇپ كەتكەن ئاسىم شىلىم خۇددى چەت ئەل تىلىنى تەرجىمە قىلىپ بېرىۋاتقاندەك شىركەيىپ ئولپەتلەرگە باقەم شائىرنىڭ دەردلىرىنى ھەر مىسرا شېئىرغا يانداپ چۈشەندۈرمەكتە ئىدى. سادىق تەپتىش تۇنجى قېتىم ماختىنىشتىن توختاپ، خاپان بېشىنى لىكاڭلىتىپ، باقەمجانغا ئېچىنىشلىق بىر نەزەردە قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى، كېيىن بىردىنلا خىرقىرىغان ئاۋاز بىلەن شۇنداق بىر سۆزلەرنى قىلىپ كەتتىكى، باقەمنىڭ كۆڭلىگە بۆلەكچىلا ياققان بۇ سۆزلەرنى كېيىنكى بابىمىزدا ئاشكارىلايلى.

# ئون سەككىزىنچى باب

ئەمەلىيەتتە باقەم شائىرنىڭ ئوتتۇز مىڭ يۈەن ھەققىدىكى مىسرالىرى قىپقىزىل يالغان ئىدى، ئۇ ئاللىقاچان ھەمدەمجانغا «باش شىركەت ئالدىن پۇلنى تاپشۇرمىسا مۇكاپاتنى ھەل قىلماق تەس دەۋاتىدۇ» دەپ پۇلنى تۇگەل ئېلىپ بولغان، نۆۋەتتە «ھەمدەم چاڭجاڭ مۇكاپاتنى كۆرگەندىن كېيىن پۇلنىڭ قالغان يېرىمىنى بېرىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، چىڭ تۇرۇۋېلىۋاتىدۇ» دەپ باشلىقىنىڭمۇ كۆزىگە ياغاچ تىقىپ بەش مىڭ يۈەننى ئەۋەتىپ، ئون مىڭ يۈەننى ھازىرچە موككىدە يېنىغا سېلىۋالغانىدى. ئوقۇرمەنلىرىمىزدىن سىر تۇتمايمىزكى، باقەم كۆڭلەرنىڭ بىرىدە شېرىن خىياللىرى ئەمەلگە ئېشىپ قالسا، مۇشۇ پۇلنى تويلۇق چىقىمىغا ئىشلەتمەكچىدى. «ھاڭ ـ تاڭ قالىسىز» شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورىغا كەلسەك، ئۇ «ئاجايىپ» مۇكاپاتنى نەچچە مىڭ يۈەن بىلەنلا، يىراققا بارمايلا يوق يەردىن بىنا قىلالايدىغان بولغاچقا، باقەم شائىرنىڭ يەتكۈزگەن خەۋىرىگىمۇ بوپتۇ دەۋەتتى. ئەمدىكى گەپ، باقەم دىرېكتورىدىن ئوغرىلىقچە ھەمدەمجاننىڭ بېشىنى داۋاملىق ئايلاندۇرۇپ، يەنە ئازراق دارامەت ئۇندۇرۇۋېلىشنىڭ كويىدا نىيىتىنى بۇزۇپ يۈرەتتى. شۇڭا، ئۆتكەندە گەپ ئارىسىدا ئۇ ھەمدەمجانغا ئەتەي

ھازىر ھەممە كارخانىچى داڭلىق ماركا يارىتىشقا ئىنتىزار، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەلۋەتتە ھەر خىل ئىمتىيازلار، مۇكاپاتلارغا، بولۇپمۇ خەلقئارالىق مۇكاپاتقا موھتاج ئىكەنلىكىنى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن، كۆپلىگەن تىجارەتچىلەرنىڭ كىرەك بولسا پۇلنى ئايىماي، خۇددى ئېلانغا خەجلىگەندەك خەجلەشكە تەييارلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن «ئاجايىپ ئالتۇن مۇكاپات»نىڭ باھاسىمۇ خېلىلا ئۆسۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتكەن، ھەممەدەمجانمۇ بۇ ئىشنىڭ كارى چاغلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەنىدى. نەپسى بارغانسېرى يوغىناپ، خېلى ـ خېلى ئىشلاردا يۈرىكى توملىشىپ كېتىۋاتقان باقەم بىر قاتار ئالدامچىلىقلىرى قاتارىغا ئەمدى پۇلنىڭ ئىشىنىمۇ قوشۇۋالدى... بىراق، بۇ كۈنى سادىق تەپتىش باقىجاننىڭ دەردلىرى ئىچىدىكى مەلۇم بىر دەردكە، يەنى مۇھەببەت دەردىگە ئايرىمچە كۆڭۈل بۆلۈپ قالدى. خېلى ياش چاغلىرىدا ئۇمۇ ئاللىقانداق «تەپتىش» لىكىنى پەش قىلىپ نۇرغۇن قىز ـ چوكانلارنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرغان بولۇپ، ھازىرغىچە بۇ جەھەتتە ئۆزىنى باشقۇرالماي يۈرەتتى. ئىشقىلىپ، ئادەمدە نومۇس بولمىسا ھەممە ئىشنى قىلىپ، يەنە خاتىرجەم كېتىۋېرىدىغان گەپ ئىكەن. ئەنە شۇنداق بولغاچقىمۇ شۇ تاپتا ئۇ قىپقىزىل بۇرنىنىڭ ئۈچىنى ئىشقىلاپ ئولتۇرۇپ باقەم شائىرغا ھاراقتىن كېيىن ئاچچىق ـ چۈچۈك زاكۇسكىدەك ياقىدىغان، يېرىمى چۈشىنىكسىز، قالغان يېرىمىمۇ پەلسەپەتىش سۆزلەر بىلەن ھەدە ـ سىڭىل ھەر ئىككىسىنى قولدىن چىقىرىۋەتمەسلىك، لەۋەن ھەدىسىگىمۇ قانات سۆرەۋېرىش، بەلەن سىڭلىسىنىمۇ

داۋاملىق كولدۇرلىتىپ تېخى توي قىلمىغان «پاقلان» قىزنىڭ بىرمەھەل پەيزىنى سۈرۈۋېلىش، ئاخىرىدا بولسا «ئەپقاچىدىغان جۇۋان بار، تاشلاپ قاچىدىغان قىز» دېگەن ماقالغا بىنائەن ھەدىسى گۈلزىبانى ھەرقانچە بەدەل تۆلەپ بولسىمۇ ئەمرىگە ئېلىش... ھەققىدە قاراپ تۇرۇپلا مۇناپىقلارچە مەسلىھەت بەردى. بۇ يەردە بىز سادىق تەپتىشنىڭ يىگىتلىك مەزگىلىدە Wناھىيەسىنىڭ گۈلى بولغان گۈلزىباغا ئۆلگۈدەك «ئاشىق» بولۇپ، قىلمىغان پەسكەشلىكلىرى قالماي ئاخىرىدا يەنىلا ئۇنى ھەمدەمجانغا تارتقۇزۇپ قويغانلىقىنى، بۇ تۆپىلى گۈلزىبانىمۇ، ھەمدەمجاننىمۇ ئۆزىگە ئۆمۈرلۈك دۈشمەن دەپ تونۇشقا ئەھدۇپەيمان قىلغانلىقىنى قىستۇرغاچ ئۆتسەك ئوقۇرمەنلىرىمىزگە خېلى بىر ئىشلار ئايان بولۇپ كېتەر.

باقەم شائىر سادىق تەپتىشنىڭ زەھەرخەندە مەسلىھەتىنى ئاڭلاپ بۇ قىزىل بۇرۇن ئاداشنىڭ قۇتمۇقۇت ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپقانلىقىنى ھەيرانلىق بىلەن ھېس قىلدى ۋە بۆلەكچىلا خۇش بولۇپ كەتتى. ھەتتا خېلى ـ خېلى ئەسكىلىكلەرنى قىلىپ چىدىيالايدىغان ئاسىم شىلىم تەپتىشنىڭ بۇ مەسلىھەتىنى ئاڭلاپ بىر چۆچۈۋالغان بولسىمۇ، تەبئىتىگە يارىشا ئۇمۇ توسۇيدىغان بىرەر ئېغىز پاراڭ قىلمىدى، بەلكى ھەمدەمجاننىڭ ئوقەتتە ئالغا بېسىپ كېتىۋاتقانلىقىغا كۆڭلىدە خېلىدىن بېرى غۇم ۋە ھەسەت بولغاچقىمۇ، ئىچى قارىلىق بىلەن ئالىلىنىپ ئىمىلەرنى ئويلاپ جىممىدە ئولتۇرۇپ كەتتى. بۇ چاغدا باقەم بىلەن سادىق ئىنتايىن مۇھىم بىر پائالىيەتنى ئۇيۇشتۇرماقچى

بولۇۋاتقان جامائەت ئەربابلىرىغا ئوخشاش، باقەمنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن «مۇھەببەت مەسىلىسى» نىڭ قەدەم ـ باسقۇچ، چارە ـ تەدبىرلىرىنى شۇنچىلىك ئەستايىدىل ھالدا پىلانلاشقا كىرىشىپ كەتكەنىدى. گەپ ئارىلىقىدا سادىق قىزىل بۇرۇن باقەمجاننىڭ تەلىپىگە بىنائەن بۇ ئىشلارنى خۇددى ئۆزىنىڭ ئىسمىدەك مەنە ھەم سۈپەت بىلەن مەخپىي تۇتىدىغانلىقى توغرىسىدا رومكا تۇتۇپ تۇرۇپ قەسەم ئىچتى، دېگەنىبىلەن كېيىنچە بۇ خىل قەسەم بېرىش ھەرىكىتىگە ئاسىم شىلىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قاتناشتۇرۇلدى. دەل شۇ چاغدا نەدىن ئاڭلىدى، ئولتۇرۇشنىڭ «ھىدىنى ئېلىپ» قالغان رەغىدۇللا كۆلگۈنچەك كونا قۇشخانا يېنىدىكى ھېلىقى ئاشخانىغا شېرىن ـ شېكەر گەپلىرىنى ياغدۇرۇپ كىرىپ كەلدى. «سىنىمىغانغا سىر بەرمە» دېگەن ماقالغا ئاساسەن، باقەم شائىر ئىككى قەسەمدىشىغا خۇددى مەخپىي رازۋېدكىچىلاردەك كۆز ئىشارىتى قىلىۋىدى، ئاۋۇلارمۇ تىللىرىنى دەررۇ يىغىشتى. ئولتۇرۇش رەغىدۇللانىڭ سادا پاراڭلىرى بىلەن يەنە بىردەم داۋاملاشتى.

سادىق تەپتىشنىڭ دەيدەيلىرى باقىجاننىڭ كېيىنكى قەدىمى ئۈچۈن يېتەرلىك مەدەت بولدى. بۇ يەردە شۇنىمۇ ئالاھىدە قەيت قىلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىككى، سادىق تەپتىش باقەمگە قەيىرى بىلەندۇر ئاجايىپ يېقىپ كەتكەنىدى. ئۇ كونا قۇشخانىنىڭ يېنىدىكى ئاشخانىدىن ئايرىلار ۋاقتىدا سادىق تەپتىشنىڭ ئىككى قولىدىن چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ، دەلدەڭشىگىنىچە ئۇنى بىرھازا ماختىدى. ئارىلىقتا خۇددى تەپتىشنى شالاپىدە قىلىپ

سۆيۇۋالىدىغاندەك ئۇنىڭغا تازىمۇ يېقىنلىشاتتى، لىڭشىپ تۇرۇپ يەنە سەل - پەل يىراقلىشاتتى. تامام ھەرىدىلىپ بولۇشقا ئازلا قالغان ھەشتەرخان دەرىخى ئەنە شۇنداق لىڭشىيدۇ.

كېيىنكى ئىشلار ھەرھالدا خېلى تېز ئىلگىرىلىدى. «خەيرلىك كۈنلەر»نىڭ بىرىدە شەھەردىكى باش دىرېكتوردىن تېلېفوندا خۇش خەۋەر كەلدى ھەمدە ئەتىسىلا شەھەردىن مەخسۇس ئەۋەتىلگەن بىر ئادەم باقەم شائىرغا كىچىكرەك، چىرايلىق يەشىكنى ئەكېلىپ داغدۇغىلىق گەپلەر بىلەن تاپشۇردى ۋە شۇ كۈنىلا قايتىپ كەتتى. ئۇ كەتسە كېتىۋەرسۇن، بىز ئەمدى ھەمدەمجاندىنمۇ تولىراق باقەم شائىرنى تەقەززا قىلغان «ئاجايىپ ئالتۇن مۇكاپات»غا نەزىرىمىزنى ئاغدۇرايلى!

يەشىكنىڭ ئىچىدىن چىققىنى قاتمۇقات يالتىراق قەغەزلەرگە يۆگەلگەن، كىچىك بالىنىڭ بىلىكىچىلىك، سوزۇنچاق بىر ئاتنىڭ ھەيكىلى بولۇپ، ئالتۇن رەڭدە پارقىراپ تۇرغان شاش بىر ئات ئۆرەدىگەن ھالەتتە ئىدى. ھەيكەلنىڭ تۆت چاسا تەگلىكىگە، تۆۋەن تەرىپىگە «ئاجايىپ» دېگەن خەت نەقىشلىنىپ يېزىلغان بولۇپ، ئات كۆرگەن ئادەمگە راستىنىلا چاپچىپ چېپىپ كېتىۋاتقان تۇيغۇنى بېرەتتى. يەشىكنىڭ ئىچىدىن يەنە مۇقاۋىسىغا ھەيكەلدىكىگە ئوخشاشلا ئالتۇن رەڭ پوتال بىلەن خەت يېزىلغان، تېخى «ئەڭ ئالىي مەسئۇلاتقا مەخسۇس بېرىلىدۇ، ھاراقچىلىق ساھەسىدىكى ئەڭ ئالىي ئالتۇن مۇكاپات» دېگەن سۆزلەرمۇ تىركەلگەن قىپقىزىل مۇقاۋىلىق ھەيۋەت كىنىشكىمۇ بىللە چىقتى. يەنە چەت

ئەلچە يېزىقلار بىلەن تولغان بىر نەچچە دەپتەرسىمان چوڭ ـ كىچىك چۈشەندۈرۈشنامىلەرمۇ بار ئىدى. تەبىئىيكى، بۇ يېزىقلار مۇكاپاتنىڭ سىر ـ ھەيۋىسىنى ئاشۇرۇپ تۇراتتى. بىراق، باقەم شائىر بىلەن ھەمدەمجان ھە دېگەندە ئۇلارغا ئانچە زېھىن قويۇپ كەتمىدى. باقەم ھاياجان ئىلكىدە ئاغىنىسىنى يەنە بىر قېتىم قۇچاقلاپ، ئات بىلەن كىنىشكىنى ئۇنىڭغا ئىككى قوللاپ ئۇزاتتى ۋە:

ــ مۇبارەك بولسۇن، ئاغىنەم، ئەمدى بۇ ئوتتۇرىدا سىزدىن نوچى ئادەم يوق، تىجارىتىڭىز تاغنىڭ سۈيىدەك تېشىپ، كۆۋەجەپ ئېقمۇۋېرىدۇ، دۈشمەنلىرىڭىز (باقەم «رىقابەتچىلىرىڭىز» دېمەكچى بولسا كېرەك!) ئېغىڭىنى تۇتۇپ يولدا قېلىۋېرىدۇ! ــ دېدى.

راستىنى ئېيتقاندا، شۇ تاپتا ھەمدەمجانمۇ ئېيتقۇسىز خۇشاللىقتا چۆمگەنىدى. ئاخىر ئۇ ئايمۇ، شەھەردىكى كاتتا ئىدارىدە ئىشلەيدىغان نوپۇزلۇق، يولى بار ئاغىنىسى، كونا ساۋاقدىشى باقەم شائىر بولغاچقىلا، ئۇنىڭغا بۇنداق ئامەت ۋە شان ـ شەرەپ نېسىپ بولدى ـ دە! بولمىغاندا، ھازىر خەجلىگەن پۇلغا يەنە شۇنچىلىك پۇل قوشسىمۇ، يولى يوقلارغا بۇنداق ئامەت نېسىپ بولاتتىمۇ؟ شۇڭا ئۇ بىردە ئالتۇن رەڭ ئاتقا، بىردە ئالامەت يوغان كىنىشكىغا ھاياجان ئىلكىدە قارىغانچە:

ــ رەھمەت، ئاغىنەم، رەھمەت! ئالامەت ساۋابلىق بىر ئىش قىلدىڭىز جۇمۇ، بۇنى تازا ئوبدان بىر تەبرىكلەيلى! ــ دەۋەتتى.

... مۇكاپات يېتىپ كېلىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن مۇسەللەس زاۋۇتىدا داغدۇغىلىق يىغىن ئېچىلدى.

ئاڭغىچە «ئاجايىپ ئالتۇن مۇكاپات»نىڭ خەۋىرى W ناھىيەسىنىڭ خېلى يەرلىرىگىچە تارقىلىپ كەتكەنىدى. زېرەك ئوقۇرمەنلىرىمىزگە شۇ نەرسە مەلۇم بولسا كېرەككى، بىرەر يېڭى خەۋەر ياكى ئۇچۇرنىڭ تارقىلىشى چوڭ شەھەرلەرگە قارىغاندا كىچىكرەك يەرلەردە، چەت ـ ياقا جايلاردا تېز ھەم داغدۇغىسى كۆچلۈك بولىدۇ. بىر پومزەك قار ئېگىزدىن پەسكە، يانباغىرىغا دومىلاپ چۈشكۈچە ھارۋىنىڭ چاقىدەك بولۇپ كەتكىنىگە ئوخشاش، كىچىككىنە بىر ئىش يۇقىرىدىن تۆۋەنگە يېتىپ كەلگۈچە چوڭىيىپ، شاخلىنىپ كېتىدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ تۇرىدۇغۇ! «ئاجايىپ ئالتۇن مۇكاپاتى»نىڭ خەۋىرىمۇ W ناھىيەسىگە ئەنە شۇنداق ھالەت ۋە سۈرئەتتە تارقالدى.

بۇ خەۋەرنى ئالدى بىلەن باقەم شائىر ئۇلپەتلىرى بولمىش بىرنەچچەيلەنگە، ئاسىم شىلىم، سادىق تەپتىش قاتارلىقلارغا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ يەتكۈزۈۋىدى، ھەممە ئىش ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىدەكلا بولدى. قىلىنى پىل كۆرستىشكە زوقمەن ئاسىم شىلىم تېلېفوندا، يول بويى ياكى ئالايىتەن ئىزدەپ بېرىپ... دېگەندەك ئىككى سائەتتىلا بىر تالاي ئادەمگە بۇ «كاتتا ھادىسە»نى كۆپتۈرۈپ، قوشۇپ يەتكۈزۈپ ئۈلگۈردى. ھېلىقى بىر تالاي ئادەملەرمۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىر تالايلارغا شىۋىرلاپ، جاكارلاپ ئۇچۇر يەتكۈزۈشتى. شۇنىڭ بىلەن ناھىيە بازىرىدا بۇ خەۋەر شۇ كۈنلا يېيىلىپ كەتتى، ھەركىم ھەر نەرسە دەپ نۆۋەتتىكىسىگە خەۋەر يەتكۈزەتتى. بىرى ھەمدەمجان چىقارغان مۇسەللەسنى ئامېرىكىدا كاتتا باشلىقلار ئىچىپ ئاجايىپ ئېسىل مەي

ئىكەن! دەپ مۇكاپات ئەۋەتىپتۇ، دېسە، يەنە بىرى ھەمدەمجاننىڭ قالتىس سەرخىل ئاغىنىسى بار ئىكەن، يۇقىرىغا دەپ يۇرۇپ خەلقئارا مۇكاپات تەستىقلىتىپ بېرىپتۇ دەپ خەۋەر يەتكۈزەتتى. سەل نېرىدا بولسا يەنە بىر ئۇچۇرچى كۆكتات ئېلىپ قايتقان قوشنىسىغا: «ئۇيۇل ئالتۇندىن ياسىغان ئاتنى كۆرگەنىمدىلا، ئاۋۇ گۇلزىبانىڭ ئېرىگە چەت ئەلدىن شۇنداق ئالتۇن كەپتەك، سىلىچە نەچچە بىلەزۈك چىقار؟» دەپ يوقلا بىر پاراڭلارنى قىلىپ كېتەتتى...

بۇ كوچا پاراڭلىرى ئاشۇنداق چۆرگۈلەپ ھەم دۇگىلەپ يۇرۇۋەرسۇن، ئەمدى بىز ھەمدەمجاننىڭ زاۋۇتىغا بىر نەزەر كۆزىمىزنى سېلىپ باقايلى. ئېيتماقچى، بۇ يەردىكىلەرمۇ «ئاجايىپ ئالتۇن مۇكاپات» نىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ بولغانىدى. ئادەملەر خىلمۇخىل بولغاچقا، گەپ ـ سۆز، مۇلاھىزىلەرمۇ ھەرخىل تۇستە ئىدى، ئەلۋەتتە! بىرلىرى بۇ خەۋەردىن خۇشال، بىرلىرى ھەيران، يەنە بىرلىرى گۇمان ئاساسىدا پاراڭ قىلىشاتتى. نېمىلا بولسۇن، ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان مۇسەللەسنىڭ كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان ئاجايىپ ـ غارايىپ، يەنە كېلىپ خەلقئارالىق «ئاجايىپ ئالتۇن مۇكاپات»قا ئېرىشىشى تېخنىك، ئىشچى، ھەممە ئادەمنى خۇشال قىلدى، ھاياجانلاندۇردى. «ئۇچ ـ تۆت تۇمەننىڭ كۆزىگە ياغاچ تىقىپ نېمە كەپتۇ، ئابرۇيپەرەسلىكقۇ بۇ» دېگۇچىلەرمۇ بولدى ـ يۇ، ھەرھالدا ھەمدەم باشلىقنى خەيرخاھلىق قىلىپ، ئۇنىڭ تەرىپىنى ئالغانلار جىقراق بولدى. سەۋەبى، ھەمدەمجان ئادەتتە ئاددىي ـ ساددا، كىچىك پېئىل بولغاچقا ھەم ئىشچىلارغا ھەر جەھەتتىن

كۆيۈنۈپ تۇرىدىغانلىقتىن زاۋۇتتىكىلەر ئارىسىدا ئىناۋىتى ئۇستۇن ئىدى. «بىزنىڭ ھەمدەم چاڭجاڭ بىر ئىشنى بىلىپ قىلىدۇ جۇمۇ، ئاغىنىلەر، ئۆزىگە ھەم بىزگە زىيان بولىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايدۇ ئۇ ئادەم! بىلىسىلەرغۇ، ئۇ ئۇنداق ئىككى نان تاپسا، بىرىنى داپ قىلىپ چالىدىغانلاردىن ئەمەس...» كۆپىنچىلەر ئەنە شۇنداق دېيىشەتتى. ئىشقىلىپ، زاۋۇتتىكى مۇتلەق كۆپچىلىك ئادەم كۆڭۈللىرىدە خۇش بولۇشتى ۋە خەلقئارالىق «ئاجايىپ ئالتۇن مۇكاپات» تىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتۈشتى. بۇ ئىشلارنىڭ راۋاجىنى ئاستا ـ ئاستا كۆرەرمىز.

ئەمدى بىز مۇسەللەس زاۋۇتىدا تەبرىكلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەنلىكىگە دائىر بايانىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى. مۇراسىمغا چىرايلىرىغا كۈلكە يۇگۈرگەن تېخنىك ۋە ئىشچىلاردىن باشقا W ناھىيەسىنىڭ يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ھەمدەم چاڭجاڭ بىلەن كۆڭلى يېقىن بىر مۇئاۋىن باشلىقىمۇ تەبرىك لەۋھەسى ئېلىپ ھەمدە بىرنەچچە كادىرنى باشلاپ كېلىپ قاتناشتى. يەنە ناھىيەدىكى بىرنەچچە كاللە قوشۇقدارلارمۇ كەلدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سەھنىدىن، بەزىلىرى بىرىنچى رەتتىن ئورۇن ئېلىشتى. بىز ئۇلارنىڭ نامىشەرىپلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئاتاپ ئۆتۈشتىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، ئاسىم شىلىم، رەغىدۇللا كۈلگۈنچەك، ناھىيەلىك قۇشخانىنىڭ دىرېكتورى، سادىق تەپتىش قاتارلىق قەدىناسلارنىڭمۇ قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىنى تىلغا ئېلىش بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

بۇ يەردە، تەبرىكلەش مۇراسىمىغا زور سالاپەت ۋە

سالاھىيەت بىلەن قاتناشقان ۋە شۇ تاپتا غەلىبە شادلىقىدىن تىترىسىگە سىغماي قالغان يەنە بىر شەخسنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتمەك تولىمۇ زۆرۈر. بۇ ئادەم ئەلۋەتتە ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ دىققىتىگە ئۇزاقتىن بىرى سازاۋەر بولۇپ كېلىۋاتقان، «ھاڭ ـ تاڭ قالىسىز» شىركىتىنىڭ W ناھىيەسىدىكى تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى ھەمدە بولغۇسى مۇئاۋىن باش دىرېكتورى باقەم شائىر ئىدى. مۇراسىمدا باقەم باشتىن ـ ئاخىر بوۋىسىدىن خېلىلا جىق ھېيتلىق ئالغان بالىدەك ھىجىيىپلا تۇردى. بۈگۈن ئۇ ئۆزىنىڭ ئادەت سۆزلىرىنىڭ بىرى بويىچە ئېيتقاندا «قەبىھ» ياسانغانىدى. W ناھىيەسىگە ئالايتەن ئالغاچ كەلگەن، كەلگەندىن بىرى ئۇچىسىغا سىپىپ باقمىغان جىگەر رەڭ كاستۇم ـ بۇرۇلكىسىغا مۇكاپاتتىن خۇشلۇقتا پاتقان ھەدە ـ سىڭىلدىن قايسىبىرىدۇر ئەتىگەن زېھىن قويۇپ دەزمال سېلىپ بەرگەنىدى. ھازىر بولسا، ئاشۇ كاستۇم ـ بۇرۇلكا يارىشىپ كەتكەن باقەم شائىر ھەمدەمجانىنىڭ يېنىدا «ئەتىگەن پۇرلەشكەن كاستۇم ـ بۇرۇلكىنى گۈلزىيا ئاچىقىپ كەتكەن، كېيىن قاتۇرۇپ دەزماللانغىنىنى گۈلزىيا تەۋازۇ بىلەن بارمىقىدا ئېلىپ كۆتۈرۈپ، تاكاسلاپ مېڭىپ ساراي ئۆيگە ئاچىقىپ بەردى، تېخى پىسىڭگىدە بىر كۈلۈپمۇ قويدى. زادى دەزمالنى قايسىسى سالغاندۇر... يائاللا، تېخىچە دەزمالنىڭ تەپتى كەتمىگەنمۇ نېمە يا بولمىسا بۈگۈن ھاۋا راستتىنلا بەك ئىسسىپ كەتتىمۇ!...» دېگەندەك خىياللارنىڭ پاتقىقىغا پېتىپ، ھىجىيىپ تۇرۇپ كەتكەنىدى. شۇ تاپتا ئەس ـ يادىغا شەھەردىكى قارا كۆز

ئىككى بالىسى ۋە بىر ئۆينى چىچىنى سۈپۈرگە، قولىنى كۆسەي قىلىپ تۇتۇپ، ۋاپاسىز ئېرىنىڭ پوچتىدىن كەلگەن ئاتالمىش تالاق خېتىنىڭ زەربىسىدىن يۈرىكى زىدە بولۇپ، ئۆزىمۇ ئورۇقلاپ شالاقلاپلا كەتكەن «ئېيىقگۈل» ئاتلىق مەزلۇمە زىنھار، زىنھار كەلمەس ئىدى.

باقەم ھەقىقەتەنمۇ بۈگۈنكى مۇراسىمدىكى ھالقىلىق، نۇقتىلىق شەخس ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئەلۋەتتە ئايان. ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن ھەمدەمجاننىڭ زاۋۇتى بۇ ئەتراپتىكىلەر كۆرۈپ، ئاڭلاپ باقمىغان «خەلقئارالىق ئالتۇن مۇكاپات» قا ئېرىشتى ـ دە! بازار ئىگىلىكى دەۋرىدە ھەممە ئادەم ئېلاننىڭ، داڭلىق ماركىنىڭ، قانداقتۇر گۇۋاھنامە، دىپلوم، لوڭقايۇھەيكەللەرنىڭ كۈچىگە، نوپۇزىغا، سالاپىتىگە تايىنىۋاتامدۇ! مۇسەللەس زاۋۇتىنىڭ ئىشچىلىرى شۇ تاپتا ئۆزئارا كۈسۈرلىشىپ، قوللىرى، ئېگەكلىرى بىلەن ئىما قىلىپ كۆرسىتىشىپ، ھەمدەمجان چاڭجاڭنىڭ يېنىدا پۇتلىرىنى ئۇچلۇق سىركۇلدەك كېرىپ تۇرغان، ھاياجاندىن چىرايى بەقەمدەك قىزارغان باقەم شائىر ھەققىدە نېمىلەرنىدۇر دېيىشمەكتە ئىدى. بۇ ھال قان ـ قېنىغا مەنمەنلىك، قۇرۇق سۆلەت سىجەزى سىڭىپ كەتكەن باقەمجانغا مەيدىسى سوۋۇپ كەتكەن ئادەمگە قۇيرۇق ياغدا ئەتكەن ھالۋا قانداق ياقسا، شۇنداق يېقىپ كەتكەنىدى. لېكىن، شۇ تاپتا ئۇ خۇددى ئۆزى ھەققىدىكى ئاشۇ پىچىرلاشلارنى ئاڭلىمىغان قىياپەتتە كۆزلىرىنى باشقا ياقلارغا تىكىپ، ئاجايىپ بىر تەنتەنىلىك، مەغرۇر

سېزىم ئىلكىدە تۇراتتى. ئىنسان تەبىئىتىدە شۇنداقمۇ بىر غەلدى ـ غەشلىكلەر ئارىلاپ ئېقىن يۈرىدىكى كۆپۈك ياكى ئەخلەت ـ چاۋاردەك لەيلەپ، كۆرۈنۈپ قالىدۇكى، ئۇ بولسىمۇ شۆھرەتپەرەسلىك. توغرىسىنى ئېيتقاندا، دۇنيادا شاھ بولسۇن، گاداي بولسۇن، ئالىم بولسۇن، مەزلۇم بولسۇن، ھەممىسىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاز ـ تولا شۆھرەتپەرەسلىك تۇيغۇسى مىكروبتەك مەۋجۇت بولىدۇ. پەرقى شۇكى، دانالار بۇ تۇيغۇنى زور چىدام، ماتانەت بىلەن بېسىپ، باسۇرۇپ ئۆتىدۇ، ئوتتۇرا ھال ئەقىلدىكىلەر گاھ بېسىپ، گاھ ئامالسىز يول قويۇپ، كېيىنچە پۇشايمان قىلىپ ياشايدۇ. يۈرىكىنى غاجاپ تۇرغان ھەسەتتىن غالىب كېلەلمىگەنلەر بولسا، شۆھرەتپەرەسلىكنى ئۆزىنىڭ بىر خىل پەزىلىتى، ئارتۇقچىلىقى ئورنىدا ساناپ، ھاياتىنى سانسىزلىغان يەڭگىلتەكلىك، رەسۋالىقلار ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ. مېنىڭچە، قەھرىمانىمىزنىڭ قايسى خىل تىپقا مەنسۇپ ئادەم ئىكەنلىكىنى ئەقىللىك ئوقۇرمەنلىرىمىز شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە بايقاپ، ھېس قىلىپ بولدى. كەمىنە مۇئەللىپنىڭ ئېسىگە شۇ تاپتا كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپ ئۆزى تونۇيدىغان يۈرتىدىكى بىر جانابنىڭ دىقماققىنا سىيماسى ئايان بولۇپ قالدى. ھېلىقى جاناب نەچچە يۈزلەپ زىيالىيلارنى باشقۇرىدىغان، ھەر كۈنى دېگۈدەك چوڭ يىغىنلاردا ئاچچىق ئۇچەيدىكى يىنىدەك سېسىق ئىبارىلەرنى ئىشلىتىپ سۆزلەپ، پۇخادىن چىقىپ يۈرىدىغان ئادەم بولسىمۇ، ۋۇجۇدىدا شۆھرەت ۋىتامىنى بىر ئۆمۈر تولۇقلانماي ئۆتكەنىدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇ ھەر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى ئىشتىن چۇشۇپ، ئۆيىگە يېقىن

تۆت كوچا دوقمۇشىغا كەلگەندە ۋېلسىپىتىنى بىر چەتكە تىكلەپ، ئۆزى دوقمۇشتىكى ئىستولبىنىڭ يېنىدا ھەيۋەتلىك بولۇپ خېلىغىچە تۇرۇپ كېتەتتى. ئوزايىدىن بىر كىمنى ساقلايدىغاندەكلا قىلاتتى. ئەسلىدە ئاشۇ ئىستولبىنىڭ ئۇچىغا تازىمۇ يوغان راديو كانىيى ئورنىتىلغان بولۇپ، ھەر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى يەرلىك راديو ئۇزىلى خەۋەر ئاڭلىتاتتى. شەھەرنىڭ ئەڭ يېڭى پائالىيەت ئۇچۇرلىرى بېرىلىدىغان بۇ ئاڭلىتىشتا پات ـ پاتلا مۇشۇ جانابنىڭ ئۆز كەسپى دائىرىسىدىكى چوڭ يىغىنلاردا چىڭقىلىپ تۇرۇپ بەرگەن دوكلاتلىرى گاھ تولۇق، گاھ ئۇزۇپ ئاڭلىتىلاتتى. شىركەيپ ئادەم سورۇندا «نودەركام ناخشىسى» نى قانداق ئىشتىياق بىلەن ئاڭلىسا، مەزكۇر جانابمۇ ئۆزىنىڭ نۇتقىنى شۇنداق ئىشتىياق، ھېرىسمەنلىك بىلەن، قانماي، تويماي ئاڭلاپ، بەزىدە ئىستولبا تۈۋىدە سائەتلەپ تۇرۇپ كېتەتتى. تۇرۇپ ـ تۇرۇپ تېخى «باشقىلارمۇ ئاڭلاۋاتامدىكىن!» دېگەندەك چەت ـ چۆرىسىگە قاراپ قوياتتى. مەھەللىدىكى ئادەملەر نېرىدىن ئۇنىڭغا ئېھتىياتەن قىيا نەزەر سېلىشىپ ۋە ئۆزئارا كۆسۇرلىشىپ ئادەتتە سالامىنىمۇ تۇزۇكرەك ئىلىك ئالمايدىغان بۇ باشلىق نېمىدەپ كۈندە دېگۈدەكلا ئىستولبا تۈۋىدە چوقچىيىپ تۇرىدىغاندۇ ۋە نېمىشقا تۇرۇپلا كۈلۈمسىرەپ، بېشىنى لىڭشىتىپ كېتىدىغاندۇ دەپ مۇھاكىمە قىلىشاتتى، گاھىبىرلىرى ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، سەل قورقۇمسىراپ: «خۇدا، ھەر بەندەڭنى ئۆزۈڭ ئامان ـ ئېسەن قىل!» دەپ نېرى كېتەتتى. لېكىن، ھېلىقى جانابىمىزنىڭ بۇ تەھلىل،

تەخمىن ۋە تىلەكلەر بىلەن بىر پاي كارى يوق، ئۆز
ئۇتقىنىڭ رادىيودا بېرىلىشىنى مەجنۇندەك زارىقىپ
كۈتكىنى كۈتكەن، سۆزى ئاڭلىتىلغان دەملەردە بولسا
دۇنيانى ئۇنتۇپ، پۈتلىرىنىڭ سىرقىراپ ئاغرىپ
كەتكىنىنىمۇ تۇيماي، ئۆزىگە ئۆزى سادىق تىڭشارمەن
بولغىنى بولغانىدى. ياراتقۇچى ھەربىر ئىنسانىنى بىر
خىل كويغا سېلىپ قويىدىكەن، بۇنىڭغا نېمە ئامال؟

بىز ئەمدى ئۆز ئاۋازىغا مەستانە جانابتىن دەررۇ
ئايرىلىپ، W ناھىيەسىدىكى «خەلقئارالىق ئالتۇن
مۇكاپات»نى تارقىتىش مۇراسىمىغا تېزرەك قەدەم
تەشرىپ قىلايلى. بىز ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ بارغان
چېغىمىزدا مۇراسىم قاپ بېلىگە كېلىپ، ئاجايىپ
قىزىپ كەتكەنىدى. زاۋۇت ھويلىسىغا كۆتۈرۈپ ياسالغان
ئىخچامغىنا سەھنىدە رەئىس ئۇستىلى ھازىرلانغان
بولۇپ، شايى داستىخان يېپىلغان ئۇستەل ئالدىدا W
ناھىيەلىك يېزا - بازار كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش
ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، يەنە ئىككى
سۆلەتلىككىنە شەخس، ھەمدەمجان ۋە ئەلۋەتتە مۇكاپات
بەرگۈچى ئورۇننىڭ ھاۋالە قىلىنغان ۋەكىلى ۋە «ھاڭ -
تاڭ قالىسىز» شىركىتىنىڭ «مۇئاۋىن باش دىرېكتورى»
دىن ئىبارەت قوش تاجلىق باقەم شائىرمۇ تەنتەنىلىك
كۆرۈنۈشتە ئولتۇراتتى. بىز يېتىپ بارغىنىمىزدا شايى
داستىخان ئۇستىگە قويۇلغان ئالتۇن رەڭ، چاپچىغاق
ئاتنى ۋە ھەيۋەتلىك، قىپقىزىل كىنىشكىنى مۇسەللەس
زاۋۇتىغا تاپشۇرۇپ بېرىشتىن ئىبارەت تەسىرلىك
كۆرۈنۈشكە نۆۋەت كەلگەن بولۇپ، يىغىن باشقۇرغۇچى،
سۆزمەن رىياسەتچى قىز سۆزگە تەكلىپ قىلغان W

ناھىيەلىك يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بۆلۈم باشلىقى باقەم شائىرنىڭ دائىم ئۆپكە ـ ھېسسىپ پۇراپ تۇرىدىغان ئاغزىنى قۇلىقىغا چاپلاپ دېگۈدەك پىچىرلاپ دەپ بەرگىنىگە ئاساسەن «ھالىڭ ـ تالىڭ قالمىسىز، سودا چەكلىك شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى باقەم ئەپەندىنى مۇكاپات تارقىتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىمىز» دەپ ئېلان قىلىپ بولۇپ، چىرايىنى بىرقىسما قىلغىنىچە ئەتىر ھىدى ئاڭقىپ تۇرىدىغان نەپىس قول ياغلىقى بىلەن قۇلىقىنى تەكرار سۈرتتى.

بۇ چاغدا باقەم بۆلۈم مەسئۇلىنىڭ چىرايىنى سەل پۇرۇشتۇرۇپ تۇرۇپ قۇلىقى ئەتراپىدا تازىلىق ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىغا پەرۋامۇ قىلماي، دەبدەبە بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، چاپچىپ تۇرغان ئات ھېلىلا قولىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك ئالتۇن رەڭ ھەيكەلنى ئىككى قولىدا چىڭگىدە تۇتۇۋالدى ۋە يىغىن ئەھلىگە ھاياجانلىق نەزەر سېلىپ، ئالدىغا ئىككى قەدەم تاشلىدى...

دەل مۇشۇ يەردە ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ باقەم شائىرنىڭ ھاياجانلىق ۋە دەبدەبىلىك بىر نۇتۇق سۆزلەيدىغانلىقىنى ئۆز تۇيغۇلىرىغا ئاساسەن تەبىئىي، بىردەك ھېس قىلىۋاتقانلىقلىرىغا ئىشەنچىمىز كامىل! دېمىسىمۇ ئاجايىپ جەزبىدار جۈملىلەرنى ئىشلىتىپ نۇتۇق سۆزلەشنىڭ پەيتى يېتىپ كەلگەنىدى. شۇنچە ۋاقىت ئۆتتى، تارتقان شۇنچە جاپالار، قىلغان شۇنچە ئەجىرلەر، بىر ـ بىرگە ئۇلاپ ئىشلىتىلگەن ھىيلە ـ نەيرەڭلەر، ئىچىلگەن مۇسەللەس ۋە هاراقلار، توقۇلغان پەلىپەتىش مىسرالار، قوش پايدا ۋە جۈپ ۋىسالغا ئېرىشىش

يولىدىكى باش قاتۇرۇشلار، ئەمەلگىمۇ، پۇلغىمۇ، «مەھەببەت»كىمۇ نىشان ۋە ھايداقچى بولىدىغان مۇنۇ ئالتۇن رەڭ ئات، ئاۋۇ قىپقىزىل كىنىشكا... بىراق، دەل شۇ چاغدا باقەم شائىرنىڭ ۋۇجۇدىدا لاسسىدە قىلغان بىر دولقۇنسىمان بېسىم يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ غۇززىدە سىرغىدى. ئەتىگەندىن بېرى مىنىڭ قېتىم ئويلىغان دەبدەبىلىك سۆزلەر نەلەرگىدۇر ئۇچۇپ كەتكەندى. تۆۋەندە ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ئالمىنىنىڭ سۇرى ئۇنى تېخىمۇ ھودۇقتۇرۇۋەتتى، كانىيىغا قۇرغاق بىرنەرسە لىپپىدە كېلىپ تىقىلدى، ھەيكەل تۇتقان قوللىرى تىترەپ كەتتى. «ئۇنىغانىغا يونىغان» دەك ئالدىنقى قاتاردا ئولتۇرغان گۈلزىبا بىلەن گۈلزىياغا ـــ ھەدە ـ سىڭىلغا ئۇنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇلار بۈگۈن مۇكاپات خۇشاللىقىدا ئوخشاش كىيىنگەن، ئوخشاش ياسانغانىدى. بىرى گۈل، بىرى غۇنچە، بىرى ئالما، بىرى نەشپۈت، بىرى ئاي، بىرى يۇلتۇز... ياق، ياق، ئىككىلىسىلا ئاي... شۇ تاپتا باقەم شائىرنىڭ كاللىسى قايمۇقۇپلا قالدى، پەمى ئەقلىگە بويسۇنماي، كۆڭلى ئىرادىسىنى پىسەنتىگە ئالماي ئاغزىدىن بىردىنلا مۇنداق سۆزلەر چىقىپ كەتتى:

*ئالمىگۈلىدەك يارىم،*
*خېنىگۈلىدەك يارىم.*
*ھەر بىرىنىڭ قىزىلگۈلدەك،*
*قايسىڭدىن كېچەي يارىم؟*

يىغىن ئەھلىنى دەسلەپ بىر ھەيرانلىق، مەيدانىنى

بولسا سوٚكوٚنات باستى، ئارقىسىدىن پاراقىدە كوٚلكە كوٚتوٚروٚلدى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى تەئەججۇپ بىلەن مۇرىسىنى ئورۇسچىلاپ قىقىپ، ھەمدەمجانغا قارىدى. ھەمدەمجاننىڭ چىرايىنىمۇ بىر گاڭگىراش، ئاز ـ تولا بىزارلىق ئارىلاش گاڭگىراش قاپلىغانىدى. گۈلزىبانىڭ چىرايىغا بىر خىل تەشۋىشلىك غەزەپ تېپىپ چىقتى، گۈلزىيا بولسا ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي، سەھنىگە قاراپلا قالغانىدى...

دەل شۇ پەيتتە، چاقماق تېزلىكىدە باقەم شائىرنىڭ ھاياتىدا بىر قېتىم ئەقلى ئىشلەپ قالدى. بۇ چاغدا تۆۋەندىكى ئاسىم شىلىمۇ كۆڭلىگە بىرنېمىلەر ئايان بولغاچقا، كارابوچكىغا دەسسىگەندەك تېپىرلاپلا كەتكەنىدى...

ـــ... دېگەندەك يولداشلار، ـــ دېدى باقەم شائىر قورقۇنچتىن قىنىدىن چىقىپ كېتەي دېگەن يۈرىكىنى تەستە بېسىپ، ـــ مانا مۇنۇ ھەيۋەتلىك ئات بىلەن ئاۋۇ ھەشەمەتلىك كىنىشكىنىڭ قايسىسىنى قولۇمغا ئالايكىن يا بولمىسا ئىككىلىسىنى بىراقلا ئېلىپ ھەمدەمجان ئاغىنەم... چاڭچاڭغا قوش قوللاپ تۇتايمىكىن دەپ ئارىسالدى بولۇپ كەتتىم. ھەيكەلنى مەن تەقدىم قىلاي، كىنىشكا... گۇۋاھنامىنى باشقا رەھبەرلەر تار... بەرسۇن!

تېزىنى بېسىپ، مېزىنى ئوڭشايمەن دەپ تەرلەپ كەتكەن باقەم شائىر ئەتەي شۇنداق كېكەچلىمە نۇتۇق ئارىلاش قولىدىكىنى ھەمدەمجانغا سۇندى ۋە ھەيكەل بىلەن قوشۇپلا ئۇنى قۇچاقلىۋالدى. سەھنىدە، تۆۋەندە چاۋاكلار ياڭرىدى، بۇ چاغدا ھەمدەمجاننىڭ چىرايىغا

كۆلكە يۇگۇرگەندى. گۈلزىبا تېخىچە بىر خىل ئازابلىق ئىزترىراپ ئىلكىدە ئولتۇراتتى. كۆڭلىدە «ھالىڭ ــ تالىڭ قالىسىز» شىركىتىنىڭ ئۆزىگىمۇ، ۋەكىلىگىمۇ بىر غەزەپ، يېنىدا تېخىچىلا گاڭگىراپ ئولتۇرغان غەيۇرانە سىڭلىسىغا بولسا ئېيتقۇسىز بىر ئايانچ تۇيغۇسى دولقۇنلايتتى. گۇزەل ۋە ئەقىللىك بۇ ئايال شۇ تاپتا بىرىنچى قېتىم ھەمدەمجانغا، سەھنىدىكى خۇشخۇي قاپاقباش ئېرىگە قېيىداشتىن كۆرە ئېچىنىش تولىراق نەزىرى بىلەن بىر قاراپ قويدى. ئاسىم شىلىم بولسا دەل شۇ پەيتتە ئېغىر بىر تىنىپ «يائاللا... ھەرنېمە بولسا!» دەۋاتاتتى.

باقەم شائىرنىڭ يۇمۇرلۇق ئاساستىكى قىسقا نۇتقى تۈگىشى بىلەن ناھىيەلىك يېزا ــ بازار كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى گۇۋاھنامىنى ھەمدەمجانغا قوش قوللاپ بەردى ۋە ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈردى. يىغىن ئۆز كونتېرتسپى بىلەن داۋاملاشتى. تىلىدىن كەتكىلى تاس قالغان باقەم بۇ چاغدا يېلى چىقىپ كەتكەن پومزەكتەك لاپچىيىپ ئولتۇراتتى. كاللىسى غوڭۇلداپ، خىياللىرى گىچماچىلىشىپ كەتكەندى.

كەچتە ناھىيەلىك دورا ماتېرىياللىرى شىركىتىنىڭ يېڭىلا بېزىلىپ پۈتكەن ئاشخانىسىدا مەزكۇر ئاشخانىغا دەسلەپتە جەم بولغان ئۇلپەتلەرنىڭ ئىجراسىدا تەبرىكلەش زىياپىتى بولدى. يېڭى قوشۇلغانلاردىن ناھىيەلىك يېزا ــ بازار كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ھېلىقى مۇئاۋىن باشلىقى، سەھنىدە ئولتۇرغان باشلىقسىمان ئىككى شەخسنىڭ بىرى ۋە

سادىق تەپتىش بار بولۇپ، بۇ كۇنى ئاسىم شىلىم كەلگەنلەرنىڭ مەرتىۋىسىنى دەپمۇ ياكى ئاشخانىغا جىقراق كىرىم قىلىشۋالايلى دەپمۇ، يېمەك ـ ئىچمەكنى مول، خۇشامەتنى زىيادە قىلىشۋەتتى. كۇندۇزدىكى مۇراسىمدا دېيىلگەن گەپلەر بۇ يەردە داۋاملاشتى. بۇگۇنكى سورۇندا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن مۇسەللەسلا ئىچىلىدىغان بولۇپ مەسلىھەت قىلىنغانىدى ۋە مۇسەللەس زاۋۇتىنىڭ «ئالىي مەرۋايىت» ناملىق ئەڭ يېڭى سىناق مەھسۇلاتى ئىككى باكتا تەخلەنگەنىدى.

ھەربىر ئادەم دەسلەپكى نۆۋىتىدە ھەمدەمجاننى تەبرىكلەپ ئۇزۇن، قىسقا، ئۇنداق ياكى مۇنداق گەپلەرنى قىلىشتى، مۇسەللەس بولسا يوغان ئىستاكانلاردا خېلىلا جىق ئىچىلىپ كەتتى. بۇ كۇنى ھەمدەمجانمۇ خۇشلۇقىدا دائىمقىدىن كۆپرەك ئىچىپ قويىدى ۋە ھەر قېتىم ئىچكىنىدە ئۇ باقەم شائىرغا: «رەھمەت، ئاداش، سىز بولغاچقىلا...» دېيىشنى ئۇنتۇمايتتى. باقەم شائىر بولسا ھەر قېتىمدا داھىيلار ئاممىغا ئىلتىپات كۆرسەتكەندەك قولىنى تىك كۆتۈرۈپ قويايتتى.

ــ ھوي، باقەم ئاغىنىمىز،ــ دەپ قالدى بىر چاغدا ئاسىم شىلىم ھۇرپەيگەن چېچىنىڭ ئۇستىدە (توغرىسى بىر يان تەرىپىدە) ئارانلا ئىلىنىپ تۇرغان يېشىل گۇللۇك دوپپىسىنى ئالقىنى بىلەن باسۇرۇپ قويۇپ،ــ شائىرلىقلىرىنى بىر چىقارمامىلا قېنى؟ ئالتۇن ھەيكەلگە... ھە، ياق، مۇكاپاتقا ئاتىغان شېئىرلىرى باردۇر؟ بىر ئوقۇمامىلا بۇرادەر، ھە، قانى ـ قانداق؟ يائاللا!...

ــ ئەمىسە ئۇن مىنۇت ۋاقىت بەرسىلە، تەقسىر،

چارەك سائەت بولمىسا!ــ كۆز جىيەكلىرى بەقەمدەك قىزارغان باقىجان تىرجىيىپ تۇرۇپ ئاۋۋال تەكلىپچىگە، كېيىن باشقىلارغا نۆۋەت بىلەن قارىدى. دېمىسىمۇ كۆندۈزدىن بېرى گاھىبىر مىسرالار ئۆنىڭ كاللىسىدا ئەگىپ، لەيلەپ يۈرەتتى. ھەممەيلەن قىيقاس ـ چۇقان بىلەن ئاسىم شىلىمنىڭ تەكلىپىنى قۇۋۋەتلەشتى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنى باشقۇرغۇچى مەسئۇل خادىم تەئەججۇپ بىلەن:

ــ باقى ئاغىنىمىز شائىر ئىكەن ـ ھە؟ شۇ، بۇگۈن سەھنىدە...ــ دەپلا بىر ئىستاكان مۇسەللەسنى چىشىغا ئاغزىغا ئۆڭتۇرۇۋەتتى.

ــ ۋاھ، يائاللا...ــ دېدى ئاسىم شىلىم جاۋابەن دەررۇ،ــ ئاغىنىمىز شۇنداق تېز ئاتار شائىر ئىكەن دېسىلە، كۇ جۇجاڭ، قاراپ تۇرسىلا بىردەمدىلا تەييار قىلىدۇ!

دېگەندەك، ھايال ئۆتمەي باقەم شائىر مۇسەللەس لىق ئىستاكاننى تۇتقىنىچە ئارانلا ئورنىدىن تۇردى، ئەتراپىغا ئەلەڭ ـ سەلەڭ قاراپ بىرھازا تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن:

ــ ماقۇل ئەمىسە، ئاغىنەم ھەمدەموفقا بىر شېئىر تەقدىم قىلاي!ــ دېدى ۋە تۆۋەندىكى مىسرالارنى چىڭقىلىپ تۇرۇپ ئوقۇدى:

*مۇكاپاتنى ئالغاندا،*
*كۆلۈپ كەتتى ئاغىنەم.*
*باقەمجاننىڭ قەلبىنى،*
*بىلىپ كەتتى ئاغىنەم!*

— شۇنداق!— دېدى ھەمدەمجان.
— ئاپىرىن، يائاللا... شېئىر بالىسكەنە!— دەپ چۇقان سالدى ئاسىم شىلىم.
— مانا قاراڭ!— دەپ قويدى يېزا - بازار كارخانىلىرىنى باشقۇرغۇچى غوجام يەنە بىر رومكىنى ئۆكتۈرۈپ.
— داۋامى بار!— دەپ خىتاب قىلدى باقەم شائىر ۋە ۋارقىراپ دېگۈدەكلا ئوقۇپ كەتتى:

*ئالتۇن ھەيكەل قولىدا،*
*كىنىشكىسى قولتۇقتا.*
*ئاغىنەمگە ئاپىرىن،*
*بۈگۈن ھەممە قۇتلۇقلار!*

— ياشاڭ!— مەستلەر سۈرەن سالدى.
— ئوقۇيمەن!— دەپ ۋارقىرىدى باقەم ۋە... ئوقۇدى:

*ئالمىگۈلىدەك يارىم،*
*خېنىمگۈلىدەك يارىم.*
*ھەربىرىڭ قىزىلگۈلدەك*
*......*

باقەم شائىر تۆتىنچى مىسرانىمۇ، يەنى كۆڭلىدىكى ئەڭ شېرىن گېپىنىمۇ دەۋەتكەن بولارىدىغۇ، بىراق دەل شۇ مىنۇتتا بىر قاتتىق ھېيق ئاۋازى بىلەن تەڭ سورۇندىكىلەرنىڭ بىرى گۈپپىدە قىلىپ يىقىلىپ چۈشتى. بۇ چاغدا ھەمدەمجاندىن باشقىلىرى خېلى ساق ئىدى. ئولتۇرۇشنى ئوپۇر - توپۇر چۇلغىدى.

ــ يائاللا... كۆ جوجاڭ نېمە بولغاندۇر؟
ــ قۇرۋانجىنكا، نېمە بولدىڭىز؟ كۆزىڭىزنى ئېچىڭا!
ــ ئاغزىدىن كۆپۈك چىقىۋاتىدۇغۇ؟
ــ تېز، دوختۇرخانىغا ئاپىرايلى!
ــ ھە، تېز، تېز!

شۇ ئارىلىقتا رەغىدۇللامۇ ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ چۈشتى. ئۇمۇ بۇگۈن ئاغىنىلەرنىڭ كۆڭلىنى دەپ ۋە مۇكاپاتنى تەبرىكلەپ يېگى مۇسەللەستىن جىقراق ئىچىپ قويغانىدى.

جاھاننىڭ ئىشلىرى شۇنداق بولىدىكەن، خۇشاللىقنىڭ قايغۇغا ئايلانمىقى ۋە غەمنىڭ شادلىققا ئۆزگەرمىكى بىردەملىكلا. لېكىن تىلەيمىزكى، ھەربىرىمىز ئۇچۇن تەشۋىش ۋە قايغۇلار ئازراق بولسۇن، كۈلكىلەر ئۇزاقراق ياڭرىسۇن!

# ئون نوققۇزىنچى باب

بىز خېلىدىن بېرى بىر ئىشقا دىققەت ـ ئېتىبارىمىزنى بۇرىيالماي كەلدۇق، يەنى باقەم شائىرنىڭ شەھەردە قېلىپ قالغان يېقىن ـ يورۇقلىرى ھەققىدە پاراڭ قىلمىدۇق. ئەمدى سەھىپىمىزدىن بىرنەچچە بەت ئاجرىتىپ بىتەلەي «ئېيىقگۆل» ھەققىدە توختىلايلى.

ۋاپاسىز باقەمنىڭ W ناھىيەسىنىڭ پوچتىخانىسى ئارقىلىق ئەۋەتكەن تالاق خېتىنى كۆرۈپ، بىچارە «ئېيىقگۆل» ئېيتقۇسىز ئازابلاندى.

رومانىمىزنىڭ باش قىسمىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، ئۆز ۋاقتىدا «ئېيىقگۆل»مۇ خېلىلا تارتىملىق، مېھرى ئىسسىق قىز ئىدى. ھازىرقىدەك تەن قويۇپمۇ كەتمىگەن، قاراشلىرىدا بىر يېقىملىقلىق تەل بولۇپ، خەقلەر بۇنداق قىزلارنى «مېھرى ئىسسىق» دەپ تەرىپلىشىدۇ. ئەينى چاغدا يىگىت باقەم «ئېيىقگۆل»نى ئۇندەككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن خېلى سوكۇلدىغان، ھېلىقىدەك تۆت تەرىپىگە بېيىت ـ قوشاقلارنى يېزىپ، ئوتتۇرىسىغا قىزىل قەلەمدە ئوقيا سانجىلغان يۈرەكلەر سىزىلغان تەلەپنامىلەرنىمۇ خېلى جىق يوللىغانىدى. ئۇ كېيىنچە مەقسىتىگە يېتىشەلىپلا قىلىق چىقارغىلى تۇردى. قوتۇر ئېشەك ئاپتاپتا ياتقانسېرى موينىڭ تېگىدىن بۇرگىلەر يامراپ چىققاندەك، ۋاقىت

ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭمۇ مۇڭگۇزى چىقىشقا باشلىدى. بىر ياقتىن ئىككى بالىنىڭ دەردى، بىر ئۆينىڭ جاپاسى، يەنە بىر ياقتىن ھايۋانات باغچىسىدىكى ئېغىر خىزمەت بىچارە ئايالنى ھالسىرىتىۋەتتى. تۇرمۇشتا، كۆپىنچە ھاللاردا تالايلىغان ئاياللار ئائىلىنىڭ غېمى تۆپەيلى ئۆزىنى تاشلىۋېتىدۇ. «ئېيىقگۈل»مۇ دەل شۇلارنىڭ بىرى، تىپىك ۋەكىلى ئىدى. مىجەزىگە يارىشا، «ئېيىقگۈل» قىز ۋاقتىدىن تارتىپلا سەل بىغەمرەك ئىدى. شۇ تۆپەيلى بولسا كېرەك، كېيىنكى چاغلاردا، جاپا ئىچىدىمۇ سەمرىپ كەتتى. ھايۋانات باغچىسىدا ئۇنىڭغا يۈكلەنگەن ۋەزىپە ئېيىقلارغا يەم بېرىش ئىدى. شۇ سەۋەبتىنمۇ ھەمدە بۇنىڭغا يۇقىرىقىلار قوشۇلۇپ، شۇ چاغلاردا خىلىلا ھال قونۇپ قالغان باقەم شائىر ئۇنى ئەمدىلىكتە «ئېيىقگۈل» دەپلا ئاتايدىغان بولۇۋالدى. بىچارە ئايال باشتا تېرىكتى، ئۇرۇشتى، ئاخىر زېرىكىپ «مەيلىلا» دېگەندەك تىنچىدى. ئاچچىقى بەك كېلىپ كەتكەن چاغلاردا ھۆررەك چىراي باقەمگە قولىغا چىققان نەرسىنى ئېتىپ، «مەن ‹ئېيىقگۈل› بولسام، سەن باقى سارالڭ» دەپ ۋارقىرايتتى.

«ئېيىقگۈل» چوڭ بولغان ئائىلە شەھەرنىڭ ئېرەمباغ دېگەن كوچىسىغا جايلاشقانىدى، دادىسى ئابدۇراخمان موزدۇزلۇق بىلەن ئۆتكەن، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئاندا ـ ساندا باللارغا غىغاق، ئاياللارغا پوپۇچ، قېرىلارغا مەسە تىكىپ قويغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاساسەن ياماقچىلىق بىلەن مەشغۇل بولغان، تۇرمۇشى غورىگىل ئۆتكەن ئادەم ئىدى. ئارتۇق گېپى يوق، مېھماندوست بۇ ئادەمنى مەھەللىدىكىلەر ئابدۇراخمان غىغاق دەپ

ئاتىشاتتى. ئايالى شاراپەتخان كەمبەغەللىكتىمۇ كۆپتەك سەمرىپ كەتكەن، تازىمۇ بىغەم ئايال بولۇپ، «ئېيىقگۈل» ئاتىسىنى دورىغانىدى. بايقۇش ئايال ئەتىگەنلىك ئەتكەنچىيىنىڭ شامىسىنى چۆشكىچە، چۈشنىڭكىنى كەچكىچە چاينايتتى. جاۋغىيى ئاغرىسا شامىنى قولىغا ئېلىۋېلىپ، بىردەمدىن كېيىن يەنە ئاغزىغا سالاتتى. شۇنداق تۇرۇپ ئاغزى يەنە گەپتىن بېسىقمايتتى. ئەتىدىن ـ كەچكىچە قىلىدىغان ئەمەلى كالاچنى قوڭالتاق كىيىۋېلىپ، شاپىلدىتىپ مېڭىپ قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە ئالا قويماي كىرىش، پاراڭ سېلىش بولاتتى. تېخى بەزى كۈنلىرى شۇ ۋەجىدىن كەچ كىرىپ كەتكىنىنى تۇيماي قالاتتى ۋە تاماق ئېتىشنىمۇ ئۇنتۇغان بولاتتى. بۇنداق چاغلاردا تېخى ئاللىقاچانلاردىدۇر غەم تارتماي ئۆيىگە يېنىپ چىقىپ:

— ۋاي خۇدايىمەي، بۈگۈن يەنە تاماق ئېتەلمىدىم دېسە، بوپتۇلا، چاي ئىچەيلىلا، «ياتار قورساق — كېتەر قورساق» دەپتىكەن، چايمۇ ئوبدانغۇ،— دېسە، ئېرى ئابدۇراخمان غىغاق بۇلۇڭدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇۋېلىپ:

— ھە، بوپتۇ، چايمۇ ئوبدان، چاي ئوبدان،— دەپ قوياتتى.

دادىسى ياۋاشلىقىدىن «چاي ئوبدان» دېگىنى بىلەن، ئوغلى — «ئېيىقگۈل»نىڭ ئاكىسى ۋە بىردىنبىر قېرىندىشى ئەلقە ئۇنىمايتتى.

— ئاپا، بۈگۈنمۇ تاماق ئەتمىدىڭما؟ ئەجەب تويدۇما شۇ ئەتكەنچىيىڭدىن،— دەپ ئىشىكنى جاق يېپىپ نەگىدۇر غايىب بولاتتى. ئەلقە كەپتەر بېقىشقا ئامراق ئىدى، مەھەللە ـ كويدىمۇ ئەلقە كەپتەرۋاز دەپ نامى بار ئىدى. بۇنداق چاغلاردا شاراپەتخانمۇ بوش كەلمەيتتى.

— نەگە بارسەڭلار قارنىڭغا زەمبىلەك تىقماي؟ بوپتۇ، كەپتەرلىرىڭ بىلەن ئۆگزىدە يات! — دەپ قويۇپتۇ.

ئۇنداق بولغىنى بىلەن ئەر - خوتۇن ئىككىلىسى شۇنچىلىك مېھماندوست ئىدى. ئۆيدە ئازراقلا بىرنەرسە ئارتۇق بولۇپ قالسا، ئېرىنمەي قوشنىلىرىنى چاقىرىپ چىقاتتى، بارىنى قويماي داستىخانغا تۆكەتتى. تاماق ئەتسىمۇ ھارغۇچە ئېيتىۋېلىپ، ئۆيمۇئۆي «قاچا سۇناتتى».

— ئېلىڭلارا، ئوھوش! — دەيتتى ئۆيگە مېھمان كىرىپ قالسا خۇشلۇقىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان شاراپەتخان قوشنىلىرىنى زورلاپ، — ئېلىڭلار - ھە، باللارغىمۇ ئېلىۋېلىڭلار!

— بولدى، شاراپەتخان، ئەتىگىمۇ قالسۇن، باللارمۇ يېسۇن، ئەتە قىيامەت بولىدىغاندەك، بۈگۈنلا ھەممىنى تۈگىتىۋەتسەك بولماس! — دەيتتى قوشنىلار. بىراق، شاراپەتخان ئۇنىمايتتى:

— ئېلىڭلارا، جانىملىرىم، تۈگەپ كەتسە، ئەتە موزاينى ساتىمىز، قانداق دېدىم، دادىسى؟ — دەيتتى.

— ھە، توغرا، توغرا، راست دەيدۇ، ئەتە موزاينى ساتىمىز! — دەيتتى ياۋاش ئابدۇراخمان غىغاقمۇ يۇكۇنۇپ ئولتۇرغان يېرىدە ئايالىنى ماقۇللاپ، بىساتلىرىدا شۇ بىر تاللا موزاي بولىدىغان!

ئاھ، قەدىرلىك ئاتا - بوۋىلىرىم، موما - ئانىلىرىم، سىلەرنى، ھەمىڭلارنى، شۇ چاغلارنى، باللىقىمدىكى ئاشۇ بىر مەھەللىلىك، ئادەمنىڭ كۆڭلى بۇزۇلغۇدەك ساددا، ئاق كۆڭۈل، مېھماندوست قوشنىلىرىمىزنى سېغىنىدىم!

«ئېيىقگۈل» باقەمنىڭ قولىغا چۈشكەن چاغلاردا خۇدانىڭ بەرگەن رىزقىنى كۆرۈپ، ياشاپ بولۇشقان دادىسى بىلەن ئاپىسى بىر - بىرىنىڭ كەينىدىنلا دېگۈدەك ئالەمدىن ئۆتكەن، كەپتەرۋاز ئاكىسى بولسا، كېيىنچە هاراقخا بېرىلىپ، ئۇنى ئۇنتۇپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى. شۇ سەۋەبلەردىن بولسا كېرەك، باقەم شائىر ئايالىنى تېخىمۇ بوزەك قىلىپ، خالىسا ئەركىلىتىپ، قالسا قىرچە - يانچە تېگىپ، بىچارە ئايالنىڭ يۈرىكىنى زەردىگۈش قىلىۋەتتى. ئېرىنىڭ گاھىبىر غەلىتە قىلىقلىرىغا، مازاقلىرىغا قاراپ، بەزىدە ئايالىنىڭ غىجىقى كېلىپ، هەتتا ئۆچلۈكىمۇ قوزغىلاتتى. بەزىدە خۇپىيانە هالدا ياقىسىنى چىشلەپ «توۋا قىلدىم، بۇ بىرنېمە كىچىكىدە بىر ئايىنىپ، ساقايغان بولغىيدىمىكىن؟» دەپمۇ قورقۇمسىراپ ئويلاپ قالاتتى. هېلىقى بالا تەگكۈر «شائىرلار ئىدارىسى» گە يۆتكىلىپ بارغاندىن كېيىن باقەمنىڭ غەلىتە قىلىقلىرى تېخىمۇ ئەدىگىلى تۇردى. ئەمدى ئۇ بىچارە «ئېيىقگۈل»گە بەتتەر جاپا ۋە ئازاب سالىدىغان بولدى. بايقۇش ئايال، سەۋرى تاشتىن پۇتۇلگەنىكەن، شۇ ئىشلارغىمۇ تاقەت قىلدى.

«بوپتۇلا، يامان دېسەم، ياخشى ئەرنى ماڭا كىم بېرىدۇ؟ نېمە بولسا بولۇپ كەتسۇن، ئىككى بالامنىڭ دادىسى ئىكەن، ئېغىرىنى كۆتۈرەي. ساراڭنىمۇ باقىدىكەنغۇ خەقلەر! ئىشقىلىپ، ئەر كىشىنىڭ تالاغا قاراپ قالغىنىدىن، سارىڭى ياخشىلا! خۇدايىم كۆرسەتمىسۇن، شۇنداق ئەرلەرنى!»

«ئېيىقگۈل»نىڭ ئاغزىدىن «سائەت چىقىپ» كەتكەن بولسا كېرەك، كۇنلەر ئۆتۈپ ئۇ قورقىقان نەرسىمۇ

ئالدىغا كەلدى. بىر ئوبدان پۇل تاپىمەن دەپ چىقىپ كەتكەن ئىبرى ھېچنېمىدىن – ھېچنېمە يوقلا تالاق خېتى ئەۋەتىپتۇ. جاھان نېمە بولۇپ كەتتى؟ ھەر جاي، ھەر دوقمۇشتا ئەرلەرنى ئازدۇرىدىغان ئالۋاستى پەرىلەر كۆپىيىپ كېتىپتۇمۇ نېمە؟... غەزەپلەنگەن «ئېيىقگۈل» ئەنە شۇنداق ئويلايتتى.

باش ئۇستىدە چاقماق چېقىلغاندەك بۇ ئىش بىچارە ئايالنى يىغلاتتى، قاقشاتتى، ئۇ نەچچە كۈنلەر ئىشقىمۇ بارالماي، بېشىنى چېكىلەپ تېڭىپ ياتتى. بىر كۈنلىرى كېلىپ، «چوڭ بولۇپ قالدىڭ» دەپ ئويلاپ بالىلىرىنى يېنىغا چاقىرىپ، ئەھۋالنى ئۇلارغىمۇ ئېيتتى. بىچارە بالىلار خورلۇق ھېس قىلىشىپ، خېلىغىچە يىغلاشتى. بۇنى كۆرۈپ «ئېيىقگۈل»نىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ «بالىلارغا دېمىسەم بوپتىكەن» دەپ پۇشايمان قىلىپمۇ قالدى. بىر ھېسابتا دېگىنىمۇ ياخشى بولغانىدى.

نەچچە كۈنلەر ئۆتۈپ ئايال ئورنىدىن تۇردى. ئۇنى نەپرەت تۇرغۇزغانىدى. «ياخشىلىقنى بىلمىگەن ۋاپاسىزغا يىغلىغان ئىسسىت كۆزۈم ئەمەسمۇ! مەنمۇ ئادەمغۇ، بىر ساراڭدىن ئايرىلغانغا ئۆلۈپ قالارمەنما؟ بالىلىرىم يېنىمدا بولسا، تېنىم ساق بولسا، ھېچنېمىدىن قورقمايمەن!»

«ئېيىقگۈل» ئاۋۋال باقەم شائىرنىڭ ئىدارىسىگە باردى، ئۇنىڭ رەھبەرلىرىگە بولغان ئەھۋالنى ئېيتتى، باش دىرېكتور باقەمنىڭ قىلغان ئىشىدىن قاتتىق رەنجىگەن بولدى – يۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئېنىق تۇرار جايىنى دەپ بەرمىدى. كونۋېرتتىكى W ناھىيەسى دېگەن خەتلەرنى «ئېيىقگۈل» مۇ كۆرگەنىدى. بىراق، شۇنچە

چوڭ ناھىيەنىڭ نەرىدىن ئىزدەيدۇ؟ يەنە كېلىپ، تالاق خېتىنى ئېلىپ تۇرۇپ، قانداقسىغا، نېمىدەپ ئىزدىگۈلۈك، ئىزدەشنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن «ئېيىقگۈل» قەتئىي قارارغا كەلدى ـ دە، باللار ئۆيدە يوق چاغدا، سوت مەھكىمىسىگە ئەرز يازدى.

«ۋاپاسىز ئېرىم ماڭا تالاق خېتى ئەۋەتىپتۇ، ھازىر مەنمۇ ئۇنىڭ تالاق خېتىنى ئەۋەتەي، مەنكى ئۇشبۇ ئىلتىماسنى يېزىپ تۇرغۇچى ئابدۇراخمان قىزى ئىمھانەم، شۇ توغرۇلۇق بايان قىلىمەنكى...» ئىمھانەم (خەيرىيەت، بىزمۇ ھازىر ئۇنىڭ ئاتىسى ئەزان چاقىرىپ قويغان، چىرايلىققىنا ئىسمىنى بىلىۋالدۇق، بۇنىڭدىن كېيىنكى سەھىپىلىرىمىزدە شۇنداق ئاتىغايمىز.) تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن شۇ گەپلەرنى يازدى ـ دە، ئۆكسۈپ كەتتى. بىر يىغلاپ، بىر قەلەم تەۋرىتىپ، ئەيتاۋۇر يېزىپ تۈگەتتى.

سوت مەھكىمىسىدىكىلەر ئۇنىڭ ئەرزىنى كۆرۈپ ۋە ئەھۋالنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئېرى قايتىپ كەلگۈچە تەخىر قىلىشقا ئۈندىدى ۋە ئۆزلىرىنىڭمۇ باقەمنىڭ ئىدارىسى بىلەن خەۋەرلىشىدىغانلىقىنى، مۇبادا باقەم زادىلا كەلمەي قويسا، قائىدە بويىچە گېزىتكە ئېلان بېرىشكىمۇ بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. قالغان ئىشلار ئوقۇرمەنلىرىمىزگە مەلۇم.

بىز ھەمدەمجاننىڭ مۇسەللەس زاۋۇتى ئالغان «خەلقئارالىق ئالتۇن مۇكاپات» نى تەبرىكلەش زىياپىتىدە ئىككى ئادەمنىڭ شىرە تۈۋىگە يىقىلغانلىقى ھەققىدە قىسقىچە توختاپلا، ھېكايىمىزنى «ئېيىقگۈل»گە

يۆتكەپ كەتكەندۇق. ئەمدى ئۇلاش ـ چولاش دوختۇرخانا
تەرەپكە بېرىپ قاراپ باقايلى.

ئەلقىسسە، تەبرىكلەش زىياپىتىنىڭ ئاخىرىدىكى
ھېلىقى كۆڭۈلسىزلىك ھەممەيلەننى مەستلىكتىن
سەگىتىپ، ئوپۇر ـ توپۇر قىلىۋەتتى. ئارىدا
ئەقىللىكرەك بىرى جىددىي قۇتقۇزۇش مەركىزىگە خەۋەر
قىلىۋەتكەنىكەن، ھايالشىمايلا ناھىيەلىك
دوختۇرخانىنىڭ بىردىنبىر «120» ناملىق ماشىنىسىمۇ
چىرقىراپ يېتىپ كەلدى. بۇرادەرلەر كۆتۈر ـ كۆتۈر
قىلىپ يىقىلغان ئىككى ئۆلپىتىنى تېببىي خادىملارنىڭ
ياردىمىدە ماشىنىغا چىقاردى. ئەمدىلىكتە ھەممەيلەن
دوختۇرخانىنىڭ لىزول پۇراپ تۇرغان گىرىمسەن
زالىدا بىر ـ بىرىگە ھاڭۋېقىپ قارىشىپ ئولتۇراتتى.
كۆپ ئۆتمەي يىقىلغان ئىككى كىشىنىڭ ئائىلە
تاۋابىئاتلىرى يىغا ـ زار بىلەن يېتىپ كېلىشتى.
زىياپەتنىڭ ئاخىرى تاڭ ئاتقۇچە تەشۋىشلىك كۈتۈشلەر،
تاپا ـ تەنىلەر بىلەن دوختۇرخانىدا تاڭغا ئۇلاشتى. ئاق
خالاتلىق سېستىرالار ئۇياق ـ بۇياقتا يۈگۈرۈشۈپ
يۈرەتتى. تاڭغا يېقىن يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنى
باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئاشقازىنىنى
تەكرار ـ تەكرار يۇيۇش نەتىجىسىدە خەتەردىن
قۇتقۇزۇۋېلىندى. رەغىدۇللانىڭ ئەھۋالى سەل ئېغىرراق
ئىدى. ئۇنىڭغا ئاشقازىنىنى يۇيۇشمۇ كار قىلمىدى.
دوختۇرلار ئۇنىڭ ئەتراپىدا شۇنچە پەرۋانە بولغان
بولسىمۇ، يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا يۈرەك ھەرىكىتىنى
كۆرسەتكۈچى ئەسۋابتىن سىزىق يوقىلىپ كەتتى.

بۇ ئىشلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى شۇنچىلىك

تۇيۇقسىز ۋە پاجىئەلىك يۈز بەردى. رەغىدۇللانىڭ كۆيۈمچان خوتۇنىنىڭ مۇڭلۇق ناخشىدەك يىغىسى زالنى، دوختۇرخانىنى بىر ئالدى. ھەممەيلەن ئۆزىنى گۇناھكاردەك ھېس قىلىپ، بىر - بىرىگە قارىيالماي ئولتۇرۇشاتتى. ئۇياق - بۇياقتا ماڭاتتى. بولۇپمۇ ھەمدەمجان ئۆزىنى يوقىتىپ قويىاي، يەرگە كىرىپ كېتەيلا دەپ قالدى. باقەم شائىر بولسا روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك داڭ قېتىپ قالغانىدى.

بولغۇلۇق بولغاندىن كېيىن قالغان ئىشلار ئۆز تەرتىپى بويىچە داۋاملاشتى، ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىمۇ ئەھۋالدىن ۋاقتىدا ۋاقىپلاندۇرۇلغانىدى. ھە دېمەي ساقچىلارمۇ يېتىپ كەلدى. تەكشۈرۈشلەر، سوئال - سوراقلار باشلاندى. دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىنغانىدى. دەسلەپكى تەكشۈرۈش نەتىجىسى تەركىبى نورمال بولمىغان مۇسەللەستىن زەھەرلىنىش بولۇپ چىقتى.

كۆڭلى بىرنېمىدىن ئۇيۇپ تۇرغان ھەمدەمجاننىڭ بۇ يەكۈندىن كېيىن بېشى ساڭگىلاپلا كەتتى. بىر خۇشاللىقنىڭ كەينىدە بىر خاپىلىق ئەگىشىپ يۈرىدۇ، دېگەن گەپقۇ بار، لېكىن خاپىلىقنىڭ شۇنچىۋالا تېز يېتىپ كەلگىنىنى قارىمامسىز! گۈلزىبا ئېرىنىڭ ئەتراپىدا ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، پىرقىراپ يۈرگەن بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ كۆڭلىمۇ ئېيتقۇسىز پاراكەندە ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى باقەم شائىرغا بولغان گۇمانىي ئۆچمەنلىكى تېخىمۇ ئۆرلىمەكتە ئىدى. «ھەممىنى قىلغان ئاشۇ،— دەپ

ئويلايتتى ئۇ ئىختىيارسىز هالدا، ــ مۇشۇ ئادەم پەيدا بولغاندىن بېرى ھەممە ئارامچىلىق يوقالدى، ئىشلار قالايمىقانلىشىپ كەتتى. بىر ئوبدان ھەمدەمجانىمۇ بۆلەكچىلا ئادەم بولۇپ قالدى. ھە دېمەي ئەمدى مۇنۇ ئىش يۈز بەردى... ھەممىنى قىلغان مۇشۇ سۆرۈن تەلەت!»

«خەلقئارالىق ئالتۇن مۇكاپات» داغدۇغىسىغا ئەگىشىپلا يۈز بەرگەن بۇ ۋەقە W ناھىيەسىنى زىلزىلىگە سېلىۋەتتى. كوچا ـ كويلاردا، ئۆيلەردە ھەممە ئادەم مۇشۇ گەپنى قىلىشاتتى. تۆت ئادەم بىر يەرگە كەلسىلا: «ساختا مۇسەللەستىن زەھەرلىنىپ ئۆلۈش» ھەققىدە پىچىر ـ پىچىر باشلىناتتى. گەپلەر بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايتتى. گاھىلار رەغىدۇللاغا ئىچىنىپ ئاھ ئۇراتتى، بەزىلەر يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلىنى «ئۆزىمىغۇ هاراق دېسە جېنىنى بېرەتتى، تاس قاپتۇ مانا!» دەپ ئەيىبلەشتى. بىرمۇنچە ئادەملەر ھەمدەمجاننىمۇ غايىبانە ئەيىبلەيتتى. «بىر ئوبدان ئۇزۇمنى ئىچىتىپ، ھالالنى ھارامغا ئايلاندۇرغاندىن كېيىن، مانا ئەمدى خوپ بولدىمۇ؟» دېيىشەتتى. ھەتتا ئىستالىن بىلەن بىر شىرەدە ئولتۇرۇپ تاماق يېگەندەك ئىشەنچلىك گەپ قىلىدىغانلارمۇ چىقاتتى. «ھەمدەمجان مۇسەللەسىنىڭ گىرادۇسىنى ئاشۇرىمەن دەپ كۆكتاش سالدۇراتتىكەن، كۆكتاش جىقراق تەشلىپ كەتكەن يېرىنى قۇرۇۋان جۇجاڭ بىلەن رەغىدۇللا كۇلگۇنچەك رەھمەتلىك ئىچىۋاپتۇ شۇ!» دەيتتى مۇنداقلار. «كۇ جۇجاڭغۇ ھاراقنى بالادەك جىق ئىچەتتى، بىراق رەغىدۇللا زورلاپ تۇرۇۋالساڭ ئىككى ـ ئۈچنى ئىچىپ قويىاتتى ئەمەسمۇ؟»

دەپ بىرلىرى بېشىنى گۇمانىي چايقاپ تېڭىرقايتتى. ھېلىقى گەپ تاپقاقنىڭ بۇنىڭغىمۇ جاۋابى تەييار ئىدى. «قىزىقىقۇ سەن، زەھەرنى ئاز يېسىمۇ، كۆپ يېسىمۇ بەرىبىر زەھەر ـ دە! ئورگانىزىم ئوخشاشمايدۇغۇ!» «ئەمىسە، ـــ دەيتتى يەنە بەزىلەر شۈبھىلىنىپ، ـــ شۇ كۈنى ئوندەك ئادەم باركەن، ھەممىسى سەن دېگەن شۇ كۆكتاش سالغان مۇسەللەسنى ئىچىپتىكەنغۇ؟ ھەمدەم چاڭجاڭ ئۆزىمۇ خۇشاللىقىدا خېلى جىق ئىچىپ قويۇپتىكەن، ئۇ بىلىپ تۇرۇپ ئۆز جېنىغا ئېڭەك سالارمۇ؟» گەپ تاپقاق بېشىنى قاشلاپ بىردەم جىم تۇرۇپ كېتەتتى ـ دە، ئاندىن بىرنى يۆتىلىپ: «ھوي راستىنلا، ئاسما ئوكولغا باراتتىم ـ ھە!» دەپ غىرىلدە جۆنەپ قالاتتى.

نېمە بولسا بولسۇن، بولغۇلۇق بولدى. رەغىدۇللا رەھمەتلىك يىغا ـ زارىلەر بىلەن يەرلىككە قويۇلدى. ئۇنىڭ بالىۋاقىلىرى: «دادامنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەن ئادەمنى جازالاپ بېرىسىلەر» دەپ سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىشتى. شۇنداق بىر قاتار ئېگىز ـ پەسلىكلەر تۈپەيلى ھەمدەمجاننى تۇتۇپ تۇرۇپ تەكشۈرىدىغان، مۇسەللەس زاۋۇتىنى ۋاقتىنچە پېچەتلەيدىغان بولۇشتى. بۇ ئىش تۈپەيلى كۆپ ئادەملەر ھەمدەمجانغا ھېسداشلىق قىلىشتى، بىراق نېمىلا بولسۇن ھەمدەمجاننىڭ زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان ئىچىملىكنى ئىچىپ نەچچە ئادەم زەھەرلەنگەن، بىر ئادەم ئۆلگەندى. پاكىت ھامان پاكىت، ئۇنى تەكشۈرۈپ دەلىللەش ياكى ئاغدۇرۇش، سەۋەبكارلىرىنى تەھقىقلەش كېرەك بولاتتى. ھەمدەمجاننىڭ تۇتۇپ تۇرۇلغانلىقى ئۇنىڭ زاۋۇتىغا،

ئائىلىسىگە زور زەربە بولدى. مۇسەللەس زاۋۇتىدىكى تېخنىك، ئىشچىلار پىتىراپلا كەتتى. زاۋۇتتا ئەزەلدىن بۇنداق ۋەقە كۆرۈلمىگەنىدى. بولماي ـ بولماي، تازا مۇكاپات ئالغان چاغدا بولغىنىنى كۆرمەمدىغان يا بىرەر كۆرەلمەس ئويۇن ئوينىۋەتتىمىكىن؟... شۇنداق قىياس قىلغانلارمۇ بولدى. لېكىن دەلىل يوق ئىدى. يەنە ھەر خىل گەپ ـ سۆزلەر كۆتۈرۈلدى. «زادى مۇشۇ ئېغى بىلەن بېغى يوق مۇكاپاتنى ئالمايدىغان ئىش ئىدى. يا بىرەر ئادەم مەھسۇلاتىمىزنى تېتىپ، باھالىمىسا! بىرەر يەرگە، باھالاشقا ئۆرنەك ئەۋەتمەيلا...» دەپ غودۇرايتتى بەزىلەر. مۇنداق دېگەنلەرمۇ بولدى: «شۇنچە پۇلنى بىكارغا خەققە بېرىپ، داغۋازلىق، سۆلەتۋازلىق قىلغانىنىڭ سازايى چىقتى مانا! خەلقئارا مۇكاپات ئىمىش! قىپقىزىل ئالدامچىلىقتۇ بۇ. ئالتۇن مۇكاپات ئىمىش تېخى! مىس بولسىمۇ چوڭ گەپ ئىدىغۇ!»، «راست دەيسەن،ــ دەپ قۇۋۇەتلەيتتى يەنە بىرلىرى،ــ ھازىر ئۇنداق ئالدامچىلار جىقتۇ، ھۆكۈمەتمۇ تۇتۇۋالسا جازالايدۇ ئۇنداق قويمىچىلارنى!»

ھەمدەمجاننىڭ ئۆيىدە خېلىدىن بېرى تۇرۇۋاتقان مېھماننى تىلغا ئالغان، چىشلەپ تارتقانلارمۇ بولدى. «ئاڭلىمىدىڭلارمۇ، ھېلىقى ئۇچ ـ تۆت تۇمەننىڭ پېيىنى قىرقىغان بايتال مۇكاپاتنى (چاپچىپ تۇرغان ئات ھەيكىلىنى بىراۋلار بىردەمدىلا شۇنداق ئاتىۋېلىشقانىدى، خەق دېگەنمۇ يامان ـ دە!) ھەمدەم چاڭچاڭنىڭ شەھەردىن كەلگەن ھېلىقى شائىر ئاغىنىسى ئالاقىلىشىپ ئېلىپ بېرىپتۇدەكقۇ! ھېلىقىچۇ، تونۇلغۇن مۇراسىمدا كاللا دېسە، پاقالچاق دەپ شېئىر ئوقۇغان،

مازراق نېمىغۇ ئۆزى؟ دوپپىلىرىنى قاراڭلار، تامدىكى مىخقا ئېلىپ قويغاندەك، بېشىنىڭ كەينىگە چاپلىۋالغىنىنى!» شۇنىڭ بىلەن باقەم شائىر ھەققىدىكى پاراڭلار باشلاندى. ئانتون پاۋلوۋىچ چېخوپنىڭ «بىگىز قاپتا ياتمايدۇ» دېگەن ھېكايىسىدىكىگە ئوخشاش، باقەمنىڭ W ناھىيەسىگە كەلگەندىن بېرىقى كەچمىش ـ ئەتمىشلىرىدىن تارتىپ ئوقۇغان شېئىرلىرىغىچە ئەسكى پالاستەك سۆرىلىپ ئوتتۇرىغا چىقتى. ھېلىمۇ ياخشى بۇ پاراڭلار ئۈستىدە باقىجان ئۆزى بولماي قالدى، مۇبادا ئاشۇ يەردە بولۇپ قالغان بولسا، بارلىق نېمىدىن كېچىپ ئەتىسى ئەتىگەننىڭ ماشىنىسى بىلەن ئۇدۇل شەھەرگە جۆنىگەن بولار ئىدى. باقەم شائىر ھەققىدىكى غەيۋەتلەرنىڭ ئاخىرى: «تايىنلىق، شۇ خىزمىتى ئۈچۈن ھەمدەمجاندىن بەش ــ ئون مىڭنى موك قويغاندۇر؟» دېگەن يېرىگە كەلگەندە ئۇنىڭدىنمۇ يوغىنى پۇسكىيىپ چىقتى. «نېمە دەۋاتىسەن؟ ــ دېدى ئۇزۇن قولاقلارنىڭ پادىشاھىدەك بىرى، ــ تىيىنىنىمىغۇ بولجۇتماي ئالىدۇغۇ ئۇ دەلتە، ئۇنىڭغا ئۇستەكلەپ ھەمدەم چاڭچاڭنىڭ قېيىنسىڭلىسىنىمۇ ئالغۇدەك، ھەمدەمجان بىلەن باجا بولۇشقۇدەك!»

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، مۇئەللىپ كىشىلىك تۇرمۇشتا ئۆزىنى تادان، ئالغۇر ھېسابلاپ، دائىم باشقىلارنىڭ بۇرنىدىن پىلىك ئۆتكۈزىمەن دەپ يۈرگەن شۇنداق بىر ئىنسانلارغا دوستانىلىق بىلەن شۇنى ئېيتىدۇكى، سىلەرنىڭ ئۇستاتلىقىڭلار، ھىيلە ـ مىكىرلىرىڭلار ئۆلۈكنى قار بىلەن كۆمگەندەكلا بىر ئىش، ئىنسان ئۈچۈن توغرا، لىللا ياشاشتىن ئارتۇق

ئىسسىل پەزىلەت ۋە ئاراملىق يوق. دۇنيادا كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن چىقىپ، لەنەت دارىغان ئىسسىلغاندىنمۇ ئارتۇق ئىچىنىشلىق ئىش بولمايدۇ. شۇڭا، ھەركىم بولسا ھالال ياشىغىنى، توغرا يولدا ماڭغىنى، قارا نىيەت ۋە ھىيلە ـ مىكىرنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلمىغىنى تۈزۈك. ئەگرى يولدا مېڭىۋېرىپ، ئاقىۋەت ئۆزىڭىز قۇرغان قاپقانغا ئۆزىڭىز چۈشكىنىڭىزدە پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا تاپالماي قالىسىز.

ھەمدەمجاننىڭ قىسمىتى نۆۋىتىدە ئۇنىڭ ئۆيىدىمۇ غودۇر ـ سوكۇنچىلىك پەيدا قىلدى. گۈلزىبا بىر كېچە ـ كۈندۈز ئىچىدە ئورۇقلاپلا كەتتى، گەپ ـ سۆزدىنمۇ رايى قايتتى. گۈلزىيا بولسا ھەدىسىنىڭ ئەتراپىدا چۆرگۈلەپ ئاۋارە ئىدى. ساقىتاي بولۇۋاتقان ئىشلارنى تازا چۈشىنىپ كەتمىگەندەك قىلاتتى. بىر قېتىم ئۇ ئاپىسىنىڭ تىزىغا يامىشىپ: «ئاپا، دادام يەنە قارا ئۇزۇم يىغقىلى كەتتىمۇ؟» دەپ سورىۋىدى، گۈلزىبا پاكىتىدە ئېتىلىپ كېتىشتىن ئۆزىنى تەستە تۇتۇۋالدى، لېكىن قەلبى يىغلايتتى.

ئەمدى بىز بۇ ئىشلار مابەينىدە بىزنىڭ قەھرىمانىمىز قانداقراق تۇرۇۋاتىدۇ؟ نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ؟ دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرەيلى. كاتتا مۇكاپات ئەمدى يېتىپ كېلىشكە ئۇلىنىپلا يۈز بەرگەن بۇ كېلىشمەسلىك دەسلەپتە باقەمنىمۇ بەك چۆچۈتتى، بولۇپمۇ رەغىدۇللا كۈلگۈنچەكنىڭ ئۆلۈمى ئۇنى تولىمۇ ساراسىمىگە سالدى. مەرھۇمنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا بارغىنى، چىشاڭ خوتۇنى بىلەن ئىككىسىنىڭ ئادەمنى

بىزار قىلغۇدەك مېھماندوستلۇقى، رەغمدۇللانىڭ ئاجايىپ پاكىز ۋە رەتلىك ھويلىسى خېلى كۆڭۈلەرگىچە ئۇنىڭ يادىدىن، كۆز ئالدىدىن كەتمەي تۇرۇۋالدى. ھەرھالدا شۇ ئارىلىقتا ئىنسانىي ھېسسىياتى لىپپىدە بىر ئۆرلەپ: «ئادەم دېگەن شۇنچىلىكلا بىر نېمىكەنغۇ!» دەپ خورسىنىش ئارىلاش ئويلاپمۇ قويىدى. شۇ خىيال، شۇ ھېسسىيات ئىلگىرىدىن تارتىپ، داۋاملىق كۆڭلىدە تارازا بېسىپ تۇرغان بولسا، ئۇ ھېلىقىدەك مەرەز ئىشلارنى قىلماس ئىدى، خەيرىيەت!

باقەم شائىر چۆچۈپ كەتكىنىدىن دەرھال شەھەرگە، باش دىرېكتورغا تېلېفون بېرىپ، ئەھۋالنى بايان قىلدى. دىرېكتور باقەمدىن ياش بولغىنى بىلەن مەككارلىقتا خېلى ـ خېلىدىن قېلىشمايتتى. سەكسەن ياشلىق قېرىلارمۇ بەلكىم ئۇنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەس! ئەنە شۇ قۇۋ دىرېكتور باقەمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بىردەم جىم بولۇپ كەتتى ـ دە، ئاندىن باقەمگە بۇ ئىشنىڭ ئۆزلىرى بىلەن، مۇكاپات بىلەن ئالاقىسى يوقلۇقىنى، جىددىيلەشمەي، ئارتۇق ئىشلارغا ئارىلاشماي، قالغان پۇلنى ئۇندۇرۇپ، يەنە تېخى باشقا ناھىيەلەرگە بېرىپ، بولسا شۇنداق سودىدىن يەنە بىر ـ ئىككىنى تېپىپ ئالدىرىماي قايتىشىنى، ئىدارىگە يېنىپ كېلىمەن دەپ ئانچە جىددىيلىشىپ كەتمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى، يېقىندىن بېرى چوڭ ئىشلارنىڭمۇ يوقلۇقىنى قوشۇپ قويىدى. دىرېكتور گەپنىڭ ئاخىرىدا شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسىدىن ئىككى خادىمنىڭ باقەمنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى، باقەمنىڭ ئايالىنىڭ قانداقتۇر بىر دەۋا بىلەن ئۇلارنى ئىزدىگەنلىكىنى

ئېيتىپ، زادى نېمە ئىشلىقىنى سورىسۇندى، باقەم بۇ قېتىممۇ ئۆتكەن قېتىمقىدەك «ۋايتاڭ» پەدىسىنى چاندۇرماي چىلىپ، گەپنى يوقىتىۋەتتى. ھېلىمۇ ياخشى دىرېكتور باقەمنىڭ سەييارە كاماندىروپكىغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى، خىلىدىن بېرى ئالاقىلەشمىگەچكە ھازىر ئۇنىڭ نەدىلىكىنى ئۇقمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ سوت مەھكىمىسىدىن كەلگەنلەرنى يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. «ئىشتانغا چىققان كۆڭۈلگە تايىن» دېگەندەك، گەپنىڭ، ئىشنىڭ ئۇرامىنى پەملىگەن باقەم ئۆزىنى قوغداپ قالغان غوجايىنغا قوشلاپ تەشەككۈر ئېيتتى. باشلىقمۇ زىر ـ زەۋىرىگىچە كوچىلاپ يۇرمىدى. باقەمنىڭ يۈرىكى بۇ ئۇچۇر تۇپەيلى يەنە بىر جىغىلدىغان بولسىمۇ، كەچتە ھەمدەمجاننىڭ ھويلىسىغا كىرىپ ھەدە ـ سىڭىل نازىنىنغا كۆزى چۈشكەندە ھېلىقى گەپلەر كۆڭلىدىن شامالدىكى توزغاقتەك ئۇچۇپ، توزۇپلا كەتتى.

گۈلزىبا ھېچنېمە كۆرمىگەندەك ھجىيىپ ھويلىغا كىرىپ كەلگەن باقەمنى كۆرۈپ قاپىقىنى تۈرۈپ، ئوچۇق چىراي ئاچمىدى. بىراق، گۈلزىبىيا كەلگۈسى ھاياتى باغلىنىپ قالغان بۇ ئادەمگە ئادەتتىكىدەكلا خۇش تەبەسسۇم ئىنئام قىلدى. سىڭلىسىنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن گۈلزىبا ئۆزىنى سەل تۇتۇۋېلىپ، كېيىنكى ھەرىكەت، گەپ ـ سۆزلىرىدە ئانچىلا چاندۇرۇپ كەتمىدى. نېمىلا بولسۇن، يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان سىڭلىسىنىڭ كېيىنلىكىنى ئويلىمىسىمۇ بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەمدەمجانىنىڭمۇ باقەمگە مايىل ئىكەنلىكى يادىغا يېتىپ، ئۆزىنى خېلىلا تۇتۇۋالدى. بۇ چاغدا باقەممۇ ھەمدەمجان ئاغىنىسىنىڭ گۇناھسىزلىقى،

ئىشنىڭ جەزمەن ئېنىقلىنىپ، ھەمدەم چاڭجاڭنىڭ چوقۇم ئاقلىنىپ چىقىدىغانلىقى... ھەققىدە تەسىرلىك نۇتۇق سۆزلىمەكتە ئىدى.

ــ ئويلىمامسىلەر، مۇشۇ كەمگىچە ھەممە ئادەم ئىچىپ، ھېچنېمە بولماي كەلگەن مۇسەللەستىن نېمىشقا ئۇ ئىككىسى زەھەرلەنگۈدەك؟يەنە بىر تەرىپى، ئاشۇ كۈنى شۇنچە جىق ئادەم ئىچتۇق، نېمىدەپ باشقىلار ھېچنېمە بولماي، ئۇ ئىككىسى بىرنېمە بولغۇدەك؟ مانا مەن ھېچنېمە بولمىدىمغۇ؟ ھەمدەمجانمۇ خۇشلۇقىدا خېلى كۆپ ئىچكەن، يەنە تېخى خۇش كەتتىلەرچۇ! يەنە... ئاسىم جىڭلىمۇ...

دېمىسىمۇ راست ئەمەسمۇ! گۈلزىبا باقەمنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغانسېرى، كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىپ تۇرغان ئەندىشىنىڭ تۇماندەك ئاستا تارقىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى، ئۆزىمۇ خېلى يەڭگىللەپلا قالدى. ئارىلىقتا تېخى خۇددى ھەمدەمجان لىپپىدىلا كىرىپ كېلىدىغاندەك دېرىزىدىن دەرۋازا تامان قاراپمۇ ئالدى. ئۇ گۈلزىياغا مېھمانىنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىشنى تاپىلاپ، ساراي ئۆيىنى بېسقتۇرۇپ قويۇشنى بۇيرۇدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن باقەم شائىرمۇ سارايدا، خالىيدا گۈلزىيانى ئىشەنچلىك ھالدا ئىككى قېتىم قولىنىڭ بېغىشىدىن كاپپىدە تۇتۇۋېلىپ يالاشتۇرۇۋالغان بولدى ۋە ئېغىز ـ بۇرۇن يالىشىش ئارىلىقىدا، ھەمدەمجان ھەپسىدىن بوشىنىپ چىقىسىلا، كېچىكتۇرمەي توينى قىلىۋېتىش توغرۇلۇق نازلىق ۋەدىنىمۇ ئالدى.

لېكىن، دەل شۇ دەقىقىلەردە كاززاپ باقەمجاننىڭ كۆڭلىدە يەنىلا تامامەن باشقىچە بىر چوت شاراقلاپ

سوقۇلماقتا ئىدى. ساددا گۈلزىيانى شېرىن خىيالغا سېلىپ قويۇپ، ئۇ يەنىلا گۈلزىبانىڭ ئىشتىياقىدا كۆيمەكتە ئىدى. ھەتتا گۈلزىيانىڭ بىلىكىنى تۇتقاندىمۇ ئۇ بۇ نازۇك بىلەكنى گۈلزىبانىڭ بىلىكى دەپ ھېس قىلاتتى. ھەمدەمجاننىڭ غېمىدە ئورۇقلاپ ۋە مۇڭلىنىپ تۇرغان گۈلزىبا ئۇنىڭ كۆزىگە بۇرۇنقىدىنمۇ بەتتەر گۈزەل كۆرۈنۈپ كەتتى. قاچاندۇر ۋە قەيەردىدۇر بىر شائىر مۇسىبەتتىكى بىر گۈزەلگە ئاتاپ «ساڭا قايغۇ يارىشار» دەپ لىرىكا يازغانىدى!

غەيرىي نىيەت، نەپسى بالا ئىنساننى ھەر كويلارغا سالىدۇ. ئاشۇ كۆڭۈلسىز ئىشلاردىن كېيىن، باقەم شائىر ئاخشىمى ھەمدەمجاننىڭ ھويلىسىدىكى ساراي ئۆيدە ئولتۇرۇپ، يۈز ۋاتلىق لامپۇچكىنىڭ يورۇقىدا، بايا گۈلزىيادىن «باش شىركەتكە دوكلات يازاتتىم» دەپ سورىۋالغان قەلەم ـ قەغەزنى ئىشلىتىپ W ناھىيەلىك خەلق سوت ۋە تەپتىش مەھكىمىلىرىگە نامسىز پاش قىلىش خېتى يازدى. سول قولدا قىڭغىر ـ قىيسىق قىلىپ يېزىلغان بۇ پاش قىلىش خەتلىرىدە ھەمدەمجاننىڭ پۇل ۋە پايدىغا بېرىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىلەن ئوينىشىپ، زەھەرلىك ماددىلارنى بولۇشىغا ئىشلىتىپ ساختا مۇسەللەس ياسىغانلىقى، بۇنىڭ تولىمۇ ئېغىر قىلمىش بولۇپ، ھەتتاكى ئۆلۈم ھادىسىسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقى، بۇنى ئاز دېگەندەك ھەمدەمجاننىڭ ئۆزىنىڭ ساختا مۇسەللىسىنى بازار تاپتۇرۇش ئۈچۈن، بىرتالاي پۇل خەجلەپ ئاتالمىش «خەلقئارالىق ئالتۇن مۇكاپات» سېتىۋېلىپ، ھۆكۈمەتنى ۋە خەلقنى ئالداپ جىنايەت

ئۇستىگە جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكى... ئاجايىپ ئاچچىق ئىبارىلەر بىلەن بايان قىلىنغان ھەمدە بۇ قىلمىشلار تۈپەيلى ھەممىدەمجانغا قانۇننىڭ مۇناسىۋەتلىك ماددىلىرىغا ئاساسەن ئېغىر جازا بېرىلىشى تەلەپ قىلىنغانىدى. باقەم شائىر خەتنىڭ ئاخىرىغا «W ناھىيەسىدىكى كەڭ ئاممىدىن» دەپ يېزىپ قەلەمنى قويدى ـ دە، قوللىرىنى ئىشقىلاپ، راھەتلەنگەندەك تازىمۇ چوڭقۇر ئەسنەپ، بىر كېرىلىۋالدى.

باقەم كۈندۈزى ئالايىتەن تەييارلىق قىلىپ پوچتىخانىدىن بىرنەچچە كونۋېرت، يېتەرلىك ماركا ۋە بىر قۇتا شىلىم سېتىۋالغانىدى. خەتلەر كونۋېرتقا سېلىنىپ، كونۋېرت ئاغزى چاپلىنىپ، ئادرېسلار يېزىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن ئۇ تۈن ئوغرىسىدەك شەپە چىقارماي كوچىغا چىقتى. بىرنەچچە كوچىنى ئاتلاپ، باشقا يول بىلەن پوچتا ئىدارىسىگە يېتىپ باردى ـ دە، تالادىكى پوچتا ساندۇقىغا كونۋېرتلارنى شىلىپپىدە قىلىپ سېلىۋەتتى.

# يىگىرمىنچى باب

ئەمدى بىز گەپنى ھەمدەمجاندىن ئاڭلايلى!
بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردىن ھەمدەمجان ھەممە ئادەمدىن بەكرەك چۆچۈپ ھەم گاڭگىراپلا قالدى. بۇ ئىنتايىن تەبىئىي ئەھۋال ئىدى. «مەرۋايىت» مۇسەللەس زاۋۇتىنى قۇرغاندىن بىرى ئۇنىڭ مۇنداق ئىشقا تۇنجى قېتىم يولۇقۇشى ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ كونى شۇنچە ئادەم شۇ مۇسەللەستىن ئىچكەن، ئۆزىمۇ تەڭ ئىچكەن تۇرسا، ھېچكىم ھېچنېمە بولماستىن، يېزا ـ بازار كارخانىلىرىغا مەسئۇل باشلىق بىلەن ئانچە كۆپ هاراق ئىچمەيدىغان رەغىدۇللا بىچارىنىڭ يىقىلغىنىنى قارا! رەغىدۇللا شۇ يىقىلغىنىچە ئورنىدىن تۇرالمىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ خوتۇن ـ بالىۋاقىسى ئۆزىنى نېمە دەۋاتقاندۇر؟ ئەل ـ جامائەت نېمىلەرنى دېيىشىۋاتقاندۇر؟... شۇلارنى ئويلىغانسېرى ھەمدەمجاننىڭ يۈرىكىنى بېسىپ تۇرغان قورام تاش بارغانسېرى يوغىناپ، ئېغىرلىشىۋاتقاندەك نەپىسىنى قىساتتى. تەنھالىق ۋە مەھكۇملۇقتا ئادەمنى خىيال قىينايدۇ. ھەمدەمجان ئۆزى يالغۇز، قاماقخانىدا نۇرغۇن نېمىلەرنى ئويلىدى، دۇنيانى خىيالەن نەچچە ئايلىنىپ چىقتى، پۈتۈن ھاياتىنى بىر باشتىن ئەسلىدى. تولغاندى، ئېچىندى، پۇشايمان قىلدى. بۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئۆيىنى، مېھرىبان ئايالىنى، بالىسىنى سېغىندى.

قېيىنسىڭلىسىنى، ھەتتا ئۆيىدە مېھمان بولۇپ تۇرۇۋاتقان، بەزىبىر يەرلىرى سەل غەلىتە، يەنە بىر مىجەزلىرى قىزىقلا باقەم شائىرنىمۇ كۆرگۈسى كەلدى. «بىچارە ئاغىنەم، شۇنچە ھەشەم ـ دەرەم بىلەن ماڭا مۇكاپات ئېلىپ بېرىۋىدى، ئۇنىڭغا يونىغاندەك تاپ باستۇرمايلا بۇ كېلىشمەسلىك چىقتى» دېگەنلەرنىمۇ ئويلىۋالدى. گۈلزىيا ئىككىسىنىڭ تويىنى بالدۇرراق قىلىۋەتسەكچۇ دەپ پۇشايمانمۇ قىلىپ قالدى. شۇنچە خاتىرجەم، خۇشال يۈرگەندە بۇ يەرگە كىرىپ قالدى. كىرمەكنىڭ چىقمىقىغۇ بار، بىراق قاچان چىقالايدىغىنىنى كىم بىلىدۇ؟ گەپ سىرتتىكى ئىشلارنىڭ قانداق تەكشۈرۈلۈشى، نېمىدەپ ھۆكۈم چىقىرىلىشىغا باغلىق. ھەمدەمجان رەھمەتلىك ئاتىسىنى نەچچە قېتىم ئەسلىدى. ئاتىسى بەش ۋاق نامازنى قازا قىلمايدىغان ئادەم ئىدى. شۇ رەھمەتلىك ئوغلىنىڭ مۇسەللەس زاۋۇتى ئاچقانلىقىغا قارىتا ئېتىراز بىلدۈرۈپ: «باشقا تىجارەت قىلساڭ بوپتىكەن، بالام، بىكارغا ھالالنى ھارامغا ئايلاندۇرىدىغان ئىشنى تېپىۋاپسەن، بىزگە ياراشمايدۇ، ئوغلۇم!» دەپ تالاي ئېيتقانىدى. ياراشمايدۇ دېگىنى مۇشۇ ئىكەن ـ دە!... ھەمدەمجان ئۆكسۈدى.

ھەمدەمجان قاماقخانىدا ئاشۇنداق خىياللار بىلەن تولغىنىپ ئولتۇرغىنىدا W ناھىيەسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىدىمۇ بىر قاتار ئىشلار ئۆز رېتى بويىچە كېتىۋاتاتتى. ھە دېگەندىلا «ھاراقتىن زەھەرلىنىش» دەپ قالپاق كىيدۈرۈلگەن بۇ ۋەقە توغرىسىدا ئەلۋەتتە ئېنىق ـ بىسىقلىق بىلەن، تەلتۆكۈس، توغرا يەكۈن چىقىرىلىشى لازىم ئىدى. چۈنكى، بۇ ئىش تۈپەيلى (ياكى مۇشۇ جەرياندا) ئۆلگەن ئادەم بار. مۇھىمى، جاۋابكارغا ئايلىنىپ ھازىر

ھەپسىدە يېتىۋاتقان ئادەم W ناھىيەسىدە يەككە ئىگىلىك، يېزا ـ بازار كارخانىچىلىقى ساھەسىدە ئاتىقى، تۆھپىسى بار، نۇرغۇن قېتىم شان ـ شەرەپلەرگە ئېرىشكەن ئادەم، يەنە كېلىپ، بۇ ئىش تۇپەيلى مەزكۇر زاۋۇت پېچەتلىنىپ، نەچچە ئون ئادەم ئىشتىن قالغانىدى. ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنى قوشقاندا قانچىلىك ئادەم؟ بۇ ئىش ئەلۋەتتە W ناھىيەسىدىكى رەھبەرلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ئەستايىدىل، جىددىي تەكشۈرۈش، ئىلمىي، دۈرۈس يەكۈن چىقىرىش ھەققىدە يوليورۇق ئالدى، بۇ يەردىكى ھالقىلىق مەسىلە، رەغىدۇللانىڭ ئۆلۈمى ئىدى. نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئادەم ئىچكەن، يەنە كېلىپ بىرمۇنچىلىرى شۇنچە كۆپ ئىچكەن تۇرۇپ، ئۇلپەتلەرنىڭ زورى بىلەن بىرنەچچە پىيالە ئىچىپ قويغان رەغىدۇللاغا ئۇ مۇسەللەس شۇنچە زور ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ، جېنىغا زامىن بولىدۇ؟ تىببىي خادىملار مانا مۇشۇ جەھەتنى نىگىز قىلىپ، كېرەكلىك تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ باردى. بەزىبىر تىببىي تېخنىكىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلالماي، ئوبلاستلىق دوختۇرخانىدىن مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىش قارارىغا كېلىشتى. بۇ ئىشلار چاقماق تېزلىكىدە ئىشلەندى. چۈنكى، مېيىتنى ساقلاۋەرگەن بىلەن بولمايتتى. ئوبلاستتىن كەلگەن مۇتەخەسسىسلەر ئىنچىكە ۋە ئەتراپلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، رەغىدۇللانىڭ ھايات ۋاقتىدىكى كېسەللىك ئارخىپلىرى، ئولتۇرۇش كۈنى ئىچىلگەن ئىچىملىك تەركىبى تەپسىلىي تەكشۈرۈلدى. مېيىت ئۈستىدە ئىنچىكە پاتولوگىيەلىك ئانالىزمۇ ئېلىپ بېرىلدى. مۇتەخەسسىسلەر ئەتراپلىق تەكشۈرۈشتىن كېيىن دەسلەپكى قەدەمدە، ئىچكى

جەھەتتە ئېنىق يەكۈنگە كېلىشتى ۋە مېيىتنى دەپنە قىلىۋېتىشكە بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى، رەغىدۇللانىڭ روھى ئارام تاپتى.

دەل مۇتەخەسسىسلەر جىددىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقان مەزگىلدە ھېلىقى كۈنى تەبرىكلەش زىياپىتىدە بىرىنچى بولۇپ يىقىلغان قۇرۋان ئىسىملىك ناھىيەلىك يېزا - بازار كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جىددىي قۇتقۇزۇلۇپ، داۋالاش نەتىجىسىدە ئوبدانلا ئەسلىگە كەلدى - دە، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردىن خەۋەر تاپتى. ئۇ رەغىدۇللانىڭ تۇيۇقسىز ۋاپاتىدىن ئېچىندى، ھەمدەمجاننىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقاندا بولسا ئەپسۇسلاندى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەرگىز مۇسەللەستىن زەھەرلەنمىگەنلىكىنى، دىيابىت كېسىلىنىڭ ئېغىرلىقىغا قارىماي، يەڭگىلتەكلىك قىلىپ جىق ئىچىۋالغانلىقى تۈپەيلى ئاشۇنداق ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىققانلىقىنى، بۇنداق ئىشنىڭ بۇرۇنمۇ بىر قېتىم بولغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ ساۋاق ئالمىغانلىقى تۈپەيلى يەنە تەكرارلانغانلىقىنى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا، دوختۇرلارغا بىلدۈردى. ئاڭغىچە رەغىدۇللانىڭ ئايالىمۇ سوت مەھكىمىسىگە، تەپتىش مەھكىمىسىگە ئېرىنىڭ ئۆلۈمى تۈپەيلى ھەمدەمجاننى جازالىماسلىقىنى ئۆتۈندى ھەمدە ئېرى رەھمەتلىكنىڭ ھايات چېغىدا ھەمدەم ئەپەندىم بىلەن بەك يېقىن ئۆتىدىغانلىقى، دائىم ئۇنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىدىغانلىقىنى، ئوغۇللىرىنىڭ ئۆزىدىن سورىقسىزلا ھەمدەمجاننى جازالاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، خاتا قىلمىشقانلىرىنى بايان قىلدى.

— ئەجەل شۇنداق، — دېدى يىغلاپ تۇرۇپ ئايال، — رەغىدۇللا رەھمەتلىك كىشىنىڭ ئۈستىدىن پالان - پوكۈن

دېگەننى ئۆتەر يامان كۆرسىدىغان، ئۇنىڭ روھى قورۇنۇپ قالمىغاي! ئۆزىنىڭمۇ يۈرەك كېسەللى بار ئىدى، ئارانلا تۇراتتى. ھەمدەمجاننى قويۇۋېتىڭلار، خۇدادىن كەلگەننى بەندىدىن كۆرۈشكە ھەددىمىز ئەمەس! گۇناھى بولسىمۇ كەچۈردۇم، بالىچاقىسىنى ئۆزى باقسۇن...

مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ھېسسىياتچان مۇئەللىپنىڭ يەنە ھاياجىنى قوزغالدى. رەغىدۇللانىڭ قەدىناسى ئاشۇ سۆزلەرنى قىلغاندا ھېچنېمىنى ئويلىمىغانمىدۇ؟ مۇسىبەت تىكەنلىرى يۈرىكىنى تىرنىلاپ تۇرغاندا، ئېرىنى مەڭگۈلۈك ماكانغا ئۇزاتقاندا بىچارە مەزلۇم قانداقچە ئاشۇ ئەپۇچان ئىبارىلەرنى ئېغىزىدىن چىقىرالىدى؟ مانا بۇ پەزىلەت! مانا بۇ ئىنسانىنىڭ ئىنسانغا بولغان مېھىر ــ مۇھەببىتىنىڭ ئالىي، ئەلا ئىنكاسى، ساداسى! ئەپسۇسكى، بىزنىڭ ئارىمىزدا يەنە شۇنداقمۇ بىر خىل ئادەملەرمۇ ياشايدۇ، ئۇلار ئەپۇنى ئەمەس، قىساسنى ئۆگەنگەن. ئۇلار باشقىلارنىڭ قىلچىلىك ئەيىبىنى بايقىسا، تۇتۇۋالسا، قىلنى پىل قىلىپ كۆرسىتىپ، تاكى ئۆلگۈچە سۆرەپ يۈرۈپ، ياخشىلارنى ۋايىداد، كۆللى ئالەمنى ھەيھات دېگۈزۈۋېتىدۇ. يەنە شۇنداق بىر پەسكەش ئادەملەرمۇ... ياق، ئۇنداقلارنى ئادەم دېمەستىن، ئىككى پۇتلاپ ماڭىدىغان ھايۋان دەپ ئاتايلى!...
ياق، بۇنداق دېسەك مايمۇنغا ۋابالچىلىق يەتكۈدەك، ھەتتا مايمۇنمۇ گېزى كەلگەندە مېھىر ــ شەپقەتنى، ئەپۇچانلىقنى بىلىدۇ. بىز ھېلىقىدەك ئادەملەرنى، شۇنداق بىرنېمىلەر دەپلا ئاتاپ تۇرايلى. مەنتىقىغە چۈشمىسىمۇ مەيلى، چۈنكى يامانلىقنى ئۆزىگە ھۈنەر ــ كەسىپ قىلغانلارنىڭ ھېچبىر ئىشى مەنتىق دائىرىسىدە ئەمەس. خوش، ئەنە شۇ ئاتالمىش شۇنداق بىرنېمىلەر باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى كوچىلاپ

تىپىشقا، گۇناھسىزلاردىنمۇ گۇناھ ئويدۇرۇپ چىقىرىشقا ئامراق كېلىدۇ. ئۇنداقلارنىڭ رەزىللىكىگە چىلىنىپ، چىلىشىپ كەتكەن يۈرىكى پەقەت باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەش، تىل قىسىنچىلىقىنى تېپىش، خەقنىڭ ئەدىپىنى بېرىش بىلەنلا ئارام تاپىدۇ، راھەتلىنىدۇ. ئۆمۈر يولۇمدا نۇرغۇن تالاپەتلەرگە يولۇقتۇم، لېكىن تۆھمەتخور ۋە چېقىمچىنىڭ يالىسىدەك رەزىللىكىنى، شۇ تۈپەيلى تارتقان تالاپەتتەك ئېغىر تالاپەتنى كۆرمىدىم. ياراتقۇچى بەندىلىرىگە خۇلق ـ مىجەز ئاتا قىلغاندا ئەڭ لەنەتگەردى بەندىلىرىگە تۆھمەتخورلۇق ۋە چېقىمچىلىق ئازابىنى مىجەز قىلىپ بەرگەن بولسا كېرەك. تۆھمەتخورنىڭ كۆڭلىدە نەپسانىيەتچىلىك سەۋداسى زور بولىدۇ، چېقىمچىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئابرۇيپەرەسلىك غالىب بولىدۇ. ئىت ئۇستىخان غاجىلاش بىلەن ماددىي ئېھتىياجىنى قاندۇرسا، تۆھمەتخور ۋە چېقىمچىلار ئۆز بەتخۇيلۇقلىرى ئارقىلىق مەنىۋى نەپسىنى قاندۇرىدۇ. بۇنداق بىرنېمىلەرنىڭ ئىتتىن نېمە پەرقى؟

بىز ئەمدى ھەمدەمجاننىڭ ئىشى ھەققىدىكى بايانىمىزنى سەل كېيىنگە قالدۇرۇپ، يەنىلا خېلىدىن بېرى قەلەمگە ئىلىنماي قالغان باقەم شائىر توغرىسىدا پاراڭ قىلايلى.

بولۇپ ئۆتكەن بىر قاتار ئىشلار باقەمنى ئاز بىر مەزگىل ساراسىمىگە سالغان بولسىمۇ، لېكىن مەزكۇر شەخسنىڭ مىجەزى، تەبىئىتىگە يارىشا تېزلا بېسىقىغا چۈشۈرۈپ، تېخى ئۇنى تېزرەك ئۆز مۇددىئالىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كويىغا سالدى. بولۇپمۇ ھەمدەمجاننىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى باقەمنىڭ ئۆز تىلەك، مەقسەتلىرىگە يېتىشى ئۈچۈن تېپىلغۇسىز پۇرسەت ئىدى. جاھاندا باشقىلارنىڭ

يىغىسىدىن ئۆزگە كۆلكە تېپىش يولىدا ئىزدىنىپ يۈرگەنلەر كەم ئەمەس. باقەم شائىر شۇ كۈنلەردە ئالتۇن مۇكاپات تۇپەيلى كېلىدىغان دارامەتنى خۇلاسىلەش ئىشىنى سەل كېيىنگە قالدۇرۇپ، پەيتنى چىڭ تۇتۇپ گۈلزىبانىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئۈچۈن قەدىمىنى تېزلىتىشنى خوپ كۆردى. شۇ نىيەت بىلەن ئۇ كۆرۈنۈشتە ھەمدەمجانغا قاتتىق قايغۇرغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، گۈلزىباغا يېقىنچىلىق قىلىشنى تېزلەشتۈردى. گۈلزىبا بولسا ئىرى ھەمدەمجاننىڭ يۈز ـ خاتىرسى ئۈچۈن، ئالىلقاچان باقەم شائىرغا مەيلىنى بەرگەن قىرىندىشى گۈلزىيانىڭ نىكاھ ئىشىدا مۇراد ـ مەقسىتىگە تېززەك يېتىشى ئۈچۈن كۆڭلىدىكى ئىزتىراپچىلىقنى زورىغا بېسىپ، باقەمگە نائىلاج ئىللىق چىراي بىلەن مۇئامىلە قىلىپ يۈردى.

«بوپتۇلا، ئۆيدە ھازىر ھەمدەم بولمىسىمۇ، ھەمدەم ئۆز تىجارىتىدە يانتاياق قىلغان، كىچىكىدە بىللە ئوقۇپ، كېيىنچە ياخشى كۈنلەردە ئۇچراشقان، ھېسداشلىقنى قوزغىغان بىر ئەر كىشى بولسىمۇ بار. بەلكىم ھەمدەمنىڭ ئېيتقانلىرى توغرىدۇر، ئىنسان دېگەن نۇقسانسىز بولمايدۇغۇ، باقىجان دېگەن بۇ ئادەم كۆزۈمگە ئانچە سىغمىسىمۇ، قانداق ئادەملىكى تېخى ھازىرچە تازا ئېنىق بولۇپ كەتمىگەن بولسىمۇ، سىڭلىم بىلەن بىر ئۆينى تۇتسا، ئۇرۇق ـ تۇغقان بولۇپ ئۆتىمىزغۇ! كۆرمەسلىككە تېگىشلىك ئىشلارنى كۆرمەسكە سالاي، دېمەسلىككە تېگىشلىك گەپلەرنى دېمەي! ئۆتكەنكى پەلىپەتىش گەپلىرى بەلكىم مەستلىكتە، كەيپىنىڭ كۆچىدە دېگەن گەپلەردۇر، دېمىسىمۇ مېنىڭ ئېرىم، بالام تۇرسا، بېشى باغلاقلىق ئايالغا ھەرقانچە بولسىمۇ كۆڭلى قارىلىق قىلماس. گۈلزىيا

ھېچكىمدىن قىلىشقۇچىلىكى يوق چىرايلىق، ئەقىللىق قىز، تېخى توي قىلمىغان، باقەمدىن يېشىمۇ خېلىلا كىچىك، سىڭلىم بىلەن توي قىلغىنى ئۇ ئادەمنىڭ تەلىيى ئەمەسمۇ...» شۇ خىياللار بىلەن گۇلزىبا تېخىمۇ تىنچلىنىپ، بېسىقىغا چۈشۈپ، كۆز ئالدىمۇ يورۇپ قالغاندەك بولدى، كۆڭلىدىكى چىگىچلەر يېشىلىپ، خېلى خاتىرجەم بولۇپ قالدى.

ئەپسۇسكى، چىرايلىق ۋە ئەقىللىك گۇلزىبانىڭ بۇ ياخشى كۆڭلى باقەم شائىرنىڭ ئىچى ـ ئىچىدىن قارىداپ كەتكەن يۈرىكىگە ئەكسىچە تەسىر بەردى. ئەمدى باقەم ئۆزى كىچە ـ كۈندۈز ئىشقى ئوتىدا كۆيۈپ كۈل بولۇۋاتقان بۇ جۇۋاننىڭ تۇرۇپلا مۇئامىلىسى ئۆزگىرىپ، ئۆزىگە كۈلۈپ، يېقىنچىلىق بىلەن پاراڭ قىلىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى باشقا نۇقتىدىن چۈشەندى. ئۇنىڭ ئويىچە بۇ، گۇلزىبانىڭ ئۆزىگە مايىللىقىدىن ئىدى. ئېرى ھەپسىگە كىرىپ كەتكەچكە، بىچارە بايقۇش ئۇنىڭدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، باقەمگە كۆڭلىنى بېرىش نىيىتىگە كەلگەن... باقەمباي بۇ ھالنى مانا مۇشۇنداق چۈشەندى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ يۈرىكى بارغانسېرى تومۇلىشىپ، خىياللىرى تېخىمۇ كۆكتە پەرۋاز قىلىپ، گۇلزىباغا بۇرۇنقىدىنمۇ مەستۇمەستانە بولۇپ كېتىۋاتاتتى. «ئەپقاچىدىغان جۇۋان بار، تاشلاپ قاچىدىغان قىز» دېگەن ماقالنى يەنە تەكرار ـ تەكرار يادىغا ئالاتتى. ئىنساننىڭ كۆڭلىگە بىر بولمىغۇر مۇددىئا ئورنىشىۋالسا، ئۇنى چىقىرىپ تاشلاش تاغ يۆتكەشتىنمۇ مۇشكۈل ئىكەن ـ دە!

گۇلزىبا ئۆزىگە داۋاملىق ئىللىق مۇئامىلە قىلغاچقا، باقەم بۆلەكتىن غەيرەتكە كېلىپ، دەرھال ئىشقا تۇتۇش قىلدى. «چارىباغلار خاس ئىكەنىن بىلمىدىم» دېگەندەك،

ھەمدەمجان بولمىغاچقا، باقەمگە ھويلا ـ ئاران ئۆزىگە خاس قالغاندەكلا بىلىندى. گۈلزىيا ساقتاينىڭ دەرس تەكرارلىشىغا ھەمراھ بولۇش ئۈچۈن، بالىنى ئۆز ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ كېتەتتى. باقەم شۇ پۇرسەتنى پەملەپ تۇرۇپ، گۈلزىباغا تۆۋەنچىلىك بىلەن ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا دەيدىغان ئىنتايىن مۇھىم گېپى، مەسلىھەتى بار ئىكەنلىكىنى ئېيتتۇيدى، پەرىشان گۈلزىبامۇ ھېلىقى خىياللىرى بويىچە باقەمنى گۈلزىيا ئىككىسىنىڭ توي ئىشى توغرىسىدا مەسلىھەت سالسا كېرەك دەپ ئويلاپ، دەرھال ماقۇل بولدى ۋە مېھماننىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئەلياتقۇ پەيتىدە ساراي ئۆيگە كىردى.

ئىچ ـ ئىچىدىن تاقەتسىزلىنىپ، بىر رەزىل مۇددىئانىڭ تورتكىسىدە يېنىپ ـ ئۆچۈپ ئولتۇرغان باقەم گۈلزىبانىڭ راستىنلا ساراي ئۆيگە كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ھوشىنى يوقىتىپ قويايلا دېدى. بۇ باقەم W ناھىيەسىگە كېلىپ، ھەمدەمجاننىڭ ھويلىسىدا تۇرۇۋاتقاندىن بېرى گۈلزىبانىڭ باقەم تۇرۇۋاتقان ساراي ئۆيگە، مەزكۇر مېھمان يالغۇز چېغىدا تۇنجى قېتىم كىرىشى ئىدى. لېكىن، بىزنىڭ ھەمىشە يۇزىمىزنى چۇشۇرۇپلا يۇرگەن قەھرىمانىمىز بۇ ھالنى يەنىلا ئۆزى چېلىپ يۇرگەن داپ مۇقامى بويىچە چۇشەندى. ئۇنىڭچە بولغاندا، بۇنچە كەچتە گۈلزىبانىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشۇشكە تارتىنماستىن تەنھا كىرىشى، ماقۇللۇقىنىڭ ئالامىتى بولماي نېمە؟ شۇنىڭ بىلەن باقەم شائىر شەھۋەت ئوتلىرى لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىنى يۇز ۋاتلىق لامپۇچكا يورۇقىدا تېخىمۇ گۇزەللىشىپ، جاننى ئالغۇدەك مۇلايىم تەبەسسۇم قىلىپ تۇرغان گۈلزىباغا بىگىزدەك تىكىپ، يېنىغا قىمداپ ـ

قىمداپ يىقىنلىشىپ، ئەتىگەندىن بېرى كۆڭلىدە يۈز قېتىمچە تەكرارلاپ، پىششىقلىغان «سۆيگۈ ئىزهارى»نى يەنە بايان قىلىشقا كىرىشتى...

ياق، بۇ يەردە باقەمنىڭ گۈلزىباغا قىلغان سۆزلىرىنى قەلەمگە ئېلىشقا، تەكرارلاشقا بىزنىڭ قۇربىتىمىز يەتمەيدۇ، بىز پەقەت، باقەمگە ئوخشاش ۋاپاغا - جاپا قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ نېمە سەۋەبتىن ۋىجدانىنى يوقىتىپ، شۇنچىۋالا پەسكەشلىكلەرگە قول سوزىدىغانلىقىنى ئەسلا چۈشىنەلمەيدىغىنىمىزنى ئىزهار قىلىش بىلەنلا كۇپايىلىنىمىز. بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئايرىم ئادەملەر نېمە ئۈچۈن بەزىبىر چاغلاردا مۇشۇ قۇرلارنى غەزەپلىنىپ تۇرۇپ ئوقۇۋاتقان ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھېچقايسىسى كاللىسىدىن ئۆتكۈزەلمەي، ھەيرانلىقتا ياقىسىنى چىشلەپ قالىدىغان دەرىجىدىكى ئەخمەقلىق، رەسۋاچىلىقلارنى جان - دىل بىلەن توغرا دەپ قىلىدىغاندۇ؟ ئۇلارنى مۇشۇنداق كويغا، سەۋداغا سالىدىغىنى زادى قانداق بىر غەيرىي كۈچتۇ؟!

بىز دەل شۇ تۈيغۇلىرىمىز بىلەن ھەسرەت چېكىۋاتقىنىمىزدا، باقەم شائىر قارا يۈزلۈك، ۋاپاسىزلىق ۋە تۇزكورلۇق بىلەن تولغان ھېلىقى سۆيگۈنامىسىنى بايان قىلىپ بولغانىدى. شۇ تاپتا بىزگە گۈلزىبانىڭ غەزەپ، ئۆيات ۋە گاڭگىراش تۈپەيلى لاغىلداپ تىترەپ، چىرايىنىڭ ئۆلۈكتەك ئاقىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈش نېسىپ بولدى. ھايالىق، گۈزەل ئايال دەسلەپتە ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ بۇ تۈزەلمەس ھايۋاننىڭ ئىپپەتتىن يىراق، نومۇستىن خالىي يۈزىگە بىر كاچات سېلىشنى، ئۇنى شۇ تاپتا ئەڭ يامان گەپلەر بىلەن تىللاپ، ئۆيدىن، ھويلىدىن قوغلاپ

چىقىرىشنى ئويلىدى. كېيىن يەنە ئۆزىنى قانداقتۇر بىر غايىۋى كۈچ، سەۋرىنىڭ تۈرتكىسىدە ئاران ـ ئاران تۇتۇۋالدى. گۈلزىيا ئەقىللىك ئايال ئىدى، شۇ شەرمەندە مىنۇتلاردا يەنىلا ئۇنىڭ ئەقلى غالىب كەلدى. جۇۋان ئالدىدىكى بۇ ئىنساننىڭ ئادەم سىياقىغا كىرىۋالغان چىلبۆرە، ئىنتايىن پەزىلەتسىز بەندە، ۋاپاغا ـ جاپا قىلىدىغان هايۋان ئىكەنلىكىنى ئەمدى تولۇقى بىلەن جەزملەشتۈرگەنىدى. بۇنداق ئادەمنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ، ئۇنى ھەيدەپ چىقارماق ئوڭاي، لېكىن ئۇ ئەتە تالادا نېمە دەيدۇ؟ بولۇپمۇ هازىرقىدەك ئەھۋالدا، گەپ مۇشۇ يەردە! جەمئىيەتتە ئۆسەك سۆزلەرنى ئاڭلاشقا تەييار ئادەملەر ھەر قەدەمدە تېپىلىپ تۇرىدۇ. بىراۋلارنىڭ يىغىسىنىڭ تەكتىدىن كۈلكە ئىزدەيدىغانلار ئازمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنى ھەمدەمجانغا كېيىن قانداق چۈشەندۈرىدۇ، شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە سىڭلىسى گۈلزىيا نېمە دەيدۇ؟ نومۇسنى بىلمىگەن بۇ ئادەمنىڭ ئىشىنى ئەتە ـ ئۆگۈن ئۇلارغا نېمىدەپ چۈشەندۈرۈشنى، ئۇنىڭ نېمە تۆھمەت، قانداق يالغانلارنى توقۇپ چىقىرىشىنى ئاخىر كىم بىلىدۇ؟... غەزەپلەنگەن، خورلانغان گۈلزىبا ئاقىۋەت ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئويلاپ يەتتى. شۇ تاپتا ئۇ يەنە ئالدىدىكى بۇ ئادەمنىڭ ئائىلىسى ئۈچۈن بەختسىزلىك ئەكېلىدىغان بىردىنبىر ئامىل ئىكەنلىكىنى، سىڭلىسى گۈلزىيا ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتسە ھەرگىز بولمايدىغانلىقىنى، بىر ئۆمۈر ئازاب تارتىدىغانلىقىنىمۇ چۈشىنىپ يەتتى. ئاجىز سىڭلىسى ئۈچۈن يۈرىكى ئاغرىدى... ئەمدىكى گەپ، كېيىنكى ئىشلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشتا، بالا ـ قازانىڭ

ئالدىنى قانداق ئېلىشتا قالغانىدى. شۇ ئەسنادا لىپ قىلىپ چىچەن جۇۋاننىڭ كۆڭلىگە بىر ياخشى چارە كەلدى... كۆڭلى سەل ئەمىن تاپقاندەك بولدى. ۋاقىت ھەممىنى ھەل قىلىدۇ، سەۋر قىلىش كېرەك!

شۇ خىياللار بىلەن گۈلزىبا ھاياجانلىق نۇتۇقتىن كېيىن شېرىن جاۋاب كۈتۈپ، ئۆزىگە چېكەتكىدەك تىكىلىپ ئولتۇرغان باقەمگە غەزەپلىك ئەمەس، تەبەسسۇملۇق، تېگى - تېگىدىن ئاچچىق تەبەسسۇملۇق نەزەر بىلەن قارىدى - دە، ئورنىدىن تۇردى.

— كەچ كىرىپ كەتتى، باقەم ئەپەندى، سىزمۇ يەنە ئۇبدان ئويلىشىڭ، قالغان گەپلەرنى ئەتە دېيىشەيلى، — دېدى.

— ۋاي - ۋاي - ۋاي - ۋاي، ئىختىيارىڭىز، زىبا، ئىختىيارىڭىز، قاچان دېيىشسەك بولىۋېرىدۇ، بىراق... ھازىر سەل توختاپ تۇرۇڭ! — ھاياجانلانغان باقەم شائىر شۇنداق دەپلا ئايالغا ماشىنىدەك ئېتىلىۋىدى، گۈلزىبا ئۇنىڭ قولىدىن سىلىق يۇلقۇنۇپ چىقىپ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە غايىب بولدى.

گۈلزىبا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن باقەم بىرپەس داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى - دە، كېيىن ئۆزىنى باسالماي ئۇسسۇل ئويناپ كەتتى. ئاغزىدا تېخى «كەم - كەم - كىم - كەم - كىم - كىم - كەم، كەم - كەم - كىم - كەم» دەپ پائۇزا چالاتتى. بۇ ئۇزاق يىللار ئىلگىرى باقەم يول ئەترىتىدە ئىشلىگەندە، دەم ئېلىش ئارىلىقلىرىدا ئىشچى ھەمراھلىرى بىلەن ئوينايدىغان مۇزىكىسىز ئۇسسۇل ئىدى. ئۇ چاغلاردا باقەم تېخى ياش، غۇبارسىز، قاپىيەگە مەستانە بالا ئىدى، مانا ئەمدى يىللارنىڭ ئېزىتقۇ

تۇمانلىرىنىڭ ئارىسىدا بىر قارا كۆكۈل ئىزىتقۇغا ئايلاندى.

«كەلدى!— دەپ ئۆيىنىڭ ئىچىدە يوغان - يوغان چامداپ مېڭىپ يۈرۈپ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىدى باقەم شائىر قىن - قىنىغا پاتماي،— گۈزەل جانان ئۇندەككە كەلدى! مانا ئەمدى بەخت، ھالاۋەت بىزنىڭ، بۇ ئازادە ھويلىمۇ بىزنىڭمۇ تېخى! ھەمدەموفنىڭ كەشىسى ئاسماندا، بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەن تۇرسا، ئاسان ئىشمۇ! «خەلقئارالىق ئالتۇن مۇكاپات» ئىمىش تېخى! مانا بىزگە دىلدار مۇكاپات! ‹ئېيىقگۈل›، ھەسسىنەي، بىر كۆرسەڭ ئىدىڭ!...»

ئېيتقۇسىز خۇشاللىقتا چۆمگەن باقەم شائىر ساراي ئۆيدە ئەنە شۇنداق ئىچمەي مەست بولۇپ، قىلىدىغان قىلىق تاپالمايلا قالدى. سەلدىن كېيىن ئۇنىڭ راستىنلا ھاراق ئىچكۈسى كېلىپ كەتتى، ئۆينى قويماي ئاختۇرۇپ، بىر يەردىن يېرىم شىشە ھاراق تاپتى. بۇ ھېلىقى كۈنى ھەمدەمجان ئىككىسى مۇشۇ ئۆيدە ئىچىپ، ئېشىپ قالغان ھاراق ئىدى، ئىككىسى تاڭ ئاتقۇچە راسا پەيزى قىلىشقان، ھەمدەمجان مۇشۇ يەردىلا، جوزا يېنىدىلا قىڭغىيىپ ئۇخلاپ قالغان... ئەخمەق ھەمدەمجان!

ھاراق ھە دېمەيلا تۈتتى. باقەم شائىر ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياق - بۇياققا يۇلقۇنۇپ چامداپ جىمى ساراڭلىقىنى قىلدى. دېگەنبىلەن قىلىن پەردىلەر ئۇنى سىرتتىن دالدا قىلىپ، توسۇپ تۇراتتى. شۇ تاپتا دۇنيادا ئۇنىڭدىن بەختلىك ئادەم يوق ئىدى. تۇرۇپلا باقى ئىسلامنىڭ شائىرانە ئىلھامى تۇتۇپ قالدى:

*ئېغ گۈلزىبا، گۈلزىبا،*
*ماڭا مەھبۇب بولدىڭىز.*

ئەي گۈلزىيا، گۈلزىيا،
قىيىنسىڭلىم بولسىڭىز.

قىيىنسىڭلىممۇ ئوبدان،
ھەدىسى ئۇندىن بەلەن!
ئامال بولسا، ئۆي تۇتسام،
ھەر ئىككىلىسى بىلەن.

ئاۋۋال بىر ـ بىردىن كېلەي،
ئالدىرىماي ئاستا كېلەي...

باقەم «شېئىر»نىڭ چالىسىنى ئىچىگە يۇتۇپ، تاپسىغىلا يىقىلدى، خورۇلداپ ئۇخلاپ كەتتى...

دەل شۇ چاغدا ئاشخانا ئۆيدە، ھەدە ـ سىڭىل ئوتتۇرىسىدا كەسكىن دەتالاش بولىۋاتاتتى.

ـــ دېگەنلىرىمگە ئىشەنمەمسەن، ئۇكام؟ ـــ دېدى سۆزلەپ ـ سۆزلەپ ھارغان گۈلزىبا ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ. غەزەپلىك ھاياجاندىن ئۇنىڭ چىرايلىق كۆكسى بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسلەپ تەۋرىنەتتى. بۇ چاغدا بولسا گۈلزىيا ئېغىر ـ ئېغىر تىنىپ، لام ـ جىم دېمەي ئولتۇراتتى.

ـــ ماڭا قارا، جېنىم ئۇكام، مەن سېنىڭ ھەدەڭغۇ، بىز دېگەن قان ـ قېرىنداشقۇ، مەن سېنىڭ ئاشۇنداق نائەھلىگە ئالدىنىپ، دەپسەندە بولۇپ يۈرۈۋېرىشىڭنى خالىمايمەن، ئۇنىڭ كۆڭلىدە سەن نۆزەمبىللا يوق ئىكەنسەن، ئۇنىڭ مەقسىتى باشقا ئىكەن، مېنىڭچە ئۇ... بىر سارالڭ ئىكەن!

— ئاشۇنداقمۇ قىلارمۇ، ھېچ ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىشقۇ بۇ! — گۈلزىيانىڭ ئاۋازىدا ھەيرانلىقتىن كۆرە، تولىراق شۈبھە غالىب ئىدى. گۈلزىبا ئەمدى سىڭلىسىنى سۆز بىلەن ئەمەس، پاكىت بىلەن، ئەمەلىيەت بىلەن قايىل قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىپ يەتتى. دېمىسىمۇ، گۈلزىيا باقەم شائىرغا بارغانسېرى قاتتىق ئىشەنچ بىلەن باغلىنىپ قالغان ۋە قېلىۋاتاتتى. قىز بالىنىڭ يېشى بەك چوڭقىيىپ كەتسە ئاشۇنداق بولۇپ قالامدىكىنتاڭ!

— ئەمىسە مۇنداق قىلايلى، — دېدى گۈلزىبا ئاخىر ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، — ئۇنىڭ قانداق ئادەملىكىنى سەن ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرۈپ، چىن گېپىنى ئۆز قۇلىقىڭ بىلەن ئاڭلاپ باققىن، بولامدۇ؟

— قانداقىسىغا؟ — دېدى گۈلزىيا چۈشەنمەي. ھەدىسى ئاغزىنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېقىن ئەكېلىپ، ئۆزىنىڭ ئويلىغان پىلانىنى شىۋىرلىدى. بىز بۇ يەردە ئىككىسىنىڭ خۇپىيانە قىلىشقان گېپىنى باشقىلارغا ئاشكارىلىمايمىز.

— شۇنداق قىلساق... بولارمۇ؟ — دېدى گۈلزىيا تېخىچىلا گاڭگىراپ. ئۇنىڭچە بۇ ئىشلار بارغانسېرى سىرلىقلىشىپ ۋە مۇرەككەپلىشىپ كېتىۋاتاتتى. خۇددى قايسىبىر ئېيتقاندەك «بۇ دېلو ئەجەب مۇرەككەپلىشىپ كەتتى!» دېگەندەك.

— ئەلۋەتتە بولىدۇ، — دېدى گۈلزىبا خاتىرجەملىك بىلەن، — پەقەت مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلساڭلا بولىدۇ. بىزمۇ بىر خاتىرجەم بولايلىلا، جېنىم ئۇكام، ئاكاڭ تېخى ئۇ يەردە!

ئايال كىشى ئەمەسمۇ، كۆز يېشى ئايال بىلەن دائىم

بىللە. كىمدۇر بىرى: «كۆز يېشى ــ ئايالـلارنىڭ قورالـى» دېگەنىكەن. ياق، كۆز يېشى ئاياللارنىڭ قـورالىلا ئەمـەس، ئارامبەخش ئەتكۈچى، تەسەللى بەرگۈچى ھەمراھى!

ئەمەلىيەتتە گۈلزىبا ھازىر شۇنچىلىك سـالماق ئىـدى، تېخى بارغانسېرى سـالماقلىـشىـپ، سـوغۇققـانـلىـنـىـپ كېتىۋاتاتتى. «ئـۆلـمەكنـىـڭ ئۈستـىگە تەپمەك» دېگەنـدەك، ئېرىنىـڭ دەردىدە يىغلىغانـنى ئاز دەپ، باقـەم شائىردىـن كەلـگەن بۇ بالا ئـۇنى دەسلـەپتە تەمـتـىرىتـىـپ، كېيـىـن غەزەپلەندۈرۈپ، ئاخىر تەمكىنلىككە باشلىدى. ئاقىۋەت ئـۇ «ئۇنداق قازانغـا مۇنداق چۆمـۈچ» دېگەندەك چـارە بىلەن بۇ دەردى ـ بالانى بىر يولى بېسـىقىغا چۇشۇرۇش نىيـىتـىـگـە كەلدى.

گۈلزىبانىڭ ئويلىغىنىدەك ئەتىسى باقەم يەنە گۈلزىـبـا بىلەن خالىيدا ئۇچرىشىشنى تەلـەپ قىلدى. ئـەلپازىدىـن ئۇنىـڭ تېزرەك مەقسىتىـنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئالدىـراپ كېتىۋاتقانلىقى بىلىنىپلا تۇراتتى. شۇنىـلا كۈتۈپ تۇرغـان گۈلـزىـبا ئۇنـىڭغا ئـۆزىـنىـڭ باقـەم بىلـەن بـۇ ھويلـىـدا كۆرۈشمەيدىغانلىقى، ناھىيەنىڭ سەككىز بۇرجەكلىك چوڭ كوچىسىنىڭ يېنىدىكى باغچىدا كەچتە كۆرۈشىدىغـانلىقـى، ھەر ئېھتىياتتـىـن بېشـىغا چۈمبـەل ئارتىۋالىدىغـانلىقـى، باقەمجاننىڭ بۇ كەچ جەزمەن ئاخىرقى قېتىـم چىن يـۈرەك سۆزىنى قىلىـشى لازىمـلىقى، شـۇنىڭغـا قاراپ شۇ يەردىـلا جاۋابىنى بېرىدىغانلىـقىنى تـەمكىنـلىك بىـلەن، جىددىي ئاساستا بايان قىلدى. خۇشلۇقىدا ھودۇقۇپ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالغان باقەم شائىر گۈلزىبانىڭ ھەربىر سۆزىگـە چىقىۋاتقان ئاتتەك «مـاقـۇل، ماقۇل» دەپلا بېشـىـنـى لىڭشىتىۋەردى. پەلىپەتىش قوشاقلارنى توقۇپ، قاپىيەلىـك

گەپ قىلىپ يۈرگىنىگە ئۆزىنى شائىر دەپ ئاتاپ، ئىسمىنىڭ كەينىگىمۇ «شائىر»نى قوشۇۋالغان بۇ ئىنسانغا شۇ تاپتا بۇ ئىش تېخى بىر ئاز رومانتىكىلىق، سىرلىق بىلىنىپ، ھاياجىنىنى باسالماي كەتتى. ئۆزىنى ياشلىق باھارىدا تۇرۇۋاتقان بوز يىگىت ھېس قىلىپ قالدى تېخى.

بىز جىددىي پەيتلەردە گەپنى سوزمايلى... شۇنداق قىلىپ باقەم شائىر ئالدى بىلەن ۋاقتى ـ قەرەلىدە دېيىلگەن جايغا، ناھىيەدىكى بىردىنبىر باغچىغا يېتىپ كەلدى. خىرە ئايدىڭدا باغچە ئىچى تولىمۇ سىرلىق، گۈزەل كۆرۈنەتتى. سائەت سەككىز يېرىم مەھەلى بولۇپ، باغچە ئىچىدە بىرە ـ سىرە ئادەم كۆرۈنۈپ قالاتتى. باغچە ئىشىكى خېلى كەچ تاقىلاتتى، شۇڭا بۇ جاي ئادەتتە مۇھەببەتلىشىدىغانلارنىڭ ئەپچىل دۇنياسى ئىدى.

باقەم چاپقۇداپ گۈلزىبا ئېيتىپ بەرگەن ئورۇنغا، تاش ھەيكەلنىڭ يېنىدىكى بالداق يۆلەنچۈكلۈك ياغاچ ئورۇندۇقنىڭ يېنىغا كېلىپ، قوللىرىنى ئىشقىلاپ ئورۇندۇققا نەچچە ئولتۇرۇپ، نەچچە قوپتى. ئۇزاق ئۆتمەي نېرىدىن يۈزىگە چۈمبەل ئارتقان بىرى تەۋرىنىپ مېڭىپ بۇ تەرەپكە كەلدى. ئەگەر كۈندۈز بولغان بولسا باقەم شائىر كەلگەن ئۇ جانانىنىڭ بېشىغا ئارتىلغان تولىمۇ چىرايلىق، قىپقىزىل، تېخى يەنە ئالتۇن رەڭ چۇچىلىرى بار شايى چۈمبىلىنى ئېنىق كۆرگەن بولاتتى... چۈمبەللىك جانان شىپىرلاپ ئاستا تەۋرىنىپ مېڭىپ كېلىپ باقەمنىڭ يېنىدىلا توختىدى. شۇ ئەسنادا باقەم شائىرنىڭ يۈرىكى ئىختىيارسىز جىغىلداپ، بىرپەس ئۆزىنى يوقىتىپ قويدى. ئاخىر ئۇنىڭ كۈتكەن ئارزۇ ـ ئارمانلىرى رويابقا چىقىش ئالدىدا تۇراتتى ئەمەسمۇ! ئاجايىپ چىرايلىق ئايدىڭ

كىچىدە ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى مەشۇقى مۇشۇ ئايدىڭدىن قىلىشمايدىغان چىرايلىق چولپانلىنى ئارتىپ، باقىجاننىڭ ئەڭ ئاخىرقى يۈرەك سۆزىنى ئاڭلاشقا تەييار تۇراتتى.

ئارىنى بىر دەقىقە جىمجىتلىق باستى.

ئاخىر باقەم ئۆزىنى تۇختىتىۋالدى.

— كەلدىڭىزمۇ؟ ئولتۇرۇڭ، جىنىم، — دېدى ئۇ چولپانلىك جانانىغا سەل يېقىنلىشىپ، ئاۋازى سەل تىترەپ، — ئەجەب گۈزەل بولۇپ كېتىپسىز، مۇنۇ... چىرايلىق چولپان بىلەن... كەلگىنىڭىزنى ھېچكىم تۇيمىغاندۇ؟

چولپان ئىچىدىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى، قارىغاندا دىلبىرى باقەمنىڭ يۈرەك سۆزلىرىنى داۋاملىق ئاڭلاشنى كۈتۈپ تۇرغان ئوخشايدۇ.

— ئاخشام دېگەن گەپلىرىمنى يەنە بىر قايتىلاي، جىنىم گۈلزىبا، مەن سىزنى، پەقەت سىزنىلا چىن يۈرىكىمدىن سۆيىمەن، سىزگە ئۆلگۈدەك ئاشىق مەن! سىڭلىڭىز گۈلزىيانى ئەمەس، سىزنى ياخشى كۆرىمەن! جىنىم گۈلزىبا، سىز ئۇنىڭدىن مىڭ ھەسسە چىرايلىق، بىز توي قىلايلى! گۈلزىبا!

دەل شۇ چاغدا شۇنداق كۈتۈلمىگەن بىر ئىش يۈز بەردىكى، بۇ تاسادىپىيلىقتىن، بۇ تۇيۇقسىز ھەرىكەتتىن باقەم خېلى كۈنلەرگىچە ئېسىگە، ھوشىغا كېلەلمىدى... چولپان شۇنچىلىك كەسكىن بىر ھەرىكەتتە، بىر غەزەپلىك قولنىڭ شۇنداق تېز ھەرىكىتىدە قايرىلىپ، باقەمنىڭ يۈزىگە چاڭگىدە قىلىپ كۈچلۈك بىر تەستەك تەگدى، ئۇنىڭ مەڭزىدە ئوت ياندى!

— ئىپلاس، سەن ھەقىقەتەن بىر رەزىل، ئىنتايىن

ئىپلاس ئادەم ئىكەنسەن، ھەدەم توغرا دەپتىكەن، كۆزۈمدىن يوقال سارالڭ! تىن تارتماي جىنىڭ چىقىپ كەتسۇن!

ئاۋاز ئىگىسى ــ گۈلزىيا شۇ سۆزلەرنى تولىمۇ غەزەپ ۋە ئىچىنىش ئىلكىدە دەۋەتتى ــ دە، ئۆكسۈپ ــ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى، بىر ياقتىن يىغلاپ، بىر ياقتىن ئەمدىلىكتە قولىغا ئېلىپ مىجىقلىۋالغان ھىلىقى چىرايلىق چۈمبەل بىلەن كۆز يېشىنى سۈرتەتتى...

ئۇ يىغلايتتى، سۈرتەتتى، سۈرتەتتى، يىغلايتتى!

قورقۇنچ ۋە گاڭگىراشتىن ئىگىدىسىغا چۈشەيلا دېگەن باقەم ئەس ــ ھوشىدىن ئايرىلىپ، مۈدۈرۈلۈپ ــ سوقۇلۇپ، پۈتلىشىپ باغچە ئىشىكى تەرەپكە قاراپ جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈردى... ئۇ شۇ كۈندىن ئېتىبارەن W ناھىيەسى تەۋەسىدە كۆرۈنمىدى.

ئەمدىكى گېپىمىزنى ھەمدەمجان توغرىسىدا قىلساق توغرا بولىدۇغۇ دەيمەن؟

ئوبلاستلىق دوختۇرخانىدىن كەلگەن مۇتەخەسسىسلەر كۆپ ئۆتمەي ئۈز تەكشۈرۈشىدىن يەكۈن چىقاردى. رەغىدۇللا قانداقتۇر ساختا، ناچار ئىچىملىكنىڭ زەھەرلىشىدىن ئەمەس، بەلكى جىددىي خاراكتېرلىك يۈرەك مۇسكۇل تىقىلما كېسەللىكىنىڭ تۇيۇقسىز قوزغىلىشى بىلەن يىقىلغان ۋە جېنىدىن ئايرىلغان. بۇ يەكۈن ۋە باشقىمۇ ئىسپات ــ دەلىللەر، ئۆلگۈچىنىڭ ئايالىنىڭ گۇۋاھلىق سۆزلىرى تۈپەيلى ھەمدەمجاننىڭ ئۈستىدىكى يۈكمۇ ئېلىپ تاشلاندى. ئۇ دەررۇ نەزەربەندتىن بوشىتىلدى، كۆپ ئۆتمەي مۇسەللەس زاۋۇتىمۇ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

ئۆيگە قايتىپ قەدىناسلىرى بىلەن دىدارلىشىپ، جەم

بولغان ھەمدەمجان باقەم شائىر توغرىسىدا سوراپ ئايالىدىن: «باقەم ئۆلدى!» دېگەن جاۋابنى ئالدى. قىيىنسىغلىسى گۈلزىيامۇ ھەدىسىگە ئەگىشىپ جىددىي، سۈرلۈك بىر قىياپەتتە: «بولدى، ھەمدەم ئاكا، ئەمدى سورىماڭ، ئۇ ئاغىنىڭىز ئۆلدى!» دېدى.

شۇنداق، بۇ دۇنيادا بەزى ئادەملەر ئۆلگەن بولسىمۇ نامى داۋاملىق ياشاۋېرىدىكەن، بەزى ئادەملەر ئۆزى ھايات بولسىمۇ ئۆلگەن ھېسابلىنىدىكەن. بۇ پۈتۈنلەي ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ خۇي ـ پەيلىگە باغلىق!

ئېيتىشلارغا قارىغاندا ھېلىقى «خەلقئارالىق ئالتۇن مۇكاپات» بىلەن گۇۋاھنامە كېيىنچە ھېچكىمنىڭ ئېسىگە كەلمەپتۇ، چاپچىپ تۇرغان زەر ھەللىك ئات ھەيكىلىمۇ قايسىدۇر بىر بۇلۇڭدا چاپچىغىنىچە مىدىرلىماي تۇرغۇدەك. ھەمدەمجاننىڭ زاۋۇتى بولسا كېيىنچە ئۆز مەۋقەسىنى W ناھىيەسىنىڭ يەرلىك مېۋە مەھسۇلاتلىرىنى كونسېرۋا، قاق، ئىچىملىك قىلىپ پىششىقلاپ ئىشلەشكە يۆزلەندۇرۇپتۇ.

بۇ دۇنيادا مەيلى نېمىلا ئىش قىلايلى، توغرا ۋە ھالال نىيەت بىلەن قىلساقلا ھەربىرىمىز قىلغان ئىشىمىزنىڭ ئەجرىنى ۋە مېۋىسىنى كۆرىمىز. ئەكسىچە بولغاندا، ھالىمىزغا ۋاي!

# يىگىرمە بىرىنچى باب

مەزكۇر بابىمىز، سۇغا باش چۆكۈرۈپ غايىب بولغان ئادەمنىڭ قىسمەتىنىڭ قولى بىلەن، ھالسىراپ بولسىمۇ سۇ يۈزىگە بۆلەكتىن لەيلەپ چىققىنىغا ئوخشايدۇ. سىز شۇنداق بىر ھالەتنى كۆرگەنمۇ؟ بۇنداق چاغدا قىرغاقتا تۇرغانلار ئەنسىزچىلىك ئىچىدە باراۋەر چۇقان كۆتۈرىدۇ. ئەندىشىلىك كۆزلىرىنى بۇلدۇقلاپ تۇرغان سۇغا تىكىپ، ھەركىم ھەرنېمە دەيدۇ. بەزىلەر ئىچىنىدۇ، بەزىلەر تاقەتسىزلىنىپ سۇ بويىدا ئۇياق ـ بۇياققا يۈگۈرىدۇ، ئۈزۈك، ئۇندەشلىك قىسقا جۈملىلەر توختىماي ياڭراپ تۇرىدۇ. كىمدۇر ھەتتا ھاياجاننىڭ كۈچىدە سۇغا سەكرىمەكچى بولۇپ، كۆڭلىكىنى سېلىشقا تەمشىلىدۇ... دەل شۇ چاغدا سۇ يۈزى قايتا كۈچلۈك بۇلدۇقلاپ، ئەزرائىل چاڭگىلىدىن بوشىتىۋەتكەن سۇغا چۆككۈچىنىڭ بېشى، كېيىن ئۆزى سۇ يۈزىدە كۆرۈنىدۇ. قوللىرى جان ـ جەھلى بىلەن، ئەركىسىز پۇلاڭلاپ، ئۆزى تاشلاپ كېتىشكە تاس قالغان مېھرى ئىسسىق، ئەمما جاپالىق بۇ دۇنياغا نالە ـ پەرياد بىلەن سالام بېرىدۇ. بۇ چاغدا ئىشتان ـ كۆڭلىكىنى يەشكەن، يەشمىگەن بىرنەچچە ئادەم ئۆزلىرىنى ئەركىسىز ھالدا دەرياغا ئېتىپ، سۇغا چۆككۈپ كەتكۈچىنى مىڭ تەسلىكتە قىرغاققا ئاچىقىدۇ. قىرغاقتىكى سادالار يەنە قايتا باشلىنىدۇ. بەزىلەر ھاياجانلىنىپ چاۋاك چالىدۇ، يەنە

بەزىلەر بولسا: «ئەتتەڭ، ئويۇننىڭ تازا قىزىقى چىقماي قالدى ـ دە!» دېگەندەك، ئۇمىدسىزلىكتە ئارقىسىغا يانىدۇ، كىملەردۇر ئۆلۈمدىن ئامان قالغۇچىغا بۇنىڭدىن كېيىن سۇدا قانداق ئۈزۈش ھەققىدە ئەزمىسىنى ئېزىپ پەند ـ نەسىھەت قىلىشقا باشلايدۇ...

باقەم شائىر W ناھىيەسىدىكى سەتچىلىكتىن كېيىن بىر كېچە مېھمانخانىدا تۇنەپ، ئەتىسى سەھەرلىكى قاراڭغۇ ـ ماراڭغۇدا ياتاقتىن چىقتى ـ دە، ھېچكىم كۆرمىگەن ئەھۋالدا يورغىلاپ مېڭىش مۇسابىقىسىگە چۈشكەندەك توختىماي مېڭىپ، ناھىيەدىن شەھەر يولىغا چۈشىدىغان، يىراق ـ يېقىنغا مەشھۇر « W داۋىنى» دا بىراقلا توختىدى. كۆپ ئۆتمەي ناھىيەلىك يولۇچىلار بېكىتىدىن قوزغالغان ئاپتوبۇس ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يېتىپ كەلدى. باقىجان يۈرىكى دۈپۈلدىگەن ھالدا، خۇدۇكسىرەپ بۇ يولۇچىلار ئاپتوبۇسىنى توسۇدى. بايقاپ تۇرۇپتۇمىزكى، ئۇ ئاپتوبۇستا ئۆزىنى تونۇيدىغان بىرەرسىنىڭ بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمەكتە ئىدى. تەلىيىگە يارىشا، ئۇنداق ئەھۋال يۈز بەرمىدى. باقەم ئەڭ ئارقىدىكى ئورۇنلاردىن بىرسىگە يەڭگىل جايلىشىۋالدى ـ دە، ئاپتوبۇسنىڭ كەينىدىكى پاسكىنىلىقىدىن خىرە ـ شىرە بولۇپ كەتكەن كۆزنەكتىن، بارغانسېرى يىراقتا قېلىۋاتقان W ناھىيەسى تەرەپكە خورسىنغان ھالدا بوينى ئاغرىپ كەتكۈچە قايرىلىپ قاراپ ئولتۇردى. شۇ تاپتا كۆڭلى ئېيتقۇسىز پاراكەندە، ئۆزى بەك خامۇش ئىدى. گوياكى قانداقتۇر بىر ئۆسۈك تىرناقلىق قول ھە دەپ قەلبىنى تىرنىلاپ، ئىز قالدۇراتتى. بولغان-ئىشنى تولۇقى بىلەن ئەسلەشكە ھازىرغىچە ئۇنىڭدا جۈرئەت يوق ئىدى.

پەقەت قىسقا ـ قىسقا، تېز ـ تېز ئۇھسىنىپ ھېلىقى كىرلەشكەن، خىرە ـ شىرە كۆزنەكتىن كەينىگە، ئۆزى بىر مەھەل ئاجايىپ ئۇنتۇلغۇسىز كۈنلەرنى ئۆتكۈزگەن W ناھىيەسىگە بارغانسېرى يىراقتىن نەزەر تاشلايتتى. شۇ تاپتا ئۇ ھەم بۇ زېمىندىن بارغانسېرى يىراقلاپ، قۇتۇلۇپ كېتىۋاتقىنىدىن خۇش، ھەم بۇ يەردىن ئايرىلىۋاتقىنىدىن كۆڭلى چەكسىز يېرىم ئىدى. ئۇ يەردە ئۇ بىر مەزگىل ھېلى ئۇنىڭغا، ھېلى بۇنىڭغا كۆيۈپ ـ پىشقان جۇپ جانان، بىرى بىرىدىن لەۋەن گۈلزىبا بىلەن گۈلزىيا قالغانىدى. ھەدە ـ سىڭىلنىڭ سىيماسى كۆز ئالدىدا لىپىلدە گەۋدىلىنىۋىدى، سەھەرنىڭ سوغۇقىدا مۇزلاپ، ئاپتوبۇسنىڭ بىر بۇلۇڭىغا تىقىلىۋالغان باقەمنىڭ كۆڭلىگە پىژژىدە قىلىپ بىر ئەپسۇسلۇق پىغان ياماشتى. «ئىسسىت، ئىززىتىمنى بىلىپ، گۈلزىيانىڭلا پېشىدىن مەھكەم تۇتقان بولسامچۇ!» دەپ نىدا قىلدى ئۇ ئەمدى ئۈنسىز ھالدا، بىراق كېچىككەنىدى، ھايات شاھمات ئەمەس، قايتىدىن ئۇرۇقلارنى تىزغىلى بولمايدۇ.

باقەمنىڭ يادىغا كۆڭلى دەريادەك كەڭ ھەمدەمجان كەلدى. ئۇوقەت ئىزدەپ W ناھىيەسىگە كەلگىنىدە باللىقتىكى شۇ ساۋاقدىشى تاسادىپەن ئۇچراپ قېلىپ، كۆپ ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق يۈرۈشۈپ كەتكەنىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭغا قايسى يۈزى بىلەن قارايدۇ؟ ئەتتەڭ، ئوتتۇز مىڭ يۈەندىن باشقا يەنە تۆت ـ بەش مىڭ يۈەننىمۇ بېرىشكە ئۇ قولى ئوچۇق ئاغىنىسىنى ئۈندەككە كەلتۈرۈپ قويغانىدى، شۇ ئارتۇق پۇلنى بالدۇرراق ئېلىۋالالمىدى ـ دە! باقەمنىڭ يۈرىكى يەنە جىغغىدە قىلىپ قالدى. ئۇ ھەمدەمجاننىڭ ساراي ئۆيىدە قېلىپ قالغان تاسمىسى ئۈزۈك، كونا سەپەر سومكىسىنى ئويلاپ، يەنە بىر مەيۈسلىنىۋالدى.

جۇدالىق سىزىملىرىغا بۆلەنگەن باقەم شائىر چۈشكە يېقىن شەھەرگە يېتىپ كەلدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بېشى تۆرەپ قالغاندەك ئىدى. شۇنچە ئويلىشىدى، بىرەر كۆڭۈللۈك ھېس ـ تۇيغۇ كۆڭلىگە دارىمىدى. W ناھىيەسىدە خۇدىنى بىلەلمەي ئايالى «ئېيىقگۈل»گە پوچتىدىن تالاق خېتى ئەۋەتكەنلىكى لىپپىدە قىلىپ ئېسىگە كەلدى. شۇ تۇپەيلى ئايالىنىڭ دەرغەزەپكە كېلىپ نەلەرگە بارغىنى، ئۆزىنى كۇتۇپ، چىشىنى غۇچۇرلىتىپ ئولتۇرغانلىقى ئۇنىڭغا مانا ئەمدىلا تازىمۇ روشەن ئايان بولىماقتا ئىدى. ئادەم دېگەن غەلىتە مەخلۇق ئىكەن، گاھىدا ھەتتا بەزىبىر ھايۋانلارچىلىك ئالدى ـ ئارقىسىنى، كېلەچىكىنى ئويلاپ يېتەلمەيدىكەن. قۇش چىغىدا تۇزاقتا چۈشۈشتىن ئېھتىيات قىلىدۇ، ئادەملەر يىرگىنىدىغان چاشقانمۇ بىر قېتىم مۇشۇكنىڭ چاڭگىلىدىن قېچىپ قۇتۇلغان بولسا، ئىككىنچى قېتىم ئەتراپىنى كۆرمىڭ ھىدلاپ، قەدىمىنى بايقاپ باسىدۇ. ئۇنىڭغا قارىغاندا، قىرىقتىن ھالقىغۇچە قىرىق دوقىغا ئۇسۇپ، بېشى تالاي يېرىلغان باقىجاندەك ئىنسانلارغا نېمە دېگۈلۈك!

باقەم شائىر يېلى چىقىپ كەتكەن پومزەكتەك، ئۆزىگە تونۇش شەھەر كوچىلىرىدا كەچ كىرگۈچە سەنتۈرەكلەپ يۈردى، شۇنىڭدىمۇ، چەت ـ ياقا، ئۆزىنى ئانچە تونۇمايدىغانلار بار يەرلەردە يۈردى، چۈشلۈكى خىلۋەت بىر ئاشخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ، بىر چىمدىم چايغا يەتتە ـ سەككىز قېتىم قايناق سۇ قۇيۇلغان ئىلمان چايىنى زورلىنىپ ئوتلىغاچ، تاماق كۈتتى. تاماقنى تېزلا ئاچقىپ بەرگەن تاڭجاڭدىن رەنجىپ، ئىشتىھاسىزلىق بىلەن لەڭمەننى نېرىدىن ـ بېرى تارتىشتۇردى. سەھەرنىڭياقى

ئاغزىغا گىياھ سالمىغان بولسىمۇ، قورسىقى زىنھار ئاچمىغانىدى. كۆڭلىدە قانداقتۇر بىر ماتەم تۈيغۇسىلا بار ئىدى، خالاس.

باقەم كۈتكىنى بويىچە قاراڭغۇ چۈشكەندە يۈرىكى دۈپۈلدەپ، سالپىيىپ ئۆيى تەرەپكە ماڭدى. «ئۆيۈم...» دەپ ئويلىنىۋىدى، ئۆزىگىمۇ بىرقىسمىلا، غەلىتىلا بىلىندى. دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە يۈرىكى ئەنسىز سېلىپ كەتتى، تاڭلىيى قۇرۇپ، ئاغزى بەتتاملاشتى. خېلى ئۇزاقتا قالغان بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى ئۇ بۇ ئۆينىڭ ئىشىكىنى تېپىپ ئېچىپ چىقىپ كەتكەنىدى، ئەمدىلىكتە بولسا مۈشۈكتەك سىرغىنىپ، دىمىنىمۇ چىقارماي ئۆينىڭ ئىشىكىنى سىلىق ئېچىپ كىرىپ كەلدى. ئۇنى كۆرگەن «ئېيىقگۈل» بىر ئالايدى ـ يۇ، باشقىچە ھەيرانلىقىنى بىلدۈرمىدى، خۇددى ئۇنىڭ قايتىپ كېلىدىغانلىقىدىن، يەنە كېلىپ مۈشۈنداق سالپىيىپ يېنىپ كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەردار دەكلا تەمكىن ئىدى. باقەمنىڭ يۈرىكىنى ساراسىمىگە سالغىنى، خېلىلا چوڭ بولۇپ قالغان ئىككى بالىسىنىڭمۇ ئۇنىڭغا قاپاق ئاچمىغانلىقى بولدى، باقەم W ناھىيەسىگە يېتىپ بارغان دەسلەپكى كۈنلەردىلا «ئېيىقگۈل» تېلېفوندا ئۇنىڭغا: «باللار دادىمىزنى سېغىنىپ كەتتۇق، قاچان قايتىپ كېلىدىكەن دەپ چۇرقىرىشىپ كېتىۋاتىدۇ» دېگەنىدى ۋە بۇ گەپتىن باقەمنىڭ كۆڭلى ۋىللىدە يورۇغانىدى. مانا ئەمدى ئاشۇ باللار باقەمگە دۈشمەنگە قارىغاندەك يەر تېگىدىن قاپاقلىرىنى تۈرۈپ قاراپ قويۇپ، ئاپىسىنىڭ يېنىغا بىرىپ جىمغىنا ئولتۇرۇشتى. بۇنىڭدىكى مەنە ئىنتايىن ئېنىق تۇرمامدۇ! باللار بولغان ئىشلارنى ئانىسىدىن ئاڭلىغان، سەبىي يۈرەكلىرىدە ئۆزىگە

نەپرەت ئويغانغان گەپ. باقەم شائىر ساراي ئۆيىنىڭ تاپىسىدا ئىككى بالىسىغا تەلمۈرۈپ قارىۋىدى، ھېچقايسىسى ئۇنىڭ ئىلتىجاسىنى ئىلىك ئالمىدى. «بالىلىرىم!» دەي دېۋىدى، خىرقىراپ، كانىيىدىن سەكراتتىكى ئاغرىقنىڭكىدەكلا ئېچىنىشلىق بىر ئاۋاز چىقىپ كەتتى، كۆزلىرىگە لۆمىدە ياش كەلدى...

باقەم شۇ تەرىقىدە ئۆيدە جىمجىتلىق ۋە قېيىنىدى ـ سوقۇندىچىلىقتا ئاران ئۈچ كۈننى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئۆزىنى بىرقۇر ئوڭشاپ ئىدارىسىگە قاراپ ماڭدى. بۇ ئۈچ كۈندە تاشتىن زۇۋان چىقسا چىقار ئىدىكى، بىراق «ئېيىقگۈل»دىن ئۇنىڭغا قارىتا ھېچقانداق بىر زۇۋان چىقمىدى. باقەمگىمۇ ئايالىغا گەپ قىلىش، يېقىنلىشىش پۇرسىتى بولمىدى. ئىككى بالىسىمۇ مەكتەپتىن قايتىپ كەلسىلا، ئانىسىنىڭ يېنىدىن چىقمايتتى. ئانا ـ بالا ئۈچ جان بىر تەرەپ، باقەم بىر تەرەپ بولۇپ قالغانىدى. باقەم ھويلىغا چىقىپ قايتىپ كىرسىلا سارايدىكى ئۇزۇنچاق شىرەگە چېپىي، تامىقى قويۇلۇپ قالاتتى. يەنە تالاغا چىقىپ كىرسىلا قۇرۇق چىنە ـ قاچىلار يىغىشتۇرۇلۇۋېتەتتى، ئاخشىمى ئۇ ئۇزۇنچاق شىرە يېنىدىكى ئۇزۇن كىرىسلودا كىيىملىرى بىلەنلا توگۈلۈپ ياتاتتى. باقەمگە بۇ ئىشلار ئىنتايىن خورلۇق بىلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى W ناھىيەسىدە قېلىپ قالغان ئالەك دېگەن ئىتقا ئوخشىشىپراق كېتەتتى.

باقەم «شائىرلار ئىدارىسى»گە بېرىپ باش دىرېكتورغا قوللىرىنى خېلىغىچە قويىۋۇەتمەي تۇتۇپ تۇرۇپ، تازىمۇ ھىجىيىپ سالام بەردى. بىراق، دىرېكتور قولىنى باقەمنىڭ مۇزدەك چاڭگىلىدىن كەسكىن تارتىۋالدى ـ دە، بىرەر قۇر

ئامانچىلىق سورىغاندىن كېيىن، «خەلقئارالىق ئالتۇن مۇكاپات»نىڭ ھەممە چاڭجاڭنىڭ قولىغا تەگكەن - تەگمىگەنلىكىنى سورىدى. باقەم بۇ سوئالغا خىلىلا جانلىنىپ، بىرگە ئىككىنى قېتىپ جاۋاب بېرىشكە كىرىشتى. ھەتتا « W ناھىيەسى مىسلىسىز قايىنام - تاشقىنلىقتا چۆمدى» دېگەندەك ئىبارىلەرنى ئىشلەتمەكچىدى، شۇغىنىسى «قايىنام - تاشقىنلىق» دېگەن سۆزنى تاپالماي، دەماللىققا «داغدۇغىلىقتا چۆمدى» دېدى، لېكىن مۇراسىمدىن كېيىنكى زىياپەتنى ۋە ئۇنىڭغا ئۇلىشىپ يۈز بەرگەن تالاپەتلەرنى ئۇ قايتا ئېغىزغا ئالمىدى.

باش دىرېكتورمۇ بۆلەك گەپلەرگە ئانچە قىزىقماي، «ئاجايىپ» مۇكاپاتنىڭ قالغان يېرىم پۇلىنى سۈرۈشتۈردى. ئۈچ كۈن ئۆيدە يېتىش جەريانىدا باقەم بۇنىمۇ ئويلىشىپ قويغانىدى. شۇڭا، ئۇ «ئەمدى W ناھىيەسىگە كىم بېرىپتۇ، نەدىن ئېنقلاپ يۈرەتتى، يامىنىغا ئۆرۈلسە ئاندىن كۆرمەيمەنمۇ!» دېگەن نىيەتتە: «پۇلنى تېخى بەرمىدى، كەينىگىدىن ئەۋەتىپ بېرىمىز دەپ قالدى، شۇ!» دېگەن مۇجمەل جاۋابنىلا بەردى. رەھبەرمۇ بۇ ئىشنى ئانچە زىغىرلاپ كەتمەي، پەقەت «ھىم» لا دەپ قويدى، كۆڭلىدە بولسا: «سېنى قانداق ئەكەلگۈزمەنكىن» دېگەننى ئويلىغانىدى.

كېيىنكى ئىشلار قانداق بولدى دەمسىزا؟ باقەم شائىرنىڭ يۈرىكى ئەنسىرىگىنىدەك كۆڭۈلسىزلىكلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كېلىۋەردى. ئالدى بىلەن «ئېيىقگۇل» ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتتى. باقەم W ناھىيەسىدىكى ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىپ سوت مەھكىمىسىدىن «ھاڭ - تاڭ قالىسىز» شىركىتىگە ئىككى

قىتىم ئادەم كىلىپ كەتكىنى ھەممىمىزگە ئايان. ئۇ چاغدا «ئىپىقگۇل»نىڭ ھاۋالىسى بىلەن سوت مەھكىمىسىدىكىلەر كەسكىن تەدبىر قوللانمىغاندى. مانا ئەمدىلىكتە «ئىپىقگۇل» باقەمنىڭ پەيدا بولغىنىدىن سوت مەھكىمىسىنى خەۋەرلەندۇرۇپ، ئۇنىڭغا رەسمىي ھۆججەت ئۆتتى. ئىش يامىنىغا ئۆرۈلگەندە، باش دىرېكتورمۇ: «بۇ ئۆزۈڭنىڭ شەخسىي ئىشىڭ، ئۆزۈڭنىڭ شورى» دېگەندەك قىلىپ، دۈمبىسىنى قىلىپ تۇرۇۋالدى. بۇ خۇسۇستا باقەم خورسىنغان ھالدا: «ئوغۇل بالىدىن ئامەت قاچسا، تۆگىنىڭ ئۈستىدە خوخا چىشلەپتۇ» دەپ ئاھ ئۇردى. شۇغىنىسى، «خور - خور» نى «خوخا» دەپ سالدى. «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتمۇال» دېگەندەك، W ناھىيەسىدىكى جۇدالىقلارنى ئاز دەپ، سۇيۇق ھېسسىياتنىڭ كەينىگە كىرىپ تالاقنامە يازغان باقەم ئەپەندىنىڭ سوت دەۋاسىدا بۇرنىدىن بولاق، بىر يېرىدىن يۇمىلاق بولدى. ئەسلىدە باقەم قەدىناس ھەمراھى «ئىپىقگۇل»نى مۇنچىۋالا قىلىپ كېتەر دەپ ئويلىمىغاندى. ئاخىر ئۇزۇن يىللىق ئەر - خوتۇنلار ئىدىغۇ، شۇنچىلا جەڭگى - جېدەل، چىنە - تەخسە چېقىشىشلاردىمۇ «ئىپىقگۇل»، ياقەي، ئىمھانەم ئادەتتە ئۆزىنىڭ يوللۇق چاغلاردىمۇ باقەمگە يول قويۇپ، ھەتتا يالۋۇرغاندەك قىلىپ ماجىرانى بېسىقتۇراتتى، «بالىلارنى ئويلايلى، بالىلار بويۇن قىسىپ قالمىسۇن!» دەيتتى. بەلكىم شۇ سەۋەبتىن باقەم ھەددىدىن ئېشىپ، بارغانسېرى كۆكتاشقا مىنىپ ئۆگىنىپ كەتكەن بولغىيدى. بىراق، بۇ قېتىم ئەھۋال بۇرۇنقىغا ئوخشاشماي قالدى. ئىمھانەمنىڭ غەزىپى شۇنچىلىك تۇتقانىدىكى، ئۇنىڭغا ھېچقانداق نەسىھەت، مۇرەسسە كار قىلمىدى. ئايالىنىڭ دەلىل -

ئىسپاتلىرى تولۇق، دېگەن سۆزلىرى يېتىپ ئاشقۇچە ئورۇنلۇق، قايىل قىلارلىق ئىدى. باقەم شائىرنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا قوشاق توقۇپ، تەسىرلىك سۆزلەرنى قىلىپ يالۋۇرۇشلىرىمۇ كار قىلمىدى. غۇرۇرى قاتتىق يەرگە ئورۇلغان ئىمھانەم ئىككى پەرزەنتىنىڭ ھىمايىسىدە، ھەممە ئادەمنىڭ ھېسداشلىقىدا ئاخىر دەۋادا ئۇتۇپ چىقتى. نەتىجە شۇ بولدىكى، باقەم شائىر ئاقىۋەت سالپىيىپ كونا بىر چامادانىدىكى كىيىم ـ كېچەكلىرى ۋە بىرچاغلاردا «ئىلى چەمبىرەك» ھارىقى قاچىلانغان قەغەز يەشىكىگە سېلىنغان تەمسىز شېئىر، قوشاق كوپپىيەلىرىنى ئېلىپ، ئۆيىدىن يېنىپ چىقتى. ئۆيدىن ئايرىلىش ئالدىدا، ئۇ شەھەرنىڭ غەربىگە جايلاشقان، ئىمھانەم ۋە باللىرىغا خېلى يىراق بىر مەھەللىدىن، كونا بىنادىن كىچىكرەك بىر ئۆينى بىر يىللىق ئىجارىگە ئېلىپ، سۈپۈرۈپ تازىلاپ، تەييار قىلىپ قويغانىدى. دېگەنبىلەن ئىمھانەم شۇنچە يىللىق ئەر ـ خوتۇنچىلىقنىڭمىكىن ياكى ئىككى بالىنىڭمىكىن يۈزىنى قىلدى بولغاي، مەھەللىدىكى بىر قوشنا ئارقىلىق باقەمگە ئورۇن ـ كۆرپە، چىنە ـ قاچا دېگەندەك لاقا ـ لۇقىلاردىن خېلى يېتەرلىك ئەۋەتىپ بەردى.

باقەم شائىر ئەمدىلىكتە ئىجارىگە ئالغان ئۆيىدىكى ئۇزۇن، قاتتىق ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىدە سائەتلەپ، كۆنلەپ يېتىپ خىيال ۋادىسىدا كېزەتتى. ھازىر ئۇنىڭغا مۇشۇنىڭدىن باشقا قىلىدىغان ئىشمۇ قالمىغاندەك ئىدى. ئىدارىنىڭ ئىشلىرى پېتىر ئىدى. تالاي «سوسكا شىركەت»لەرگە ئوخشاش «ھاڭ ـ تاڭ قالىسىز» شىركىتىنىڭ ئىشلىرىمۇ بارغانسېرى «شىش ـ پىش قىلسا بولىدۇ» دېگەندەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى.

بەلكىم گاھىبىر ياش ئوقۇرمەنلەر شۇ ناملىق چۆچەكنى ئاڭلىمىغان بولسا كېرەك. بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر چالا ئۇستا تۆمۈرچى بولغانىكەن. بىر كۈنى بىر دېھقان چوڭ بىر پارچە ئۇيۇل تۆمۈرنى ئەكېلىپ، ئۇنىڭغا شۇ تۆمۈردىن بىر سوقا ياساپ بېرىشنى ئېيتىپتۇ. چالا ئۇستا تۆمۈرنى ئوتقا سېلىپ قىزىتىپ، سوقۇپ ـ ئەيلەپ، يەنە قىزىتىپ يۇرۇپ يېرىمىنى خورىتىۋېتىپتۇ ۋە دېھقاننىڭ كېيىنكى كېلىشىدە ئۇنىڭغا ئەكەلگەن تۆمۈردىن سوقا چىقمايدىغانلىقى، تۆمۈر چانا چىقىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. دېھقان بولسا، مەيلى چانا بولسىمۇ ياساپ بېرىڭ، دەپ قايتىپ كېتىپتۇ. تۆمۈرچى تۆمۈرنى يەنە ئوتقا سېلىپ، ئەيلىگىلى تۇرۇپتۇ. شۇبھىسىزكى تۆمۈر يەنە كىچىكلەپتۇ، كېيىن تۆمۈرچى دېھقانغا تۆمۈرىڭىزدىن كەتمەن چىقىدۇ دەپتىكەن، دېھقان نائىلاج بۇنىڭغىمۇ ماقۇل دەپتۇ. ئەلۋەتتە، چالا ئۇستا تۆمۈرنى يەنە قىزىتىپ، ئەيلەيدۇ ـ دە! شۇ تەرىقىدە بايىقى تۆمۈردىن كەتمەنمۇ چىقماي بەل گۈرجەك، بەل گۈرجەكمۇ چىقماي، ئاتنىڭ تاقىسى، تاقىمۇ چىقمايدىغان بولۇپ ئاخىرىدا بىگىزگە توختاپتۇ. بايقۇش دېھقان نائىلاج بىگىزگىمۇ ماقۇل بوپتۇ. ئەڭ ئاخىرقى كېلىشىدە تۆمۈرچى: «رەنجىمەيسىز، تۆمۈرىڭىزدىن بىگىزمۇ چىقمىغۇدەك» دەپتىكەن، جەھلى قاتقان دېھقان: «ئەمىسە دەڭە، زادى نېمە چىقىدۇ؟» دەپ سوراپتۇ. تۆمۈرچى ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ: «شىش ـ پىش چىقىدۇ» دەپتۇ. «شىش ـ پىش دېگەن نېمە ئۇ؟ ـــ دەپتۇ دېھقان چۈشەنمەي، ـــ كۆرسىتىڭا!» شۇ چاغدا تۆمۈرچى ئوتتەك قىزارغان كىچىككىنە بىر تۆمۈرنى قىسقۇچ بىلەن قىسىپ ئېلىپ، سۇغا تاشلىغانىكەن سۇدىن شۇ ئان «شىش ـ پىش... ش» قىلغان ئاۋاز چىقىپتۇ.

«مانا شىش ـ پىش،ـــ دەپتۇ نا ئۇستا تۆمۈرچى شۇ چاغدا،ـــ پۇلۇمنى بىرىڭ ـ دە، مىلىگىزنى ئەكىتىۋىرىڭ!»
ئوقۇرمەنلىرىمىز بەلكىم ئەتراپىدا نەچچە يىللاردىن بىرى «ھاڭ ـ تاڭ قالىسىز» شىركىتىگە ئوخشاش تالاي ـ تالاي سومكا شىركىتى، سوسكا شىركىتى... لەرنى تولا كۆرۈپ، ئادەتلىنىپ قېلىشقان بولغىيدى! شۇنداق، بىزمۇ ھەم بۇ ئىشلارغا، غەيرىيىلىكلەرگە كۆنۈپ قالدۇق. بىر بولسا تەۋەككۇلچىلىك، بىر بولسا ئالدامچىلىق، يەنە بىر بولسا شۆھرەتپەرەسلىكنىڭ مەھسۇلى بولغان بۇنداق «ئېتى ئۇلۇغ، سۇپرىسى قۇرۇق» شىركەتلەر بىز رومانىمىزنىڭ باش تەرىپىدە تەسۋىرلەپ ئۆتۈپ كەتكەندەك، كۆز يەسلىدىكى سولغۇن غازاڭلارغا ئوخشاپ لەپەڭلەپ چۈشۈپ، يوللارنى قاپلاپ كەتتى. دورامچىلىقنىڭ ھالىغا ۋاي! دورامچىلىق دېگەن بىردەملىك «كۆرسە قىزار» لىق، دىتى يوقلۇق، پىلانسىزلىق... شۇلارغا ياندىشىپ ئالدامچىلىقنى يانتاياق قىلغان ئاچ كۆزلۈكنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، خۇددى بازارغا بىر مال كىرسە، ھەممە يەر شۇ مالغا تۇشۇپ كېتىپتۇ دېگەندەك، بىزنىڭ بىرمۇنچە كارخانچىلىرىمىزمۇ رىقابەتنى دورامچىلىق دەپ چۈشىنىۋېلىپ، بىر ـ بىرىگە ئەگىشىپ ھېلى بازارنى بابباراۋەر نوقۇت تالقىنى بىلەن، ھېلى مېۋە شەربەتلىرى بىلەن، يەنە ئەتىسى بىر ئۆرۈلۈپ گىرىم بۇيۇملىرى بىلەن، ئەتە، ئۆگۈن، كىم بىلىدۇ، يەنە بىر ـ بىرىنى دوراپ يۈرۈشۈپ نىمىلەردۇر بىلەن، ئوخشاشلا مال بىلەن، ئىچىدىن تېشى ھەيۋەت سۈپەتسىز مەھسۇلاتلار بىلەن... تولدۇرۇۋېتىپ، بازارنى كاسات، ئۆزلىرىنى ۋەيران قىلىدىغان بىر بىمەنە ھەرىكەت، نورمال بازار ئىگىلىكى، پايدىلىق رىقابەتكە مۇخالىپ تىجارەت ئۇسۇلىدۇر.

ئەسلىي گېپىمىزگە قايتساق، دەسلەپتە ۋۇئۇسكىنىڭ يوغىنىنى ئاسقان «هاڭ ـ تاڭ قالىسىز» شىركىتىمۇ ئۆز يولىدا رىقابەتنىڭ، سودا ـ تىجارەتنىڭ، بازار ئىگىلىكىنىڭ هاڭ ـ تاڭ قالارلىق سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، بىرنەچچە ئادەمنىڭ مەنىۋى نەپسى، شۆهرەتۋازلىقىنى قاندۇرۇشتىن بۆلەك چوڭ پايدا يارىتالمىدى. «ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوق» دېگەندەك، شىركەتنىڭ هاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتىدىغان يېتەرلىك مەبلەغ مەنبەسى ۋە تىجارەتنى ئۇچقۇشلۇق يۈكسەلدۈرىدىغان پىلان، دىت يوق ئىدى. بىرچاغلاردىكى شىجائەتلىك رېمونتچى هېلى ئۇنىڭغا، هېلى بۇنىڭغا قىزىقىپ، ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، ئاقىۋەت ئۇنىڭغا تەگكەن ئەڭ چوڭ پايدا كارخانا ئورنىدىن مۇقىم ئىشتاتلىق ئورۇنغا، يەنە كېلىپ ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ئورگىنىغا كېلىۋالغىنى بولدى. ئاڭلىساق، تېخى ئۇ يېقىنىدىن بېرى نەسر يازىدىغان بولۇپ كېتىپتۇمىش، بۇ هال ئۆمۈر بويى باج ئىدارىسىدە ئىشلەپ، ئۇششاق تىجارەتچىلەردىن قىسقا ـ قىسقا نەپلەرگە ئېرىشىپ تۇرغان، شۇنىڭ سەۋەبىدىنمىكىن، پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن قىسقا شېئىرلارنى يېزىپ بەش ـ ئونىنى ئېلان قىلدۇرغاندىن كېيىن، ئۆزىنى ئالامەت چاغلاپ قىسقا شېئىرلار هەققىدە ئاغزىغا كەلگەن بىرنېمىلەرنى يېزىپ، ئۇزاق يىللاردىن بېرى مۇشۇ ساهەدە ئىجتىهات قىلىپ كەلگەن قەلەمكەشلەردىن قۇسۇر ئىزدەپ، شېئىرىي باجگىرلىقنى داۋام ئېتىپ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ يۈرگەن بىر بىچارە ئىنساننى مۇئەللىپنىڭ يادىغا سالدى، يارانقۇچى هەركىمنىڭ كۆڭلىگە بىر كوينى سالىدىكەن!

«ھاڭ ـ تاڭ قالسىز» شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورلۇقىنى قولىغا ئېلىپ، تازا بىر دەۋران سۈرمەكچى بولغان باقىجانغا كەلسەك، ئۇنىڭ بۇ ئارمانلىرىمۇ بايىقى سەۋەبلەر بىلەن سۇدىكى كۆپۈكتەك يوقالدى. «ئۇنىڭغا يونىغان» دەك، كېيىنكى كۈنلەردە باش دىرېكتور ھېلىقى «ئاجايىپ» مۇكاپاتىنىڭ ۋەدىدىكى ئوتتۇز مىڭ يۈەنىنىڭ يېرىمى بولغان ئون بەش مىڭ يۈەننى سۆيلەپ باقەم شائىرنى ھە دېسە سوئال ـ سوراققا تارتىپ زادىلا ئاراملىق بەرمىدى. بىچارە باقەم قاتتىق قىرنىمە دەي دېسە جۈرئەت قىلالمايدۇ، ئالە دەپلا پۇلنى بېرىۋېتەي دېسە نەپسى يول قويمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن شىرشىم بولۇۋېلىپ، بىر كۈن ئۆتسە بىر كۈن ھېساب دەپ، قۇلىقىنى يوپۇرۇپ يۈرۈۋەردى. باش دىرېكتور W ناھىيەسىگە ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرىمەن دەپمۇ پوپوزا قىلىپ باقتى. بىچارە باقىجانىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى ـ يۇ، يەنىلا تەۋەككۈلچىلىكىنى ئىشلەتتى. ئاخىر شۇ قۇرۇغۇر مۇكاپاتنى دەپ ئاز ئىشلار بېشىغا كەلدىمۇ، ئاز نېمىلەردىن ئايرىلدىمۇ؟ يامىنى كەلسە مەندىن شۇ ئون بەش مىڭ يۈەننى ئالار، جاننى ئالمايدۇغۇ!... شۇ خىياللار بىلەن ئۇ ئاخىرىغىچە چىڭ تۇرۇشقا نىيەت قىلدى.

«خۇدا ئۇرغاننى خۇداۋەندىكام قوشلاپ ئۇرۇپتۇ» دېگەندەك، كېلىشمەسلىك قۇيرۇقى ئۇزۇلمەي كېلىۋەردى. باش دىرېكتورنىڭ ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرىمەن دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدىمۇ، سەن تۇرۇپ تۇر ئۆزۈم باراي دېگەندە، W ناھىيەسىدىن ئەۋەتىلگەن ئىككى ئادەم ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە كېلىپ «مەرۋايىت» مۇسەللەسىگە بېرىلگەن ئاتالمىش «خەلقئارالىق ئالتۇن

مۇكاپات»نىڭ ئۇجۇر ـ بۇجۇرىنى ئىنقىلاپ كەتتى. قايتىشىدا بۇ ئەھۋالنى ۋىلايەتتىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئىنكاس قىلىپ قويۇپ كەتكەنىكەن، ئىشنىڭ يوغىنى شۇ چاغدا باشلاندى. بىرلەشمىگە ھېلىدىن ـ ھېلى ئادەم كېلەتتى. تۈرۈپلا ۋىلايەتلىك پەن ـ تېخنىكا كومىتېتىدىن، تۇرۇپلا ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىدىن بېرىلگەن تېلېفونلار ئۇزۇلمەيتتى. باش دىرېكتوردىن كېيىن چاقىرىلىش نۆۋىتى باقەمگە كېلەتتى، ئۇ چىرايىدا قان قالماستىن ئىككى قېتىم سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىگە بېرىپمۇ كەلدى.

ئىشنىڭ يوغىنى تېخى ئالدىدا ئىدى، باش دىرېكتور بالا ـ قازادىن ئۆزىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن تەييارلىقنى پۇختا قىلغانىكەن. ئىش يامىنىغا ئۆرۈلگەندە ئۇ ساختا مۇكاپات ھەل قىلىپ بېرىشتە باقەمنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى بارلىقى، بۇ ئىشنى كۆرۈنۈشتە تەشكىلنىڭ خىزمىتىنى قىلغاندەك بېجىرگەن بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە ئۆز كۆمچىكىگە چوغ تارتىپ، ئارىدىن ھايان ئۇندۇرۇش نىيىتىدە بولغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سۆزىنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە W ناھىيەسىدىن كەلگەن ھېلىقى ئىككى ئادەم ئالغاچ كەلگەن كېيىنكى ئون بەش مىڭ يۈەننى تاپشۇرۇۋالغانلىق ھەققىدىكى باقەم شائىرنىڭ تىلخېتىنى كۆرسەتتى.

تىلى تۇتۇلۇپ، بىرچاغلاردا ھېسام قويىنىدا لۇغەتتەك قېلىنلىقتىكى پۇلنى ساقلىغاندەك يېنىدا ھېلىقى ئون بەش مىڭ يۈەننى بۇلجۇتماي ساقلاپ كەلگەن باقەم ئۇ پۇلنى بەرگەندىن باشقا يەنە ئىككى مىڭ يۈەن جەرىمانە تۆلەپ، ئاللا ـ تۇۋا بىلەن تولغان تەكشۈرۈشنامىنى يېزىپ ئاران قۇتۇلدى. ۋىلايەتتىكى تەكشۈرگۈچى خادىملارمۇ ئىشنى

ھەرھالدا لىللا يەكۈنلىگەنىدى. يوق يەردىن ساختا مۇكاپات ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، قانۇن ـ نىزاملارغا مۇخالىپ ئىش قىلغان باش دىرېكتورمۇ خېلى كۆپ جەرىمانە تۆلەپ، تەكشۈرۈشنامە يېزىپ، ئىچكى جەھەتتە ئاگاھلاندۇرۇش يېزىلىپ، تانابى يەتكۈچە تارتىلدى. نەچچە ئايغىچە ئۇ ئەمدى «نەسر ئىجادىيىتى» نى خىيال قىلالماس بولۇپ قالدى.

ھەممىدىن يامىنى، باقەمنىڭ قىلغان سەت قىلىقى ئىقتىسادقا، كىشىلەرنىڭ جانىجان مەنپەئەتىگە بېرىپ تاقىلىدىغان ئىش بولغاچقا، ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە ئۇنىڭ ئابرۇيى چۈشۈپ، بېشى ساڭگىلاپ كەتتى. «باش دىرېكتور ساختا مۇكاپات ئويدۇرۇپ چىقىسىمۇ، ئىشقىلىپ بىرلەشمىگە پۇل تاپىمەن دەپ قىپتىكەن، يولداش باقى بولسىچۇ، بىزنىڭ ھەققىمىزگە قارا سانايتۇ»... باشقىلار ئەنە شۇنداق ئويلايتتى.

شۇ بىر قاتار ئىشلاردىن كېيىن باقەم كېزىك تەگكەن ئادەمدەك ئاغرىپ يېتىپلا كەتتى، خېلى ۋاقىتلارغىچە ئىدارىگىمۇ بارمىدى. ئىدارىدىنمۇ ئۇنى ئىزدىمىدى، ئىزدىگۈدەك مۇھىم ئىشلارمۇ يوق ئىدى. مائاشى ئايمۇ ئاي كىنىشكىسىغا قونۇپ تۇراتتى. دېمەك، باقەم شائىرنىڭ ئۆزىنى بىر ئوڭشىۋېلىشىغا، بېشىغا ئارقا ـ ئارقىدىن كەلگەن ئىشلار ھەققىدە ئالدىرىماستىن ئويلىنىشىۋېلىشىغا يېتەرلىك ۋاقىت ۋە ئىمكان بار ئىدى. بىراق، باقەم بولغان ئىشلار ھەققىدە نېمىلەرنى ئويلايدۇ، قانداق يەكۈن چىقىرىدۇ، بىزگە نامەلۇم، لېكىن بىزنىڭ يەكۈنىمىز بىرلا.

بۇ يەكۈننى بىز كىلاسسىكلارنىڭ تىلى ئارقىلىق بايان قىلايلى:

*ھەر كىشى ئۇۋايا قىلسا، ئۇۋايا تاپقۇسىدۇر،*
*ھەر كىشى جاپايا قىلسا، جاپايا تاپقۇسىدۇر.*
*ياخشى كىشى يامانلىق كۆرمىگەي ھەرگىز،*
*كىمكى يامان بولسا، جازا تارتقۇسىدۇر.*

ئەنە شۇنداق بۇرۇقتۇرمىلىقتا يۇرگەن كۆڭلەرنىڭ بىرىدە، باقەم شائىر تاسادىپىي ھالدا ئۆزى يىڭىدىن كۆچۈپ كەلگەن ئولتۇراق رايوندا مىرمۇللا مىرشىرىوف دېگەن بىر ئادەم بىلەن تونۇشۇپ قالدى. بۇ تونۇشۇش ئۇنىڭ ئارامسىز كۆڭلىرىگە ئاز ـ تولا مەلىكە ھەم دەردمەن كۆڭلىگە تەسەللى بولۇپ قالدى. ئەمدىكى باياننىمىزنى ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۇلپەتچىلىكلىرىدىن ئاڭلاڭ!

# يىگىرمە ئىككىنچى باب

رومانىمىزنىڭ ئالدىنقى سەھىپىلىرىدە بىز قەھرىمانىمىز بارغان يەرلەردە ئۇچراشقان بىرمۇنچە ئادەملەرنى تىلغا ئالغان، ئايرىملىرى ھەققىدە تېخى تەپسىلىيمۇ توختالغاندۇق. ئىنسانلار فىزىيولوگىيەلىك جەھەتتە بىر - بىرىگە ئوخشاشسىمۇ، لېكىن مەنىۋى جەھەتتە، مىجەز - خۇلق تاماندا ئۆزئارا پەرقلىق بولىدۇ. ئالدى بىلەن ئېلىپ ئېيتساق، بىز شۇنچە ئۇزاق مەنزىلدىن بېرى قەلەمگە ئېلىپ، ئىزىدىن تىنماي ئەگىشىپ يۈرۈۋاتقان باقەم شائىرنىڭ ئۆزىلا ئاجايىپ بىر شەخس، ئوقۇرمەنلىرىمىز ئۇنىڭ غەلىتە ئىشلىرى، گەپ - سۆزلىرى ھەققىدە ئىزچىل يېڭىدىن - يېڭى تەپسىلاتلارغا ئىگە بولۇپ كېلىۋاتىدۇ ھەم يەنە ئىگە بولغۇسى! خوش، ئەمدى بىز باشقىلىرىغىمۇ قاراپ باقايلى. دەسلەپىدە ئاجايىپ غەلىتە ئىنسان رەسۋائىي، كېيىنچە بولسا كۆڭۈلچەك، مەرد، ئوچۇق - يورۇق ھەمدەمجان، ھەددىدىن ئارتۇق خۇشامەتچى، ئىككى يۈزلىمە ئاسىم شىلىم، چېچەن پاكىز، مېھماندوست رەغىدۇللا، ئابرۇيپەرەس، سەل - پەل مازراق سادىق تەپتىش... مانا ئەمدى بىزگە شۇنداق شەخسلەرنىڭ يەنە باشقىلىرى، نۇرەخمەت دېگەن قوشنا بالا ۋە ئۇ ئارقىلىق مىرمۇللا مىرشىرۇف دېگەن زات بىلەن تونۇشۇش نېسىپ بولۇۋاتىدۇ. ھە، ياق، ئالدىرىماڭلار،

مەزكۇر شەخس بىلەن تېخى قەھرىمانىمىزمۇ تونۇشمىغان تۇرسا، بىزگە نېمە ئالدىراش؟ سەل تەخىر قىلايلى!

كونا بىنادىكى يېڭى ئىجارە ئالغان ئۆيگە كۆچۈپ كىلىپ، باقەم شائىرنىڭ ھېلىقى قاتتىق ئورۇندۇقتا ھەپتىلەپ داراز تارتىپ يېتىپ كەتكەنلىكىدىن ئالدىنقى بابىمىزدا مەلۇمات بەرگەنىدۇق. شۇ كۈنلەردە باقەمنىڭ بېشى گاراڭ، كۆڭلى تولىمۇ پەرىشان ئىدى. شۇنداق بولىدۇ ـ دە، ئاز پېشكەلچىلىكلەرنى تارتتىمۇ ئۇ؟ شۇڭا، بايقۇش باش ـ ئاخىرى چىقمايدىغان، ئۆكۈنۈشلۈك، تەگسىز خىياللارغا بەند بولۇپ يېتىپ كەتتى.

باقەم شۇ تەرىقىدە بۇگۈنمۇ ئۆيدە ياتاتتى. تۇيۇقسىز ئىشىكى چېكىلىپ قالدى. ئۇ ھەيرانلىقتا تېڭىرقاپ، ئىشىك تەرەپكە خېلى ئۇزاق قۇلاق سالدى. بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى تونۇشلىرىدىن ھېچكىم بىلمەيتتى، ئىشىك چەككەن كىم بولدى ئەمدى؟

باقەم غودۇڭشىپ تۇردى ـ دە، ئاستا بېرىپ، ئېھتىيات بىلەن ئىشىكنى قىيا ئاچتى. ئىشىك سىرتىدا ساپما كەش بىلەنلا بىر يىگىت كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم! ــ ھېلىقى يىگىت ئەدەپ بىلەن سالام بەردى، ــ مەن، مۇنۇ... ئۇدۇل قوشنىڭىز، ئايالىم ئۇدۇلىمىزغا يېڭى قوشنا كۆچۈپ كەپتۇ دېۋىدى، سالام بېرەي دەپ كىرىشىم...

باقەم شائىرنىڭ چىرايىغا دەرھال خۇشاللىق تەبەسسۇمى يۈگۈردى.

ــ ۋاي سەت بوپتۇ ـ ھە، ئىنىم، مەن تېخى... قېنى، قېنى، ئۆيگە كىرىڭا! ــ دېدى ئۇ ئالدىراپ ۋە ئىشىكنى داغدام ئاچتى.

— بولدى، ئاكا، ئۆيىڭىزگىمۇ كىرىۋالارمىز، شۇ تاپتا، بىزنىڭكىگىلا كىرەيلى، تاماقمۇ تەييار بولۇپ قاپتىكەن، ھە، قېنى، يۈرۈڭا!

يىگىتنىڭ مۇلايىم، ئەمما كەسكىن تەكلىپىنى قەھرىمانىمىز دەررۇ يىرالماي قالدى. دېمىسىمۇ، غېرىبلىق بېسىپ تۇرغاندا بىر ئېغىز ياخشى گەپ ئادەمنى خۇرسەن قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ كەچلىك تاماقنىمۇ ئويلاشقۇدەك بولمىغانىدى.

شۇنىڭ بىلەن باقەم ئانچە كۆپ تارتىشمايلا قوشنىسىنىڭ ياخشى كۆڭلىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇدۇلدىكى ئۆيگە قەدەم تەشرىپ قىلدى. مۇلايىم، ياشقىنا چوكان ئۇنى خۇش چىراي قارشى ئالدى. ئازادە ياسىداق ئۆيدە ئىككى ياشلاردىكى ئوغۇل بالا پىرقىراپ ئويناپ يۈرەتتى.

باقەم مېھمان كېلىدىغاندەك مول راسلانغان شىرەگە يېقىنلىشىپ خۇرۇم كىرىسلوغا چۆكۈپ ئولتۇردى - دە، دۇئاغا قول كۆتۈردى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلى لەپپىدە يەڭگىللەپ، نەچچە كۈندىن بۇيانقى ئىزتىراپلىق خىياللىرى نەلەرگىدۇر ئۇچۇپ كەتكەنىدى.

— ئىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، كۆچۈپ كەلگىنىڭىزنىمۇ ئۇقماپتىمەن، ئايالىم شۇنداق دەيدۇ، — دېدى قارا قاش، بەستلىك كەلگەن يىگىت باقەمگە چاي سۇنۇۋېتىپ، — توختا، دېدىم، قوشنا - قولۇمچىلىق دېگەن ئۇلۇغ ئىش ئەمەسمۇ! قېنى، قاتتىق - قۇرۇقلارغا ئېغىز تەگكەچ ئولتۇرۇڭا! نادىرە، ئېشىڭىزنى ئۇسامسىز!

— ھە، مانا! — دېگەن مۇلايىم ئاۋاز ئاڭلاندى ئاشخانا ئۆيدىن.

باقەم شائىر ئوخشىتىپ ئېتىلگەن پولۇغا باققاچ، ھە

دېمەيلا قوشنا يىگىت بىلەن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. يىگىتنىڭ ئىسمى نۇرەخمەت ئىكەن، گېزىتخانىدا ئىشلەيدىكەن، ئەدەبىيات كەسپىنى پۈتكۈزۈپتۇ.

ــ دېمەك...ــ دېدى باقەم ئاغزىدىكى لوقمىنى تەستە يۇتۇۋېتىپ،ــ بىرنېمە يازىدىكەنسىز ـ دە؟

ــ بىزنىڭ يازغىنىمىز قانچىلىك بولاتتى،ــ دېدى نۇرەخمەت،ــ قىزىقمەن شۇ، نەچچە يىل مۇخبىرلىق قىلغاندىم، بۇ يىل ئەدەبىيات بېتىگە چىقتىم.

«ئەدەبىيات بېتى» دېگەننى ئاڭلاپ، باقەم شائىرنىڭ كۆڭلى جىغ ئېتىپ توختىدى. خىيالىغا دەررۇ «ئۇنداقتا بۇنىڭدىن كېيىن بىرنېمە يېزىپ...» دېگەنلەرنى ئەكەلدى ـ يۇ، توختاپ قالدى، بىراق يۈرىكىدە بىر خۇشلۇق كېزەتتى. ساھىبخانا ئايال پات ـ پات ئاشخانا ئۆيدىن چىقىپ، چاي ئىقلىغاچ، يېڭى قوشنىنى تاماققا تەكلىپ قىلىپ قوياتتى. چوكاننىڭ نەيدەك يېقىملىق ئاۋازى باقەمنىڭ يادىغا ئىختىيارسىز بىر نازىنىنى ئەسلەتتى. ئوقۇرمەنلىرىمىز W ناھىيەسىدە قېلىپ قالغان ئەقىل ـ ھوشى جايىدا بىر نازىنىننى ئەسلىرىگە ئېلىشقان بولسا، خاتالاشقان بولمايدۇ.

تائامدىن كېيىن نۇرەخمەت ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ، بىرنېمە دەپ پىچىرلىغۇدى، ئاۋازى يېقىملىق چوكان دەررۇ بىرنەچچە تەخسە سوغۇق، ئىسسىق قورۇمىنى ئاچىقىپ، شىرەگە ئەپلىك تىزدى. باقەم ئىچىدىكىلا «زاكۇسكا» دەپ ئويلىغۇدى، خىيالىنى تەستىقلىغاندەك ساھىبخانا يىگىت بۇلۇڭدىكى ئەينەك ئىشكاپ تەرەپكە ماڭدى. دېگەندەك، ھايالشىماي شىرەدە بىر شىشە بىلەن ئىككى رومكا پەيدا بولدى.

— سىز بەك جۇۋاپ...— دېدى باقىەم ئورنىدىن سەل قوزغىلىپ، لېكىن شۇ تاپتا كۆڭلى ئېيتقۇسىز بىر خۇشاللىقتا چۆمگەنىدى. «ئىچىمدىكىنى خوي تاپتىڭا،— دەپ ئويلىدى ئۇ غايىبانە ھالدا،— نوچى قوشنىغا يېتىشىپتىمەنمۇ نېمە؟ ئايالىنىڭمۇ پەيزى بار نېمە ئىكەن - دە! ھىي... يى...»

ساھىبخانا ئىككى رومكىنى لىق تولدۇرۇپ، بىرىنى «خۇدا قوشقان يېڭى قوشنا»غا تەكەللۇپ بىلەن ئۇزاتتى - دە، رەسمىيەت يۈزىسىدىن قىسقىچە «قەدەھ سۆزى» سۆزلىدى. ئىككىسى بىر - بىرىدىن ئالدىرىغاندەك، ھايالشىمايلا رومكىلىرىنى كانايلىرىغا ئۆڭتۈرۈۋېتىشتى. باقىەم تۇنجى رومكىنى ئىچىپ بولۇپ توخۇنىڭ مايلىققىنا قانىتىغا تۇتۇش قىلدى. ئۇ توخۇ قانىتىنى بۆلەكچىلا ياخشى كۆرەتتى.

— قېنى، ئاكا، ھە راست، ئىسمىڭىزنى سورىماپتىمەن...

— باقىجان،— دېدى باقىەم شائىر خىرىلداپ، گۆش چايناشنى توختىتىپ،— باقىەم ئاكا دەۋېرىڭ!

— ھە، باقىەم ئاكا، ئىسمىڭىز ئاز ئۇچرايدىغان ئىسىملاردىن ئىكەن،— ساھىبخانا چاقچاقچى بولسا كېرەك، «ئاز ئۇچرايدىغان» دېگەن گەپنى قىزىقارلىق ئېيتتى،— ئۇچ رومكىنى لىققىدە ئىچەيلى، تېز - تېز - ھە... قانداق؟ ئاندىن ئىختىيارىيچە... قانداق؟

— نۇرەخمەت، مېھمانغا ھاراق زورلىماڭ!— دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى ئاشخانىدىن، بۇ ھېلىقى يېقىملىق ئاۋاز شۇ ئىدى. باقىەمنىڭ يۈرىكى يەنە بىر جىغغىدە قىلدى.

— ئەرلەرنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمىسۇنا!— نۇرەخمەت

قىزىقچىلىق قىلىپ ئاشخانا تەرەپكە قاراپ توۋلىدى. باقەمنىڭ تۇرۇپلا بۇ ياش ئەر ـ خوتۇنلارغا ھەۋىسى كەلدى، ھەتتا كۆڭلى سەل بۇزۇلدى.

ــ قېنى، باقەم ئاكا، قوشنام، ماۋۇنىمۇ شاپىدە كۆتۈرۈۋېتەيلى! توخۇ گۆشىگە پەيزىڭىز باركەنە!

ــ قانتىغا،ــ دېدى خىرىلداپ باقەم.

ــ قانات دېگەن تولا گەپ،ــ دېدى ساھىبخانا كۇلۇپ،ــ بىزنىڭ ماۋۇ يەردە بىر قوشنا بار، مىرموللىكام دەپ، ئۇمۇ توخۇ گۆشىگە دەھشەت ئامراق، ئىككىڭلارنىڭ مىجەزى كېلىشىپ قالامدۇ نېمە؟ ئالدۇق ئەمىسە ـ ھە!

ــ موللىكام؟ــ دېدى باقەم سەل تېڭىرقاپ.

ــ ئىسمى شۇنداق،ــ دېدى نۇرەخمەت ئۇزۇن پىنتوزا سەينى چوكىسىغا يۆگەپ ئېلىۋېتىپ،ــ مىرموللا مىرشىروف دەيدىغان يەرلىرى بار تېخى، كونا، سەۋىتىسكى ئادەملەردىن ئىكەن، گەپ قىلسا ئورۇسچە قوشۇپ قويىدۇ، گەپلىرى ئالامەت قىزىق، ئانچە ـ مۇنچە يازىدىكەن تېخى، بىزنىڭ گېزىتكىمۇ ئىككى ـ ئۈچ شېئىرىنى بەردۇق.

ــ شېئىر يازامدىكەن؟ ــ باقەمنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى،ــ بىر... تونۇشۇپ قويىدىغان گەپكەنتۇق ـ دە، ھە!

ــ چاتاق يوق،ــ ساھىبخانا قولىنى شىلتىدى،ــ ئەتە ـ ئۆگۈن توغرىلايمىز، بۈگۈن ھايت دەۋەتسەم بوپتىكەن ـ ھە! ئۇقمىدۇق ـ دە!

ــ بوپتۇ، ھېچقىسى يوق، كېيىنچە،ــ دېدى باقىجان بېشىنى چايقاپ، كېيىن قوشۇپ قويىدى،ــ مەنمۇ قارالڭ، ئاز ـ تولا يېزىپ قويىمەن!

«ئاز ـ تولا يېزىپ قويىمەن» دەپ بولۇپ باقەم شائىرنىڭ كۆڭلى سەل خىرە بولدى. W ناھىيەسى بولغان بولسا ئۇ

مۇنداق دېمەيتتى. «بىتتۇك شائىر بىز، ھە...» دەپ قوياتتى، تارىخ سۆزلەيتتى. بۇ يەردە بولسا ئۇ ھېلىقى «شائىرلار ساتىراشخانىسى» نى تېخى تىلغا ئالمىدى، «رەسۋائىي» دېگەن شائىر بىلەن يېقىن ئۇلپەتچىلىكى بارلىقىنى ئەسلا تىنمىدى، ئۆيىدىكى رامكىغا ئېلىقلىق شېئىرىنى تىلغا ئېلىشنى ئويلاپمۇ باقمىدى، W ناھىيەسىدىكى ئاجايىپ لىرىكىلىق شېئىرلىرىنىڭ قېتىنىسمۇ چىقارمىدى، ئەڭ مۇھىمى مۇخبىر يىگىتكە ئۆزىنىڭ نەدە ئىشلەيدىغانلىقىنى تەنتەنە بىلەن بايان قىلىشقىمۇ پۇرسەت كەلگىنى يوق. نېمىدا؟ ھېلىقى... «شائىرلار ئىدارىسى» ھە!

— يېزىپ قويىمەن دېدىڭىزما؟ — نۇرەخمەتنىڭ ھاراقتىن سەل پۇرۇلگەن كۆزلىرى چاقناپ كەتتى، — مانا، مانا، بىزنىڭ گېزىتكە بېرىمىز، مانا ئۆزۈم بېرىمەن! قېنى، شېئىرلىرىڭىزدىن بىرەرنى ئوقۇڭا!

— كېيىنرەك! — دېدى باقەم شائىر ئاشخانا تەرەپنى ئىشارە قىلىپ، راست گەپنى قىلغاندا، ئۇنىڭ تېخى گىرادۇسى توشمىغان، خۇرۇچى كەلمىگەنىدى.

ئەمما ساھىبخانا يىگىت بۇنى باشقىچە چۈشەندى.

— نېمە؟ ئاغزى يامان شېئىرلارنى يازامسىزا؟ ھېچ گەپ يوق، ئاڭلىمايدۇ، ئاستىراق دەۋېرىڭ!

ھاراق دېگەن ئاجايىپ نېمە ـ دە، ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ، ئىككى قوشنا بىرپەستە ئېچەركىشىپلا كەتتى.

— ھەي! پەيزىڭىز بار ئادەم ئىكەنسىز جۇمۇڭ، باقەم ئاكا، ئالامەت قوشنىغا يېتىشىپتىمەن، ئاغزى يامان شېئىرلارنى يازىمەن دەڭ!

باقەم ھەرقانچە قىلىپمۇ قوشنا يىگىتكە ئۆزىنىڭ ئۇنداق دېمەكچى ئەمەسلىكىنى، ئۇنداق شېئىرلارنىمۇ

يازمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ بولالمىدى. ئاڭغىچە نۇرەخمەت مىرمۇللا مىرشىرۇف ھەققىدىكى پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

ــ بىر كۈنلىرى مىرمۇللىلىكام ھاراقنى زىبىمىز ئىچمەيدىغان بولۇۋالدى، بولمىسا ھاراقنا دىسە، قاياققا دەپ تۇرىدىغان ئادەم ئىدى. كېيىن ئۇقساق، ئايالى تانابىنى تارتىپتىكەن، ھە دېدۇق، بىزنىڭ خوتۇنلارمۇ شۇغۇ، بىزگە ياخشى بولسۇن دەيدۇغۇ، شۇ! يېرىم يىلچە مىرمۇللىكام بىز بار يەردىن قېچىپ يۈردى، ھە دېدۇق، بىر كۈنى قورۇنىڭ ئالدىدا ئىچىم پۇشۇپ تۇرسام، نېرىدىن كېلىپ قالدى. كەلگەن پېتى سالامنى ئىلىك ئالمايلا: «قولۇم ــ قوشنىلارنى يىغمامسىز، نۇرەخمەتجان، بىر ئىچمەيلىمۇ؟» دەيدۇ، ۋا، ۋا، ۋاھ... نېمە بولۇپ كەتتى بۇ دەيمەن! «ئاكاۋۇي، بۇگۇن كۈن قاياقتىن چىقتى؟» دېسەم، مىرمۇللىكام خىر ــ خىر كۈلۈپ: «خوتۇن ئۈيدە نېت[1]، بۇگۇن بىزگە ھېيت!» دېمەمدا، كۈلە ــ كۈل، تازا ئىچىپتىمىز!

ــ ئەتە بىزنىڭ بويتاق پاڭزى[2]غا باشلاپ كىرىڭە شۇ ئادەمنى، ــ دېدى باقەم شائىر كەيپچىلىكتە، ــ بىر تونۇشۇپ قالايلى، ياخشىنى كۆرمەك پەرز، دەيدۇغۇ.

ــ چاتاق يوق! ــ دېدى نۇرەخمەت چۈقان سالغاندەك، ئۆزلىدىن ئەتمۇ ئىچىدىغان ئىش چىققىنىغا خۇشال بولۇپ كەتكەندەك ئىدى، ــ ياشاپ كېتىمىز!

بوتۇلكا ئىككىنچىسىگە ئالمىشىپ، ئۇمۇ يېرىملىغاندا باقەم شائىرنىڭ بىر رۇبائىي ئوقۇغۇسى كېلىپ قالدى.

---

① نېت (رۇسچە) ــ يوق.

② ئۆيگە دېمەكچى.

— ئۆمەر ھەييامدىن كەلتۈرەيمۇ؟ — دېدى.

— بولۇۋېرىدۇ، — دېدى نۇرەخمەت جانلىنىپ، — ئاۋۋال ئۆمەر ھەييامدىن، ئاندىن ئۆزىڭىزنىڭ ھېلىقى ئاغزى يامان... دىن، — نۇرەخمەت بالا قاپىيە كەلتۈرىمەن دەپ شۈنداق سەت گەپتىن بىرنى قىلدىكى، ئاشخانا تەرەپتىن ئىنچىكە، ئەمما كۈچلۈك بىر يۆتەل ئاڭلاندى.

— ئوقۇدۇم ئەمىسە! — باقەم بايىقى توق قاپىيەنى ئاڭلىمىغاندەك، رومكىنى قولىغا ئېلىپ، ئاشخانا تەرەپكە بىر قارىۋالدى - دە، ئوقۇدى:

*مەي ئىچسەڭ ئاقىل، دانالار بىلەن ئىچ،*
*يا بولمىسا ئاي يۈزلۈك پەرى بىلەن ئىچ.*
*جىق ئىچمە، ئاز-راق ئىچ، مەخپىي ئىچ،*
*رەسۋا بولغۇدەك ئىچمە، ھايا بىلەن ئىچ.*①

— ھاراق دېگەن سۇ، بىز دېگەن بېلىق! — دەپ قوشۇپ قويدى نۇرەخمەت.

دېگەنبىلەن باقەم شائىر مۇساپىرچىلىق كوچىسىدا بىر مېھماندوست قوشنىنى تېپىۋېلىپ، قىن - قىنىغا پاتماي قالدى. يەنە بىر گەپ، باقەم ھاراقنى خېلى كۆتۈرەتتى، ساھىبخانا يىگىت مەست بولۇپ كەتتى. ئاۋازى يېقىملىق ئايالى نادىرەنىڭ ئوخشىتىپ ئەتكەن مەنپىرىمۇ ئۇنى بېشەلمىدى. باقەم بولسا ئىككى چىنە مەنپەرنى كۆرمىدىم دەپ سوقۇۋېتىپ، توخۇنىڭ لوق گۆشىدىن تازا يەۋېتىپ، يېڭى قوشنىلار بىلەن خوشلىشىپ، بىرنېمىگە قىيالمىغان

① باقەم بۇ يەردە رۇبائىينى بۇزۇپ ئوقۇغان.

كۆزى كەينىدە سوغۇققىنا ئۆيگە يېنىپ چىقتى.
ئەتىسى كەچتە باقەم پەمدۇر، لازا سەي بىلەن قورۇق ناننى تەڭكەش قىلىپ ئولتۇراتتى، ئىشىكى يەنە چېكىلىپ قالدى. بۇ قېتىمقى چېكىلىش تونۇگۇنكىدىن قاتتىقراق ئىدى.
باقەم ئۆندەرىگەندەك بېرىپ ئىشىكنى ئېچىۋىدى، بوسۇغىدا قوشنىسى نۇرەخمەت بىلەن غۇچچىدە ئالتۇن چىشلىرىنى تولۇق كۆرسىتىپ ياشقا چوڭراق بىرەيلەن ھىجىيىپ تۇرۇپتۇ.
— مانا، تەلىپىڭىزگە بىنائەن قەدىرلىك مېرموللىكامنى باشلاپ كىردىم، — دېدى نۇرەخمەت تاپسىدىلا. شۇ چاغدىلا باقەمنىڭ يادىغا تونۇگۇنكى تەكلىپى چۈشتى ـ دە، «ئىم» دەپ قالدى. بىراق، دەم ئۆتمەي ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى.
— قېنى، قېنى، ئۆيگە، — دېدى ئۇ دەررۇ، — يا... يا... ياق، ئاياغنى يەشمىسەكمۇ بولىدۇ، ئاياغ يەشمەيدىغان ئۆي بۇ...
باقەم يەرگە زىلچە سالمىدىم دېمەكچىدى، لېكىن مېھمانلار خېلى تۇزۇت قىلىشىپ، ئاقىۋەت يەنىلا ئاياغ سالمايلا تۆردىن ئورۇن ئالدى.
— مۇبارەك نامىڭىزنى تونۇگۇن سەيدەخمەت ئىنىمىزدىن ئاڭلىغان، — دېدى سالام ـ سەھەت، ئەھۋالىشلاردىن كېيىن باقەم شائىر سۆز باشلاپ.
— نۇرەخمەت! — دېدى قوشنا يىگىت ئىتتىكلا.
— ھە، نۇرەخمەت! — دېدى باقەم، كېيىن قوشنىسىغا ئۆزرە سورىغاندەك قارىدى، — ئاخشام جىق سۆزلەۋاپتىمىز جۇمۇ بالا، كەچكىچە ياتقان گەپ. «ئۇ —

ياتلىق مېھمان نان تۇگىگەندە كېلىدۇ» دەپ، ئەستا... مەن غىرلا قىلىپ تالاغا چىقىپ كىرەي ـ ھە!

ــ ھېچقىسى يوق،ــ دېدى نۇرەخمەت ئورنىدىن دىككىدە تۇرۇپ،ــ تالاغا چىقىدىغان ئىشقا مەن بار، سىز مىرمۇللىكام بىلەن پاراڭلاشقاچ ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ!

ــ يا مەن چىقايمۇ؟ ــ مىرمۇللا دېگەن كىشى كۈلكىسىنى ئەلۋەك قىلىپ سەل قىمدالدى،ــ دۇكانچى مېنىمۇ تونۇيدۇ!

ــ ئەستا!ــ بۇ گەپنى ئاڭلاپ باقجان جايىدا پىرقىراپ كەتتى،ــ مەنلا چىقاي!

ــ ياق، سىز ئاۋارە بولماڭ!ــ قوشنا بالا گېپى بىلەن تەڭلا غايىب بولدى. ئاڭغىچە باقەم داستىخان سېلىپ، قايناق سۇغا قارىغان بولدى.

ــ ئولتۇرۇڭا، بۇرادەر، باقەمجان، ھە؟ ــ مىرمۇللا مىرشىرۇف خۇشخۇيلۇق بىلەن ئىككى قولىنى ئالدىغا سوزۇپ، باقەمگە مۇراجىئەت قىلدى،ــ بىزگە يەيدىغان، ئىچىدىغان ئىش مۇھىم ئەمەس، كۆڭۈل مۇھىم. گەپ مۇھىم! خوش، قانداق شاماللار سىزنى بىزنىڭ بۇ مەھەللە ئەزىمگە ئەكېلىپ تاشلىدا؟ ئەمما لېكىن، خوي بوپتۇ!

شۇنداق قىلىپ باقەم شائىر يىگىت تونۇشقان ئىككىنچى قوشنىسى بىلەن قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى، قارىماققا، ئىككىسىنىڭ گاھىبىر مىجەزلىرى ئوخشىشىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى.

پاراڭ ئانچىمۇ نېرىغا بارمىغاندى، ئىشىك يەنە تاقىلداپ قالدى، نۇرەخمەت بىرمۇنچە نېمىلەر بىلەن قايتىپ كىرگەندى. قولتۇقىدا بىر بوتۇلكا ھاراقمۇ بار تېخى!

ــ تالاغىمۇ چىقمايمىز!ــ دېدى ئۇ كۈلۈپ،ــ ھەممە نەرسە ئۆيدىلا بار تۇرسا!

— ئاپلا، سىغىلىنىڭ ئالدىدا ئۇيات بوپتۇ - دە! — دېدى باقەم شائىر قوشنا يىگىت ئەكىرگەن قەنت - گېزەك، نان، ئاخشامقى زىياپەتتىن ئاشقان توخۇ گۆشى قاتارلىق نەرسىلەرنى شىرەگە تىزىۋېتىپ، — ئۇيات!

— نېمە ئۇيات ئۇ؟ — دېدى ھاياجاندىن چىگىقىلىپ نۇرەخمەت، — كىچىك ئىشلارغۇ! ھە راست، رومكا بارمۇ، يوق دەپ، رومكىنىمۇ ئالغاچ كىردىم. يەنە... ھە راستتىنلا، چوكىغۇ سىزدە باردۇر، باقەم ئاكا؟

— مۇشۇ ئاشخانىدا مەنتاڭ - پەنتاڭ تېپىلارمۇ دېگەندەكما؟ — باقەم كونا بىر گەپنى يەنە تەكرارلىدى، — بار، ئۇكا، چوكىسىز يۇرەلمەيدىغان خەققۇ بىز!

— ئاپىرىن ئەدەبىي تەنقىدىگىزگە! — دېدى مىرمۇللا مىرشىروف، — مەن مانا مۇشۇنداق ئوچۇق - يورۇق ئادەملەر بىلەن ئەسىرالىشىشقا ئامراق.

دەم ئۆتمەي ئۇچ قوشنا ئاجايىپ تەكەللۇپ گەپلەر بىلەن ئۇلپەتچىلىك قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى. مەن سەندىن قالامدىم دېگەندەك، ھەربىرى ئاجايىپ گەپلەرنى، ناتونۇش تېرمىنلارنى، گاھىدا سىپايە، گاھىدا قوپال چاقچاقلارنى تالقان تۆكتى قىلىۋەتتى. بولۇپمۇ بۇ ساھەدە، مىرمۇللا مىرشىروف ئالامەت تالانت ئىگىسى ئىدى. بەيگىدە ھامىنى بىر ئات ئوزۇپ چىققاندەك، سۆزمەنلىكتە ئاۋۇ ئىككىسى بۇ زاتقا يېتەلمەيدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ سەل چىرقىراق ئاۋازى بىلەن، كومېدىيەلىك ئارتىستەك ئاجايىپ - غارايىپ گەپلەرنى قىلغىنىدا، نۇرەخمەت باقەمگە قاراپ: «ماختىغىنىم راستمىكەن؟» دېگەندەك ئىشارە قىلىپ قوياتتى. بىرچاغدا مىرمۇللا قولىغا نۇرەخمەت ئۆيىدىن ئاچىققان، ھاراق تولدۇرۇپ قويۇلغان رومكىنى ئېلىپ،

بايىلا ھارغۇچە سۆزلەپ بولغىنىغا قارىماي، يەنە نۇتۇققا كىرىشتى:

— ھۆرمەتلىك بۇرادەرلەر، خۇدا قوشقان قوشنىلىرىم، بۈگۈن كەمىنە مىرشىروف بىھەد خۇشالمەن، بەختىيارمەن! سەۋەب؟ كونا قوشنام نۇرئەخمەتجان ھەمدە يېڭىياچە قوشنام، ھۆرمەتلىك... ئۇنتۇپ قالدىما!؟ زاتى — شەرەپلىرى؟ ھە، باقىجان باقىجانوۋىچ، ئۆزلىرى بىلەن ئەسىرالىشىپ ئولتۇرماق بەختىگە مۇيەسسەر بولغىنىمدىن بېشىم ئاسماندا! يەنى شۇنى ئىزھار...

مىرشىروف كاسكا يەنە تىللىرىنى قايرىشتۇرۇپ نېمىلەرنىدۇر دېمەكچىدى، شۇ ئارىدا ئازراق بىر ناقولايلىق يۈز بېرىپ قالدى، يەنى ھاياجانلىق تىترەكتىن قولى سىلكىنىپ، لىققىدە ھاراق داۋالغۇپ، ئازراق تۆكۈلۈپ كەتتى، مىرمۇللا مىرشىروف دەررۇ گېپىنى توختاتتى — دە، رومكىدىكى ھاراقنى كۆتۈرۈپ ئىچىۋېتىپ، ھاراق يۇقى قولىنى يالىۋالدى، كۆزلىرى خۇشخۇيلىنىپ، ئويناپ تۇراتتى.

— ۋات خارۇشۇ[①]! — دېدى ئۇ ۋە رومكىنى ساقىيغا — نۇرەخمەتكە ئۇزاتتى، — ماڭدۇرۇڭ!

— شېئىر دېسە، شېئىرلاردىن كەلتۈرمەمسىز، مىرمۇللىكا! — دېدى نۇرەخمەت دەيدەيچى ئاھاڭ بىلەن. مىرشىروف خۇددى شۇ تەۋسىيەنى كۈتۈپ تۇرغاندەك قەددىنى شارتتىدە تىكلىدى.

— كەلتۈرىمىز، ۋاھ، كەلتۈرمەيزە! ئاخىر شائىرمىزغۇ! شېئىر دېگەن مونۇگا[②]، — ئۇ سەل ئويلاندى — دە، باقەم

① ئىنتايىن ياخشى دېمەكچى (رۇسچە).
② كۆپ، جىق دېمەكچى (رۇسچە).

شائىرغا قارىدى،ــ قوشنا ھەققىدە، ھە قوشنام ئۆزىڭىزگە بېغىشلايمەن!

كېيىن كۆزلىرىنى قىسىشتۇرۇپ، ئىنتايىن مۇھىم سىرنىمىنى ئويلاۋاتقاندەك تۇسكە كىردى ـ دە، ئوقۇدى:

*قوشنا بولساڭ يۆلەك بول،*
*يۆلەك بولمىساڭ بۆلەك بول.*
*يۆلەك بولمىسا قانداق قوشنا ئۇ،*
*يا بولمىسا ئۆلەك بول!*

ئاۋۇ ئىككىسى چاۋاك چېلىشىدى، مىرموللا مىرشىروف كەمتەرلەرچە:

ــ ئاخىرقى قاپىيەسى قاشقالىقچە بولۇپ قالدى ـ دە!ــ دەپ قويدى.

ــ چاتاق يوق، توق قاپىيە!ــ نۇرەخمەت كۆڭۈل ئۈچۈن دېدىمۇ، شۇنداق دەپ قويدى.

سەل ئۆتمەي تەكلىپ بىلەن شېئىر ئوقۇش نۆۋىتى باقەم شائىرغا كەلدى. بۇ چاغدا نۇرەخمەت ئۆيدىن بىراقلا ئىككى بوتۇلكا هاراق ئاچىققانىدى، شۇ تۇپەيلى باقەمنىڭ ئىلھامى قوزغالدى.

*تونۇشتۇم قوشنىلار بىلەن،*
*يېڭى مەلىدە.*
*شېرىن سۆھبەتلەر قىزىتتۇق،*
*ئاخشام يېيىمدە.*

ــ ئاپىرىن،ــ دېدى مىرموللا مىرشىروف،ــ ئاخىرىنى مەن كەلتۈرەيمۇ؟

— مەرھەمەت! — دېدى باقەم كۆزىگە ئىلمىغاندەك قىياپەتتە.

مىرمۇللا ئوقۇدى:

*قوشنىسىنىڭ ھارىقىنى ئىچتۇق،*
*قوشنامىنىڭ ئۆيىدە!*

قاتتىق كۈلكىدىن باقەمنىڭ چىرايى شەلپەردەك قىزاردى.

— كەلتۈردىڭىز، كەلتۈردىڭىز، قوشنام، بۈگۈن مۇشۇنداق بولۇپ قالدى، كېيىن تەگشۈرىمىز، تەگشۈرىمىز!

— ھە، چاقچاق، چاقچاق! — دېدى مىرشىروفمۇ بېشىنى لىڭشىتىپ، — جانابلىرى، چاقچاق كۆتۈرۈش بابىدا قانداقراقلىكىن؟

ئۇچەيلەن ھەر خىل ئازما گەپ، كۈلكە - چاقچاق بىلەن باقەم شائىرنىڭ غېرىبانە ئۆيىنى خېلىغىچە ئاۋاتلاشتۇردى. بۇ كۈنى نۇرەخمەت جىق گەپ قىلمىدى، پەقەت ئارىلاپ - ئارىلاپ:

— مىرمۇللىكامنىڭ ئاجايىپ ھېكايىلىرى بار! — دەپ قوياتتى.

ئۇچىنچى بوتۇلكىنىڭ يېرىمىنى باقەمنىڭ كېيىنچە يالغۇز بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ، ئىككى قوشنا ئاخىر ئورۇنلىرىدىن قوزغالدى. مىرمۇللىنىڭ جايىدا كەلتۈرگەن زەھەردەك بىر چاقچىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۈگۈنكى سورۇندىن باقەم تولىمۇ خۇرسەن ئىدى.

نۇرەخمەت خېلىلا مەست بولۇپ كەتكىنىگە قارىماي،

سەنتۇرۇلۇپ يۇرۇپ ئۆيىدىن ئاچىققان نەرسىلەرنى تۈگەل يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى. رومكىنىمۇ يانچۇقىغا سالدى، ئاخىرىدا يېرىم شىشە هاراقنى قولىغا ئېلىپ خېلى قاراپ كەتتى ـ دە:

ــ بۇ سىزگە قالاتتى ـ هە! ــ دېدى ـ دە، قىيمىغاندەك بوتۇلكىنى شىرە ئۈستىگە تاققىدە قويۇپ قويدى.

مىرمۇللا مىرشىروف باقەمدىن بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق «ئەسرالىشىپ تۇرۇش» هەققىدە يېنىپ ـ يېنىپ ۋەدە ئالغاندىن كېيىن، دىمىقىدا غىڭشىغان پېتى قاراڭغۇدا پەلەمپەيلەرنى تاقىلدىتىپ چۈشۈپ كەتتى.

ــ مىرمۇللىكام قانداق ئىكەن؟ ــ دەپ سورىدى نۇرەخمەت قولىدىكى نەرسىلەرنى مەيدىسىگە باسقانچە، قاراڭغۇ كارىدوردا.

ــ پەيزى بار ئادەم ئىكەن، ــ دېدى باقەم جاۋابەن.

ــ ئالامەت پەيزى بار! ئۇ ئادەمنىڭ بارغۇ، قالتىس هېكايىلىرى بار، مەندە بار، كېيىن سىزگە كۆرسىتىمەن، كۆرۈپ كۈلۈپ كېتىسىز، ياق، ئەتىلا بېرەي، كۈلۈپ تېلىقىپ قېلىڭلا بىرا! ــ نۇرەخمەت شۇ گەپنى دېدى ـ يۇ، ئىشىكنى دوقۇلدىتىپ قاقتى.

# يىگىرمە ئۈچىنچى باب

دېگەندەك ئەتىسى چۈشتە ئىشىك يەنە قېقىلىپ، نۇرەخمەت قولىدا بىر توپ ئارگىنال قەغىزى كۆتۈرۈپ باقەمنىڭكىگە كىرىپ كەلدى.

— ئىشخانىدىن ئالغاچ كەلدىم، — دېدى ئۇ بىر قولى بىلەن چېكىسىنى ئۇۋۇلاپ، — ئىككى كۈن قاتار بولۇپ كەتتى ئەمەسمۇ، باش ئاغرىۋاتىدۇ، چۈشنى ئاران قىلدىم دەڭە. ئۆيدىكىلەر بالىنى ئېلىپ ئاپىسىنىڭكىگە بارمەن دەۋاتاتتى. يۇرۇڭا، پەسكە چۈشۈپ تار ئاشخانىدىن ئاچچىق - چۈچۈك بىر سۈيۇقئاش ئىچىپ ئوڭشىلايلى!

قوشنىسىغا ئەرزانلا بىر خىزمەت قىلىۋېلىش پۇرسىتى كەلگىنىدىن خۇشال بولۇپ كەتكەن باقەم شائىر دەرھاللا ماقۇل بولدى.

— توختاڭ ئەمىسە، — دېدى ئۇ تېخىچە شىرەدە تۇرغان هاراقنى ئىما قىلىپ، — سۈيۇقئاشتىن ئاۋۋال بىرنى قېقىۋالساق، چىشنى ئالامەت چاقىدۇ!

ئىككىيلەن شۇ گەپ بىلەن بىر رومكىدىن ئىچىشىپ، مەستلىكنىڭ «چىشنى چېقىش»قا پۇختا ئاساس سالدى. ئۇنىغچە نۇرەخمەت قولىدىكى ئارگىنالنى شىرە ئۈستىگە تاشلاپ، كېيىن قوشۇپ قويدى:

— ئۆزىڭىزگە دېدىمغۇ دەيمەن، مەن ئەدەبىياتتا ئوقۇغانچۇ، ھېكايە يېزىشقا قىزىقىمەن، خېلى جىق

ھېكايە يازدىم، ئەمما ئېلان قىلمىدىم، ماڭا ئەپسىز دەڭە، ئۆزۈم ئەدەبىيات بىتنىي ئىشلەيمەن. مانا ماۋۇنىڭدا مىرمولللىكامنى پىروتوتىپ قىلىپ يازغان بىرنەچچە ھېكايەم بار. بەك قىزىق ئىشلىرى بارچۇ ئۇ ئاكىمىزنىڭ! بىر ئىشى بىر ھېكايە. مېنىڭ ھېكايەم ئىكەن دەپ ئەمەس، مىرمولللا مىرشىروفنىڭ ئىشلىرىنى جىقراق بىلەي دەپ، ئوقۇپ بېقىڭ! كۈلۈپ تېلىقىپ، گاھىبىر يەرلىرىگە توۋا دەپ ياقىڭىزنى تۇتۇپ قالىسىز. ئىشقىلىپ، ياخشى ئادەم، گېپىنى ئاڭلىسىڭىز زېرىكمەيسىز. يۈرۈك، ئەمدى سۆيۈۋتاش ئىچكىلى چىقايلى!

چۈشلۈك غىزادىن يېنىپ كىرىپ، باقەم ئۆزۈن ئورۇندۇقتا بىر كۆرپىنى سېلىپ، بېشىغا بىر ياستۇقنى تاشلىدى ـ دە، بىردەم قىڭغىيىۋېلىشقا ياتتى ـ يۇ، خورۇلداپ ئۇيقۇغا راۋان بولدى. تاماق ئالدىدىكى بىر رومكا ۋە ئاچچىق ـ چۈچۈك، قىزىق سۆيۈۋتاش ئۇنىڭغا مۇشۇنداق راھەت ئۇيقۇنى بەخش ئەتكەنىدى. شۇ خورۇلدىغىنىچە ئىككى سائەت ئۇخلاپ، يەپيەڭگىل بولۇپ ئويغاندى.

بىرچاغدا باقەمنىڭ كۆزى شىرە ئۈستىدە ياتقان ھېلىقى بىر توپ ئارگىنالغا چۈشتى. چىرايلىق ئىملا بىلەن يېزىلغان «قوشنام مىرمولللا مىرشىروف ھەققىدە ھېكايىلەر» دېگەن خەتلەرنى ئوقۇدى، بىر قۇر ۋاراقلىدى. ئارگىنالدىكىسى رەسمىيلا قاملاشتۇرۇپ يېزىلغان، ھېكايە كۆچۈرۈش قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن، ئىملالىرىمۇ دۇرۇس يازمىلار، توغرىسى، تەييارلا ھېكايىلەر ئىدى. بىراق، ھېكايىلەرگە ئايرىم ماۋزۇ

قويۇلماي، مانچىنچى ھېكايە دەپلا ئىزاھلانغانىدى. دەم ئۆتمەي باقەم نۇرەخمەت يازغان ھېكايىلەرگە بېشچە كىرىپلا كەتتى.

**بىرىنچى ھېكايە:**

قوشنام مىرمۇللا مىرشىروف يازىمەن، يازىمەنلا دەپ يۈرەتتى. يېقىندا ئۇقتۇمكى، راستىنلا يازىدىكەن، تېخى «نوغايتۇئىي» دېگەن تەخەللۇسىمۇ بار ئىكەن.

شۇنداق قىلىپ... قوشنام مىرمۇللا مىرشىروف، يۇقسۇ نوغايتۇئىي، نېفىت شىركىتىدىكى خىزمىتىدىن پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن، بىكارچىلىقتا زېرىكىپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئويلىنا ـ ئويلىنا ئاخىر شائىرلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ جەمئىيەتكە داۋاملىق تۆھپە قوشۇشنى قارار قىپتۇ. بۇ يېڭىلىقنى مەن تاسادىپىي بىر ئەھۋالدا قوشنامنىڭ ئۆزىدىن ئەمەس، ئەدەبىيات بېتىنى ئىشلەيدىغان (ئۇ چاغدا مەن باشقا بەتتە ئىشلەيتتىم ھەمدە ئاساسەن شۇ بەتنىڭ مۇخبىرلىقىنى قىلاتتىم) يىگىتتىن ئاڭلىدىم.

ــ دۇنيادا ئاجايىپ ئادەملەر بار ـ دە! ــ مۇھەررىر يىگىت ئابدىلىم بىر قېتىم بۆلۈمگە كىرسەم مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپلا، بېشىنى ئىرغىتىپ سۆزلەپ كەتتى، ــ بەش مىنۇت ئاۋۋال كىرگەن بولسىڭىز، ئالامەت بىر شائىرنى كۆرەتتىڭىز.

ــ كىم ئىكەن، ئاپتونوم رايوندىن كەپتۇما؟ ــ قىزىقسىندىم.

ــ ياقەي، بىزنىڭ مەھەلدىن. قارىسىڭىز سالاپىتىدىن ئەيمىنىسىز، چاچلىرى ئاپپاق، كىيىنىشلىرى رەتلىك،

يىقىندا پىنسىيەگە چىقىپتۇ. «بىر ئوقەتنىڭ پىشىنى تۇتاي دەپ ئويان ئويلا، بۇيان ئويلا، ئاخىر شائىرلىق قىلىپ جەمئىيەتكە بىر كىشىلىك تۆھپەمنى قوشاي دېدىم، تىزىملاپ قويساڭلار» دېمەمدا، كۇلە ـ كۇل!

ئابدىلىم گېپىنى ئىسپاتلىماقچى بولغاندەك، گېپىنى «پىخ» قىلىپ كۇلۇپ تۇگەتتى. ماڭىمۇ كۇلكە ياماشتى.

ــ ئەسەر ـ پەسەر ئەكەپتۇمۇ؟ ــ دېدىم.

ــ ئەلۋەتتە، كۆرۈپ بېقىڭ، مانا!

ئابدىلىم يەنە بىر پىخ بىلەن قولۇمغا قېلىن بىر دەپتەرنى تۇتقۇزدى. قاغا پۇتى، ئىلمەك ـ چىلمەك خەتلەرگە بىرھازا قاراپ، دەپتەرنى ۋاراقلىدىم. «پىخ» ماڭا ئۆتتى.

ــ شائىرلىقنى پاخال قىلىۋېتىدىغان بولدۇق ـ دە! ــ ئابدىلىم چىن قەلبىدىن ئۆكۈنۈپ، تىلىنى چاكىلداتتى، ــ تەخەللۇسمۇ قويۇپ كەپتۇ ئۆزىگە تېخى، ئايىغىغا قارىدىڭىزمۇ؟

دەرھال قارىدىم.

ــ «نوغايتۇئىي»، ئاپىرىن!

بۇ نوغايتۇئىي دېگىنى كىم بولدى ئەمدى؟ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئىككى ـ تۆت تال قوشاق يازغان ئادەملەرمۇ ئۆزىگە بىر غۇلاچ، ئاجايىپ ـ غارايىپ، بەزىلىرى تېخى چۇشىنىكسىز، يەنە بەزىلىرى تېخى مەھەللىسىنىڭ نامىرىنى تەخەللۇس قىلىپ قويۇۋالىدىغان ئىش يامراپ كەتكەندى. مەھەللىسىنىڭ نامىنى تەخەللۇس قىلىۋالغان بۇ... نوغايتۇ تەرەپتىكى تونۇشلىرىمنى كۆز ئالدىمغا ئەكەلدىم. كېيىن مۇشۇ شەھەردىكى ئۆزۈم تونۇيدىغان شائىر، يازغۇچىلارنى بىر ـ بىرلەپ يادىمغا

ئالدىم. ئانچە ـ مۇنچە قەلەم ئويىنىتىدىغان ئاق باش قەلەمكەشلەرمۇ خىيالىمدىن يالت قىلىپ ئۆتتى. ئىسلىماق تاز دەيدىغان بىر زوغۇي بولىدىغان، ئىككى كۇپلېت شېئىر يېزىپ قويسا، ئون سورۇندا داملىتىپ، تېخى نەزىردىمۇ ئوقۇشتىن يالتايمايتتى. شۇمۇ يا؟ ياقەي، ئابدىلىم ئاپپاق چاچلىق دەيدۇ، ئىسلىماقنىڭ بېشىدا بىر تال تۇكمۇ بولمىسا! راستتىنلا، تېخى ئۇ ئۆزىگە «ئى. ۋاسىلى» دېگەن تەخەللۇسمۇ، خاس ئاتاقمۇ... ئىشقىلىپ، بىرنېمە قويىۋالغانىدى. نوغايتۇئىي دېگىنى ئۇ ئەمەس، ئەمىسە كىم بولدى بۇ؟ كۆزۈم يەنە قولۇمدىكى قېلىنغىنا يازمىغا چۈشتى. شېئىردىن مىڭ غۇلاچ نېرى گەپلەر. بۇ يېڭىياچە، ئىشتىن سىرتقى شائىر كىم بولدى ئەمدى؟

شۇنىڭدىن كېيىن ئەدەبىيات بېتى بۆلۈمىگە كىرسەملا ئابدىلىم يېڭى ئەھۋاللاردىن خەۋەر بېرىپ تۇراتتى.

— نۇرەخمەتكا، نوغايتۇئىي تۈنۈگۈن يەنە كېلىپ كەتتى. يۇگۇرۇپ چىقسام سىز يوق ئىكەنسىز.

— نوغايتۇئىينىڭ ئەكەلگەن قول يازما دەپتىرى ئون بىر بولدى.

— نېمىشقا شېئىرلىرىنى باسمايسىلەر دەپ، ئىلگىرى ـ كېيىن سوقۇشتى دەڭە!

ئابدىلىمنىڭ ھەربىر ئىغىز گېپى «پىخ» بىلەن ئاياغلىشاتتى.

— ئانچە ـ مۇنچە تۈزەپ، بىرەر پارچىسىنى ئىشلىتىپ قويساڭلار بولمامدۇ،— دېدىم نوغايتۇئىيغا غايىبانە ھېسداشلىق قىلىپ، — تارتقان جاپاسىغا بولسىمۇ...

— دېمىسىڭىزمۇ شۇنداق قىلدۇق،— ئابدىلىم باش لىڭشىتتى،— بۇداقى ئەدەبىيات بېتىدە نوغايتۇئىنىڭ شانلىق ئەسىرىنى كۆرىسىز، دەردۇبالادىن قۇتۇلايلى دېدۇققۇ!

دېگەندەك كېلەركى ئەدەبىيات بېتىدە نوغايتۇئىي تەخەللۇسى بىلەن بېرىلگەن تۆت كۇپلېت شېئىرنى كۆرۈپ قالدىم. مۇھەررىرلەر ئاپتورنىڭ ئەسلىي ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلايلى دېدىمۇ، ئىشلەشكە ئېرىنچەكلىك قىلدىمۇ ياكى بولمىسا نوغايتۇئىينى بىر ئوسال قىلايلى دەپ ئويلاشتىمۇ ئەيتاۋۇر، مېنىڭ بايقىشىمچە شېئىرغا كۆپ قەلەم تەگكۈزمىگەندەك تۇراتتى. شېئىرنىڭ:

*ھاراق ئىچكەن يۇلۇڭغا،*
*يەرمۇدە يېيسەڭ بولمامدۇ!*

دېگەندەك مىسرالىرىنى ئوقۇغىنىڭىزدا سىزمۇ ئىختىيارسىز «پىخ» قىلماي تۇرالمايتتىڭىز.

ئارىدا ناھىيەلەرگە مۇخبىرلىققا چىقىپ كېتىپ بىرنەچچە ئاي گېزىت ـ ژۇرناللارغا تەپسىلىي قارىغۇدەك بولالمىدىم. ئىدارىگە قايتىپ كەلگەننىڭ ئەتىسى لاغايلاپ قاپتىكەنمەن، ئەدەبىيات بېتى بۆلۈمىگە كىردىم. ئابدىلىم بىلەن نېرى ـ بېرىدىن بىرپەس پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، يادىمغا گۇپلا قىلىپ ھېلىقى قىزىق شېئىر كېلىپ قالدى.

— راستىنلا، نوغايتۇئىي بارمۇ؟

ئابدىلىم دەررۇ «پىخ» قىلىپ كۇلۇۋەتتى.

— بولمىغاندا!— دېدى بېشىنى ئىرغىتىپ پىخىلدىشىنى داۋام ئەتكىنىچە ئۇ،— نوغايتۇئىنىڭ شېئىرىي بۇلىقىنىڭ كۆزىنى ئېچىۋەتكەن ئوخشايمىز. ھېلىقى، بىز باسقان «ھاراق ئىچمە» دېگەن شېئىرىدىن كېيىن ئۇ ئادەم گېزىت - ژۇرناللارنى چىتلىۋەتكەن گەپ!

— ئاپىرىن!— دېدىم ئىختىيارسىز.

— ھازىر نەگە قارىسىڭىز نوغايتۇئىي تەخەللۇسلۇق شائىرنىڭ ئەسىرى. بىزگە ئەۋەتكەن قول يازما توپلىمىمۇ يىگىرمىدىن ئاشتى.

— ئاپىرىن،— دەۋەتتىم يەنە،— ئۇ زات تاماق - ياماقمۇ يەمدىكەن؟ ھەي، ئۇخلىمايدۇغۇ دەيمەن! راستتىنلا، كېيىن يەنە ئۇنىڭ نادىر شېئىرلىرىدىن داۋاملىق ئېلان قىلغانسىلەر؟

— بىرنەچچىسىنى ياساپ - تۈزەپ بەردۇق. ئارىلىقتا بىر مەزگىل بەرمىۋىدۇق، بىر شىشە ھاراق بىلەن قوينىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ باش مۇھەررىرنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ. شۇ... قولىڭىزدىكى يېڭى ساندىمۇ بىر شېئىرى بار.

— «ئەسىرىمنى بەرمەمسىلەر» دەپ تولا كېلىپ ئاۋارە قىلىدۇ - دە تايىنلىق؟

— كېلىشىغۇ كېلىدۇ، بىراق ھازىر ئەسىرىمنى بەرمەمسىلەر دەپ ئەمەس، قەلەم ھەققىنى بەرمىدىڭلارغۇ دەپ كېلىۋالىدۇ، شېئىرى چىقار - چىقمايلا...

ئابدىلىم بۇدا كەپتەر بوغ - بۇغلىغاندەك پىخىلدىۋەتتى.

— يەنە تېخى، يېقىندىن بېرى ئەسەرلىرىمنى قاچان

مۇكاپاتقا تەۋسىيە قىلىنسىلەر، دەپ كېلىپ ئولتۇرۇۋالىدىغان بولدى. مانا ئەمىسە دەپ...

ئەدەبىيات بېتى بۆلۈمىدە ئىشلىگەنلەرنىڭ «بۇغ - بۇغ» بىلەن «پىخ - پىخ»قا ئادەتلىنىپ قېلىشى بىكار ئەمەسكەن - دە! تۇرمۇشتا ئاجايىپ قىسما - قىسما ئادەملەر بولىدىكىنە، ھە! بىراق، بۇ نوغايتۇئىي دېگەن جاناب زادى كىم بولدى ئەمدى؟ قىزىقىشىم تېخىمۇ ئاشتى.

ئارىدىن بىرمەھەل ئۆتۈپ، بىر كۈنى بۆلۈمدىن مېنى بىر يىغىنغا مۇخبىرلىق قىلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ھەيۋەتلىك يىغىن زالىغا كىرسەم، سەھنە ماڭلىيىغا «بىمەززە ئەسەرلەر مۇكاپاتى تارقىتىش يىغىنى» دېگەن خەتلەر يېزىلغان ئۇزۇن پىلاكات تارتىپ قويۇلۇپتۇ. كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي، بىر قۇر ئۇۋۇلىۋېتىپ يەنە پىلاكاتقا قارىدىم...

رەسمىيەت سۆزلىرىدىن كېيىن مۇكاپات تارقىتىش راستىتىنلا باشلاندى. قولاق سېلىپ تۇرسام مۇكاپاتلانغۇچىلارنىڭ ئالتىنچىسىگە رەئىس سەھنىسىدىن نوغايتۇئىي دېگەن ئىسىم جاراڭلاپ قالدى. ياپىرىم، قايسى كۆزۈمدە كۆرەي، بىرچاغدا سەھنىگە يامىشىپ دېگۈدەك بىر سالاپەتلىك كىشى — نەق مېنىڭ قوشنام مىرمولللا مىرشىرۇف چىقىپ كېتىۋاتامدۇ.

ئوڭدامغا ئۇچۇپ كەتكىلى تاسلا قالدىم!

باقەم ئۆزىچە بىر ھىجىيىپ قويۇپ، ئىككىنچى ھېكايىگە نەزەر تاشلىدى.

## ئىككىنچى ھېكايە:

ئىشكنى كۆپىنچە تاقىۋالمايمەن. چۈنكى، ھېلىدىن -

ھېلىغا قوشنام مىرموللا مىرشىرووف كىرىپ قىلىشى مۇمكىن. يېقىندىن بېرى ئىككىمىزنىڭ ئۆلپەتچىلىكىمىز غولداپ قالغانلىقىدىنمىكىن، مىرمولىلىكامۇ مېنى يېقىن كۆرۈپ بولسا كېرەك، «ئۆكام ئاغىنە، بارمۇ سىز؟» دەپلا ئۆيۈمگىمۇ پات ـ پات كىرىپ كېلىدىغان بولدى.

مانا... گېپىمنىڭ ئاخىرى چۈشەر ـ چۈشمەي، تاراقلىغان ئاۋاز قۇلىقىمنى پاڭ قىلاي دېدى. ئىشىك قانتى كەينىگە ئۇچۇپ بېرىپ تامغا تەگكەندى. ئادەتتە مىرمولىلىكام مۇشۇنداق ئەنسىز كىرىپ كېلەتتى. ھايال ئۆتمەي بېشىدا شاپاق ئاق بۆك، پۇتىدا شاقىلداق، كۆزىدە خەت كۆرىدىغان ئەينەك، قولىدا بىر تۇتام گېزىت... مىرموللا مىرشىرووف كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدى. ئايالىم تەرىنى بىر تۇرۇپ ياتاق ئۆيگە كىرىپ كېتىپ، ئىشىكنى داققىدە ياپقانىدى. ئىككى داق ـ داقنىڭ ئوتتۇرىدا قالدىم.

ــ پەخىرلىنىڭ، ئۆكام ئاغىنە، پەخىرلىنىڭ،ــ دېدى ئاڭغىچە مىرمولىلىكام تاپسىدىلا، ھاياجان بىلەن،ــ بۇغداي تەملىك قوناق دۇنياغا كەپتۇ.

ــ شۇنىڭغا... مەن پەخىرلىنىمەنمۇ؟ــ دېدىم ئەتەي، بىراق قوشنامنىڭ ئاخىرىدا نېمە دەيدىغانلىقىنى سېزىپ تۇراتتىم.

ــ ئاڭلىمامسىز!ــ دېدى مىرمولىلىكام تاقەتسىزلىنىپ،ــ ئۇنى تەتقىق قىلىپ يېتىشتۇرگەنلەر ئالتە ئادەم ئىكەن.

ــ بۇنىڭ نېمىسىگە پەخىرلىنىمەن؟ــ قوشنامنىڭ چىشىغا تەگدىم.

— ئەستا، ئاڭلىمامسىزوي، شۇ ئالتەيلەنىنىڭ بىرى بىزدىن ئىكەن، پەخىرلىنىڭ!

— هە بوپتۇ، پەخىرلىنەي،— دېدىم كۈلۈمسىرەپ، باشقىچە گەپ قىلسام مىرمۇللا مىرشىروفنىڭ تېخىمۇ چېچىلىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتىم.

قوشنام ئاخىرى سىنچى كۆزلىرىنى چىرايىمدىن يۆتكىدى ۋە قولىدا پۇرلەپ تۇتۇۋالغان گېزىتلەرنى كۆزلىرىگە يېقىن ئەكېلىپ قاراپ كەتتى.

— يەنە بار، مانا مۇنۇ يەردە، بىر ئۇيغۇر قىز پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئۇسسۇل ئويناپ، مەملىكەت بويىچە يەتتىنچى بوپتۇ. پەخىرلىنىڭ، ئۇكام ئاغىنەم!

— ئۇنى بالىبت دەيدۇ،— دېدىم.

— كارىم يوق!— مىرشىروف گېزىتلەرنى شالدىرلىتىپ قول سىلكىدى،— پۇتىنىڭ تاق ئۇچىدا هە؟ باش بارمىقى... پەخىرلىنىڭ دەيمەن!

— پەخىرلەندىم،— دېدىم چىشلىرىمنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ، سۆزۈممۇ ياكى ئاۋازىممۇ، قوشنامغا ياققان چېغى، بېشىنى لىڭشىتقان پېتى چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى كەچلىك تاماقتىن كېيىن تېلېۋىزورنى ئەمدىلا ئاچاي دەپ تۇرسام زالدىن هاسىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

— پەخىرلىنىڭ، ئۇكام ئاغىنەم، ئىشىكنى ئېچىڭ!

ئاچتىم. يەنە نېمىگە پەخىرلىنەرمەن؟

تاپىسىدا مىرمۇللا مىرشىروف ئاسما مايكا بىلەنلا تۇراتتى. چىرايىدا كۈلكە.

— تېلېۋىزور كۆردىڭىزمۇ؟— دەپ سورىدى قوشنام جايىدىن قوزغالماي. ئۇ تېخىچىلا هاسىراپ تۇراتتى.

بىرىنچى قەۋەتتىن بەشىنچى قەۋەتكە ھاياجان ئىلكىدە يۈگۈرۈپ چىقماق ئاسانمۇ، ياش بىر يەرگە بارغاندا،— كۆرىدىغىنىمۇ دەيمەن؟ بىر ئاداش بىرلا ۋاقىتتا تۆت خىل چالغۇ قىلغىلى بولىدىغان بىر مۇزىكا ئەسۋابىنى ياساپتۇ. ياﺋاللا، ئاجايىپ ئىش ـ ھە؟ پەخىرلىنىمىز!

ــ كىم ئىكەن ئۇ؟— دەپ سورىدىم قەستەنگە ئىرەنشىمىگەندەك. ئىچىمنىڭ بىر يەرلىرىدىن كۈلكە تېپىپ چىقىۋاتاتتى.

ــ بىزدىن ھە، ئەزبىراي! جاھان كۆرگەنمۇ بۇنداق مۆجىزىنى! پەخىرلىنىمىز دەيمەن، ئۇكا!

ــ بوپتۇ، ئالايىتەن چىقىپسىز، پەخىرلىنەي!

ــ نېمە، نېمە؟ بولمىسا پەخىرلەنمەيتتىڭىزما؟— قوشنامنىڭ كۆزلىرى قولچىرىغىدەك يېنىپ كەتتى،— مانا مۇشۇنداق ئەمەسمۇ، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز قەدىرلىمەيمىز، تونۇتمايمىز ئەمەسمۇ. ئىسىت سىزگە گەپ قىلغان ئاغزىم، بەشىنچى قەۋەتكە چىققان پۇتۇم!

قوشنام راستىنلا خاپا بولۇپ پەلەمپەيلەردىن تاقىلداپ چۈشكىلى تۇردى.

ــ توختاڭ، توختاڭ، قوشنام، مىرشىروف ئاكا،— ۋارقىراپ يۈرۈپ، كەينىدىن يۈگۈرۈپ ئۇنى ئاران توختىتىۋالدىم،— قويۇڭا سىزنى! پەخىرلەنمەمدىغان، چاقچاق قىلىپ قويغىنىمغۇ ئۇ، پەخىرلەندىم!

ــ جىددىي ئىشقىمۇ چاقچاق قىلامدىغان، كەشپىيات مەسىلىسى ـ دە بۇ!— قوشنام تۆتىنچى قەۋەتتە توختىدى،— ھە، سىزدە يېڭىلىقلار يوقمۇ؟

ــ بولمامدىغان، بار،— دېدىم قوشنامنىڭ يېنىغا چۈشۈپ،— بۈگۈن ئىدارىدە بىر گېزىتتىن ئوقۇپ

قالدىم، بىر شائىر بالا يېرىم مىسرالىق شېئىر ئىجاد قىپتۇ، يەنە بىر ناۋاي گىردىنى تونۇرغا رەگەتكە بىلەن ئېتىپ چاپلاشنى ئويلاپ چىقىرىپتۇ.

— چاپلاپتۇمۇ ھەم؟ — مىرمۇللا مىرشىروفنىڭ كۆزلىرى زالدىكى «تەپسە يانار» چىراغنىڭ سۇس يورۇقىدا چاقناپ كەتتى.

— چاپلاپتۇ ھەم! — ئۇنىڭ سۆزىنى دوراپ جاۋاب بەردىم.

بىراق قوشنام بۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى.

— ئاجايىپ، ئاجايىپ! جاھان ئەھلىنى لال قىلغۇدەك يېڭىلىقلار ئىكەن، بۇ! نېمىگە قاراپ تۇرىسىز، ئۇكام ئاغىنەم، پەخىرلىنىڭ!

— بايا ئىدارىدە... گېزىتخانىدا پەخىرلىنىپ بولغانىدىم، — دېدىم ساددىلارچە قوللىرىمنى ئۇۋۇلاپ.

— ئوشۇق كېتەمدۇ - ھە؟ ئوشۇق كېتەمدا؟ — مىرمۇللا مىرشىروف ئالدىغا ئۇمتۇلۇپ ماڭا تەنبىھ بېرەي دەپ تۇرۇۋىدى، تۆۋەندىن قوشنامنىڭ قەدىناسىنىڭ چىرقىراق ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى.

— نەدە يۈرىدۇ ھوي، ئاسما مايكا بىلەنلا... سەتلىشىپ؟

مىرمۇللا مىرشىروف تۆتىنچى قەۋەتتىن يومىلاپ دېگۈدەك چۈشۈپ كەتتى.

ئىككى كۈن ئۆتتىمۇ، ئۆتمىدىمۇ، چۈشلۈك ئۇيقۇدىن كېيىن ئالدىراپ خىزمەتكە كېتىۋاتسام، دەرۋازا ئالدىدا رادىيو قوبۇللىغۇچنى قۇلىقىغا يېقىپ تۇرغان قوشنام مىرمۇللا كاپلا قىلىپ يېڭىمگە ئېسىلىۋالدى.

— توختاڭ، توختاڭ، توختاڭ، ئاجايىپ خەۋەر، پەخىرلىنىڭ، ئۇكام ئاغىنەم، ھازىرلا ئاڭلىدىم.

— نېمە گەپ ئىكەن؟ — تەقەززالىقتا سورىدىم.

— بىر يىگىت بىر يەشلىك پىۋا بىلەن تۆت بوتۇلكا ئاق ھاراقنى ئىچىپ ھېچنېمە بولماي، بەسلەشكەن ئادىمىنى ۋاللەي قىچقارتىۋېتىپتۇ. مانا يىگىت دېگەن، پەخىرلىنىڭە!

تۇرۇپلا گەجگەمدىن قورۇدى.

— نېمىگە؟ ئاشۇ تۆت بوتۇلكا ھاراق ئىچكەن مەست ئۈچۈن پەخىرلىنىمەنما؟

مىرمولا مىرشىروفنىڭ پىت كۆزلىرى يۇز ۋاتلىق لامپۇچكىدەك چاقناپ كەتتى.

— نېمە بوپتۇ مۇنۇ بالىغا، ئاخىر، ئوڭايمۇ؟

— ئەمىسە سىزمۇ پەخىرلىنىڭ، — دېدىم قوشنامنىڭ قولىدىن قولۇمنى ئاجرىتىۋېلىپ، — ئەنە شۇنداق جىق ھاراق ئىچكەن مەستتىن بىرى كەيپىچىلىكتە ھاجەتخانىغا چۈشۈپ كېتىپ، بىلىگىچە كىرلىدىغان نىجاسەتتە ئون سائەت تىك تۇرۇپتۇ.

سۆزۈمنى توختىتىپلا ماڭدىم. بىرنەچچە قەدەم ئېلىپ توختىدىم - دە، ئارقامغا قايرىلدىم.

— قانداق، سىز پەخىرلىنەمسىز؟

قوشنام جاۋاب قايتۇرماقتا يوق، ئاغزىنى ھاڭدەك ئاچقىنىچە جايىدا داڭ قېتىپلا قالغانىدى.

باقەم ئىككىنچى ھېكايىنىمۇ تۈگىتىپ، قىزىقىسىنىپ بېشىنى بىر - ئىككى ئىرغىتتى - دە، ئۈزۈن ئورۇندۇققا ئوبدان يانپاشلاپ جايلىشىۋېلىپ، كېيىنكىسىگە نەزەر سالدى.

ئۈچىنچى ھېكايە:

غەلىتە ئادەملەر ھەققىدە پاراڭ بولسا، يادىمغا ئالدى بىلەن قوشنام مىرمۇللا مىرشىروف كېلىدۇ، يەنە مىرمۇللىنىڭ غەيۋىتىمۇ دەمسىزا؟ ئاۋۋال ھېكايەمگە قۇلاق سېلىڭا!

قوشنامنى رەنجىتىپ قويدۇممىكىن دەپ يۈرگەن كۆڭلىرىمنىڭ بىرىدە، بىر ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ قالدىم. توي بولسا، ئادەم بارمىسىمۇ، بارالمىسىمۇ مەيلى. لېكىن، ئۆلۈمنىڭ يولى باشقا ـ دە، يالغۇز بېرىشقا كۆڭلۈم ئۇنىماي، يەنىلا قوشنام مىرمۇللا مىرشىروفنى يادىمغا ئالدىم. يەنە، ھاي دېمەي كېتىپ قالساڭ رەنجىيدىغان يەرلىرىمۇ بارچۇ!

ئىشىكنى قەرز سورايدىغان ئادەمدەك ئېھتىيات بىلەن ئۇزاق چەكتىم، ئىچكىرىدىن ماڭا تونۇش كالتە يۆتەل ۋە شاقىلداقنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. مىرمۇللا مىرشىروف ئىشىكنى قىيا ئېچىپ، بىر ئۆكۈۋالدى ـ دە ئاندىن:

ــ شۇنداق قىلىپ؟ ــ دېدى. بۇ ئۇنىڭ «نېمە ئىش؟» دېگىنى ئىدى.

مۇددىئايىمنى ئېيتتىم. قوشنامنىڭ مىجەزىنى بىلگەچكە، مىخقا ئۇسۇۋالماي دەپ، ۋاپات بولغان مەرھۇمەنىڭ ھازىرقى شەھەر باشلىقىنىڭ ئانىسى ئىكەنلىكىنىمۇ بىر يولىلا دەۋەتتىم. مەلۇماتىم، پەرەز قىلغىنىمدىنمۇ كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى.

ــ ئەلھۆكمىلىللا! ــ مىرمۇللىكام قولىدىكى «پايدىلىنىش خەۋەرلىرى» بىلەن قوشۇپلا يۈزىنى سىيپاشتۇردى ـ دە، مەيۈس ئاۋازغا كۆچتى، ــ رەھمەتلىك ياخشى ئاي، ياخشى كۈنلەردە... زىغىردەك

بىرسىپ، ساقلاپ تۇرىسىز ـ دە ئەمدى، نۇرەخمەتجان، كىيىنمۇۋالاي!

بەش مىنۇتلاردىن كېيىن قوشنام ئىككىمىز ياندىشىپ ئۆلۈم پەتىسىگە ماڭدۇق. مىرمۇللا مىرشىروف بۈگۈنكى چاقىرىقۋېلىشتىن تولىمۇ خۇرسەن بولغانىدى.

ــ بىلەمدىلا، ئۇكام ئاغىنەم، بۈگۈن تولىمۇ خاسىيەتلىك ئىش قىلدىلا، توي ـ تۆكۈن، يەنە باشقىلىرىنىڭ يولى بۆلەك، مۇسىبەتنىڭ يولى بۆلەك ئەمەسمۇ، «ياخشى سۆز سەدىقە ھېسابلىنىدۇ» دېگەن پەيغەمبىرىمىز. جانابىڭىزنىڭ بىزگە كەلتۈرگەن مۇسىبەت خەۋىرى گەرچە ياخشى خەۋەر ھېسابلانمىسىمۇ، بىراق ساۋاب تېپىشىم ئۈچۈن ئىمكان ھازىرلاپ بەرگەنلىكلىرى كەمىنەگە قىلىنغان ئەڭ ياخشى سەدىقە، ھەتتاكى ئىنئامدۇر!...

ــ ئاشۇرۇۋەتتىلە!ــ دېدىم نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي ۋە قوشنامنىڭ تەلەپپۇزىنى دوراپ، ئاخىر بىرنېمە دەپ پاراڭغا قوشۇلۇش كېرەككۇ!

لېكىن، مىرمۇللا مىرشىروف ماڭا سەپسالمىغاندەك ئەمەس، گەپ ـ سۆزلىرىمگىمۇ شۇنداق. ئۇ ھامان سۆزلەپ باراتتى.

ــ ئاجايىپ قەدىردان مەزلۇم ئالەمدىن ئۆتكەنىكەن ـ ھە، بۈگۈن؟ راستىنىلا، بۈگۈن جان تەسلىم قىپتۇمۇ ياكى تۈنۈگۈن كەچ تەرەپلەردىن؟ بۈگۈن سەھەر دېسىلە! ئاپىرىن، ئاپىرىن، چىن ياخشىلار سەھەرلىك سەپەرنى ئىختىيار قىلۇر! شەھەر باشلىقى كەبى ھۆرمەتلىك ھەم چېچەن زاتنى تەۋەللۇت ئەيلىگەن ئۇ پاك مەزلۇمە

ئەلۋەتتە شەھەر باشلىقىنىڭ بىزدەك كورمىنىڭ ئىخلاسمەنلىرىنىڭ پايپىتەكلىكىدە، ئىنشائاللا ناماز تاپقۇسىدۇر.

پاراڭ دېگەنمۇ ياخشى نەرسە، يولنى ئاۋۇتىدۇ، مىرموللىكامغا بىلىندۇرمەي كۇلۇمسىرىگىنىمچە ئۇنچىقماي كېتىپ بارىمەن. قوشنامنىڭ بۇنداق دەبدەبىلىك ۋە ھاياجانلىق پاراڭلىرىنى كۆپ ئاڭلىغانمەن ـ دە!

ــ ئاز قالدۇقمۇ شەھەر باشلىقىنىڭ مۇبارەك ھۇزۇر گاھىغا، ئۇكام ئاغىنەم، ھە؟ ھە، ئىككى كوچا نېرىدا دېدىلىمۇ؟ خەيرىيەت، كېلەي دەپ قاپتىمىز. پاھ، ئاجايىپ ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈش ـ ھە؟ ھۆرمەتلىك شەھەر باشلىقى شەخسەن ئۆزى بىلگە ئاق باغلاپ، كەڭ ھويلىدا مۆھتەرەم مەرھۇمە ئۇچۇن ھازا تۇتۇپ قايغۇلۇق بىر ھالەتتە ئويان ـ بۇيان مېڭىپ يۈرگەن ۋە بىزلەر ئاستا بېرىپ ئۇنىڭ ئىسسىق، بەقۇۋۋەت قوللىرىنى...

ــ شەھەر باشلىقى خىزمەت بىلەن چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەنىكەن، نامىزىغا ئۇلگۇرەلمىشى ناتايىن، ــ دېدىم مۇنداقلا.

ــ نېمە؟!... ــ دەپ ۋارقىرىۋەتتى مىرموللىكام مىنىڭ سوم پۇلىنى ئاپتوبۇستا ئوغرىلاتقان ئايالدەك چىرقىراپ، ــ يەنە بىر دېگىنە... دەڭە شۇ گەپنى!

مېڭىشتىن توختاپ قارىسام، قوشنام مىرشىرۇف مېنىڭدىن بەش ـ ئالتە قەدەم ئارقىدا توختاپ تۇرۇپتۇ. كۆزلىرىدە ئاچچىق بىر غەزەپ، گاڭگىراپ قالدىم. نېمە خاتالىق ئۆتكۈزدۈمكىنە؟

ــ دېدىمغۇ، ئۈچ كۈن بوپتىكەن، شەھەر باشلىقى چەت ئەلگە ماڭغىلى، ئانىسى ئۇشتۇمتۇتلا...

ــ شۇ گەپنى بايا نېمىشقا دېمىگەن؟ ــ مىرموللىكام بىردىن ماڭا گۆلەيدى.

ھەيرانلىقتا ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدىم.

ــ قا... قايسى گەپنى، قەيەردە؟

ــ «قايسى گەپنى، قەيەردە»، ــ مىرموللا مىرشىروف مېنى دورىدى، ــ شەھەر باشلىقى ھازىر ئۆيىدە، شۇ تاپتا مۇسىبەت بولۇۋاتقان ھويلىدا يوق ئىكەن، چەت ئەلدىكەن دېگەن گەپنى بايا مېنى چاقىرغاندا، ئۆيۈمنىڭ بوسۇغىسىدا نېمىشقا دېمىگەن دەيمەن؟ تاڭگا چىشلىۋالغانما؟

ــ دېسەم نېمە بوپتۇ، دېمىسەم نېمە بوپتۇ؟ ــ دېدىم چۈشىنەلمەي، ــ بۇ گەپلەرنىڭ سىلى بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى، قوشنام؟ پەتىگە بېرىپ، ئامىن ئاللاھۇئەكبەر دەپ يانساق بولمىدىمۇ؟

ــ نېمىگە بارغۇدەكمەن ـ ھە، شەھەر باشلىقى ھازىر شۇ ھويلىدا بولمىسا نېمىشقا بارغۇدەكمەن؟ ــ مىرموللا مىرشىروف بەش ـ ئالتە قەدەم نېرىدىن ئالدىمغا چېكەتكىدەك سەكرەپ ئېتىلىپ كەلدى، ــ مەنزە، شۇ زاتنى دەپ كېتىۋاتمىسام، ئۇ قېرى موماي نېمەم ئىدى مېنىڭ؟ ئەستاغپۇرۇللا، بىرمۇنچە ئىشىمدىن قويدا مېنى ماۋۇ بالا!

ئاغزىم ئېچىلغىنىچە يول ئۈستىدە تۇرۇپلا قاپتىمەن، قوشنامنىڭ خىلى قىلىقلىرىنى كۆرگەنمەن، ئەمما بۇنچىۋالا غەلىتىلىكىنى ئەمدى بىلىۋاتاتتىم.

ئاخىر ئېسىمگە كەلدىم ـ دە، تېرىكىپ ئېرەك سۆزلىدىم.

— قىزىق ئادەم ئىكەنسىزا مىرشىروف ئاكا سىز؟ شەھەر باشلىقى بولدى نېمە، بولمىدى نېمە، ئۆلۈم پەتىسى قىلماق ئادەمگەرچىلىكتىن نىشانىغۇ؟ يۈرىگە بولدى!

— ئاشۇنداق ئادەمگەرچىلىككە!...— قوشنام شۇنداق سەت گۆلەيدى،— قاراڭلار ماۋۇ نادان بالىنى، تېخى ئادەمگەرچىلىك بابىدىن گەپ قىلىدا، شەھەر باشلىقى ھازىر ئۇ ھويلىدا بولمىسا، مېنىڭ ئانىسىنىڭ ئۆلۈم پەتىسىگە، ھە، نامىزىغا بارغىنىمنى نەدىن بىلىدۇ؟ ھىم، پايدىسى نېمە؟ قېنى، يول بولسۇن، مەرھەمەت!

— سىز... سىلى راستتىنلا بارمامدىلا؟— ھېلىغىچە قۇلاقلىرىمغا ئىشىنەلمەيۋاتاتتىم.

— دېدىمغۇ، قان بېسىمى كېسىلىم بار ئادەممەن، ھاياجانلىنىدىغان، يىغا ـ زار بار يەرلەرگە بارغانىنى كۆتۈرەلمەيمەن، دوختۇر شۇنداق دېگەن. خەير ـ خوش!

يول بويى دىيانەت، ساۋابتىن ماڭا دەرس ئۆتۈپ كەلگەن قوشنام مىرموللا شۇ گەپ بىلەن، گويا مەن قوغلاپ بېرىپ تۇتۇۋالىدىغاندەك تېز شاپىلداپ يۈرۈپ كەتتى.

بارماقچى بولغان مەنزىلىمنىمۇ ئۇنتۇپ، يول بويىدا ئاللىقايسى چاغلارغىچە تۇرۇپ قاپتىمەن...

ھېكايىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە چىرايىغا كىنايىلىك بىر ئالامەت يۈگۈرگەن باقەم تاغلىيىنى بىرنەچچە قېتىم

چاكىلىدىتىپ قويدى ـ دە، جايىدا ئوبدان بىر قىمىدىنىۋېلىپ، تۆتىنچى ھېكايىگە ئىختىيارىنى بەردى.

**تۆتىنچى ھېكايە:**

قوشنام مىرمۇللا مىرشىروف (ئاجايىپ ئادەم ـ دە!) مەھەللىدىن بىر يىلچە يوقىلىپ كېتىپ، بۆلەكچىلا ئادەم بولۇپ قايتىپ كەپتۇ.

مىرشىروف ئاكام بىلەن مەن يەنىلا بىزنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى دائىم پاراڭلىشىپ ئولتۇرىدىغان كونا جايىمىزدا ئۇچرىشىپ قالدۇق. كۆزۈم خېلى نېرىدىنلا ئۇنىڭ تونۇش تەق ـ تۇرقىغا چۈشتى ـ يۇ، بىراق كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي، جايىمدا تۇرۇپ قالدىم. ئالدىمغا بۇرۇتىنىڭ تېگىدە ھىجىيىپ، شىلەپىلىك بىرى كېلىۋاتاتتى. بۇ قەدىردان قوشنام مىرشىروف ئاكام شۇمۇي!

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

ــ ۋالىكىس سالام!ــ مىرمۇللىكام غۇچچىدە ئالتۇن چىشلىرىنى كۆرسىتىپ، غۇلىچىنى كەڭ يېيىپىلا كەلدى ـ دە، مېنى قۇچاقلىۋالدى. ئىلگىرى بۇنداق ئادەتلىرىمۇ يوق بولىدىغان! دىمىقىمغا ئەرزان ئەتىرنىڭ سېسىققىنا پۇرىقى ئۇرۇلۇپ، كۆڭلۈم ئاينىغاندەك بولدى. تەلىيىمگە دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ قوينىدا بىرنېمە چىرقىراپ قالدى. قوشنام مېنى مەيدەمدىن ئىتتەرگەندەك نېرى قىلىپ، قويۇن يانچۇقىدىن كىچىك بالىنىڭ بىلىكىدەك داگېدا[1]

---

[1] داگېدا ــ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا ئىشلىتىلگەن يان تېلېفون.

نى ئالدى. دىمىقىدا خىرىلداپ تۇرۇپ قولىقىغا ياقتى.
كېيىن:

— سامەيكوم! — دېدى ئۇ تولۇقىنا ھىجىيىپ، — ھە، ھە، ھاجىممۇسىز، تىنچلىقمۇ؟ بىزدە مەسىلە نېتقۇ (يوقىقۇ دېسە كېرەك!) ھە، شۇ ئەتىگەن زېمىنجان ئاغىنىمىز نەزىر ئويان قىپتىكەن، گەپلىرىنى شۇ يەردە قىلىشتۇق، ياق، ئۇنتۇپ قالمىدىم، پاژالىستا، چۈشتىن كېيىن ئۆتىمەن...

قوشنام تېلېفوندا پاراڭلىشىۋاتقان پەيتتە ئۇنىڭغا قاراپلا قاپتىمەن. ئادەم دېگەنمۇ شۇنداق ئۆزگىرىپ كېتىدىكىنە؟ تېخى، ئاتمىشتىن ھالقىغاندا... شۇ ئارىدا مىرمۇللىكام بوۋاقنىڭ بىلىكىنى قوينىغا جايلاشتۇرۇۋېتىپ، ماڭا يۈزلەندى.

— خوش، نۇرەخمەتجان ئىنىم، ئەھۋاللار ياخشىمۇ، قېرىپلا كېتىپسىزمۇ نېمە؟

— شۇ، سىز ياشىرىپ كېتىپسىز، بىز قېرىۋاتىمىز، — دېدىم كۆڭلۈم سەل يېرىم بولغاندەك، چاقچاق ئاھاڭىدا. بىراق، مىرمۇللىكام بۇ قېتىم كۈلمىدى، قاپىقىنى تۈرۈپ جىددىي ھالدا:

— ياق، قېرىسىڭىز بولمايدۇ، ئەتەي قېرىمايسىز، — دېدى ۋە كېيىن قوشۇپ قويدى، — سىزچۇ بالا، جاھان كېزىڭ، گېزىتنى غاجاۋەرمەي ساياھەت قىلىڭ! ۋاپشى، مانا مەندەك! بېرىڭ، شۇنداق قىلىڭ!

قوشنامنىڭ سۆز - ئىبارىلىرى، شۇنىڭغا ماسلىشىپ قول ئىشارەت ۋە بويۇن ئېتىش جەھەتلەردىمۇ ئۆزگىرىش كاتتا ئىدى. بۇ ئالامەتلەرگە قىزىقسىنغان ھالدا سورىدىم:

— خوش، مىرشىرۇف ئاكا، شۇنچە ئۇزاق يوقىلىپ كەتتىڭىز، نەلەردە يۈردىڭىز — ھە؟

— يوقىلىپ دېمەڭ، يىتىپ دەڭ،— دېدى قوشنام ئالىيىپ،— يوقالغان نەرسە قايتىپ كەلمەيدۇ، يىتكەن نەرسە تېپىلىدۇ. تېخى گېزىتكەش — ھە سىز؟ ھە، يىتكەن تېپىلىدۇ، مانا بىزدەك! يەنە قوشناچ ئايمۇ بار راستىنلا!

مىرموللىكامنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بىر يىل مابەينىدە «جاھان كېزىپ، كۆزىنى ئېچىپ» يۈرۈپتۇ. قوشناچ ئاينى ئېلىپ ئاۋۋال ئۇرۇمچىدە، كېيىن قاراماي، ئۇنىڭدىن كېيىن ئالمۇتادىكى قىزىنىڭكىدە تاق سەككىز ئاي تۇرۇپ قاپتۇ. بايقىسام قوشنامدىكى ھەرقىسما ئۆزگىرىشلەر ئاشۇ «كۆزىنى ئېچىش»لارنىڭ مەھسۇلى ئىكەن.

— راستىنلا، بىز يوق چاغدا مەھەللىدە بىرمۇنچە قايتىشلار بوپتۇ — ھە، ئۇكام ئاغىنەم؟— مىرموللا مىرشىرۇف بىرچاغدا گېپىنى توختىتىپ سورىدى،— تويلارغۇ ئۆز يولىدا كېتىۋەرسۇنغۇ، مۇنۇ ئۆلۈملەرگە پەتە ئويان قىلمىساق بولماس؟ (كالالامغا لىپ ئېتىپ مىرموللىكامنىڭ شەھەر باشلىقىنىڭ ئانىسىنىڭ پەتىسىگە كېتىۋېتىپ قىلغان ساراڭلىقى چۈشتى، دېگەنبىلەن بۇ جەھەتتىنمۇ ئۆزگىرىپتۇ — دە!) باشقىسى كېيىنگە تۇرۇپ تۇرسۇن، مۇنۇ ئۇدۇل قوشنىمىز خەيرىنىسا ھەدەشنىڭ ئۆيىگە دىككىدىلا كىرىپ قويمايمىزمۇ؟ ساقال سىيپاپلا چىقىمىز، يۈرۈڭە!

ياق دېيىشكە بولمىدى. قۇرۋان ئاكام تۈگىگەندىن

كېيىن پەتە، نەزىر دەپ نەچچە كىرگەنىدىم. لېكىن، چوڭ ئادەمنىڭ گېپىنى يىرالمىدىم، كىردۇق.

خەيرىنساخان ھەدەم بىزنى، خۇسۇسەن ئۆلۈملەردە يوق ئۇدۇل قوشنىسىنى كۆرۈپ، باغرى يۇمشاپ «ۋاي دوستۇم، ۋاي دوستۇم!» دەپ قوشاق قېتىپ، ھازا ئېچىپ قەدىناسىنى ياد ئەتتى. شۇ ئارىلىقتا قوشنام مىرشىروف كىرىپسلودىن سەل قوزغىلىپ، مېنى جەينەكدىدى.

— بىر... قىرائەت ئويان قىلىپ قويامسىز!؟

— ئۆزىڭىزدىن، — دېدىم ئىختىيارسىزلا، گېپىگە يەنە غىجىقىم كەلگەنىدى.

قوشنام تۇزۇت قىلمايلا قىرائەتكە كىرىشتى. بىرنەچچە يېرىنى خاتا ئالغان بولسىمۇ، ئىشقىلىپ بىر سۈرىنى ئوقۇپ تۈگەتتى. ئوقۇغاندا بېشىنى كاتتا قارىملاردەك تەۋازۇ بىلەن پۇلاڭلىتاتتى. ئىچىمدە: «بۇمۇ مىرموللىكامدىكى بىر يېڭىلىق ئىكەن» دەپ ئويلىدىم.

خەيرىنساخان ھەدەمنىڭ «تاماقتا...» دەپ چىڭ تۇتۇشلىرىنى ئاران رەت قىلىپ، زالغا چىقتۇق. ئۇدۇلدىكى ئۆي مىرموللا مىرشىروفنىڭ ئىدى. ئاڭغىچە ئۇ ئىشىكنى داغدام ئاچتى.

— مانا، ئۇكام ئاغىنە، مايىقتا يەنە بىر پەتە ئويان بار، — دېدى ئالتۇن چىشلىرىنى كۆرگەزمە قىلىپ كۈلۈپ. توغرا - دە، بىر يىل يېتىپ كەتكەن قوشنىنىڭ ئۆيىگە ئەلۋەتتە پەتە قىلىش كېرەكقۇ، كىردىم.

ھەدىمىز بىر يەرگە كەتكەن بولسا كېرەك، ئۆيدە ھېچكىم يوق ئىدى.

«مىرشىروف خانىم قانچىلىك ئۆزگىرىپ كەتكەن بولغىيدىكىن، بىر كۆرۈش كېرەك ئىدى - دە، ئەتتەڭ!»

دەپ ئويلىدىم. شۇ ئارىدا مىرموللىكام (جاھانگىر ـ دە!) خىيالىمنى بىلمۇالغاندەك:

ــ ھەدىڭىزمۇ ياشىرىپلا كەتتى قارالڭ، ساياھەت دېگەن، بولۇپمۇ ئايال كىشىگە خوي يارىشىدىكەن دېسە، ــ دېدى، ــ كۆرسىڭىز تونۇيالماسسىزمىكىن، نۇرەخمەتجان بالا، ئوبۇر ـ زوبۇر، چاچلىرى بۇدۇر... — دېدى.

قوشنام سۆزلىگەچ شىرەگە يېيىقلىق داستىخاننى ئېلىۋەتتى. نازۇنىمەت راسلاقلىق ئىكەن، ئىلمانغىنا قىلىپ چايمۇ قۇيدى.

چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ ھەممە ئادەمدە بولىدىغان تەبىئىي بىر ئادەت ۋە قىزىقىش بىلەن مېھمانخانا ئۆينىڭ تۆت تەرىپىگە ئەلەڭلەپ قارىدىم. توساتتىن كۆزۈم ئۇدۇل تامغا ئېسىلغان چوڭ بىر رامكىغا، توغرىسى، رامكىدىكى چوڭايتىلغان سۈرەتكە چۈشۈپ قالدى. ئىلگىرى كىرگەنلىرىمدە بۇ سۈرەتنى كۆرمىگەنىدىم. ئۇزۇنلۇقى كېمىدە بىر مېتىر كېلىدىغان رەڭلىك سۈرەتتە بىرنەچچە كىشى مول تەبەسسۇملار بىلەن قول سۇنۇپ، بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ، ئوتتۇرىدىكى بىر ساختا سالاپەتلىك ئادەم بىلەن، توغرىسى، مىرموللا مىرشىروف بىلەن، گويا كاتتا رەھبەرلەرگە ئىلتىجا قىلغاندەك كۆرۈنۈش ۋە سىياقتا سالاملاشماقتا، كۆرۈشۈشكە ئىنتىلمەكتە ئىدى. شۇ ئەسنادا ئارقامدىن مىرموللىكامنىڭ خىرىلداپ كۈلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى:

ــ ھە، كارامەت ھەيۋەت سۈرەتمىكەن؟ باشلىق ۋاقىتلىرىم...

نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي بىر مىرموللىكامغا، بىر

سۇرەتتىكى كىشىلەرگە كۆلكەم قىستاپ قاردىم. كۆڭلۈم ئەجەبلا بولۇپ قالغانىدى. دەماللىقتا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي مۇنداقلا سوراپ قويدۇم.

— سۇرەتتىكى باشقىلارچۇ؟

— ئاغىنىلىرىم، فۇكېجاك[1] بولغان كۈنۈمدە، مېنىڭ تەلىپىم بىلەن چۈشكەن بىز...

قاقاھلاپ كۈلۈۋېتىشتىن ئۆزۈمنى ئارانلا تۇتۇۋالدىم. ئاڭغىچە مىرمۇللىكام يەنە سۆزلىدى:

— ھېلىقى سۇرەتكە تارتقان ئاداش ئالدىرىتىپ تۇرۇۋالدى. بولمىسا ئۇن — يىگىرمە ئادەم يىغىپ كېلەي دېگەن...

«سۇرەتكە تارتقان ئاداش» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ يادىمغا مىرمۇللىكامنىڭ نەچچە يىللار ئىلگىرىكى بىر قىزىق ئىشى كېلىپ قالدى. نېفىت ئىدارىسىدە ئىشلەۋاتقان چاغلىرىدا ئۆتكۈزۈلگەن يېڭى يىللىق كۆڭۈل ئېچىشتا قوشنام خىزمەتدىشى بولغان بىر ياش قىز بىلەن تانسا ئوينىغانىكەن، بىر سۇرەتچى ئۇلارنى ئايرىم سۇرەتكە تارتىپ قويسا بولىدۇ. بىر كۈنلىرى كېلىپ بۇ سۇرەتنى قوشنامنىڭ رەپىقىسى، مىرمۇللىكامنىڭ گېپى بويىچە ھازىرقى قۇشناچ ئاي كۆرۈپ قاپتۇ.

— ھەي مىرمۇللا، بۇ گىرىمسەن يەردە مۇشۇ قىز بىلەن ئىككىڭلاردىن بۆلەك ئادەم يوقمىدى؟ قانداق تانسا بۇ؟ — قۇشناچ مىرمۇللا ئەپەندىنى سوراقىقا تارتقان گەپ، قوشنامىمۇ يامان، نېمە دەپتۇ دېمەمسىلەر؟

---

① فۇكېجاك — مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى دېمەكچى.

ــ ياقەي، ئانىسى، ھېلىقى بىزنى سۈرەتكە تارتقان ئاداشمۇ بارغۇ؟
ھېلى مىرمۇللىكام سۈرەتچىدىن ئاغرىنىۋىدى، يادىمغا شۇ يۇمۇردەك قىزىق ئىش چۈشۈپ قالدى. لېكىن، ماۋۇ ياسالما سۈرەت... مىرمۇللا مىرشىروفنى نېمە دېگۈلۈك ئەمدى؟
ــ بۇنى... قاچان چوڭايتقۇزدىڭىز؟ ــ نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي، شۇنى سورىدىم.
ــ بىر ھەپتىچە بولدى، تۇنجى تاماشىبىن سىز، ــ قوشنام پەخىرلەنگەندەك جاۋاب قايتۇردى، ــ بىز بارغان يەرلەردە مۇنداق سۈرەتنى ئېسىش مودا ئىكەن، نۇرەخمەت بالا، مودا! خەقلەر بۇنى، نېمىدا... ھە، دەسمىي دەيدىكەن.
ــ دەسمىي؟... ــ چۈشەنمەي تەكرارلاپ سورىدىم.
ــ ھە، ئۆسۈشتىكى، يۈز ـ ئابرۇي تېپىشتىكى دەسمىي ـ دە بۇ !
مىرمۇللىكامغا ئۇزاقىچە تىكىلىپ قاراپ، مۇڭلىنىپ كەتتىم. ئادەملەر نېمە بولۇپ كېتىپ بارىدۇ ـ ھە؟ مۇشۇ ئادەمگە نېمە يوق دەيمەن، دەم ئېلىشقا چىققان چېغىدا... بىراق مېنىڭ تىكىلىشىمنى قوشنام باشقىچە چۈشىنىپ قالدى بولغاي.
ــ نېمە، ھەۋەس قىلىۋاتىسىزە، ئۇكام ئاغىنەم؟ ياشقۇ سىز، ئاستا ـ ئاستا ئامەت كېلىپ قالىدۇ.
گەپ قىلمىدىم، نېمە دېگۈلۈك؟ چىقار ۋاقتىمدا، ئاغزىم قىچىشىپ مىرمۇللىكامغا مەسلىھەت بەردىم.
ــ سۈرەتنىڭ ئاستىغا «رەھبەر چاغلىرىم» دەپ چوڭ قىلىپ يېزىپ قويسىڭىز بولغۇدەك!

كۆتۈلمىگەندە مىرمۇللا مىرشىروف خۇشاللىقىدىن ۋارقىراپ كەتتى.

— ۋات خاراشو، ئەجەب ئېسىمغا كەلمەپتا! يارايسىز، نۇرەخمەتوۋىسكى، قوشنا دېگەن قوشنا ـ دە، بۇگۈنلا يازىمەن!

قوشنام ئالمۇتىدا سالدۇرۇپ كەلگەن ئالتۇن چىشلىرىنى تولۇق كۆرسىتىپ، «جاھان كېزىپ» ئۆگىنىپ كەلگەن غەيرىي سۆزلەرنى نورمىسىز ئارىلاشتۇرۇپ يەنە نېمىلەرنى دەر ئىدىكىن، ئاڭغىچە مەن ئالدى ـ كەينىمگە قارىماي چىقىپ كېتىپ قالدىم. نەچچە كۈنلەرگىچە تالا ـ تۈزگە چىقىشتىنمۇ ھېيىقىپ يۈردۈم. قۇلىقىم تۈۋىدە ئۇنىڭ «ۋالىكىس سالام!» دېگەن يېقىمسىز تاۋۇشى جىزىلداپلا تۇراتتى...

باقەم شائىر تۆتىنچى ھېكايىنىمۇ ئوقۇپ تۈگەتتى. دېمىسىمۇ ئۇ ئاجايىپ بىر قوشنىغا يولۇققانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ غەلىتىلىكلىرىنى ئېسىدىن چىقىرىپ، شۇ تاپتا ئىچىدە: «بۇ مىرمۇللا دېگەن غەلىتە بىر جانىۋاركىنە!» دەپ ئويلىدى تېخى.

كېيىنكى كۈنلەردە، باقەم مىرمۇللىنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپلىقلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن تالاي قېتىم كۆردى. بىراق، نېمىلا بولسۇن، مىرمۇللا مىرشىروفنىڭ قىلىقلىرى ئادەمدە كۈلكە پەيدا قىلاتتى ـ يۇ، ئۇششۇقچە بىزارلىق ھېس قىلدۇرمايتتى. باقەم بار سورۇندا مىرمۇللا مىرشىروف كېيىنچە بىرمۇنچە شېئىرلىرىنىمۇ ئالتۇن چىشلىرىنى نامايان قىلىپ

تۇرۇپ دېكلاماتسىيە قىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھېلىقى «ھاراق ئىچمە» دېگەن شېئىرىمۇ بار ئىدى.

ــ باقەمجان جانابلىرى، سىلى بىلەن بىز دېگەن شائىر ئەمەسمۇ، ــ دەپ قوياتتى مىرشىرروف گاھىدا.

كېيىنچە ئۇ «بىز شائىرلار» دېگەن ئىبارىنى بارغانسېرى كۆپ ئىشلىتىدىغان بولدى. بۇنداق چاغلاردا باقىجاننىڭ كۆڭلى بىر قوشۇق ھەسەل يەۋالغاندەك تاتلىقىنا ھېسلارغا تولاتتى.

# يىگىرمە تۆتىنچى باب

ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز باشلىرىدىن ئۆرگۈن ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى ئۆتكۈزۈشكەندىن كېيىن «ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا» دېگەن يەكۈننى بىزگە قالدۇرۇپ كېتىشكەن بولسا كېرەك. دېمىسىمۇ، ھايات قانچىلىك جاپالىق، مۇشكۇل، ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر جانغا ئېكەك بولسىمۇ، ئىنسان يەنىلا ھاياتنىڭ راھىتىنى، كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرۈش مېھرىدىن كېچەلمەيدۇ. مۇسىبەتتىمۇ شۇنداققۇ، قەدىردان ئاتىڭىز ياكى ئانىڭىز دۇنيادىن ئايرىلغىنىدا سىزمۇ تەڭلا جاندىن جۇدا بولۇشقا رازى بولۇپ، پەرياد چېكىسىز، ئۇلارسىز بۇ ئالەم سىزگە قاراڭغۇ بىلىنىدۇ، ياشاشمۇ مەنىسىز تۇيۇلىدۇ. بىراق، كۈنلەر ئۆتۈپ، مەرھۇمنىڭ ئۆتى بېسىلغاندىن كېيىن، قارايسىزكى، ھايات يەنە داۋام قىلماقتا، قالغان يېقىن ـ يورۇقلىرىڭىز يەنىلا ئۆپچۆرىڭىزدە سىزگە قاراپ كۆلۈمسىرىمەكتە، ئۇلار سىزگە موھتاج، سىزگە ھەمدەم، سىز يەنە ياشىشىڭىز كېرەك. «زەپمۇ زەپ، ئۆلگەنگە زەپ» دېگەن گەپنى كىم، نېمە مەقسەتتە دېگەنلىكىنى مەن ھېچ بىلەلمىدىم. بىراق، يەنە بىر گەپمۇ بار، «ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلۈپ بولماس».

باقەم ئۆز شورى تۇپەيلى بېشىغا كەلگەن بىر قاتار تالاپەتلەردىن تولىمۇ ھالسىراپ، گاڭگىراپ، ھەتتا بىر

مەزگىل جىمىدىن جاق تويغانىدەك دەرىجىدە سولىشىپ يۇرگەنىدى. ۋاقىت ھەممىنى ئۆزگەرتىدىكەن، كۆنلەر ئۆتكەنسېرى كۆڭلى سەل تىنچىپ، روھىي كەيپىياتىمۇ ئاز ـ تولا بېسىقىغا چۈشكەندەك بولدى. بولۇپمۇ ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقىرىلىپ، بىنادىن ئۆي ئىجارە ئالغاندىن كېيىن خېلىلا ئەسلىگە كېلىپ قالدى، ئۇنىڭ بۇنچىلىك ئوڭشىلىپ قېلىشىغا يېڭى مۇھىت، يېڭى قوشنىلىرى، ئىنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا نۇرەخمەت بىلەن مىرموللا مىرشىروفمۇ چوڭ ھەسسە قوشقانىدى. باقەم مىرموللا دېگەن بۇ ئادەمنىڭ ھەم ئىنتايىن غەلىتە، ھەم ئىنتايىن يېقىشلىق مىجەزلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى بارغانسېرى ھېس قىلماقتا ئىدى. نۇرەخمەتنىڭ مىرموللا ھەققىدىكى قىزىق ھېكايىلىرى ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۈچلۈك تەسىر قىلدى. جاھاندا ئاجايىپ، خىلمۇخىل مىجەزلىك ئىنسانلار بولىدىكەن دېسە، مانا، مىرموللا مىرشىروفنى ئېلىڭ، ئۆزى چوپچوڭلا، پېنسىيەدىكى ئادەم، بىر قارىسىڭىز قىلىقلىرى كىچىك بالىدەكلا، گاھى گەپلىرىنى ئاڭلاپ چىندىن دەۋاتقانلىقىنى ياكى چاقچاق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ، جاھان سارىڭىمىكىن دەي دېسىڭىز، يەنە تۇرۇپلا مايلانغان چاقتەك شاپىلداپ، راۋرۇس مېڭىپ كېتىدۇ، يەنە تۇرۇپلا ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمىغۇدەك، غىدىقى كەلگۇدەك ئىشلارنى قىلىدۇ... بۇ ئىشلارغا ياراتقۇچى ھۆكۇم قىلمىسا، بەندە ئاجىزلىق قىلىدۇ!

باقەم شائىر يېڭى قوشنىلىرى بىلەن بارغانچە ئىچەرىكىشىپ كەتتى. ئۇچىنىڭ ئۇلپەتچىلىكىمۇ تېز ـ تېز داۋاملىشىپ تۇراتتى. باقەمنىڭ بويتاقخانىسى ھەر

جەھەتتىن ئەپلىك بولغاچقا، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ئىشكى پات ـ پاتلا چېكىلىپ تۇرىدىغان بولدى. بۇنداق چاغلاردا باقەم شائىرمۇ خۇشاللىق بىلەن دىككىدە بېرىپ ئىشىكنى ئاچاتتى. نۇرەخمەت ئىلگىرىلىرى كەچتە كۆپرەك ئۆيدە ئولتۇرۇپ، كىرىپسلودا يانپاشلاپ تېلېۋىزور كۆرىدىغان، باقەم شائىرنى قوشنا چېيىغا چاقىرغان كۈنىدىن باشلاپ ئۇ ئۇدۇلقى ئۆيدىن، قوشنىسىنىڭكىدىن چىقمايدىغان بولۇۋالدى. مىرمۇللا ئەپەندىمگىمۇ باقىجاننىڭ بويتاقخانىسى خوپ ياققاندى. ئىلگىرى ئۇ كەچتە زېرىكسە قورۇ ئالدىدا ئۇچرىغان بىرى بىلەن سائەتلەپ پەلپەتىش گەپلەرنى قىلىشىپ ئولتۇراتتى ياكى بولمىسا بىرەر قوشنىسىنى ئەپلەپ كەلتۇرۇپ كوچا ئېغىزىدىكى دۇكاندا ئاز ـ تولا تىكتۇرمىۋازلىق قىلىۋالاتتى. مانا ئەمدى ئىشەنچلىك ھالدا ئۇدۇللا باقەمنىڭ ئۆيىگە تارتىدىغان بولدى. نۆۋەتتە خەقنىڭ ياخشى گېپىنى كەم قىلىدىغان مىرمۇللا مىرشىروفمۇ باقەمنى «خېلى بولىدىغان نېمە ئىكەن» دەپ باھالاپ، توچكا ئۇرۇپ قويغانىدى. بۇ يەردە بىز «ئوغرى ئوغرىنى قاراڭغۇ كېچىدە ئۇچرىتار» دېگەن ماقالنى ئىشلەتسەك، بەلكىم بەك ئارتۇقچە بولۇپ كېتەر. ئىشقىلىپ، مىجەزى بىر ـ بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغانلار ئاسانلا يېقىنلىشىپ كېتىدىكەن.

باقەم شائىرنىڭ ئۆيىنى ئاۋات قىلىپ تۇرىدىغان ئىككى قوشنا ئۇنىڭ غەم ـ قايغۇ، دەردىسەرلىرىنى بارغانسېرى ئېسىدىن چىقىرىۋېتىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇپ ئۇنى بۆلەكتىن ئىلگىرىكى باقى ئىسلام ھالىتىگە ئەكېلىپ قويدى. ئۇچەيلەننىڭ باقەمنىڭ

ئۆيىدىكى ئولتۇرۇشى ئۇچسىز، يەنى هاراقسىز، شېئىرسىز، لاپسىز ئۆتمەيتتى. بولۇپمۇ مىرمۇللا بىلەن باقەم بىر - بىرىدىن قالامدىم دېگەندەك نورمىسىزلا پو ئاتاتتى. نۇرەخمەت بولسا ئۇلارنىڭ دائىملىق ساقىيسى ۋە سادىق شاھىتى ئىدى. گاھىدا گېزىت، ئەدەبىي بەت تامانىدىن ئۇمۇ ئانچە - مۇنچە لاپ ئۇرۇپ قوياتتى، مۇنۇ ئىككىسى بىلەن ئۇلپەتچىلىك قىلغىنىدىن ئۇ بەك خۇش ئىدى، بۆلۇمدىكى خىزمەتداشلىرىغا ئىككى «ئاجايىپ يىتۇك» قوشنىسى ھەققىدە ھەر كۈنى ئىككى كەلىمە سۆزلىمەي قويمايتتى.

باقەم قوشنىلىرىنى خۇش قىلىش ئۇچۇن ئۆزىمۇ ئازراق مەبلەغ سالدى. ئەرزانراق هاراقتىن بىر يەشىك ئەكىرىپ قويدى. چىنە - پىيالە، چوكا - قوشۇقلىرىنى تولۇقلىدى. ئەلۋەتتە، چوڭ - كىچىك رومكىلارنى ئېلىشنىمۇ ئۇنتۇمىدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئۆيىدىن نان، لازا - پەمىدۇر، تەرخەمەك ئۈزۈلمەيتتى. زاكۇسكىغا مايلىق دادۇر، خاسىڭ ۋە قۇرۇت دېگەندەكلەرنىمۇ يېتەرلىك ئەكىرىپ، شىرە ئۇستىگە خونچىلاپ قويۇپلا قويدى. ئۆزىنىڭ قىلغان بۇ ئىشىدىن ئۇ مەمنۇن ئىدى. ئەمدى ھەقىقىي هاراق ئىچىش «كەسپىي ئائىلىسى» گە ئايلانغانىدى. كەم يېرى، ئىشىك بېشىغا كىچىككىنە بىر ۋىۋىسكا ئېسىشلا قالدى.

شۇغىنىسى، قوشنىلارمۇ قۇرۇق كىرمەيتتى. «ئالامەت ھىل - ھىل پىشقان باش ئىكەن، گېزىتخانىدىن قايتىپ كېلىۋاتسام يولدا سېتىۋېتىپتۇ، ئىككىنى بىراقلا ئېلىۋالدىم، زاكۇسكىنىڭ نوچىسى - دە بۇ!» دەپ نۇرەخمەت سۇلياۋ خالتىنى دۇمباق قىلىپ كۆتۈرۈپ

كىرەتتى بىر كۆنلىرى. «كاشلەپكە تەرەپكە بېرىۋىدىم، قايتقاندا قايرىلىپ مەدرىسەنىڭ ئالدىدىكى مۇنۇ قالتىس يېپىشلىك سامسىدىن كەچكى ئوقىتىمىزنى ئويلاپ، يىگىرمىنى ئالغاچ كەلدىم، ئۇستىگە لۆڭگىدەك بىر نېمە يېپىپ قويۇڭلا، باقەمجان، كەچكىچە مۇزلاپ قالمىسۇن! مەن ئۆيگە چىقاي، قۇشناچ لاخشىگىرلىنىپ بولدىمىكىن تېخى!» دەپ مىرمۇللىمۇ گاھىدا چۇش مەھەلدىلا ئىشىك قېقىپ قالاتتى. ئۇنىڭ يەنە بىر قولىدىمۇ «يېپىشلىك سامسا» سېلىنغان ئىككىنچى بىر سۇلياۋ خالتا بولاتتى. قۇشناچنىڭ لاخشىگىرلىق ھۇجرىسىنىڭ ئالدى ئەنە ئاشۇنداق ئۇنۇملۇك ئىلىناتتى.

بۇنداق كەچلىك ئولتۇرۇشلاردا دەسلەپتە مىرمۇللا مىرشىروف جىقراق سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ گەپلىرى پۇتۇنلەي ياسالما، غەيرىي ئىبارىلەر، دەبدەبىلىك سۇپەت، ئوخشىتىشلار بىلەن تولغان پارچە - پۇرات پاراڭلار ئىدى، ئاڭلىغان ئادەمنىڭ ھەرھالدا كۈلكىسىنى قىستايتتى. بەزىدە مىرمۇللا يۇمۇر - لەتىپىمۇ سۆزلەپ قوياتتى، بىراق تىلىنى ئاغزىدىن چىقىرىپ كالپۇكىنى بىر يالماپ قويۇپ، ئۇلۇشكۇن دېگەن يۇمۇرىنى يەنە دەۋىرەتتى. باشقىلاردىن كۆپرەك، ئۆزى كۈلەتتى تېخى! ئەقلىيە سۆز، شېئىرلارنىمۇ ئارىلاپ كەلتۈرۈپ قوياتتىكى، بۇنداق چاغلاردا تولىمۇ چىڭقىلىپ، زورۇقۇپ، چىرايى قىپقىزىل بولۇپ كېتەتتى. ئوقۇپ بولۇپ، بىر قولىنى سەل كۆتۈرۈپ بىرقىسما جىلمايغىنىچە: «ھاياجان، ھاياجان، تەخسىرلەر!» دەپ قوياتتى. ئۇ ئومۇمەن تەخسىر، جانابلىرى دېگەندەك گەپلەرنى نورمىسىز ئىشلىتەتتى. ھەتتا: «ئىشتىنىم

تەخسىرنىڭ بىر تۈگمىسى چۈشۈپ قاپتىكەن» يا بولمىسا: «قىنى، مۇنۇ مۇزدەك سامسا جانابلىرىدىن بىرنى تاناۋۇل قىلمامىلا» دېگەندەك گەپلەرنىمۇ تەبئىي رەۋىشتە، خۇددى شۇنداق دېيىلىشى كېرەكتەك دەۋېرەتتى. باقەم شائىرمۇ مىرمولللىنىڭ تەسىرىگە بېرىلىپ، كۆڭلىدىكى غەشلىكلىرىنى بارغانچە ئۇنتۇپ، بارا ـ بارا سۆزمەنلىشىپ كەتتى. مىرموللا مىرشىروفنىڭ ئەكسىچە، ئۇ تارىخ سۆزلەشكە ئامراق ئىدى، يەنى ئۆزىنىڭ سەرگۈزەشتلىرىنى بارغانسېرى قىزىپ، بىرگە ئىككىنى قوشۇپ بايان قىلاتتى. تاشيول ئاسراش ئۇچاستىكىسىدا ئىشلىگەن چاغلىرىدىكى دەسلەپكى شائىرلىق پائالىيەتلىرى، مۇھىت تازىلىقى باشقارمىسىدىكى چاغلىرىدا دەسلەپكى قەدەمدە ھوقۇق تۇتقىنى (زاپخوزلۇقنى دېسە كېرەك!) ۋە كېيىنچە ۋىلايەتلىك «شائىرلار ئىدارىسى»گە بارغاندىن كېيىنكى ئالغان ئاتاق ۋە شەرەپلىرى، ئەڭ ئاخىرىدا «ھاڭ ـ تاڭ قالسىز» دېگەن كارامەت ئىسمى بار چوڭ بىر شىركەتتە مۇئاۋىن باش دىرېكتور بولۇپ، شىركەتنىڭ ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا W قاتارلىق ناھىيەلەردە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈش، قوللانغان ئاقىلانە تەدبىرلىرى... ھەققىدە تولا سۆزلەيتتى... دېگەنبىلەن سۆزلىمەيدىغان گەپ، ئۆزىگە پايدىسىز پاراڭلارنى ئۇ غىرتتىمدە قىسقارتاتتى. ئۆز ئىسمىنىڭ كەينىگە قوشۇلغان كەسپىي لەقەمنى دەسلەپ رەسمىي دېگەن كاتتا شائىرنىڭ قويۇپ بەرگەنلىكى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئەدەبىيات ئەھلى ئۇنىمىغىنىغا قويماي شۇنداق ئاتىشىپ كەتكەنلىكىنى، ھازىرمۇ نۇرغۇن قەلەم ئەھلى

«باقەم شائىر» دېمىسە ئۆزىنى دەررۇ مۇبارەك يادلىرىغا ئالالمايدىغانلىقىنى ۋە باشقىلارنى... كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپلا پاختىدەك ئېتىۋېرەتتى. ئارىلاپ ھېلىقى ئەينەك رامكىغا ئېلىنغان «تاشيول قوشاقلىرى» دىن باشلاپ، شېئىرىي ئەمگەكلىرىنى خىرىلداق ئاۋازدا ئوقۇپ قوياتتى. نۇرەخمەت باقەمنىڭ W ناھىيەسىدە يازغان بىر مۇھەببەت قوشىقىنى... (شېئىر دەپ تۇرايلى) ھە، شېئىرىنى ماختاپ قويۇۋىدى، باقەم ئۇنى نامەلۇم بىر گۈزەلگە بېغىشلاپ يازغانمەن دەپ، قاراپ تۇرۇپلا ئەسلىي تەقدىم قىلىنغۇچىدىن تاندى. بۇ گۈڭگا شېئىر ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ئېسىدە قالدىمىكىنتاڭ!

*يۇگۇرىدۇ كەينىڭدىن،*
*چېمپىيون كۆزلىرىم.*
*ئىخ!*
*بىلەمسەنكىنتاڭ،*
*سەن ئۇچۇن*
*مەست بولغانلىرىمنى!*
*W ناھىيەسى،*
*ھەي يايلاق گۇلتاجى،*
*نېمىشقا*
*بەختىمنى يوشۇرۇپ كەلدىڭ؟*
*نەچچەن يىللار؟...*
*قويغىنا سېنى!*

سەرەڭگىنىڭ كىچىككىنە بىر تېلى كاتتا گۇلخانلارغا تۇتۇرۇق بولغىنىدەك، باقەمنىڭ قوشىنلار

ئولتۇرۇشىدا ئىلگىرىكى شېئىرلىرىنى قايتا ئوقۇشى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ W ناھىيەسىدىكى گۇڭگا مۇھەببەت لىرىكىسىنىڭ ئەدەبىيات بېتى مۇھەررىرى تەرىپىدىن ماختىلىشى تۇساتتىن باقەم شائىرنىڭ «شېئىرىي قايىقىنى» (باقەم ئۆزىنىڭ ئوخشاتمىسى!)نى ئېچىۋەتتى... شۇنىڭ بىلەن ھەممىنى، شۇ قاتاردا ئىلگىرىكى ھېلىقى كۆڭۈلسىزلىكلەرنىمۇ ئۇنتۇلدۇرۇپ، ئۇنى بۆلەكتىن شېئىر سارىيىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئەمدى باقەم ئەتىدىن ـ كەچكىچە شېئىرلا يازاتتى، شېئىرنىڭلا گېپىنى قىلاتتى. ھەتتا ئۇ ئىلگىرى يازغانلىرىنى يىغىپ، بىرەر نەشرىياتتىن ئارقا ئىشىك تېپىپ نېپىزرەك بولسىمۇ شېئىرلار توپلىمىنى چىقىرىش ئىستىكىدە بولۇپ يۈردى ـ يۇ، كېيىن يازمىلىرىنى يىغىپ، قۇراشتۇرۇپ كېلىپ، يەنە بۇ خىيالىدىن يالتايدى، توغرىراقى، كۆزى يەتمىدى. مۇئەللىپنىڭ ئىلگىرى مەلۇم بىر نەشرىياتتا بىر تونۇشى بولىدىغان. توي ـ تۆكۈن، سورۇنلاردا ئۇچرىشىپ قالغانلاردا مۇئەللىپ ئەدەپ بىلەن ئۇنىڭدىن: «نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتىسىز، بۇرادەر؟» دەپ سورىغىنىدا، ھېلىقى مۇھەررىر تونۇشى ھېچنېمە بولمىغاندەك تەبىئىي بىر قىياپەتتە: «نېمە قىلاتتۇق ئادىشوي، شۇ دەپتەر ياساپ!» دەپ قوياتتى. مۇھەررىرنىڭ بۇ گېپى تەبىئىيلا شۇنداق ئادەت پارىڭمۇ ياكى ئالدىغا كەلگەن ئەسەرلەرنى كۆزگە ئىلمىغانلىقتىن بولۇۋاتامدۇ، مۇئەللىپ بۇنى زادىلا ئاڭقىرالمايتتى. مانا ئەمدى باقەم شائىرنىڭ شۇ كونا ـ يېڭى يازمىلىرىدىن ھېچبولمىغاندا بىرەر دەپتەر بولسىمۇ ياسالسا ۋە بايقۇش ئاتاق سەۋداسى بىر خۇش

بولۇپ قالسا، تازىمۇ خەيرلىك ئىش بولاتتى. بىراق «ئاجايىپ» مۇكاپاتىدىن قايرىۋالغان پۇلنى تارتقۇزۇپ قويۇپ يامان قىلدى ـ دە!

بۇ كۈنلەردە باقەمنىڭ كۆڭلىدە شېئىرغا بولغان ھەۋەس ـ ئىشتىياق كۈچەيگەنسېرى، بىرنەرسە، شېئىر ئارقىلىق داڭقىنى چىقىرىش مۇددىئاسىمۇ كۆڭلىدە بارغانسېرى كۈچىيىپ، زورىيىپ بېرىۋاتاتتى. ئۇ مۇشۇ كۈندە شېئىر يازىدىغان ئادەم دېگەن سامانىنىڭ نەرخىدە تۇرسا، نامى چىققانلىرىمۇ قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرسا، مەن نېمەم بىلەن، قانداق قىلىپ بۇ مۇددىئاغا يېتەلەيمەن دېگەنلەرنى ئويلاپمۇ باقمايتتى. «ئۆگەنگەن خوي ئۆلگۈچە قالماس» دېگەن راست گەپ ئىكەن، شۇنچە تالاپەتلەرنى شۇ كونا مىجەزى تۇپەيلى تارتقان باقەم تارتقان سورۇقچىلىقلىرىنى پۇتۇنلەي ئەستىن چىقىرىپ، بۇ كۈنلەردە ئەسكى مىجەزىگە بۆلەكتىن ئەسىر بولۇپ قالدى. بىر دانا:① «ئەگەر مەن پادشاھلىق ھوقۇقىنى قولۇمغا ئالغۇدەك بولسام، ئادەمنىڭ مىجەزى ئۆزگىرىدۇ، دېگەن ئادەمنى ئەللىك دەررە ئۇرۇشقا بۇيرار ئىدىم» دەپ تولىمۇ توغرا ئېيتقانىكەن!

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى باقەم شائىرنىڭ كاتتا شائىر بولۇپ تونۇلۇش ئىستىكى بارغانسېرى ئېشىۋەردى. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭچە بولغاندا ئۆزى بىر ئۇخلىغان پېتى «مەشھۇر شائىر» لىق تاجىنى كېيگىنىچە ئويغانسا... تولىمۇ كۆڭۈللۈك ۋە كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولاتتى. بۇ كويدا ئەمدى ئۇ كېچە ـ

① ئاباي قونانباي.

كۇندۇز تولغىنىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ يۈرىكىنى بىر نېمە يەيتتى. ئۆزى «رىقابەت ۋە جاسارەت ئوتى» دەپ ئاتىۋالغان بۇ نەرسە ئەمەلىيەتتە ھەسەت ئىدى. زاغرىنى جىق يەپ مەيدىسى قايناپ كەتتى، ۋىجدانىم قايناۋاتىدۇ دەيدىغان گاھىبىر پوپاڭچىلاردەك، باقەممۇ ئۆزىدىكى غەيرىي سېزىملارنى كاتتا شائىرلىق چوققىسىغا ئۇمتۇلگەن شىجائەت دەپ تەخمىن ئېتەتتى. شۇنداق ئويلىغانسېرى ئۇنىڭغا كاتتا شائىرلىق تاجى قولى يېتىدىغان يەردىدەكلا بىلىنەتتى.

دېگەنبىلەن قەھرىمانىمىز ئارمانلا قىلىپ ئەمەلىي، سەۋەبىنى قىلمايدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. بىز ئۇنىڭ بۇ مىجەزىنى W ناھىيەسىدىكى ئىش - پائالىيەتلىرىدىن يېتىپ ئاشقۇچە كۆرگەن. مانا ھازىرمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ يېڭى تىلىكىگە يېتىش ئۇچۇن كالللىسىنىڭ قېتىقى چىقىپ كەتكۈچە ئويلاپ، چارە - تەدبىرلەرنى تۈزدى. چارىلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئۇ يېقىندىن بىرى يازغان بىر توقاي خام - خاتا شېئىرلىرىنى قوشنىسى نۇرەخمەتنى راسا ماختاپ يۈرۈپ ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، دېگەنبىلەن بىرنەچچە پارچىسىنى گېزىتتە ئېلان قىلدى. شېئىرلارغا نۇرەخمەتنىڭ ئەمگىكى خېلىلا سىڭگەنىدى. باقەم قوشنىسىغا بولغان مىننەتدارلىقىنى خۇش كەتتى ئارقىلىق يېتەرلىك ئىزھار قىلىۋالدى.

چارە - تەدبىرلەرنىڭ ئىككىنچىسى سۈپىتىدە باقەم شائىر «يورۇق كۆرگەن يازمىلىرى» غا بىر ماختاش يازدۇرماق بولۇپ، ئويلا - ئويلا، ئاخىر يەنىلا كۆرۈشمىگىلى خېلى يىللار بولغان رەسۋائىي بىلەن قايتىدىن يېقىنلىشىش نىيىتىگە كەلدى. شۇنداقمۇ قىلدى ھەم! بۇ كەملەرگە كېلىپ رەسۋائىي دەم ئېلىشقا

چىققان ۋە بېشى تاقىرلىشىپ، ئالدىغا سەل مۈكچىيىپ قالغانىدى. لېكىن، بىرلا يېرى، هاراقنى سۈدەك ئىچىدىغان خۇيىنى تاشلىمىغانىدى. باقەم ئۇنىڭ دەل شۇ ئىنچىكە يېرىدىن تۇتتى. رەسۋائىينى ماختاپ، ئۇچۇرۇپ، ئاۋايلاپ پەپىلەپ ئۇندەككە كەلتۈرۈپ، ئاخىر ئۆيىگە ئەكەلدى. تالادىن يېمەك ـ ئىچمەكنى خېلى مول ئەكىرىپ، قەدىناس ئىككى قوشنىسىنى چاقىرىپمۇ قويدى. ئۇلارغا رەسۋائىينى شائىرلار پىرى قىلىپ كۆرسىتىپ تونۇشتۇردى. رەسۋائىينى بۇرۇندىن تونۇيدىغان نۇرەخمەت ئىككىنى ئىچكەندىن كېيىن: «سىزنىڭ دىداكتىكا شېئىرلىرىڭىز...» دەپ ئۇنى ماختاشقا باشلىدى. مىرموللا مىرشىروفنى دېمەيلا قويۇڭ، ئەگەر مۈشۈك ئېهتىياجلىق بولسىلا، ئۇ مۈشۈك دېگەن بايقۇشنى «يولۋاس جانابلىرى» دەپ ئاتاشنى ئانچە زورۇقۇش دەپ هېس قىلمايتتى... شۇنىڭ بىلەن رەسۋائىي ئۈچ كۆپتۈرمىچىنىڭ ئارىسىدا قېلىپ، گازلىق شاردەك ئاسمانغا لەيلەشكە باشلىدى ۋە ئارىلىقتا لىپ قىلىپ ئەپلىككىنە قىستۇرۇلغان بىر تەكلىپكە ئوڭايلا ماقۇل دەۋەتتى. ئاڭغىچە ئۆزىنىڭ كەشمۇ ئاسمانغا قاراپ قالغانىدى. ئەلقىسسە، يىگىرمە كۈنلەردىن كېيىن باقىجان ئىسلامنىڭ بىر شېئىرى ماختالغان ئوبزوردىن بىرى يەرلىك گېزىتتە ئېلان قىلىندى.

ئۇتۇقلاردىن قەلبى هاياجانغا ۋە تېخىمۇ كاتتا ئارزۇلارغا تولغان باقەم شائىر مەقسىتىگە يېتىشنىڭ تېخىمۇ ئۇنۇملۇك چارىسىنى تېپىش كويىدا تولغىنىۋاتقىنىدا، بىر كۈنى تۇيۇقسىز «دۇنيا ئەدەبىياتى» دېگەن ژۇرنالنىڭ يېڭى ساندىن شۇ يىللىق

نوبېل ئەدەبىياتى مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى ھەقىقىدىكى خەۋەرنى ۋە ئىچكى مۇقاۋىدا شۇ ساھىبىنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈپ قالدى. ئادىتىگە كۆرە ئاۋۋال يۈرىكىنى بىر نېمە تاتىلىغاندەك بولىدى. كېيىن ئىچ مۇقاۋىغا قارا ـ قارا خىيالغا كەتتى. كۆپ ئۆتمەي بىردىنلا باقەمنىڭ كۆز ئۆڭى لاپىپىدە يورۇغاندەك بولدى. نېمە ئۈچۈن ئۇمۇ ئۆز شېئىرلىرىغا بىرەر مۇكاپات ئالمايدۇ؟ نوبېل مۇكاپاتى دېگەنغۇ ئاسماندىكى يۇلتۇزغۇ! بىراق، ئۇنىڭدىن پەسرەكتىكى، مەسىلەن، «ئاجايىپ ئالتۇن مۇكاپات»قا ئوخشاش خەلقئارالىق مۇكاپاتلارغا ئېرىشىشمۇ بولىدۇغۇ! نېمە، مۇسەللەسكە بېرىلگەن مۇكاپات قوشاققا بېرىلمەيدۇ، دەپ كىم ئېيتىدۇ. «مەرۋايىت» قا بىز ئېلىپ بەرگەن «ئاجايىپ» مۇكاپات ئەسلىدە راستتىنلا ئاجايىپ ئىدى. چاتاق مۇكاپاتتىن ئەمەس، ئىچىملىكتىن چىقتى ئەمەسمۇ! ئالغۇلۇق، شۇنداق مۇكاپاتتىن بىرنى ئالغۇلۇق!

مەۋقەسىنى بىر يەردە توختاتقان باقەم شائىر ئەمدىلىكتە، تەبىئىي رەۋىشتە نىيەتنىڭ ئامالىنى قىلىش كويىغا چۈشتى. «سەۋەب قىلساڭ، سېۋەتتە سۇ توختار» دېگەن گەپ قالتىس جۇمۇ، كىم ئىجاد قىلىۋېدىكىنە ئۇنى؟ تايىنلىق باقەمدەك بىر شىجائەتلىك ئىنسانغۇ دەيمەن! شىجائەتقۇ بىر گەپ، لېكىن نىيەت باشقا گەپ ـ دە!

باقەم ئەمدىلىكتە كەچلىرى قوشنىلىرى بىلەن ئېغىز ـ بۇرۇن يالىشىشنى، مۇشائىرىلەرنى، زەي سالماي لاپ ئېتىشلارنى ئىزچىل ھالدا داۋاملاشتۇرغاچ، كۈندۈزدىكى ۋاقىتلىرىنى كۆڭلىدىكى ھېلىقى ئارزۇغا

يېتىش ئۈچۈن ھەرىكەتلىنىشكە ئاجراتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىدارىسىگە، نورمال خىزمەتكە بېرىشى كېرەك ئىدى. ھېلىمۇ قەھرىمانىمىز تۈزۈمى بوش، خىزمەتنىڭ تايىنى يوق بىر ئىدارىگە ئالمىشىۋالغانىكەن، مۇھىت ـ تازىلىقى باشقارمىسىدا ھازىرغىچە ئىشلەپ قالغان بولسا، نەدە ئۇنىڭغا بۇنداق ئازادىچىلىك؟

# يىگىرمە بەشىنچى باب

كەسكىن قارارغا كەلگەن باقەم ئۆزىنى بىر سىلكىۋېتىپ، ئوڭشىلىپ ئىدارىگە باردى. بۇ كەملەردە «ھالڭ ـ تالڭ قالمىسۇن» شىركىتى ئاساسەن «ئىسمى بار، جىسمى يوق» نەرسىگە ئايلىنىپ، سىرتتا ئېسىقلىق ۋېۋىسكىسىدىن باشقا ھېچنېمىسى قالمىغانىدى. باش دىرېكتور ئەمدى بىر دومىلاپلا ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى بولۇپ قالغانىدى. دېمەك، ئۇ يەنىلا باقەم شائىرنىڭ باشلىقى دېگەن گەپ ئىدى. «نەسرنى بىكارغا مەشىق قىلماپتىكەنسەن ـ دە!» دەپ ھەيرانلىق ۋە سەل ـ پەل ئىچى قارىلىق بىلەن ئويلىدى باقەم. بىر تۇرۇپ، بۇمۇ ياخشى بوپتۇ دەپ ئويلىدى، چۈنكى نېمىلا بولسۇن ئىككىسى قەدىناس خىزمەتداش ئىدى، بىر ـ بىرىگە ئوچۇق ـ يورۇق ھالدا يۈرەك سۆزلىرىنى قىلىشالايتتى. يەنە بىر تەرىپى، ھەر ئىككىسىنىڭ گاھىبىر مىجەزلىرى ئوخشىشىپ كېتەتتى.

باقەمنىڭ بەزى ئەندىشىلىرىگە قارشى ھالدا مۇئاۋىن رەئىس، باش كاتىپ ئۇنى تولىمۇ قىزغىنلىق بىلەن، ھەتتا دۇمبىسىگە شاپىلاقلاپ كۆرۈشۈپ قارشى ئالدى.

ــ ھاردۇقلار چىقىپ قاپتۇمۇ، سىزنى ئوبدان بىر

ئارام ئېلىشالسۇن دەپ خىزمەتكە كەل دېمىدۇ سۆيلىمىدۇق. رەئىس نەچچە سورۇشتۇرگەندى، دوختۇرنىڭ ئىسپىرايكىسى بار دەپ قويىدۇم. خىزمەتنى دەپ خېلى جاپا تارتتىڭىز. كېرەك يوق، مۇنچىلىك ئىشلار دېگەن بولۇپ تۇرىدۇ، ھەممىمىزگە تەڭ كەلدىغۇ، ھە! ئەمدى ئىش قىلساق تەمتىرىمەيمىز ـ دە، تەجرىبە توپلىۋالدۇق ئەمەسمۇ! قانداق دېدىم؟

كونا خىزمەتدىشى، ھازىرقى مۇئاۋىن رەئىس قوشۇمچە باش كاتىپنىڭ شۇ گېپى بىلەن باقەمنىڭ كۆڭلى خېلى جايىغا چۈشتى. بايا ئېيتقىنىمىزدەك نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ۋە بۇگۈن ئىدارىگە كەلگۈچە ئۇ ئاللىقانداق بىر ئەندىشىدە بولۇپ كەلگەنىدى. نىكاھ ئىشى دېگەنغۇ شەخسىي ئىشقۇ، «ئاجايىپ» مۇكاپاتنىڭ ئىشىدا ئۇنىڭ يۈرىكى پوك ـ پوك ئىدى. بولۇپمۇ پۇلنىڭ يېرىمىنى يانغا تىقىۋالغانلىق ئىشى! گەرچە باقەم ئۇ پۇلنى قايتۇرۇپ، جەرىمانىسىنىمۇ تۆلىگەن، تەكشۈرۈشنامىمۇ يازغان بولسىمۇ، لېكىن تېخىچىلا ئەنسىرەپ يۈرەتتى. «ئىدارە ـ جەمئىيەت دېگەننىڭ تۈزۈمى قاتتىق بولىدۇچۇ، بىر يەردىن بىرنېمىگە يومزاپ بىر پۇتاق چىقارمىسا!» دەپ ئويلايتتى ئۇ، ھەتتا چۈشىدىمۇ بىرنەچچە قېتىم شۇ ئىشنى كۆرۈپ، جۆيلۈپ قارا باسقانىدى. مانا ئەمدى باش كاتىپنىڭ ھېلىقى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ باقەم قۇشتەك يەڭگىللەپ قالدى. ھېلىقى ئىشلارنى ئامال بار يوپۇتۇپ، ئۆزى بىلەن تەڭلا باقەمنىمۇ بالا ـ قازادىن ساقلاپ يۈرگەن ئادەمنىڭ دەل مۇشۇ باش كاتىپ، يەنى ئىلگىرى «قوۋۇرغىسى يوق» پۇل تېپىش نىيىتىدە «ئاجايىپ» ساختا مۇكاپاتنى بىر

قوللۇق پىلانلاپ ئويلاپ چىقارغان «ھاڭ ــ تاڭ قالىسىز» شىركىتىنىڭ سابىق باش دىرېكتورى تەخسىر ئىكەنلىكى باقەم شائىرنىڭ خىيالىغا كىرىپمۇ چىقمايتتى. ئەمەلىيەتتە مەزكۇر ئەربابنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى ئۆزىنى قوغداش، ئۆزىنى بالا ــ قازادىن نېرى قىلىش، ئەمدىلەتىن ئوخشۇشلۇق باشلانغان ئەمەل يولىنى تېخىمۇ راۋانلاشتۇرۇش ئىدى. باقەم بۇلارنى ۋە يەنە شۇنىمۇ بىلمەيتتىكى، باش كاتىپ ئىلگىرى ئۆزى باشقۇرغان «ھاڭ ــ تاڭ قالىسىز» شىركىتىنىڭ ئاجايىپ «مول تۆھپىلىرى»، قولغا كەلتۈرگەن «شانلىق نەتىجىلىرى» ھەققىدە قاتۇرۇپ ئىجادىي خۇلاسە يېزىپ ئالاقىدار ئورۇنلارغا يوللاپ، قاراپ تۇرۇپلا «دادىل ئىسلاھاتچى» بولۇۋالغان ۋە ھازىرقى ئورنىنى قولغا كەلتۈرگەنىدى. بۇنىڭدىمۇ ئۇنىڭ ئىلگىرى ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ــ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە مۇھىم رەھبەرلىك ۋەزىپىسى ئۆتىگەن قېيىنئاتىسىنىڭ تېلېفون ئالدىدا ئولتۇرۇپ جىق كۈچ چىقارغانلىقى مۇھىم رول ئوينىغانىدى...

ياق، بىز بۇ كونا گەپلەرنى قويۇپ، قەھرىمانىمىزنى ئەمدى بىرلەشمە رەئىسىنىڭ ئىشخانىسىغا ئەكىرەيلى. تەلىيىگە يارىشا بىرلەشمىنىڭ رەئىسىمۇ باقەم شائىرنى خېلىلا ئىللىق قارشى ئالدى. يېڭىلا يۆتكىلىپ كەلگەن بۇ رەئىس مەملىكەت دائىرىسىدىمۇ خېلى تەسىرى بار قوش تىللىق يازغۇچى ئىدى.

ــ ئاڭلىسام ئاغرىپ قاپتىكەنسىز، خېلى ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ ــ دەپ گېپىنى باشلىدى رەئىس غەمخورلۇق قىلغان ئاھاڭدا، ــ ھەرھالدا سالامەتلىككە

دىققەت قىلىڭ، خىزمەت ئىشلىرىڭىزنى باش كاتىپ ئۆزى بىۋاستە ئورۇنلاشتۇرىدۇ. مەنمۇ يېڭى كەلدىم، بۇ يەردىكى ئەمەلىي ئىشلارنى ئانچە كۆپ بىلىپ كەتمەيمەن، چىقىپ كەتسىڭىز بولىدۇ!

ياپىرىم، مانا كەسپىي ئادەم دېگەن قالتىسكەنە! باقەم يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ رەئىسنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقىپ كەتتى. باش كاتىپنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇشبۇ رەئىسنىڭ هازىرغىچە ئون نەچچە كىتابى نەشر قىلىنغانمىش، ئاساسەن تارىخىي رومان يازارمىش. «ئالغان مۇكاپاتلىرىمۇ خېلى جىقتۇر هەرقاچان؟» دەپ ئىچى قارىلىق بىلەن ئويلىدى باقەم مەنقۇلاتلار ئامبىرىغا، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئورنىغا كىرىپ توپا ـ چاڭ باسقان ئورۇندۇقنى سۈرتۈۋەتمەيلا ئولتۇرغىنىچە كۆڭۈلسىز هالدا. «چىقىپ كەتسىڭىز بولىدۇ!» مانا هوقۇق دېگەن. مەن تېخى ئۇنىڭ بىلەن ئاستا، ئەپلەپ، كاتتا ئەدەبىيات مۇكاپاتى ئېلىشنىڭ يوللىرى هەققىدە پاراڭلىشىپ باقاي دەپتىمەن. ياق، مۇنداقلا بولدى قىلمايمەن، هامىنى يېقىنلىشىمەن، سۆزلىشىمەن... هە، راستتىنلا، رەئىس هاراققا قانداقراقكىن؟ بۇنى بىر ئىگىلەپ باقاي، ماختاشقا ئۇچامدۇ ـ ئۇچمامدۇ، بۇنىمۇ بىر سىناپ كۆرەي!

شۇنداق قىلىپ، باقەم بىرلەشمىگە قاتناپ، خىزمەتكە چۈشۈپ كەتتى. خىزمەت دېگۈدەك، بۇ يەردە ئانچە كۆپ ۋە مۇهىم ئىشلارمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە زاپخوز دېگەن شەخسكە تېخىمۇ شۇنداق بولۇپ، ئۇنىڭ قىلىدىغانلىرىمۇ ئۇدۇل كەلگەن ئۇششاق ـ چۈششەك، يوگۇر ـ يېتىم ئىشلار بولاتتى. باقەم بىر هەپتە ۋاقىت

سەرپ قىلىپ ئۆزىگە تەۋە ئىسكىلاتنى ئەينى يىللىرى مۇھىت تازىلىقى باشقارمىسىدىكىمدەك قىلىپ تازىلاپ، رەتلەپ باشقىچە تۈسكە كىرگۈزۈۋەتتى. جابدۇق، ئەشيالارنى رەت ـ تۈرى بويىچە ئايرىپ، تەخلەپ، يانلىرىغا خۇددى ئىلگىرىكىمدەك قىلىپ «تونۇشتۇرما شېئىر» لارنىمۇ يېزىپ، چاپلاپ قويدى. بۇ شېئىرلارنىڭ بەدىئىيلىكى ئەينى يىللاردىكىدىن خېلى يۇقىرى ئىدى. دېمەك، باقەمنىڭ كەسپىي سەۋىيەسى خېلى ئىلگىرىلىگەنىدى.

بىراق، ھازىرقى باقەم، يەنى بېشىدىن كۆپ ئىشلار، ئىسسىق ـ سوغۇقلار ئۆتكەن باقەم شائىر بولار بىلەنلا قانائەتلەنمەيتتى. نۆۋەتتە، ئۇنىڭ كاللىسىدا كاتتا ئەدەبىيات مۇكاپاتى ئېلىش دېگەن بىرلا ئىستەك پەرۋاز قىلاتتى. ئۇ ھە دېسە بىرلەشمە رەئىسى بىلەن ئۆزىنى تەققاسلايتتى. ھەسەت ئارىلاش خىياللىرىدا، ھەتتا ئۇيقۇدىمۇ ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كېتىش شېرىن چۈشىنى كۆرەتتى. شۇ خىيال، چۈشلەر تۈرتكىسىدە ئۇ شېئىر يازاتتى، شېئىرلىرىنى خېلى نوپۇزلۇق گېزىت ـ ژۇرناللارغا يىغلامسىرىغان سالام خەتلەر بىلەن قوشۇپ ئەۋەتەتتى، تەلمۈرۈپ جاۋاب كۈتەتتى. بىراق، نېمىشقىدۇر ئەۋەتكەنلىرى ئاندا ـ ساندا بىر بويىلىپ، قانات ـ قۇيرۇقلىرى يۇلۇنۇپ ئېلان قىلىنىپ قالغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپىنچىلىرى قۇدۇققا چۈشكەن تاشتەك يوقىلىپ كېتەتتى. ئېلان قىلىنغانلىرىغىمۇ بىرەر ئوبزورچى بىرەر پارچە ماختاش ماقالىسى يازاي دېمەيتتى. باقەم شائىر ئوبزورچىلاردىنمۇ رەنجىپ قالدى.

باقەمنىڭ بويتاقخانىسىدىكى ئۇلپەتچىلىك پات ـ پاتلا داۋاملىشىپ تۇراتتى. نۇرەخمەتمۇ كەيپىنىڭ كۈچى بىلەن باقەمنىڭ شېئىرلىرىغا ئارىلاپ خېرىدار بولۇپ، ۋەدە قىلىپ قويغاننىڭ جاجىسىغا بۇ پىشمىغان، چولتا شېئىرلارغا ئىشخانىسىدا سائەتلەپ ئولتۇرۇپ ئىش قوشاتتى ـ دە، باش مۇھەررىرنىڭ ئالدىدىن ئاران بىرنىمىلەرنى قىلىپ ئۆتكۈزۈپ، ئەدەبىيات بېتىگە قىستۇراتتى ۋە ھەر قېتىمدا باقەم شائىرنىڭ شېئىرى بار ساندىن ئىككى نۇسخا ئالغاچ كېلىپ، كەچلىك ئولتۇرۇشتا شائىر قوشنىسىغا، يەنى ئاپتورغا تەقدىم قىلاتتى. بۇنداق كەچلىكلىرىدىكى ئولتۇرۇش ئەلۋەتتە تېخىمۇ مول ۋە جانلىق بولۇپ كېتەتتى. باقەمنىڭ ھەميانىمۇ ئۇنداق كۈنلىرى بىرنەچچە قېتىم ئېچىلىپ، ئۆزى نەچچە رەت «دوقمۇشقا دىككىدە» چۇشۇپ چىقاتتى. مىرموللا مىرشىروفقىغۇ گەپ ئىشلىمەيدۇ. ئۇ جاناب ئىككى ـ ئۈچ قەدەھنى مايلىققىنا زاكۇسكا بىلەن قوشۇپ ئاشقازىنىغا جايلاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن بارغانسېرى بەقەمدەك قىزىرىپ، ئېچىلىپ كېتەتتى، نۇرەخمەت بالا ئالغاچ كەلگەن يېڭى سان گېزىتتىكى «ئىستىبداتلىق، مەشھۇر شائىرىمىز» باقى ئىسلامنىڭ نۆۋەتتىكى «ئەدەبىي تەۋەللۇتى» نى زوق ـ شوق بىلەن، بارغانسېرى چىڭ ئوقۇپ، ھەربىر مىسراسىدا بىر توختىلىپ، ماختاش سۆزلىرىنى مۆلدۈردەك ياغدۇراتتى... بۇنداق چاغلاردا باقىجان كەمتەر بىر قىياپەتتە بوينىنى سەل قىسىپ، ئۈن ـ تىنسىز، ئەمما كۆڭلىدە بىر دەريانىڭ سۈيى شاۋقۇنلاپ ئولتۇراتتى.

بۇ كۈنلەرگە كېلىپ باقەم يېڭى مەھەللىسىگىمۇ

خېلى ئۆزلىشىپ قالغانىدى. نۇرەخمەت ھەممە مىرمۇللا مىرشىروف بىلەنلا بولىدىغان ئولتۇرۇشلار ئۇنىڭغا ئەمدىلىكتە قىزىقى، يېڭىلىقى يوق ئەرمەككە ئايلىنىپ قالغاندەك سېزىلەتتى. باقەم بۇ ئەتراپتىكى تېخىمۇ كۆپ قولۇم ـ قوشنىلارغا تونۇلۇشقا، ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ھەر ئۆتكىنىدە مۇنداقلا، ناتونۇشلارچە قاراپ قويۇشقا ئەمەس، بىر ـ بىرىنى نوقۇشۇپ پەس ئاۋازدا، ھەۋەس قىلىشىپ: «ھەي قاراڭ، ئاۋۇ كىشى مۇنۇ بىناغا يېڭىدىن كۆچۈپ كەلگەن ئاتاقلىق شائىر باقى ئىسلام شۇ ئىكەن!» دېيىشلەرگە موھتاج ئىدى. شۇ ئىستەكتە ئۇ نەچچە قېتىم بىنانىڭ، قورۇنىڭ، كوچىنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك يەرلىرىگە، تاملارغا، ئىشىك قاناتلىرىغا نۇرەخمەت ئالغاچ كەلگەن گېزىتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ شېئىرى بار بەتلىرىنى ئەتەي چاپلاپمۇ قويدى. بىراق، نېمىشقىكىن، ئەتىسىلا ياكى بىرنەچچە كۈن ئۆتمەيلا بۇ گېزىتلەرنىڭ تاملاردا چەت ـ قىرلىرى قېلىپ قالاتتى. بەلكىم تازىلىق قىلىدىغانلار شەھەر مۇھىتىنى ئاسراش ئىدارىسىنىڭ بىرتۇتاش ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن پاكىزلىق يۈزىسىدىن يىرتىۋەتسە كېرەك.

بىر قېتىم باقەم شائىر مۇنداقمۇ قىلدى، يەنى ئالايىتەن يېنىدىن پۇل چىقىرىپ ئىككى يەشلىك بولاق قەنت سېتىۋېلىپ ئائىلىلىكلەر قورۇسىدىكى بىرنەچچە بىناغا «كۆكۈل سوۋغىسى» تارقاتتى. ئۇنىڭ قولىدا قەنت، ھەربىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئەدەپ بىلەن بوشقىنا چېكەتتى ياكى ئىشىك قوڭغۇرىقىنى باساتتى. ئىشىك ئېچىپ چىققانلارغا بولسا، شۇنچىلىك يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ ئىككى بولاق قەنتنى سۇناتتى ـ دە:

— تونۇشۇپ قالايلى، مەن ئۈچىنچى بىناغا يېڭىدىن كۆچۈپ كەلگەن قوشنىڭلار بولىمەن، ئىسمىم باقەم... ھە، باقىجان شائىر، شائىر مەن!— دەيتتى.

بىر قېتىم باقەم چەككەن ئىشىكنى قولىقى پەقەتلا ئاڭلىمايدىغان، سەكسەنلەرگە تاقاپ قالغان بىر بوۋاي ئېچىپ قويۇق قاشلىرى تېگىدىن باقەم شائىرغا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ كەتتى. بوۋاينىڭ چىراي ئىپادىسىدىن ئۆزىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىمىغانلىقىنى سەزگەن باقەم قەنت كوروپكىسىنى يەرگە قويۇپ، ئۆزىنىڭ شائىرلىقىنى چۈشەندۈرۈش مەقسىتىدە بىر قولىنى قەغەزگە، بىر قولىنى قەلەمگە تەققاس قىلىپ، خەت يازغاننى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن دوراپ كەتكەندى. بىر چاغدا بوۋاي:

— سۇ بىلەن توكنى تۆلىگۈنلا يېزىپ كەتكەندىڭلارغۇ!— دېدى زەردە بىلەن ۋە ئىشىكنى داققىدە ياپتى.

شۇ ئىشلارغا ياندىشىپ، يەنە مۇنداق ئىشلارمۇ يۈز بەردى: يۇقىرىدىن ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە چاققانراق بولسىمۇ يېڭى بىر ئىشخانا بىناسى سېلىپ بەرمەكچى بولۇپ، خىراجەت چۈشكەندى، «ھاڭ - تاڭ قالىسىز» شىركىتى ئاساسىدا نامى ئۆزگەرتىلىپ، مەخسۇس بىنا قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل قىلىنغان «تۇلپار» شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى، يەنى باش كاتىپ ئومۇمىي قۇرۇلۇش ئىشىنى ئۈستىگە ئېلىپ، باقەمنى قۇرۇلۇش مەيدانىدىكى يۇگۇر - يېتىم ئىشلارغا مەسئۇل قىلدى. ھېلىقى قەدىردان شىركەتنىڭ نامى ئۆزگەرتىلگەن بولسىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكى باقەمنى تولىمۇ خۇرسەن قىلدى. سەۋەبى، شۇ تۆپەيلى

ئۇنىڭ «مۇئاۋىن باش دىرېكتور» لۇق ئايلانما ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇش ئىشتىياقىغا يېڭىدىن ئۈمىد تۇغۇلغانىدى. باش دىرېكتورمۇ قۇرۇلۇش ئىشىنى تاپشۇرۇۋاتقاندا ئەتەيلەپ بۇ گەپنى ئەسكەرتىپ قويىدى.

هايت ـ ھۇيت دېگۈچە قۇرۇلۇش باشلاندى. بۇ بىر خۇشاللىق ئىش ئىدى. بۇ قۇرۇلۇش پۈتسە ۋىلايەتنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت، ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇشقا سەھنە، زېمىن ھازىرلىنالاتتى. كۆپىنىڭ كۆزى بۇ قۇرۇلۇشتا ئىدى. باقەم شائىر باش كاتىپ، يەنى باش دىرېكتورنىڭ يوليورۇقى بويىچە ۋە بىۋاسىتە رەھبەرلىكى ئاستىدا قۇرۇلۇشنىڭ ماتېرىياللىرىغا كۆز ـ قۇلاق بولۇپ تۇرۇشى لازىم ئىدى. قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىدىنمۇ، ئەتراپتىكى ئاھالىلەردىنمۇ ئېھتىيات قىلماي بولمايتتى. ئادەملەر ھەرقىسما بولىدىكەن، ھازىر ئۆي ـ ئىمارەت سالىدىغانلار جىق، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى قىممەت، كېچىلەپ سوغۇق قولىنى سۇنۇپ، تېگىش قىلىدىغانلارنى چىقمايدۇ، دېگىنى بولمايتتى... باش دىرېكتور ئەنە شۇ تەرەپتىن ئەندىشە قىلاتتى، شۇڭا بۇ ئىشقا باقەمنى مەسئۇل قىلىپ، ھەر كۈنى بىر دېگۈدەك قولىقىغا قۇيۇپ تۇراتتى. دەسلەپتە ئىش خېلى خاتىرجەم ماڭدى. لېكىن، بىر كۈنلەردە قورققان ئىش ئاخىر يۈز بەردى. قۇرۇلۇش مەيدانىدىن خېلى بىرمۇنچە ياغاچ، خېلى نەچچە خالتا سېمونت يوقالغىلى تۇردى. ھەركىم كىملەردىندۇر گۇمانلىناتتى، ھېسابتا ئىش مەيدانىدىكى ئۇستىلارمۇ قارا سانىلىپ قالغانىدى. باش دىرېكتور باقەمنى سوئال ـ سوراققا تارتاتتى. باقەم بولسا رەھبىرىدىن ئاشۇرۇپىراق

«ئىنسابسىز» ئوغرىنى تىللايتتى. «ئەگەر تۇتۇۋالىدىغان بولسام» دەيتتى ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ. تېگىشلىك بولغان مۇھىم ۋە چىك تەدبىرلەر بىرنەچچە رەت بېكىتىلدى. ئېنىقكى بۇ تەدبىرلەر باقەمنىڭ قولى، ئىشتىراكى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلاتتى. شۇنداق بولسىمۇ كېچىدىكى ئوغرىلىق يەنىلا سادىر بولۇۋەردى. بۇ چاغدا سەزگۈر باش دىرېكتورنىڭ كۆڭلىگە لىپ ئېتىپ بىر گۇمان چۈشتى. ... W ناھىيەسىدە قايرىۋېلىنغان ئون بەش مىڭ يۈەننىڭ ئىشىنى ئۇ تېخى ئۇنتۇمىغانىدى.

باش دىرېكتور ئەمدىلىكتە باقەمدىن خۇپىيانە ھالدا ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ، قورۇلۇش مەيدانىنى كۆزەت قىلدۇردى. كۆزەتچىلەر شۇ كېچىسىلا ياغاچ ئوغرىلاۋاتقان ئايال ئوغرىنى تۇتتى ۋە سولاپ قويدى. باش دىرېكتور ئەتىسى سەھەرلەپ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، دەررۇ قورۇلۇش مەيدانىغا يېتىپ كەلدى. كۆزەتچىلەرگە بۇيرۇپ ئوغرى سولانغان ئىشىكنى ئاچۇردى. ئاچۇردى - يۇ، گۇمانى توغرا چىققىنىغا قارىماي، يەنىلا ئىختىيارسىز زور ھەيرانلىق ئىلكىدە «ئايال ئوغرى» غا تىكىلىپ تۇرۇپلا قالدى. ئوغرى باشقا بىرى ئەمەس، ئايال كىشىمۇ ئەمەس، ئاياللچە كىيىنگەن باقەم ئىدى.

ئىشقۇ شۇنچىلىك سەت يۈز بەردى، لېكىن باش دىرېكتور ھەرھالدا بۇ ئىشنىمۇ ئۈن - تىنسىز باسۇرۇۋەتتى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا باقەم ئۆزىنى ئەيىبلىگىلى تۇرغان باش دىرېكتورغا ئېپىنى تېپىپ قانداقتۇر بىر ساختا تالوننىڭ گېپىنى قىلغانىمىش، ئۇ تالون مۇشۇ قۇرۇلۇشنىڭ ماتېرىياللىرى بىلەن

مۇناسىۋەتلىك ئىمىش. شۇنىڭ بىلەن ئۆگى ئۆچكەن باش دىرېكتور باقەمگە دەرھال ئايالچە كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، بىرلەشمىدىكى ئىشخانىسىدا ئىلگىرىكى ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇۋېرىشنى بۇيرۇغان ۋە قۇرۇلۇشقا قارايدىغانغا باشقا ئادەم بەلگىلىگەن، كۆزەتچىلەرگە بولسا بوگۇنكى ئىشنى ئىنس ـ جىنغا تىنماسلىق توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن... بىراق نېمىلا بولسۇن، بىز بۇ ئىشتىن كېچىكىپ بولسىمۇ خەۋەر تاپتۇق، مانا سىلەرمۇ شۇ تاپتا مەسخىرىلىك كۈلكە ھەمدە سەل ئىشەنمەسلىك ئىلكىدە بۇ سەترلەرنى ئوقۇۋاتىسىلەر.

# يىگىرمە ئالتىنچى باب

ياغاچ ـ تاش ئوغرىلىقىدىن كېيىن باقەم ھېچنېمە كۆرمىگەندەك بەخىرامان يۈرۈۋەردى. دېمىسىمۇ يىللار ئۇنىڭ يۈزىنى داپتەك قىلىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ بېشىدىن نېمە ئىشلار ئۆتمىدى ـ ھە؟ سەل قىيىسقىراق كۆزلىرى نېمىلەرنى كۆرمىدى؟ «مەن ئالدىمىسام، يەنە بىرى ئالدايدۇ، مەن ئالمىسام، يەنە بىرى ئالىدۇ. نېمىدەپ ئالدىمغا كەلگەن نېسىۋىنى خەققە ئىتتىرىۋەتكۈدەكمەن؟... باقەمدەكلەر ئەنە شۇنداق ئويلايتتى. يەنە بىر تەرىپىمۇ بار، ئۆزىدىن سەل ئۇستۇنرەك مەرتىۋىدىكى ئادەمنىڭ، مەسىلەن، ئېيتايلى، ئۆز باشلىقىنىڭ ئاز ـ تولا ئاجىزلىقىنى بىلىۋالغان، كوكۇلىسىدىن تۇتۇۋالغان ئادەمنىڭ يۈرىكى توم بولىدۇ، خېلى ـ خېلى ئىشلارنى، ئەسكىلىكلەرنى قىلىپ چىدايدۇ، جاۋابىنى بېرەلەيدۇ. مەسىلەن، دەل باقەم شائىرغا ئوخشاش. باش دىرېكتور ئۇنىڭ ئالدىدا غىدىڭ ـ پىدىڭ قىلالىدىمۇ؟ ياق! نېمىشقا، باقەم يا ئۇنىڭ باشلىقى بولمىسا، چوڭ ئەمەلدار، كاتتا شەخسمۇ بولمىسا يا؟ بۇ يەردە بىرلا سەۋەب بار، ھېلىقى باش دىرېكتور ئەپەندى باقەمگە تىتاڭ تومۇرىنى تۇتقۇزۇپ قويغان. «تادان تولكە تۇمشۇقىدىن ئىلىنار» دېگەندەك، باقىجان تىمىسقىلاپ يۈرۈپ باش دىرېكتورنىڭ قۇرۇلۇشقا كېتەرلىك

ماتېرىياللارنى قەيەردىن، كىملەردىن، نەچچە باھا بىلەن ئالغانلىقىنى ئوقۇپ قالغاندى. مۇبادا، بۇ ئىش ئاشكارىلىنىپ كەتسە باش دىرېكتورنىڭ بايىلا ھالى خاراب بولاتتى. «ئوغرى ئايال» نى بىر كىچە سولاپ قويغان ھېلىقى ئەسكى ئۆيدە، نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا باقەمنىڭ بىزگە ئاڭلاتمايلا دېگەن ھېلىقى بىر ئېغىز گېپى باش دىرېكتور جانابلىرىنى لام - جىم دېگۈزمەي قويدى ئەمەسمۇ! باقەم بۇ ئىش توغرۇلۇق ئويلىغىنىدا «ھىم، مېنىڭ قويغىنىم سېنىڭ قويغىنىڭغا ياماقچە بولالمايدۇ، گەپنى ئاز قىل» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ قوياتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشمۇ ھورى چىقماي، جىمىقىپ كەتتى. باقەم شائىر زاپخوزخانىسىدا ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى.

ياغاچ - تاش، سېمونت «سودىسى»دىن يېنى خېلى تومپىيىپ قالغان باقەمنىڭ خىيالى قايتىدىن ئىشەنچلىك ھالدا يەنىلا ھېلىقى «ئەدەبىيات مۇكاپاتى»دا چۆرگىلەۋاتاتتى. نېمىشقا دېگەندە، مۇكاپاتنى سېتىۋېلىشقا تېيىن - مىيىن كېرەك بولسا، ئەمدى ئۇ تەمتىرىمەيتتى. «ئاكىسى پۇل، چىمەندە گۈلغۇ شۇ،— دەپ ئويلايتتى ئۇ ئەمدىلىكتە،— ئاتا - بوۋىلىرىمىز باشلىرىغا كەلگەچكە، خۇلاسىلەپ ‹جاننى كىپەككە سات، ئابرۇينى ئالتۇنغا ئال›، دەپ توغرا ئېيتقانىكەن. ئەرزىيدۇ، باقى ئىسلاموۋىچ، بەرسەك جاننى يونۇپ تاپقان پۇلنى بېرەتتۇقمۇ؟ ئىسىل مۇكاپاتتىن بىرنى ئېلىپ، سەھنىگە چىققان كۈنى ھاردۇقۇم چىقىدۇ ئەمەسمۇ! بىراق بىر يېرى، مەن مۇكاپات ئالسام، ئەتىسى شېئىرىمدىن ئادەم زەھەرلىنىپ ئۆلۈش ۋەقەسى

كۆرۈلمەيدۇ، ھەمدەم بىچارىگە ئوخشاشمايدىغان يېرىم شۇ... ئەمما لېكىن، چىرايلىق گۈلزىبا!...» باقىمنىڭ قالايمىقان خىياللىرى ئۈكسۈش بىلەن ئاياغلاشتى، توختىدى. چىن گەپنى قىلغاندا، قەھرىمانىمىز W ناھىيەسىدە قېلىپ قالغان ئاشۇ ساھىبجامالنى ھازىرغىچە ئۇنتۇيالماي يۈرەتتى. ئاخشاملا شۇ جانانغا ئاتاپ بىر شېئىر «ئاپىرىدە» قىلغاندى ۋە ئۇنى ئەتىگەن ئىسكىلاتقا ئەكېلىپ، چۈشكىچە «رېمونت» مۇ قىلدى.

ئەدەبىيات مۇكاپاتى ۋەسۋەسىچىلىكىدە قالغان باقىم شائىر ئەمدى كېچىلىرىمۇ تۈزۈك ئۇخلىيالماس بولدى. ئابرۇي، ئاتاقنىڭ ئۈسۈك تىرنىقى ئۇنىڭ شۆھرەتپەرەس يۈرىكىنى توختىماي تاتىلايتتى. بۇ خىيال قەھرىمانىمىزنى سەۋدايى قىلىپ قويايلا دەپ قالدى. كۆزى يۇمۇلۇپ قالغان ۋاقىتلىرىدىمۇ ئۇ ئۆزىنى مۇكاپات سەھنىسىدە دەپ چۈش كۆرەتتى... بىرلەشمىنىڭ قوش تىللىق يازغۇچى رەئىسى ۋە رەسۋائىي ئەپەندىم ئىككىسى بىرلىكتە سەھنىگە چىقىپ ئۇنىڭغا «ئاجايىپ شېئىر» مۇكاپاتىنى تارقىتىۋاتقۇدەك، بىرى تاۋاقتەك يوغان ئالتۇن مېدالنى ئۇنىڭ بوينىغا تەسلىكتە ئېسىپ قويغۇدەكۇ، يەنە بىرى بىر ھارۋا كەلگۈدەك گۈلنى سۇنغۇدەك، بىر تۈرۈپ ھېلىقى گۈل بېشىنى پاخپايتقان ئادەمگە ئۆزگىرىپ، سەھنىگە ئۆزى مېڭىپ كىرىۋاتقۇدەك. تۆۋەندىكى ئالىمان (ئۇلارنىڭ ئىچىدە نى - نى داڭلىق شائىر، يازغۇچىلارمۇ بار ئىمىش) نېمىشقىدۇر ئىككى قولىنىڭ ئالقىنىنى كەينىگە ئۆرۈپ، قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن چاۋاك چالارئىمىش، چاۋاك ئاۋازى ھېچ چىقماسىمىش...

پەقەتلا بولالمىغان باقەم شائىر ئۆز ئارزۇسىنى ئاخىر كونا خىزمەتدىشى، كېيىنكى باشلىقى، ھازىر باش دىرېكتور ھەم باش كاتىپ بولغان ھەقەمسايىسىگە ئېيتتى. ئېيتقاندىمۇ شۇنچىلىك تەسىرلىك ئاھاڭ ۋە قىياپەتتە بايان ئەتتىكى، باش دىرېكتور خېلىغىچە تەڭقىسلىقتا تۇرۇپ قالدى.

ــ بۇرادەر، ئەمدى بولدى قىلايلى،ــ دېدى ئۇ ئاخىرى،ــ نېمە دېسەم بولار، بۇ ئىشنىڭ خەتىرى كۆپ، بېشىمىزدىن بىر قېتىم ئۆتتىغۇ! ئۇنىڭ ئۇستىگە، ھېچبىر مەززىسى يوق ئىشقۇ بۇ، سىزگە نېمە بولدى؟ تۇرۇپلا كاللىڭىزغا يوقىلاڭ خىيال كىرىۋاپتا؟

راست گەپنى قىلغاندا، شۇ كۈنلەردە باش دىرېكتورنىڭ باقەمگە چىشى قېرىشىپ يۈرەتتى. ئالدىدىكى ئىشلارمۇ مەيلى، بۇ قېتىم ياغاچ ـ تاش دەۋاسى مەسىلىسىدە باقەم ئۇنى رەسۋا قىلغىلى تاس قالدى. ئەمدى نەچچە كۈن ئۆتەر ـ ئۆتمەي بۇ جېدەلنى تېپىپ چىقىپتۇ. «مەززىسى يوق» دېگەن گەپنى ئۇ باقەمگە ئۇدۇللاپ دېيەلمەي، ھېلىقىدەك ئەگىتىپ دېگەن بولسىمۇ، كۆڭلىدە باقەمنى شۇ سۆپەتكە تەققاسلاپ تۇراتتى.

باقەم شائىر باش دىرېكتورنىڭ گېپىگە ھەرگىز ئۇنايدىغاندەك قىلمايتتى، قارىغاندا ئۇ قەتئىي نىيەتكە كەلگەندەك ئىدى. بىراق، ئۇ ئارتۇق بىر نېمە دېمىدى ـ يۇ، باشقىچە بىر خىيالغا كېلىپ، ھىجىيىپ قالدى. بۇ خىيال ئەلۋەتتە باش دىرېكتور جانابلىرىنى ئۇن ـ تىنسىز ھالدا دېگىنىگە كۆندۈرۈش خىيالى ئىدى. باش دىرېكتور بىرلەشمىگە مۇئاۋىن رەئىس، باش كاتىپ

بولغاندىن كېيىن كاتىپلىقتا لەۋەنگىنە بىر ياش قىزنى يۆتكەپ كەلگەنىدى. بىر قېتىم باقەمگە: «بۇياقمۇ سىزگە ئوخشاش شائىر، خېلى جىق ئەسەرلىرى بار» دەپ تونۇشتۇرغانىدى. يەرنىڭ تېگىدە يىلان قىمىرلىسا تۇيىدىغان باقەم باش دىرېكتورنىڭ كاتىپ قىزنى تونۇشتۇرۇۋاتقان چاغدىكى ھالىتىدىن، بولۇپمۇ كۆزلىرىدىن بىرنېمىنى بايقاپ قالغانىدى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن پات ـ پات ھېلىقى ئىككىسىگە يوشۇرۇن كۆز سېلىپ يۈرەتتى. مانا ئەمدىلىكتە شۇ نەرسە قەھرىمانىمىزنىڭ مەشھۇر شائىرلىقىغا دەلىل بولىدىغان مۇكاپاتنى ئېلىشىدا رول ئويناپ قالىدىغاندەك قىلاتتى. باشتا باقەم رازۋېدكا ئاپشاركىسىدەك قۇلاقلىرىنى شىڭتايتىپ، ئالدى قوللىرىغا بېشىنى قويغىنىچە يەردە يېتىپ ئۇ ئىككى ئادەمنى بىرنەچچە كۈن ئۈن ـ تىنسىز كۆزەتتى. ئاخىر بىرنېمىنى بايقىدىكى، كاتىپ قىز باش كاتىپنىڭ ئىشخانىسىغا ھەر قېتىم ئويناقلاپ كىرىپ كەتسە، خېلىغىچە چىقمايدىكەن... دېمەك، ئەدەبىيات مۇكاپاتى ئېلىشقا تۇتقا تېپىلدى دېگەن گەپ. باقەم ئالدىرىماي، پايلاپ تۇرۇپ، راسا قولاي بىر ۋاقىتتا، يەنى كاتىپ قىز باش كاتىپنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كېتىپ بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن باش كاتىپنىڭ ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكىنى ئۇشتۇمتۇت شارتتىدە ئاچقانىدى، كاتىپ قىز ئېسەنگىرىگىنىدىن باش كاتىپنىڭ قۇچىقىدىن چۈشەلمەيلا قالدى... باقەم بولسا كۆزلىرى پىيالىدەك يوغىناپ، چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەن باش كاتىپقا گاھ بىر فىلىملاردىكى ئىشپىيونلار گۇمانلىق شەخسكە قارىغاندەك ئۇزاق

تىكىلىپ، مۇغەمبەرانە ھىجىيىپ، بېشىنى مەنىلىك ھالدا بىر نەچچىنى لىڭشىتىپ قويىدى ـ دە، ئىشىكنى چىقىنۇەتكۇدەك ۋاڭىلدە يېپىپ، خۇشاللىقتا چۆمگەن ھالدا ئىسكىلاتىغا قايتىپ كىرىپ، كېرىلىپ ئولتۇردى.

ئوقۇرمەنلەر قىياس قىلغىنىدەك، چۈشتىن كېيىن باش كاتىپ باقەمنىڭ يېنىغا ئۆزى شەخسەن كىردى ـ دە، باشقا گەپ قىلمايلا مۇكاپاتقا يوللايدىغان ئەسىرى ۋە باشقا ماتېرىياللارنى تېزلىكتە تەييار قىلىشنى شۇنداق يۇمشاقلىق بىلەن ئېيتتى. ھىيلىگەر باقەم بولسا، چاندۇرماستىن باشلىقتا ئارقا ـ ئارقىدىن رەھمىتىنى ئىزھار قىلدى.

خۇشلۇققا چۆمگەن باقەم تېزلىكتە تەييارلىققا چۈشتى. تەرجىمىھالى، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تونۇشتۇرۇشى دېگەندەكلەرنى تەييارلاشقۇ ئوڭاي ئىدى. جۇملىدىن ئۇنىڭ تەرجىمىھالىنى قاشقىتىپ ئىشلەپ يېپىش ۋەقەسىدىن كېيىن چۆچۈپ ھەمدە شۇكلەپ كەتكەن كاتىپ قىسىز يۇگۇرۇپ يۇرۇپ، ئۆزلۇكىدىن يېزىپ، تەييارلاپلا كەتتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھە دېسىلا باقەمنىڭ يېنىغا يۇگۇرۇپ گاھىبىر يىل، ئاي، ئىسىملارنى سوراپ، ئارىدا يۇزىنى ئېچىۋالدى. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئاپتورنىڭ سالاھىيىتىنى تونۇشتۇرۇشى دېگەنلىرىمۇ چاغلىق ئىش ئىدى. بىرىنى باش كاتىپ ئۆزى قاتۇرۇپ يېزىپ بەردى. قالغان ئىككىسىنى رەسۋائىي بىلەن مىرمولىلا مىرشىروف يازدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن باقەمنىڭ ئۆيىدە مەخسۇس زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇلدى. نېمەتلەر خېلى مول بولۇپ، پاقلان گۆشىدىن يېتەرلىك، يەنى يېرىم قويىنىڭ گۆشى قازانغا پۇكلەپلا تىقىلغانىدى.

رەسۋائىي ئالايىتەن تەكلىپ بىلەن كەلدى. پېشقەدەم جاناب ھاراقنى خېلى سىغىنىپ قالغان چېغى، ئۈچ رومكىنى تەلەپ بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن ئىچتى ۋە ئاندىن زاكۇسكىغا قول ئۇزاتتى. زىياپەتنىڭ يېرىمىغا بارغاندا باقەم شائىر مۇددىئاسىنى دېۋىدى، رەسۋائىي ئەپەندىم زورۇقمايلا ماقۇل پەدىسىنى چالدى. ئۈچىنچى مۇتەخەسسىس سۈپىتىدە باقەم مىرمۇللا مىرشىروفنى ئويلاشقانىدى. بۇنىڭدا ئۇ تولىراق ئاشۇ «مىرشىروف» دېگەن ھەيۋەتلىك نامنى كۆزدە تۇتقانىدى. مىرمۇللا ئەپەندىم ئاغزىدا گەپ بىلەن شەھەر ئېلىپ يۈرسىمۇ، خەت ـ پەتكە كاياكىراق، توغرىسى ئاجىزراق ئىدى. نۇرەخمەت ئۇنىڭ ئۈچۈن يېزىپ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈۋىدى، ئۇمۇ ماقۇل بولدى. دەم ئۆتمەيلا ئۇ گېپىنىڭ ئارىسىغا ئەمدى «بىز مۇتەخەسسىسلەر» نى قوشۇۋالىدىغان بولۇپ قالدى.

ئەمدىكى ئەڭ مۇھىم گەپ، مۇكاپاتقا، يەنى باھالاشقا سۇنۇلىدىغان ئەسەر بولۇپ قالغانىدى. باقەم شائىر ھازىرغىچە يازغان شېئىر ـ قوشاقلىرىنىڭ قول يازمىلىرىنى بىر باشتىن تىتقىلاپ چىقتى، مەتبەئە يۈزى كۆرگەنلىرىنىمۇ نەچچە رەت كۆزدىن ئۆتكۈزدى. بىراق، ھېچبىرىنى لايىق تاپالمىدى. تۇساتتىن ياش ۋاقتىدىن تارتىپ شېئىر كۆچۈرۈپ يۈرگەن قىزىلتاشلىق قېلىن بىر خاتىرە دەپتىرى يادىغا كەلدى. مەزكۇر خاتىرە دەپتەرگە باقەم ئۆزىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا «قەلبىگە ياققان شېئىرلارنى قوندۇرۇپ» قوياتتى. گاھىدا ئۆزىنىڭ «ئىجادىي ئەمگەك» لىرىدىن «قابىلراق» لىرىنىمۇ شۇ خاتىرىگە قوندۇراتتى... باقەم دەررۇ ھېلىقى

خاتىرىنى مىڭبىر تەسلىكتە ئىزدەپ تاپتى ــ دە، بىر باشتىن ۋاراقلىغىلى تۇردى. باشقىلاردىن كۆچۈرۈلگەن شېئىرلارنىڭ ئاستىغا ئاپتورنىڭ ئىسمى يېزىلغانىدى. ئارىدا بەش ــ ئالتە شېئىرنىڭ ئاخىرىغا ئاپتور ئىسمى ئىزاھلانمىغان بولۇپ، باقەم شائىرنىڭ يادىدا قېلىشىچە، بۇ دەل ئۆزىنىڭ شېئىرلىرى ئىدى. ئەمدى ئۇ دائىرىنى تارايتىپ، ئاپتور ئىسمى ئىزاھلانمىغان شېئىرلارغا نەزىرىنى تىكتى، ئاقىۋەت شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر شېئىر ئۇنىڭغا ئاجايىپ ياراپ كەتتى، دېمىسىمۇ بۇ شېئىر قالغان ئاۋۇ شېئىرلارغا زادىلا ئوخشىمايتتى.

«ئالامەت يېزىپتىمەن ــ دە بۇنى،— دەپ ئۇنلۇك خىتاب قىلدى باقەم شائىر ھاياجانلىنىپ،— خۇددى مۇشۇ مۇكاپاتقا چىنەپ يازغاندەكلا! قاچان يازغان بولغىدىمكىنە بۇنى؟ ياق، بىرىمۇ بولۇپ قالمىسۇن، رەسۋائىيلارنىڭ دەۋرى ئۆتتى ئەمدى!»

شۇ خىتاب ۋە ھاياجان ئىلكىدە باقەم ھېلىقى شېئىرنى ئىشتىياق بىلەن ئاققا كۆچۈردى... باھالاش قائىدىلىرىگە ئاساسەن ۋە مەخپىيەتلىكنى ساقلاش يۈزىسىدىن بىز بۇ يەردە مەزكۇر شېئىرنى ئاشكارىلىمايمىز. ئەمدى ھەممە نەرسە تەل بولغانىدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا باش كاتىپنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقىدا باقەمنىڭ ھېلىقى ئەسىرى ۋە باشقا ماتېرىياللىرى خەلقئارالىق مۇكاپاتقا يوللىنىپ، نەگىدۇر بىر يەرگە... باش كاتىپنىڭ دېيىشىچە مەلۇم چەت ئەلگە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى. ھە، راستىنلا، بولۇپ ئۆتكەن ھېلىقى پايلاش ۋەقەسىدىن كېيىن باش كاتىپ، يەنى باش دىرېكتور مۇكاپات ئىلتىماس قىلىشقا بىللە يوللىنىدىغان ھەق

ئۇچۇن ئىلگىرىكىدەك ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئوتتۇز مىڭ سوم بېرىسەن دېمەستىن، سەككىز مىڭ سوملا سورىدى. باقەم بۇ تەرىپىدىنمۇ بىر خۇشلۇققا چۆمدى.

ئەمدىكى كۈنلەر تەقەززالىق ئىلكىدە «خەلقئارالىق مۇكاپات» نىڭ خەۋىرىنى كۈتۈش بىلەن ئۆتمەكتە ئىدى. «تويىنىڭ بولۇشىدىن بولىدۇسى قىزىق» دېگەندەك، مۇكاپاتنىڭمۇ قولغا تەگكىنىدىن تېگىدۇسى قىزىق بولۇۋاتاتتى. ئاخىر زارىقىپ كۈتۈشلەرمۇ ئاياغلىشىپ، بىر خەيرلىك كۈنى «مەشھۇر شائىر باقى ئىسلام ‹ئاجايىپ› خەلقئارالىق مۇكاپاتنىڭ شېئىرىيەت ئالتۇن لوڭقىسىغا ئېرىشتى. پات يېقىندا لوڭقا ۋە گۇۋاھنامە پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتىلىدۇ» دېگەن خۇش خەۋەر يېتىپ كەلدى. باقەم كۆڭلىدىكى بارلىق نىزالارنى ئۇنتۇغان هالدا باش كاتىپنىڭ قوللىرىنى چىڭگىدە تۇتۇپ يىغلىۋەتتى.

خۇش خەۋەر ئۇچۇرى كېلىپ ئۇزاققا بارماي «ئاجايىپ خەلقئارالىق شېئىرىيەت ئالتۇن مۇكاپاتى» دەپ يامانمۇ دەبدەبىلىك ئاتىلىدىغان مۇكاپات لوڭقىسى ۋە گۇۋاھنامىسى بىلەن بىللىلا يېتىپ كېلىپ، باقەم شائىرنى قەۋەتلا خۇش قىلىۋەتتى. بىرلەشمىدىكىلەرمۇ هەيرانلىق ئىلكىدە باقەمنى تەبرىكلەشتى ۋە ئۇنى باشقىدىن تونۇپ قويۇشتى. هېلىقى قوش تىللىق رەئىس چېغىدا: «بولىدىكەنسىز، كېيىن بىر پاراڭلىشارمىز!» دېدى. بىرلەشمە نامىدىن كۆلىمى سەل كىچىكرەك بولسىمۇ تەبرىكلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، رەئىس بىلەن باش كاتىپ لوڭقا بىلەن گۇۋاھنامىنى ئايرىم - ئايرىم هالدا مۇكاپات ساهىبىغا تەقدىم قىلدى. باش

كاتىپىنىڭ چىرايىدا باشتىن ـ ئاخىر سىرلىق بىر كۆلكە بالقىپ تۇردى.

قەھرىمانىمىز شۇ كۈنلەردە قۇشتەك يەڭگىللەپ... ياق، قۇشنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشىشىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ كۆك قەرىدە پەرۋاز قىلغۇسى، يەنە نىمىلەرنىدۇر قىلغۇسى كېلەتتى. نىمىلىكى نامەلۇم بىر شەكىلدىكى ئالتۇن لوڭقا ئۇنىڭ بويتاقخانىسىغا شۇنچىلىك يارىشىپ كەتتى. قەھرىمانىمىز لوڭقىغا ۋە ئۇنىڭ يېنىغا ئىچىپ تىكلەپ قويغان گۈۋاھنامىگە بىر كىچە قولىرىغا بېشىنى قويۇپ، دوم ھالەتتە تەلمۈرۈپ ئۇيقۇسىز قاراپ ياتتى.

ئەتىسى كەچتە ئىككى قوشنا باقەمنى تەبرىكلەپ كىرىشتى، ھەر ئىككىلىسى قۇرۇق كىرىشمىگەنىدى. ئۈچ قوشنا يەنە بىر قايىنىدى. نۇرەخمەت مۇكاپات خەۋىرىنى يېزىپ قارا قەغەزدە سەككىز نۇسخا كۆپەيتىپ، جىمى گېزىت ـ ژۇرناللارنى چىتلايدىغان بولدى. ئەلۋەتتە، مۇكاپاتقا ئېرىشكەن شېئىرمۇ بىللە ئېلان قىلىنىشى كېرەك ئىدى. باقەم كەيپچىلىكتە دەررۇ شېئىرنى ئاقىقا كۆچۈرۈپ بەردى.

باقى ئىسلامىنىڭ مەلۇم بىر شېئىرىنىڭ «ئاجايىپ» دېيدىغان ئاجايىپ نامى بار خەلقئارالىق ئالتۇن مۇكاپاتىنىڭ شېئىرىيەت تۈرىگە ئېرىشكەنلىكى ئەمدى گېزىت ـ ژۇرناللار ئارقىلىق كىشىلەرگە مەلۇملۇق بولۇپ كەتتى. ئەلۋەتتە، باقەمنى رادىيو ـ تېلېۋىزىيە مۇخبىرلىرىمۇ ئىزدەپ كەلدى. قەھرىمانىمىز ھاياجانلىنىپ بىرنېمىلەرنى دېدى. ئاڭلىغانلار، كۆرگەنلەردىن ھەركىم ھەر نەرسە دېيىشەتتى. باقەم

يوگوروپ يۈرۈپ، ھەر يەر ـ ھەر يەرلەردىن خەۋەر ۋە ھېلىقى مەشھۇر شېئىرى بېسىلغان گېزىت ـ ژۇرناللارنى تۈگەل تېپىپ كېلىپ، بويتاقخانىسىنى يەنە بىر قۇر زىننەتلىۋالدى. ئاردىن بەش ـ ئالتە ھەپتە ئۆتتى، مۇكاپات داغدۇغىسىمۇ بېسىقىپ قالاي دېگەندى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە نۇرەخمەت چىرايى ئاقارغان ھالدا، بىر ژۇرنالنى كۆتۈرۈپ، باقەمنىڭ ئىشىكىنى چەكمەيلا يوگوروپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئاقىرىش باقەمگە ئۆتتى. نۇرەخمەت ئۇزاتقان خېلى نوپۇزلۇق بىر ژۇرنالدا «رەسۋائىي» ئىمزاسىدا «قولۇڭنى تارت ئوغرى، شېئىرىم ئۆزۈمگە كېرەك» دېگەن سەرلەۋھىلىك، تىلى زەھەردەك ئاچچىق، چوڭ بىر ماقالە بېسىلىپ چىققانىدى.

كاللىسى پىررىدە قېيىپ، كۆڭلى ئاختۇرۇلغاندەك بولۇپ كەتكەن باقەم جالاقلاپ تىترىگىنىچە ئۆرە تۇرۇپلا ھېلىقى دەھشەتلىك ماقالىنى ئوقۇشقا باشلىدى. رەسۋائىي پاكىتلارنى ئېنىق قويغانىدى. ھەتتا ئۇ شېئىرنىڭ چىققان يىل، ئاي، كۈنى، قايسى مەتبۇئات، قايسى ساندا ئېلانلىكىنىچە يازغانىدى. باقەمنىڭ گاراڭ كاللىسىدا ئەمدى ئۇنتۇلغان، خىرە ئەسلىمىلەر پەينىشقا، ئايان بولۇشقا باشلىغانىدى... مۇكاپاتقا يوللانغان شېئىر راستىنلا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئەمەس ئىدى، رەسۋائىينىڭ ئىدى. ئۇ شېئىرنى باقەم ئۇزاق يىللار ئىلگىرى، تاشيول ئاسراش ئۇچاستىكىسىدا ئىشلەپ يۈرگەن يىللىرىدا «شائىرلار ساترا شخانىسى»دا، ماختاپ ـ ماختاپ رەسۋائىينىڭ ئۆزىدىن كۆچۈرۈۋالغانىدى... شۇ تاپتا، خېلى ـ خېلى

تىل، شاپىلاقلارنى پەرۋاسىز ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان باقەم شائىرغا بۇ تەستەك تولىمۇ ئېغىر كەلدى. ئۇ ئادەتتە مەتبەئە خېتىدىن بەك قورقاتتى، «تۇگەپتىمەن، تۈگىشىپتىمەن...» دەپ ئويلىدى ئۇ بارغانسېرى ئېسىنى يوقىتىۋېتىپ. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ يۈركى بىر خىل ئاچچىق سانجىپ ئاغرىماقتا ئىدى. سەل ئۆتمەي بېشىغا كۆۋەجىگەندەك ئىسسىق ئېقىم تەپتى. گاراڭلاشقان باقەم ئاستا قىڭغىيىۋاتقىنىنى ھېس قىلدى، ئارقىدىن گۈپپىدە قىلىپ يىقىلىپ چۈشتى. قۇلىقىغا بىر نىمىنىڭ ئەنسىز ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى، چىكىسىدىن بىرنېمە شىرىلداپ ئاققاندەك سېزىم بارغانچە، بارغانسېرى كۈچەيدى... ئۇنىڭ مېڭىسىگە قان قۇيۇلۇۋاتاتتى.

2009 ـ يىلى 13 ـ ئۆكتەبىر يېزىلدى.
2013 ـ يىلى 22 ـ يانۋاردا تولۇقلاپ يېزىلدى.
ئۈرۈمچى

كتاب تور www.uyghurix

**图书在版编目（CIP）数据**

面纱：维吾尔文/马合木提·穆罕默德著．--乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2015.6
（维吾尔当代名家名作：马合木提·穆罕默德作品）
ISBN 978-7-5515-6134-1

Ⅰ.①面… Ⅱ.①马… Ⅲ.①长篇小说-中国-当代-维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2015）第 129776 号